




ماركوپولونىڭ قول يازمىسى

# ماركوپولوننڭ جوڭگوغا قىلغان ساياھىتىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن يوللار



# مۇندەرىجە

ماركوپولو ۋە «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ... 1
........................................ شياڭ مىڭ

# ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى

مۇقەددىمە ........................................ 15
بىرىنچى باب ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ كونستانتىنو-
پولدىن دۇنيانى ساياھەت قىلىش سەپىرىگە
ئاتلانغانلىقى ........................................ 16
ئىككىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ئاكا - ئۇكا پولولارنى
پاپا بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدىغان مەخسۇس ئەل-
چىلىككە تەيىنلىگەنلىكى ........................ 22
ئۈچىنچى باب ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ ماركوپولونى
ئالغاچ يەنە بىر قېتىم ۋېنىتسىيەدىن ئايرىلىپ
ئۇلۇغ خانغا كۆرۈنۈش قىلغانلىقى .............. 27
تۆتىنچى باب نىكولو، مافېئو ۋە ماركوپولولارنىڭ
ئۇلۇغ خاننى تاشلاپ قىلغانلىقى .............. 33
بەشىنچى باب نىكولو، مافېئو ۋە ماركوپولولارنىڭ
ئۇلۇغ خاندىن رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا
قايتقانلىقى ........................................ 36

ئالتىنچى باب ئاكا - ئۇكا پولولار ۋە ماركوپولونىڭ
ئۇلۇغ خان بىلەن خوشلىشىپ ۋەتىنىگە
قايتقانلىقى ...................................... 42

بىرىنچى جىلد. كىچىك ئەرمىنىيەدىن
ئۇلۇغ خاننىڭ ئۇستۇنكى خانبالىق
شەھىرىگە بارغۇچە يول ئۈستىدە
كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز ......... 3

بىرىنچى باب كىچىك ئەرمىنىيە . لاياسۇ پورتى-
پادىشاھلىق زېمىنىنىڭ چېگرىسى ............... 3
ئىككىنچى باب تۈركمەن ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراش-
لىق كوگنى، قەيسەرىيە، سېۋاستا قاتارلىق شەھەر-
لەر ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ سودا ئىشلىرى ......... 5
ئۈچىنچى باب چوڭ ئەرمىنىيە پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ
ئارزىنگان، ئاجىران، دارگىز شەھەرلىرى، نوھ
ئەلەيھىسسالام كېمىسى، ياغ ئېتىلىپ چىقىدىغان
ئاجايىپ قۇدۇقلار ............................... 6
تۆتىنچى باب گىرۇزىيە پادىشاھلىقى، پادىشاھ
ئالېكساندىر ياساتقان دېربېنت قورۇقى، تېفلىس-
تىكى ئاجايىباتلار ................................ 9
بەشىنچى باب مىسۇل پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭدا ياشاي-
دىغان ھەر مىللەت خەلقلىرى، كۇردلار، ئىچكى
سودا ئىشلىرى ...................................... 14

ئالتىنچى باب قەدىمدە بابىل دەپ ئاتالغان باغداد، باغدادنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قولدىن كېتىش جەريانى ........................ 16
يەتتىنچى باب باغدات خەلىپىسىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى بارلىق خرىستىئانلارنى قىرىپ تۈگىتىشنى تەستىقلىگەنلىكى ................................ 20
سەككىزىنچى باب خەلىپىنىڭ سۆزىدىن خرىستىئانلارنىڭ قاتتىق ئەندىشىدە قالغانلىقى ............ 22
توققۇزىنچى باب يەكچەشمە ياماقچىنىڭ خرىستىئانلار ئۈچۈن ئىبادەت قىلغانلىقى .................... 23
ئونىنچى باب يەكچەشمە ياماقچىنىڭ ئىبادىتى بىلەن تاغنىڭ راستىنلا يۆتكەلگەنلىكى .................. 25
ئون بىرىنچى باب ئىراق زېمىنىدىكى گۈزەل شەھەر — تەۋرىز ۋە ئۇنىڭ سودا ئىشلىرى ئاھالىسى... 27
ئون ئىككىنچى باب تەۋرىزنىڭ يېنىدىكى سېنت بارسامۇ مۇناستىرى ............................ 30
ئون ئۈچىنچى باب پېرسىيە پادىشاھلىقى ............ 30
ئون تۆتىنچى باب پېرسىيىلىك ئۈچ شاھزادىنىڭ قايتىش سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ............ 32
ئون بەشىنچى باب پېرسىيە پادىشاھلىقىدىكى سەككىز ئەمىرلىكنىڭ نامى ۋە ئۇ يەرلەردىكى ئات - ئېشەك باقمىچىلىقى ............................ 34
ئون ئالتىنچى باب يەزدى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ قول سانائىتى، يەزدىدىن كېرمانغا بارغۇچە ئارىلىقتا ئۇچرىغان ھايۋانلار ......................... 38

ئون يەتتىنچى باب قەدىمدە كامانىيە دەپ ئاتالغان
كىرمان ئەمىرلىكى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان مەدەن-
لەر، كان مەھسۇلاتلىرى، سانائەت بۇيۇملىرى ۋە
لاچىنلار، كىرمان زېمىنىدىن چىققاندا ئۇچرايدى-
غان چوڭ داۋان .............................. 39
ئون سەككىزىنچى باب كاماندو شەھىرى، رېئوبارلى
رايونى ۋە بىر قانچە خىل ئۇچار قاناتلار، غەلتە
كالىلار، قاراقچى كارائۇناسلار تەبىلىسى ........ 41
ئون توققۇزىنچى باب هورمۇز شەھىرى ۋە ئۇنىڭ
سودا ئىشلىرىدىكى مۇھىملىقى، ئىسسىق شامال..... 45
يىگىرمىنچى باب كىرمان بىلەن كوبىرامنىڭ ئارىلى-
قىدىكى كەڭ قۇملۇق چۆل ۋە ئاچچىق بۇلاقلار... 52
يىگىرمە بىرىنچى باب كوبىرام شەھىرى ۋە ئۇنىڭ
قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ........................ 45
يىگىرمە ئىككىنچى باب كوبىرامدىن شىمالىي چېگ-
رىدىكى تىموچان ئەمىرلىكىگىچە ئارىلىقتىكى
مۇساپە ۋە غەلىتە دەرەخ ........................ 54
يىگىرمە ئۈچىنچى باب تاغ ئاقساقىلى ۋە ئۇنىڭ
تىلسىملىق باغچىسى ........................... 56
يىگىرمە تۆتىنچى باب قاتىل تەربىيىلەشكە ئادەتلەن-
گەن تاغ ئاقساقىلى ............................ 59
يىگىرمە بەشىنچى باب تاغ ئاقساقىلىنىڭ شەرمەندە
ئاقىۋىتى ........................................ 62
يىگىرمە ئالتىنچى باب باي - مۇنبەت تۈزلەڭلىكتى-
كى ئالتە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، سەككىز

كۈنلۈك يول بېسىپ كەڭ قۇملۇق چۆلدىن ئۆتۈپ، ساپۇرگان شەھىرىگە بارغانلىقىمىز ......... 63

يىگىرمە يەتتىنچى باب بەلخ شەھىرى ............... 65

يىگىرمە سەككىزىنچى باب تارخان قەلئەسى، تۇز تاغ ۋە سىكاسىم پادىشاھلىقى ................. 66

يىگىرمە توققۇزىنچى باب بالاشان پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھى ئىلكىدىكى جاۋاھىراتلار، ئاياللار-نىڭ ئۇستىباش كىيىملىرى .......................... 69

ئوتتۇزىنچى باب جەنۇبتىكى باسكىيە ئۆلكىسى، ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ ئالتۇن ھالقا يىگىلىكلىرى ............................. 75

ئوتتۇز بىرىنچى باب شەرقىي جەنۇبقا جايلاشقان كەشمىر ئۆلكىسى، سېھىرگەرلىكتە ماھىر ئاھالە ۋە ئۇلارنىڭ زاھىدلار تەبىقىسى .................. 76

ئوتتۇز ئىككىنچى باب ۋاخان ئۆلكىسى، ئۈچ كۈن يامىشىپ چىققان تاغ يولى ئارقىلىق ئېگىز بىر چوققىغا چىققانلىقىمىز، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان جايلارنىڭ ئوت ئېلىش نۇقتىسىغا كۆرسىتى-دىغان تەسىرى ................................. 79

ئوتتۇر ئۈچىنچى باب قەشقەر شەھىرى ۋە ئاھالىسى-نىڭ سودا تىجارىتى ............................ 82

ئوتتۇز تۆتىنچى باب يەكەن شەھىرى ۋە سانت يۇھان چېركاۋىنىڭ ئاجايىپ تۈۋرۈك تېشى ......... 84

ئوتتۇز بەشىنچى باب يەكەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاھالى-سى گىرىپتار بولغان پۇت ئىششىقى كېسەللىكى ۋە

كەڭ تارقالغان پوقاق كېسەللىكى ............. 87

ئوتتۇز ئالتىنچى باب ماددىي مەھسۇلاتلىرى مول
بولغان خوتەن شەھىرى ........................ 87

ئوتتۇز يەتتىنچى باب پىيىن ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ
دەريالىرىدىن چىقىدىغان خرۇستال ۋە سۆزۈك
قاشتېشى، خەلقنىڭ ئاجايىپ توي ئادەتلىرى ...... 88

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب چەرچەن ئۆلكىسى ئاھالى-
سىنىڭ تاتار چىرىكلەر ئاپتىدىن قېچىپ چۆلگە
مۆكۈۋالغانلىقى ................................ 89

ئوتتۇز توققۇزىنچى باب لوپ راباتى، ئۇنىڭغا يان-
داشقان كەڭ چۆللۈك، چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتۈۋات-
قاندا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان غەلىتە ئاۋازلار ......... 91

قىرىقىنچى باب تاڭغۇت ئۆلكىسى، شاجۇ شەھىرى ۋە
ئۇنىڭدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر، دەپنە مۇراسىمى .... 95

قىرىق بىرىنچى باب قۇمۇل رايونى ..................

قىرىق ئىككىنچى باب چىنچىنتالاس شەھىرى ...... 100

قىرىق ئۈچىنچى باب سۇجۇ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ
دۇنيادا كەڭ سېتىلىۋاتقان رەۋىنى ................ 102

قىرىق تۆتىنچى باب. گەنجۇ شەھىرى، بۇتلارنىڭ
ئالاھىدىلىكى، خەلقنىڭ قوللىنىدىغان كالېندارى،
توي - نىكاھ ئادەتلىرى ........................... 103

قىرىق بەشىنچى باب ئېزىنا شەھىرى، ئۆي هايۋان-
لىرى ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ تۈرلىرى، بۇ يەرنىڭ
شىمالىدىكى چوڭلۇقى تەخمىنەن 40 كۈنلۈك يول-

نىڭ مۇساپىسىدەك كېلىدىغان قۇملۇق چۆل ...... 106

قىرىق ئالتىنچى باب قارا قۇرۇم — تاتارلار ئەڭ
دەسلەپ ماكان قىلغان جاي، تاتار خانلىقىنىڭ
مەنبەسى ........................................ 107

قىرىق يەتتىنچى باب تاتارلارنىڭ بىرىنچى خانى —
چىڭگىزخان. چىڭگىزخاننىڭ ۋاڭ خاننى ئۇرۇشتا
يېڭىپ، ئۇنىڭ دۆلەت زېمىنىنى ئىشغال
قىلىۋالغانلىقى ................................ 109

قىرىق سەككىزىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ كىچىك توپ-
لاپ ئاقساقال يۇھان (ۋاڭ خان) ئۈستىگە ھۇجۇم
قىلغانلىقى ................................... 113

قىرىق توققۇزىنچى باب ئاقساقال يۇھان
نىڭ ئەسكەر باشلاپ جەڭگە كىرگەنلىكى ......... 113

ئەللىكىنچى باب چىڭگىزخان بىلەن ئاقساقال
يۇھان ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش .............. 115

ئەللىك بىرىنچى باب تاتارلارنىڭ ئالتە تەخت
ۋارىسى ۋە ئالتاي تېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە
مۇراسىمى ...................................... 115

ئەللىك ئىككىنچى باب تاتارلارنىڭ كۆچمەنچىلىك
تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى بىر
تەرەپ قىلىش ئەھۋالى، ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە خوتۇن-
قىزلارنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ...................... 117

ئەللىك ئۈچىنچى باب تاتارلارنىڭ تەڭرىلىرى،
ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە كىيىم -
كېچەكلىرى ...................................... 121

ئەللىك تۆتىنچى باب تاتارلارنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئادىتى، قورال - ياراقلىرى ۋە باشلىقلىرىغا ئىتائەتمەنلىكى ...... 122

ئەللىك بەشىنچى باب تاتارلارنىڭ قانۇن - نىزاملىرى، ئائىلىسىدە ئۆلگەن ئوغۇل - قىزلىرى ئۈچۈن سىمۋوللۇق نىكاھ توي ئۆتكۈزۈش ئادىتى... 127

ئەللىك ئالتىنچى باب قارا قورام يېنىدىكى باجۇ تۈزلەڭلىكى ۋە ئۇنىڭ مەنزىرىسى، ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالاتى، ئوكيان ۋە ئۇ يەردىن چىقىدىغان لاچىن ...... 130

ئەللىك يەتتىنچى باب گەنجۇغا قوشنا دۆلەت — غەربىي لياڭ خانلىقى، شېنجۇ ئۆلكىسى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، گۈزەل ئاياللار ...... 132

ئەللىك سەككىزىنچى باب نىڭشىيا ئۆلكىسى، قاراشان شەھىرى ۋە ئۇ يەردىكى خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، بۇ يەردىن چىقىدىغان تۆگە تىۋىتى ...... 136

ئەللىك توققۇزىنچى باب ئاقساقال يۇھاننىڭ قەبىلە باشلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تيەندې ئۆلكىسى ...... 137

ئاتمىشىنچى باب جاڭگانۇر شەھىرى ۋە خىلمۇ خىل تۇرنىلار، ئۇلۇغ خاننىڭ ئەمرى بىلەن بېقىلغان تۇرۇلغۇ ۋە بۆدۈنىلەر ...... 140

ئاتمىش بىرىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ئۈستىنكى خانبالىقتا سالدۇرغان ھەشەمەتلىك ئوردا - قەسىرلىرى ۋە ئوردا - قەسىرلەردە قوللىنىلىدىغان قائىدە - يوسۇنلار ...... 142

ئىككىنچى جىلد. ئۇلۇغ خان — قۇبلاي
ۋە ئۇنىڭ پايتەختى، ئوردىسى، ھۆ-
كۈمىتى، غەربىي جەنۇبقا قىلغان سە-
پىرىمىز ئۈستىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن
شەھەرلەر ھەم ئۆلكىلەردە كۆرگەن-
ئاڭلىغانلىرىمىز .............................. 152
بىرىنچى باب ئۇلۇغ خان — قۇبىلاينىڭ پارلاق
ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق - نوپۇزى ... 153
ئىككىنچى باب پادىشاھ تاغىسى نايانىنىڭ ئۇنىڭغا
قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى .................... 154
ئۈچىنچى باب ئۇلۇغ خانىنىڭ نايان ئۈستىگە قىلغان
جازا يۈرۈشى ...................................... 156
تۆتىنچى باب ئۇلۇغ خان بىلەن نايان ئوتتۇرىسىدىكى
قاتتىق جەڭ ........................................ 160
بەشىنچى باب ئۇلۇغ خانىنىڭ نايانغا ئۆلۈم جازاسى
بەرگەنلىكى ........................................ 163
ئالتىنچى باب ئۇلۇغ خانىنىڭ زەپەر قۇچۇپ بېيجىڭغا
قايتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ خرىستىئان، يەھۇدىي
ۋە باشقا پۇقرالىرىغا بەرگەن شان -شەرەپلىرى.. 165
يەتتىنچى باب خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ۋەزىپە
دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەنلىكى ۋە ئالتۇن دەستەك
بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى ........................ 170
سەككىزىنچى باب ئۇلۇغ خانىنىڭ قەددى - قامىتى،
ئۇنىڭ تۆت خانىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇنغۇت ئۆلكە-

سىدىن تاللىۋالىدىغان بېكەلىرى ............... 172
توققۇزىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ تۆت خانىكىسىدىن
تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ سانى، شاھزادىلەرنىڭ
ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ خانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى
ۋە چوڭ ئوغۇل چىڭگىز ........................ 177
ئونىنچى باب خانبالىق يېنىدىكى بەھەيۋەت، چىرايـ
لىق ئوردا - قەسىرلەر ........................ 178
ئون بىرىنچى باب خانبالىقنىڭ يېنىغا بىنا قىلىنغان
چوڭ پايتەختنىڭ يېڭى شەھىرى، ئەلچىلەرنى كۈـ
تۈۋېلىش قائىدىلىرى ۋە بۇ شەھەرنىڭ كېچىلىك
ئامانلىقىنى ساقلاشقا دائىر تەدبىرلەر ........... 184
ئون ئىككىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ھوزۇرىدىكى
مۇھاپىزەتچى قوشۇن ........................ 189
ئون ئۈچىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ئاقسۆڭەكلەرنى
قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىـ
لىدىغان چوڭ ئوردا زىياپىتى ........................ 190
ئون تۆتىنچى باب ھەر يىلى ئۇلۇغ خاننىڭ تۇغۇلـ
غان كۈنىنى خاتىرىلەش مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەندە
ئۇنىڭ پۈتۈن دۆلەت بويىچە تەبرىكلىنىدىغانلىقى ... 195
ئون بەشىنچى باب يېڭى يىل كۈنىدىكى ئاق بايرام
ۋە شۇ كۈنى سۇنۇلغان سوۋغاتلارنىڭ سانى ...... 198
ئون ئالتىنچى باب تەنتەنىلىك بايرام كۈنى تەتىللا
زەر تون ئىنئام ئالىدىغان 12 مىڭ بارون ...... 202
ئون يەتتىنچى باب قىشتا ئوۋلانغان ئوۋ غەنىيمەتلىـ
رى ۋە ئۇنىڭ ئوردىغا يەتكۈزۈلۈشى ........... 203

ئون سەككىزىنچى باب بۇغا تۇتۇشقا سېلىنىدىغان
يىلپىز ۋە مولۇنلار، ھەر خىل ياۋايى ھايۋان
ۋە باشقا جانىۋارلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن
شىر ۋە بۆرە تۇتۇشقا ئۆگىتىلگەن بۈركۈتلەر ...... 204
ئون توققۇزىنچى باب ئۇلۇغ خانغا شىكار ئۇيۇشتۇ-
رۇپ بېرىدىغان ئاكا - ئۇكا ئىككى مەنسەپدار ...... 206
يىگىرمىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ئوۋغا چىقىشى ۋە
ئۇنىڭ 12 قۇشچىسى ئېلىپ ماڭغان لاچىن - بۈر-
كۈتلەر بىلەن چېدىر ئۆيلەر ...................... 208
يىگىرمە بىرىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ۋاقتىنى
شاد - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ................. 216
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئاھالىسى نۇرغۇن خانبالىق
شەھىرى ۋە ئۇنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرى ... 217
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئەخمەتنىڭ زۇلۇم - سىتەمى
ۋە ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەستلەر ..................... 219
يىگىرمە تۆتىنچى باب ئۇلۇغ خان تارقاتقان بىر
خىل قەغەز پۇل ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىندا
ئېقىشى ........................................... 228
يىگىرمە بەشىنچى باب 12 باروندىن تەيىنلەنگەن
سول قول دىۋان ۋازارىتى ۋە باشقا 12 باروندىن
تەيىنلەنگەن ئوڭ قول دىۋان ۋازارىتى ........... 232
يىگىرمە ئالتىنچى باب بارلىق چوڭ يوللارغا قۇرۇل-
غان يەمخانا - جاملار، پىيادە پوچتىكەش-
لەر ۋە ئۇلارغا خىراجەت بېرىش ئۇسۇلى ......... 235
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ئىمپېرىيىگە

قاراشلىق ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقتىن
خەلقنى ۋە مال - چارۋىلارنى قىرىلىشتىن قۇتقۇز-
غانلىقى ........................................ 243
يىگىرمە سەككىزىنچى باب خانىنىڭ ئەمرى بويىچە
يوللارنىڭ ئىككى چېتىگە دەرەخ تىكىش ۋە ئۇنى
باشقۇرۇش ئۇسۇلى ........................... 245
يىگىرمە توققۇزىنچى باب قىتان ئۆلكىسىدە ئىشلەن-
گەن هاراق - شاراب ........................... 246
ئوتتۇزىنچى باب قىتاندىن قېزىپ چىقىرىلىدىغان،
قارا تاشنى يېقىلغۇ قىلغىلى بولىدۇ ............. 247
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۇلۇغ خانىنىڭ كەمبەغەللەرگە
مەردلىك بىلەن سەدىقە بېرىشى .................. 248
ئوتتۇز ئىككىنچى باب خانلىقتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ
قىلغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى ............... 250
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب خانبالىق شەهىرىدىكى
مۇنەججىملەر ................................... 251
ئوتتۇز تۆتىنچى باب تاتارلارنىڭ دىنى ۋە ئۇلارنىڭ
روھ - ئەرۋاهلار توغرىسىدىكى قاراشلىرى، شۇنىڭ-
دەك بەزىبىر ئۆرپ - ئادەتلەر .................... 255
ئوتتۇز بەشىنچى باب قىتاننىڭ باشقا يەرلىرى،
يۈگدىڭخې دەرياسى ۋە ئۇنىڭ كۆۋرۈكى .......... 259
ئوتتۇز ئالتىنچى باب گوزا شەهىرى .................. 261
ئوتتۇز يەتتىنچى باب تەييۈەنفۇ بەگلىكى ........... 263
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب تەيجىن قەلئەسى ......... 265
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ئاقساقال يۇهاننىڭ ئۆز

ئەسرى جىن بېگىگە قىلغان مۇئامىلىسى ........ 268
قىرىقىنچى باب گۆزەل ۋە كەڭ خۇاڭخې دەرياسى ... 269
قىرىق بىرىنچى باب شەنئەنغۇ شەھىرى ........ 270
قىرىق ئىككىنچى باب قىتانلار بىلەن مەنزىلەرنىڭ
زېمىن چېگرىسى ........ 272
قىرىق ئۈچىنچى باب مەنزىلەر ئۆلكىسى ........ 274
قىرىق تۆتىنچى باب چىڭدۇفۇ ۋە تۇجياڭ
دەرياسى ........ 275
قىرىق بەشىنچى باب شىزاڭ ئۆلكىسى ........ 278
قىرىق ئالتىنچى باب شىزاڭنى تېخىمۇ تەپسىلىي
تونۇشتۇرۇش ........ 280
قىرىق يەتتىنچى باب يۈننەن ئۆلكىسى ........ 282
قىرىق سەككىزىنچى باب قاراجان ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ
مەركىزى شەھىرى دالى ........ 285
قىرىق توققۇزىنچى باب قاراجان ئۆلكىسىنىڭ يىـ
راق - چەت رايونلىرى ........ 287
ئەللىكىنچى باب قاردانداn ئۆلكىسى ۋە يۇڭچاڭ
شەھىرى ........ 292
ئەللىك بىرىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ بىرما ۋە
بېنگال دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش
ئۇسۇلى ........ 292
ئەللىك ئىككىنچى باب ئۇلۇغ خان قوشۇنلىرىنىڭ
جەڭگە كىرىشى ........ 299
ئەللىك ئۈچىنچى باب ئادەمسىز رايون ۋە بىرما
كىنەزلىكى ... ........ 300

ئەللىك تۆتىنچى باب مىيېن شەھىرى ۋە ئۇنىڭ
ئالتۇن ـ كۈمۈش مۇنارىلىرى ........................ 307
ئەللىك بەشىنچى باب بېنگال ئۆلكىسى ............ 309
ئەللىك ئالتىنچى باب ھىندىچىنى دۆلىتى ............ 310
ئەللىك يەتتىنچى باب ئامۇ ۋىلايىتى ............... 311
ئەللىك سەككىزىنچى باب تولومات ئۆلكىسى ......... 312
ئەللىك توققۇزىنچى باب چىنتىگۈي، چىڭدۇ، جوجۇ
(Gingui) ۋە خاخەنفۇ .......................... 312
ئاتمىشىنچى باب جىنجۇ .......................... 316
ئاتمىش بىرىنچى باب لىڭچىڭ، جىنەن ۋىلايەتلىرىدە
بولغان بىر قېتىملىق توپىلاڭ .................. 317
ئاتمىش ئىككىنچى باب دۇگىپىڭ ۋىلايىتى ............ 320
ئاتمىش ئۈچىنچى باب لىڭجۇ ۋىلايىتى ۋە پىجۇ
شەھىرى ............................................ 321
ئاتمىش تۆتىنچى باب خۇاڭخې دەرياسى، خۇەيئەن
ۋىلايىتى ۋە خەيجۇ شەھىرى ...................... 323
ئاتمىش بەشىنچى باب كاتتا ھەم گۈزەل مەنزى
ئۆلكىسى ۋە ئۇلۇغ خانىنىڭ بۇ ئۆلكىنى بويسۇن
دۇرۇش ئەھۋالى .................................... 324
ئاتمىش ئالتىنچى باب خۇەيئەن شەھىرى ............ 330
ئاتمىش يەتتىنچى باب باۋيىڭ ۋىلايىتى ۋە گاۋيۇ ... 330
ئاتمىش سەككىزىنچى باب تۇگجۇ ۋە جېنجۇ
ۋىلايەتلىرى ھەم ماركوپولو ھۆكۈمرانلىق قىلغان
ياڭجۇ شەھىرى ..................................... 332
ئاتمىش توققۇزىنچى باب نەنجىڭ ئۆلكىسى ......... 334

يەتمىشىنچى باب نىكولوپولو بىلەن مافىئوپولونىڭ
ھىيلىسى بىلەن ئالغان شاڭياڭ ۋىلايىتى ......... 334
يەتمىش بىرىنچى باب جۇجياڭ شەھىرى ۋە چوڭ
دەريا (چاڭجياڭ دەرياسى) ......................... 337
يەتمىش ئىككىنچى باب گۇاجۇ شەھىرى ........... 340
يەتمىش ئۈچىنچى باب جېڭجياڭ شەھىرى ........... 341
يەتمىش تۆتىنچى باب چاڭجۇ شەھىرى ........... 342
يەتمىش بەشىنچى باب سۇجۇ شەھىرى ۋە ۋۇجۇ
شەھىرى ............................................ 344
يەتمىش ئالتىنچى باب ھەيۋەتلىك، گۈزەل جىڭشى
(خاڭجۇ) شەھىرى ................................ 346
يەتمىش يەتتىنچى باب چوڭ شەھەر خاڭجۇنىڭ
باشقا تەپسىلاتلىرى ھەققىدە يەنە بىر پاراگ ...... 360
يەتمىش سەككىزىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ باج
كىرىملىرى ........................................ 374
يەتمىش توققۇزىنچى باب تەيپىڭفۇ شەھىرى ۋە
باشقا شەھەر ـ راباتلار ......................... 376
سەكسىنىنچى باب چۇجيا كىشەزلىكى ۋە ئۇنىڭ
پايتەختى فۇجۇ ................................ 378
سەكسەن بىرىنچى باب ۋۇگەن شەھىرى ........... 380
سەكسەن ئىككىنچى باب چۈەنجۇ پورتى ۋە دېخۇا
شەھىرى ......................................... 380

ئۈچىنچى جىلد. ياپون تاقىم ئاراللىرى، جەنۇبىي ھىندىستان ۋە ھىندى دېڭىزىنىڭ ساھىللىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاراللار ........................................ 390

بىرىنچى باب ھىندىستان، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئالاھىدە مەشھۇر خەۋەرلەر — ئىشلار، دېڭىز ساياھىتىگە ئىشلىتىلىدىغان كېمىلەرنىڭ تۈرلىرى .............................. 391
ئىككىنچى باب ياپون ئارىلى ۋە ئۇلۇغ خاننىڭ ياپون ئارىلىغا قىلغان ھۇجۇمى .................... 395
ئۈچىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ دېڭىزدىكى ئارالغا تاشلىۋېتىلگەن يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ............................ 398
تۆتىنچى باب ياپون ئارىلىدىكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ياپونىيىنىڭ ئادەم گۆشى يېيىشكە ئامراق ئاھالىسى ............ 401
بەشىنچى باب ھىندىچىنى كىنەزلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ خانغا ئەل بولغان كىنەزى .................. 405
ئالتىنچى باب ياۋا ئارىلى ........................... 408
يەتتىنچى باب سوندۇر، كوندۇر ئاراللىرى ۋە لوخاك كىنەزلىكى .............................. 409
سەككىزىنچى باب پېنتان ئارىلى ۋە مالايۇر ئارىلى

كىنەزلىكى ...... 411

توققۇزىنچى باب كىچىك جاۋا ئارىلى ...... 412

ئونىنچى باب سامارا ۋە دراگويان كىنەزلىكلىرى ... 416

ئون بىرىنچى باب لامبىرى ۋە فانفۇر كىنەزلىكلىرى... 419

ئون ئىككىنچى باب نوكېران ئارىلى ...... 422

ئون ئۈچىنچى باب ئانگامان ئارىلى ...... 423

ئون تۆتىنچى باب سەيلون ئارىلى ...... 424

ئون بەشىنچى باب ساكيامونىنىڭ تارىخى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ باشلىنىشى ...... 426

ئون ئالتىنچى باب مائابار ئۆلكىسى ...... 429

ئون يەتتىنچى باب يەنە مائابار ئۆلكىسى ھەققىدە پاراڭ ...... 431

ئون سەككىزىنچى باب سان توماس دەپنە قىلىنغان يەر ۋە ئۇنىڭ كارامىتى ...... 445

ئون توققۇزىنچى باب مۇرپىلى ياكى مۇنسار كىنەزلىكى ...... 448

يىگىرمىنچى باب لاك روياك ياكى لار ئۆلكىسى ... 450

يىگىرمە بىرىنچى باب كەل شەھىرى ...... 453

يىگىرمە ئىككىنچى باب كاۋلام كىنەزلىكى ...... 455

يىگىرمە ئۈچىنچى باب كومارى ...... 457

يىگىرمە تۆتىنچى باب دېھلى كىنەزلىكى ...... 458

يىگىرمە بەشىنچى باب مالابار ...... 459

يىگىرمە ئالتىنچى باب گۇززېرات كىنەزلىكى ...... 461

يىگىرمە يەتتىنچى باب كەنئان كىنەزلىكى ...... 463

يىگىرمە سەككىزىنچى باب كامباي كىنەزلىكى ...... 464

يىگىرمە توققۇزىنچى باب سىرۋىناس كىنەزلىكى ... 465
ئوتتۇزىنچى باب كېسما كوران كىنەزلىكى .......... 466
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئەرلەر ئارىلى، ئاياللار ئارىلى
ۋە بۇ نامىلارنىڭ مەنبەسى ..................... 467
ئوتتۇز ئىككىنچى باب سوكوتېرا ئارىلى ........... 469
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ماداغاسقار چوڭ ئارىلى ....... 471
ئوتتۇز تۆتىنچى باب زەنگىبار ..................... 476
ئوتتۇز بەشىنچى باب ئابىسسىنىيە ياكى ئوتتۇرا
ھىندىستان چوڭ ئۆلكىسى ......................... 479
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ئەدەن ئۆلكىسى ............. 483
ئوتتۇز يەتتىنچى باب ئەشىر شەھىرى .............. 485
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب دۇلفار شەھىرى ........... 488
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كالايەت شەھىرى ........ 488
قىرقىنچى باب ھورمۇز ئارىلى ..................... 491

**تۆتىنچى جىلد. ھەرقايسى تاتار پادىشاھ كىنەزلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ۋە شىمالدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى** .............................. 493

بىرىنچى باب چوڭ تۈركىستان ...................... 495
ئىككىنچى باب قايدۇنىڭ ئۆز تاغىسى — ئۇلۇغ
خاننىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ......... 498
ئۈچىنچى باب ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى

قايدۇنىڭ يۇقىرىغا قارشى چىققانلىقىغا تۇتقان
پوزىتسىيىسى ........................................ 503
تۆتىنچى باب كىنەز قايدۇنىڭ غەيرەتلىك ھەم باتۇر
مەلىكىسى ........................................ 503
بەشىنچى باب ئاباغانىڭ ئۆز ئوغلى ئارغۇننى
قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكى ........... 507
ئالتىنچى باب ئارغۇننىڭ قانداق قىلىپ ئۆز
ئاتىسىنىڭ كىنەزلىكىگە ۋارىس بولغانلىقى .......... 508
يەتتىنچى باب ئەخمەتنىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ
ئارغۇن بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى .................... 510
سەككىزىنچى باب ئارغۇن ۋە ئۇنىڭ بارۇنلىرىنىڭ
كېلىشكەن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ................ 511
توققۇزىنچى باب بارۇنلارنىڭ ئارغۇنغا بەرگەن
جاۋابى ........................................ 512
ئونىنچى باب ئارغۇننىڭ ئەخمەت بارگاھىغا ئەلچى
ئەۋەتكەنلىكى ........................................ 513
ئون بىرىنچى باب ئەخمەتنىڭ ئارغۇن يەتكۈزگەن
ئۇچۇرغا بەرگەن جاۋابى ........................ 514
ئون ئىككىنچى باب ئارغۇن بىلەن ئەخمەت ئوتتۇرى-
سىدا بولغان جەڭ ........................ 516
ئون ئۈچىنچى باب ئارغۇننىڭ قويۇپ بېرىلىش
جەريانى ........................................ 518
ئون تۆتىنچى باب ئارغۇن ئۆزىنىڭ كىنەزلىك
ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ........................ 519
ئون بەشىنچى باب ئارغۇن ئۆز تاغىسى ئەخمەتكە

ئۆلۈم جازاسى بەردى ........................ 520
ئون ئالتىنچى باب ئەخمەتنىڭ جىيەن ئىرغلى ئارغۇن
تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلغانلىقى ......... 522
ئون يەتتىنچى باب ئارغۇننىڭ ئۆلۈمى ............. 523
ئون سەككىزىنچى باب ئارغۇننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن
چوياكتونىڭ تەختنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ...... 524
ئون توققۇزىنچى باب چوياكتو ئۆلگەندىن كېيىن،
بايدۇنىڭ تەختنى قولىغا كىرگۈزگەنلىكى ......... 525
يىگىرمىنچى باب يىراق شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق
قىلغۇچى تاتار كىنەزى ............................ 526
يىگىرمە بىرىنچى باب قاراگىغۇ رايون دەپ ئاتالغان
يەردىكى دۆلەت ................................. 529
يىگىرمە ئىككىنچى باب روسىيە ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ
خەلقى ........................................... 531
يىگىرمە ئۈچىنچى باب كونستانتىنوپول بوغۇزى ... 533
يىگىرمە تۆتىنچى باب غەربىي تاتارلارنىڭ
ھۆكۈمرانى ...................................... 533
يىگىرمە بەشىنچى باب ھىلاكۇ بىلەن بېرگا ئوتتۇرى-
سىدا بولغان ئۇرۇش ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ... 534
يىگىرمە ئالتىنچى باب بېرگا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ
جەڭگە كىرىشى .................................. 536
يىگىرمە يەتتىنچى باب ھىلاكۇنىڭ قول ئاستىدىكى
لەرگە سۆزلىگەن نۇتقى .......................... 536
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ھىلاكۇ بىلەن بېرگا
ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق جەڭ ..................... 538

يىگىرمە توققۇزىنچى باب توتا مۆڭگۈنىڭ غەربىي تاتارلار زېمىندارى بولۇپ قالغانلىقى .......... 540
ئوتتۇزىنچى باب توقتاينىڭ نوغاينى ئوردىغا چاقىرىپ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى .......... 541
ئوتتۇز بىرىنچى باب توقتاينىڭ نوغايغا ھۇجۇم قىلىشى .......... 542
ئوتتۇز ئىككىنچى باب توقتاينىڭ ۋە نوغاينىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى .......... 543
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب نوغاينىڭ غەلىبىسى .......... 544
ئوتتۇز تۆتىنچى باب خاتىمە .......... 545
ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ خاتىمىسى .......... 547

# ماركوپولو ۋە «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»

شياڭ مىڭ

جۇڭگو ۋە ئىتالىيە خەلقلىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ئالبومنى ئېچىشىمىز بىلەنلا ئالتۇندەك نۇر چاقنىتىپ تۇرغان بىر نامغا كۆزىمىز چۈشىدۇ. بۇ نام دەل مەشھۇر سەيياھ ماركوپولونىڭ نامىدۇر. ماركوپولو — دۇنيا تارىخىدا جۇڭگوغا ۋە باشقا ئاسيا ئەللىرىگە تۇنجى قېتىم ساياھەت قىلغان ھەم «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ياۋروپالىق كىشى. ئۇ، جۇڭگو - ئىتالىيە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

## جاپالىق سەپەر

ماركوپولو (1254 — 1324 - يىللار) ئىتالىيىنىڭ «سۇ شەھىرى» — ۋېنىتسىيىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ماركو ۋە تاغىسى مافېئولار ۋېنىتسىيىنىڭ چوڭ سودىگەرلىرى ئىدى.

1271 - يىلى 11 - ئايدا، نىكولو ماركو بىلەن
مافېئو ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن ئىككىنچى قېتىم جۇڭگوغا
بارماقچى بولۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئەمدىلا 17 ياشقا
كىرگەن ماركوپولو ئۇلارغا ئەگىشىپ، شەرق دۇنياسى ئۈستىدە
ئىزدىنىش يولىدىكى سىرلىق سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۇلار ئۈچەيلەن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي
ساھىلىدىكى ئاكا شەھىرىدىن قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن،
قەدىمكى زاماندىكى ئېلىمىز خەلقى ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا-
دىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى
I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېچىلغان «يىپەك يولى» نى بويلاپ
شەرققە يول ئالدى. ئۇلار بەزىدە ئات مىنسە، بەزىدە تۆگە
مىنىپ ۋە پىيادە يۈرۈپ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، دەريا -
جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، باپا - مۇشەققەتتىن ۋە ھېرىش -
چارچاشتىن قاچماي سۈرىيەنى ۋە مېسوپوتامىيە ۋادىسىنى،
پۈتۈن ئىران زېمىنىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
تۆملۆق رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتتى - دە، پامىر ئېگىزلىكى-
دىن ئاشتى، ئاندىن شەرققە قاراپ قەشقەر، ئودۇن (خوتەن)،
لوپنۇر كۆلى ئارقىلىق دۇنخۇاڭ، يۈمېن ئەتراپلىرىغا يې-
تىپ باردى. ئۇلار جۇڭگو زېمىنى ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن
يول ئومۇمەن قەدىمكى زاماندىكى ئالىي راھىبلاردىن
فاشيەن، شۇەنزاڭلار بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن
ھىندىستانغا بېرىپ - كېلىشتە بېسىپ ئۆتكەن يول بىلەن
بىر بولۇپ، پەقەت ماڭغان يۆنىلىشىلا قارىمۇ قارشى ئىدى،
خالاس.

ئۇلار ئۈچ يېرىم يىللىق جاپالىق سەپەرنى بېشىدىن

كەچۈرۈپ، ئاخىر 1275 - يىل 5 - ئايدا ئۇستۇن خانبالىققا يېتىپ باردى. 21 ياشلىق ماركوپولو نەۋباھارى گۈللەپ تۇرغان، قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغانىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ پېشۋا خانى قۇبلاي غەرب ئېلىدىن كەلگەن بۇ بەرنا يىگىتنى بەكمۇ ياقتۇردى. ئەينى زاماندا يۈەن سۇلالىسى جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى بېسىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، خاننىڭ ئۆزى ھەربىي ئىشلار بىلەن بەند بولغاچقا چەت ئەللىكلەردىن بىرەر خادىم تۇرغۇزۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار قۇبلاي خاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولدى.

## ئون يەتتە قىش - ياز

1275 - يىلدىن 1292 - يىلغىچە بولغان 17 يىل ئىچىدە ئۇلار يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىدى. زېرەك ماركوپولو موڭغۇل ۋە خەنزۇ تىللىرىنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋالدى، شۇنىڭدەك خان ئوردىسىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدىن پۇختا خەۋەردار بولدى.

ماركوپولو يەنە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى بىلەن پۇختا تونۇشقان بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پايتەخت خانبالىقتا خىزمەت ئۆتىگەننىڭ سىرتىدا، بۇيرۇق بويىچە دائىم ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆلكىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشىگە ياكى ئەلچى بولۇپ چەت ئەل-

لەرگە چىقىشىغىمۇ ئىمكان بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ سەنشى، شەنشى، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ، سىچۈەن، شىزاڭنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان جايلار ئارقىلىق يۈننەنگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىدى ۋە بىرمىنىڭ شىمالىي قىسمىغىمۇ باردى. ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى-دىن سىرتىغىچە ۋە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ھەم شىمالىغىچە سوزۇلاتتى. ئۇ بىرەر جايغا بارغان ھامان شۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ماددىي بايلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆگىنەتتى، بۇ ھەقتە خانغا مەلۇمات بېرەتتى، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندايتتى.

ماركوپولو ياڭجۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇ يەر-دىكى 24 ناھىيىنى باشقۇرغانىدى. مەنسەپ تۇتقان ئۈچ يىل داۋامىدا توغرا - ئادىل ئىشلەپ، ھەققانىيەتنى ياقلىغانلىق-تىن، پۇقرالارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. كېيىنچە ئەلچى بولۇپ جەنۇبىي دېڭىز - ئوكيانلارغا سەپەرگە چىققىنىدا ۋيېتنام، ياۋا، سوماترا قاتارلىق جايلارغا باردى. ئۇ يەنە، ئېھتىمال، سىرىلانكا ۋە ھىندىستانغىمۇ بارغان بولسا كېرەك.

ماركوپولو جۇڭگو خەلقى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. ئۇ ئات بېقىشنى بەكمۇ ياقتۇراتتى سەنشىنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئاق ئېتىنى ماختاپ بىر ماقالە يازغانىدى. ئەينى زاماندا، خان ئوردىسىدا تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئەۋلادى بولغان بىر مەشھۇر رەسسام بار بولۇپ، ئۇ ئات ۋە قارىغاي

رەسىملىرىنى سىزىشقا ماھىر ئىدى. ماركوپولونىڭ ماقالـ
ـسى بىلەن رەسسامنىڭ «سەككىز ئۇلپار» ناملىق رەسىمى
يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بۈزرۈكۋار خان (شىزۇخان) —
قۇبلاينىڭ ئوردىسىدا قاتار - قاتار ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ
دائىم ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئەينى زاماندىكى
ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا تەكلىپ قىلىـ
ـنىپ تۇراتتى، ئۇلۇغ خان قۇبلاينىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىـ
ـشىگە سازاۋەر بولغانىدى.

## يۇرتىغا قايتىپ بېرىش

ماركوپولو ھەم ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى يۈەن
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ئون نەچچە يىل ۋەزىپە ئۆتىدى،
ئەمما ئۇلار يات ئەلدە تۇرۇۋاتقان ئىتالىيىلىكلەر بولغانـ
ـلىقى ئۈچۈن ۋەتىنىنى سېغىنىپ، بالدۇرراق ئۆز يۇرتىغا
قايتىشنى ئويلايتتى.

1292 - يىلى يازدا، ئۇلار موڭغۇل مەلىكە كۆكەچىنى
پېرسىيىگە (ئىرانغا) يەتكۈزۈپ قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىـ
ـلىنىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

مەلىكىنى ئۇزىتىش ئۆمىكىنىڭ 600 دىن ئوشۇق
ئادىمى داغدۇغىلىق ھالدا تۆت ماچتىلىق 14 كېمىگە
بۆلۈنۈپ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ چۈەنجۇ پورتىدىن يولغا
چىققانىدى. بۇ كېمىلەر توپى ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي ساھىـ
ـلىدىكى نەچچە ئونمىڭ چاقىرىملىق دېڭىز زېمىننى بېسىپ

ئۆتۈپ، سۇماترا، ياۋا، ھىندىستانلار ئارقىلىق ئىككى يىل ئىككى ئاي سەپەر قىلىپ پېرسىيىگە يېتىپ باردى.

ماركوپولولار ۋەزىپىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۆچەيلەن داۋاملىق تۈردە غەربكە سەپەر قىلدى، مېسوپوتامىيە ۋادىسى ۋە كاپكازنى بېسىپ ئۆتۈپ، قارا دېڭىزدىن كېمە ئارقىلىق كونستانتىنوپول (ھازىرقى ئىستانبول — ت) شەھىرىگە يېتىپ باردى، ئاندىن ئۆزلىرىگە پىششىق تونۇشلۇق يېقىن شەرق دېڭىز يولى بىلەن ۋەتىنىگە قايتتى.

1295 - يىلى قىشتا، ئۇلار ئايرىلغىنىغا 26 يىل بولغان ۋېنىتسىيىگە ئاخىر يېتىپ كېلىشتى. ئۇزاق يول ئازابىدىن چىرايلىرى سارغىيىپ جۈدىگەن، چارچاپ ھالسىزلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم - كېچەكلىرى جۇلجۇل كېپەن بولۇپ، تىل - تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەتكەن، تەقى - تۇرقى گۇمانلىق بولسىمۇ لېكىن ئەدەب - قائىدىلىك كەلگەن بۇ «يات يۇرتلۇق» مېھمانلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە ئىگىدارلىق قىلىۋاتقان شىرىم تۇغقانلىرى ئۆيگە كىرگۈزمىدى. ئاخىر ئىشنىڭ سەل - پەل ئېچىلغان پەيتتە ماركوپولو غەيرىدە ئۆيگە كىرىۋالدى، كېيىن نۇرغۇن ئىزاھ بېرىپ، گۇۋاھچىلار ۋە ئىسپاتلىق نەرسىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆينىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى ئىكەنلىكى، ئۆلمەي ھايات كەلگەنلىكى ھەم ئالدامچىلار ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ، يېقىن ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلىرىنى چۆچۈتكەن بۇ چوڭ ۋەقەنى ئاستا - ئاستا پەسكارىغا چۈشۈردى.

## ۋېنتسىيەدىكى ھاياتى

XIII ئەسىردە سودا مەنپەئەتلىرى جەھەتتە يۈز بەرگەن جىددىي توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن ئىتالىيىنىڭ ۋېنتسىيە ۋە گېنويە دېگەن شەھەر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى.

1298 - يىلى ۋېنتسىيە گېنويىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ماركوپولو ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بىر ئۇرۇش كېمىسىنى جابدۇدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى باشلىق بولۇپ، گېنويىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى ئۇرۇشتا ۋېنتسىيىنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى پۈتۈنلەي بىتچىت بولدى. ماركوپولو بەختكە قارشى ئەسىرگە ئېلىندى ۋە تۈرمىگە قامالدى.

ماركوپولو ئۇ چاغدا كۆپنى كۆرگەن سەيياھ بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلىلا نام - شۆھرەت قازىنىپ قالغانىدى. ئۇ گېنويىنىڭ گىرىمسەن ۋە زەي زىندانىدا يېتىۋاتقىنىدا، ئۆزىنىڭ جۇڭگودا ۋە ئاسىيانىڭ باشقا دۆلەتلىرىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى زىنداندا تونۇشقان ھەمراھى — فرانسۇزچىنى تولۇق بىلىدىغان پىسالىق يازغۇچى رۇستىيانوغا ئېيتىپ بەردى، يازغۇچى ئۇنىڭ بايانلىرىنى يېزىپ خاتىرىلىۋالدى، بۇ دەل مەشھۇر ئەسەر «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دۇر، ئۇ يەنە «شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1299 - يىلى 7 -، 8 - ئايلار ئارىلىقىدا ماركوپولو تۈرمىدىن ئازاد بولدى. كېيىن دوفاتا بىلەن توي قىلىپ، فانتىنا، برالا ۋە مورىتا دېگەن ئۈچ قىز پەرزەنت كۆردى ۋە يېڭىباشتىن كونا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سودىگەر- لىك بىلەن كۈن كەچۈردى.

1324 - يىلى ماركوپولو 70 ياشقا كىرگەندە، ئاغرىق چاپلاشقانلىقتىن بەدىنى كۈنساناپ زەئىپلەشتى، شۇڭا خوتۇنى ۋە قىزلىرىغا مال - مۈلۈكلەرنى ياخشى ساقلاشنى ۋەسىيەت قىلدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۇنىڭ دوستى، روھىڭنى ئامان تاپتۇرۇش ئۈچۈن ساياھەت خاتىرىسىدىكى «كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بەزى ئىشلار» نى چىقىرىۋەت، دېگەن تەلەپنى قويغاندى. ئۇ، «مەن تېخى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنىڭ يېرىمىنىمۇ بايان قىلىپ بولالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

## «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»

«ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» كىشىلەر ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «دۇنياۋى كاتتا كىتاب». ئۇنىڭدا ماركوپولو شەرقتە قىلغان سەپىرىدە بېسىپ ئۆتكەن ئەللەر ۋە رايونلارنىڭ يەر شارائىتى بىلەن مەنزىرىسى، ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالاتى تەسۋىرلەنگەن؛ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى، ئۇرۇشلار، ئۇلۇغ

خاننىڭ ئوردىسى، قەسىرلىرى، ھېيت - ئايەملەر، ساياھەت ۋە شىكار پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن؛ بېيجىڭ، شىئەن، كەيفېڭ، نەنجىڭ، جېنجياڭ، ياڭجۇ، سۇجۇ، خاڭجۇ، فۇجۇ، چۈەنجۇغا ئوخشاش جايلار ۋە مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىقى بايان قىلىنغان؛ جۇڭگودىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ مولluقى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ گۈللەنگەنلىكى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن؛ جۇڭگونىڭ يېقىن قوشنىلىرى ياپونىيە، بىرما، ۋېيتنام، لائوس، سىيام (تايلاند)، ياۋا، سوماترا ۋە ھىندىستانغا ئوخشاش جايلار- نىڭ ئەھۋالاتلىرى تونۇشتۇرۇلغان؛ چىڭگىزخاندىن كېيىن ھۆكۈم سۈرگەن موڭغۇل خانلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ھەم رۇسلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى سۆزلەنگەن.

«ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ياۋروپانىڭ بىلىم ئەھلىگە يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى. ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا جۇڭگولۇقلار تاشكۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلەتكەنىدى، ئەمما XIII ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار ھەتتا تاشكۆمۈرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ماركوپولو جۇڭگولۇقلارنىڭ تاشكۆمۈر ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخى كۆيىدۇرسە بولىدىغان «قاراتاش» ئىكەن دەپ قارىغان. بۇ ئەسەردە مۇشۇ ئەھۋال مۇنداق دەپ يېزىلغان: «پۈتكۈل قىتاي ئۆلكىسىنىڭ ھەممە يېرىدىن بىر خىل قاراتاش تېپىلىدۇ، ئۇ مەدەن چىقىدىغان تاغلاردىن قېزىۋېلىنىدىغان بولۇپ، يەر ئاستىغا قان تومۇرسىمان جايلاشقان ۋە ئۇزۇنۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان. كۆيدۈرۈلسە ئوتتۇن كۆمۈردەك ئۈنۈم

بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوت يالقۇنى ئوتتۇن كۆمۈرنىڭكىدىن كۈچلۈك، ھەتتا كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە كۆيسىمۇ ئوتى ئۆچۈپ قالمايدۇ. بۇنداق تاشنى ئۇششاقلاپ ياندۇرمىغۇچە ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشمايدۇ. ئوت تۇتىشىپ كەتسىلا غايەت زور ئىسسىقلىق بېرىدۇ». ماركوپولو جۇڭگودىن كۆمۈر ئىشلىتىش ساۋاتىنى ئېلىپ ياۋروپاغا قايتقان. بۇ، ئەلۋەتتە، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور ئىش. ئەسەردە يەنە نەچچە ئون خىل ئاجايىپ-غارايىپ قۇشلار ۋە ھايۋانلار، خىلمۇ-خىل گۈل-چېچەكلەر ۋە ئوت-گىياھلار، ئۈنچە-مارجان، جاۋاھىراتلارغا ئوخشاش ياۋروپالىقلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرمۇ خاتىرىلەنگەن.

«ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇدەك دەبدەبىلىك چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەر ئىشلىتىلمىگەن، بەلكى نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار پەقەت ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئاپتورنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە رۇستىيانو تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان، خالاس. لېكىن ماركوپولو جۇڭگونى يەنىلا ئانچە چوڭقۇر بىلىپ كېتەلمىگەن. ئۇ جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىمۇ ئەتراپلىق بىلەلمىگەن، بۇ كىتابتا جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنى تىلغا ئالمىغان، ھەتتا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدىمۇ توختالمىغان. فېئوداللىق، خۇراپاتلىققا ياتىدىغان بىرمۇنچە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، قائىدە-يوسۇنلىرىنى بولسا خېلى قىزىقىش بىلەن بايان قىلغان؛ بەزى سۆز-ئىبارىلەرنى

ئىشلىتىشمۇ ئالاھىدە مۇۋاپىق بولمىغان. «ۋەھشىيلەر» ئۆلكىسى دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، بۇ دەل جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىغا قويۇلغان ھاقارەتلىك نام.

شۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ تەسىرى يەنىلا ناھايىتى زور. ئۇ ئېلىمىزنىڭ يۈەن دەۋرى تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى تەتقىق قىلىنغان مۇھىم تارىخىي ئەسەر، ياۋروپانىڭ بەزى جۇغراپىيە ئالىملىرى شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىپتىدائىي «دۇنيا خەرىتىسى» ئىشلەپ چىققان؛ مەشھۇر سەيياھ كولومبومۇ ئۇنىڭدىن غايەت زور غەيرەت ۋە ئىلھام ئېلىپ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى ۋە بايلىقىغا ئىنتايىن ھەۋەس قىلغان، خەۋپ - خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ شەرققە سەپەر قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن. 1492 - يىلى كولومبو ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ جۇڭگو خانىغا يوللىغان مەكتۇپىنى ئالغاچ جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا كەلمەكچى بولغان، ئەمما كۈتۈلمىگەندە ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ قالغان. خالاس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كولومبو پەقەت ماركوپولونىڭ تەسىرى ئارقىسىدىلا ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئاچقان، يېڭى قۇرۇقلۇقنى «كەشپ قىلغان».

## دوستلۇق كۆۋرۈكى

ماركوپولو قۇرغان جۇڭگو - ئىتالىيە دوستلۇق كۆۋرۈكىدىن بۇ ئىككى ئەلنىڭ خەلقلىرى مەڭگۈ قاتناپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىزنىڭ سۇجۇ شەھىرى بىلەن دوستلۇق

ئەلچىسى ماركوپولونىڭ يۇرتى ۋېنىتسىيە شەھىرى بىر جۈپ دوست شەھەر بولۇپ قالدى؛ جۇڭگو-ئىتالىيە ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىپ سىزىۋاتقان ئالغان چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە-كىنو ھېكايە فىلىمى — «ماركوپولو» 1982-يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتتۈرۈلمەكچى. جۇڭگو-ئىتالىيە دوستلۇقىنىڭ گۈل-چېچەكلىرى بۇ ئىككى دۆلەت زېمىنلىرىدا مەڭگۈ پورەكلەپ ئېچىلغۇسى.

1981-يىل 9-ئاي

# ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى

بسم مثلث [illegible] [illegible]

## مۇقەددىمە

كورولالار، پادىشاھلار، گېرتسوگلار، ماركىزلار، گرافلار ۋە رىتسارلار، شۇنىڭدەك باشقا ساھەلەردىكى زاتلار، سىلەر ئەگەر دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىكى پەرقلەرنى، شەرقتىكى ئەللەرنىڭ يەر شارائىتى ۋە ئاھالىسىنىڭ خىلمۇ خىل ئەھۋالاتلىرىنى بىلمەكچى بولساڭلار، ماركوپولونىڭ بۇ كىتابىنى ئوقۇپ بېقىڭلار! ئۇ كىتابتا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەرمېنىيە، پېرسىيە، ھىندىستان ۋە تاتار خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋە ئويلاپمۇ خىيالغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرى خىل - تۈرلەر بويىچە بايان قىلىنغان. ماركوپولو ۋېنىتسىيە شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئاقىل ۋە بىلىملىك كىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بايان قىلىدۇ. دېمەك، بۇ — ھەقىقىي ئىشلار راستى بىلەن يېزىلغان كاتتا ئەسەر.

ھەممىگە مەلۇمكى، تەڭرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە مەيلى ھەرقانداق ئېتىقاد ئەگىملىرى، شۇ جۈملىدىن كاپىرلار (پاگانلار)، سارسېنلار (مۇسۇلمانلار) ۋە خرىستىئانلار بولسۇن، مەيلى ھەرقانداق مىللەت بولسۇن، ھېچقاچان، ھېچكىم

ماركوپولونىڭ ئەسىرىدە بايان قىلىنغانىدەك شۇنچە جىق، شۇنچە ئۇلۇغ، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى ئۇچراتقان ئەمەس. ماركوپولو ئۆز مىجەزىدە ئەتتىۋارلاپ ساقلىغان بۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇ كەمگىچە باشقىلارغا ئېيتمىغان. لېكىن بۇ سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈش، بىۋاسىتە كۆرۈش، بىۋاسىتە ئاڭلاش نېسىپ بولمىغان كىشىلەرنىمۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ماركوپولو مۇشۇ ئەسەر ئارقىلىق ئۇلارنى ئاشكارىلاپ جامائەتكە ئېلان قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 1298 - يىلدۇر. بۇ چاغدا ئۇ گېنويە تۈرمىسىدە قامىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى بىر زىنداندا يېتىۋاتقان ھەمراھلىرىغا ئېيتىپ بەرگەندى، رۇستىيانو دېگەن بىر پىسالىق ئۇلارنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىۋېلىپ، مۇشۇ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسىنى تەييارلىدى①. بۇ كىتاب جەمئىي تۆت چوڭ بابقا بۆلۈندى.

## بىرىنچى باب

## ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ كونستانتىنوپولدىن دۇنيانى ساياھەت قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى

كىتابخانلىرىمىز ۋاقىپ بولۇپ قالسۇنكى، بورۇۋون I

① گېنويە بىلەن ۋېنىتسىيە 1299 - يىل 7 - ئايدا ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى ئىمزالاشقان. ماركوپولو ۋە ئۇنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچى ھەمراھى رۇستىيانونىڭ شۇ چاغدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكى شۈبھىسىز. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كونستانتىنوپولنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىس بولغاندا②،
ۋېنتسىيە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ئۆزىنىڭ
بىر ۋەكىلىنى كونستانتىنوپولدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى.
باشتا تىلغا ئېلىنغان ماركوپولونىڭ ئاتىسى نىكولوماركو
ۋە تاغىسى مافېئولار ۋېنتسىيىنىڭ مەشھۇر ئاقسۆڭەكلى-
رىدۇر. ئۇلار 1260 - يىلى ئۆز ئالدىغا بىر سودا
كېمىسى تەق قىلىپ، ھەر خىل ماللارنى لىق قاچىلىدى -
دە، كېمىنى ھەيدەپ كونستانتىنوپولغا تىنچ - ئامان
يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۇلار داۋاملىق تۇردە نەگە
بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈپ،
ئاخىر ئېئوكسىن (Euxine) ياكى قارا دېڭىز تەرەپكە
مېڭىشنى قارار قىلدى. ئۇلار، ئېھتىمال شۇنداق قىلساق
مەنپەئەت ئېلىپ، سودا - تىجارەت قىلىدىغان دەسمايى-
مىزنى ئاشۇرالايمىز، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.
شۇڭلاشقا ئۇلار ئاشۇ مەقسەتتە ئورغۇنلىغان قىممەت
باھالىق ۋە چىرايلىق ئۈنچە - مارجان جاۋاھىراتلارنى
تەقمۇ تەق قىلىپ، كونستانتىنوپولدىن لەڭگەر كۆتۈرۈپ
دېڭىزغا چىققان يېتى سولدايا (Soldaia) پورتىغا
يېتىپ باردى. ئاكا - ئۇكا پولولار كېمىنى تاشلاپ
قىرغاققا چىقىش بىلەنلا ئاتقا مىندى - دە، بىرنەچچە
كۈن ئات يورغىلىتىپ يۈرۈپ، تاتارلارنىڭ غەربتىكى
قۇدرەتلىك پادىشاھى باركا (Barka) خانىنىڭ
پايتەختىگە باردى. پادىشاھ باركاخان كۆپىنچە بۇلغار

② بورۇۋون I نىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى 1237 - يىلدىن
1261 - يىلغىچە ــ ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ۋە ساررا شەھەرلىرىدە تۇراتتى. ئۇ ئەينى زامانىدا تاتارلار ئىچىدە ئەركىن ۋە مەدەنىي بولۇشى بىلەن داڭق چىقارغان كىنەزلەردىن ئىدى. ئۇ يىراقتىن كەلگەن بۇ ئىككى سەيياھتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى كاتتا ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاكا - ئۇكا پولولار ئۇنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى، تاماشا قىلىڭ، ئىشلىتىڭ دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ چىرايىدىن بۇ نەرسىدىن ناھايىتى زوقلانغانلىقىنى كۆردى - دە، بۇ قىممەت باھالىق ئېسىل ئۈنچە - مەرۋايىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىۋەتتى. باركاخان بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ مەردلىكىدىن ئەجەبلىنىپ ۋە ئۇنى ياقتۇرۇپ، كەڭ قوللۇقتا ئۆزىنىڭ مېھمانلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بۇ ئۈنچە - مەرۋايىتلار بەدىلىگە ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ پۇل تۆلەش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇلارغا يەنە نۇرغۇن ئېسىل بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلدى.

ئاكا - ئۇكا پولولار باركاخاننىڭ پايتەختىدە بىر يىل تۇرغىنىدىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا ئىنتىزار بولدى. ئەمما بۇ چاغدا باركاخان بىلەن شەرقتىكى تاتارلارنىڭ يەنە بىر ھۆكۈمرانى ھىلاكۇ ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىزلا ئۇرۇش پارتلىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ سەپەرگە ئاتلىنالمىدى. بىر مەھەل داۋام قىلغان قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ھىلاكۇ خان غەلىبە قىلدى.

بۇ ئۇرۇش سەيياھلارنىڭ سەپەرىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىق كەلتۈرگەنلىكتىن، ئاكا - ئۇكا پولولار ئۆز يۇرتىغا ئەسلى كەلگەن يول بىلەن قايتىشقا پېتىنالمىدى. بەزىلەر ئۇلارغا باركا خاننىڭ دۆلەت چېگرىسىنى بويلاپ شەرققە سەپەر قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدا ئادەم ئاياغ باسمايدىغان بىر چىغىر يول بار بولۇپ، ئۇدۇل كونستانتىنوپولغا ئېلىپ باراتتى. بۇ، ماڭغىلى بولىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. شۇڭا ئۇلار غەربىي تاتار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر شەھىرى ئۇۋكاكا (Oukaka) دا بىر ئاز تۇردى - دە، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تىگىردىز دەرياسىدىن — جەننەتۇلماھىتتىكى تۆت چوڭ دەريانىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ، كەڭ بىر قۇملۇق چۆلگە چىقتى. بۇ قۇملۇق چۆلنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 17 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئۇلار بۇ قۇملۇق چۆلنى ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈش داۋامىدا، قۇملۇقنىڭ ئويپۇقىدا ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ پادىلار ۋە تاتار پادىچىلار تۇرىدىغان چېدىرلاردىن باشقا، يا بىرەر شەھەر - قەلئەنى يا بىرەر ئېگىز ئىمارەتنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇلار بۇ قۇملۇق چۆلدىن ئۆتۈپ، ئېگىز ۋە پۇختا تاملار بىلەن ئىھاتىلەنگەن بۇخارا ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بۇخاراغا كەلدى. بۇ، پېرسىيە دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بولۇپ، پېرسىيە پادىشاھلىقى بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك، گۈزەل شەھەر ئىدى، ئۇنىڭغا باراك دېگەن پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇرۇش سەيياھلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەۋېرىشىگە يول قويمىدى. شۇڭا ئاكا - ئۇكا پولولار بۇ-

خارا شەھرىدە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئاكا ـ ئۇكا پولولار تېخى بۇخارا شەھرىدە تۇرۇۋاتقاندا، دانا ھەم بىلىملىك بىر مەشھۇر زات بۇ يەرگە كەلدى. بۇ، باشتا تىلغا ئېلىنغان تاتارلار پادىشاھى ھىلاكۇ خاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ، بۇيرۇق بويىچە ئۇلۇغ خان قۇبلايغا تاۋاب قىلىشقا كېتىۋاتاتتى①. ئۇلۇغ خان قۇبلاي پۈتۈن تاتارلارنىڭ ئورتاق داھىسى ئىدى. ئۇنىڭ پايتەختى ئاسىيانىڭ شەرقىي

---

① خاقان دېيىلگىنى پادىشاھقا باراۋەر كېلىدۇ. قۇبلاي ئۇلۇغ خان دەپ ئاتىلىدۇ، خان دېيىلگىنى ئەڭ ئىززەتلىك پادىشاھ (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى) دېگەنلىكتۇر. ماركوپولونىڭ ئەسىرىدە قۇبلاي دائىم ئۇلۇغ خان دەپ ئاتىلىدۇ، كىچىككىرەك كىنەزلەر خاقان دەپ ئاتىلىدۇ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قۇبلاي يەنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن شىزۇخان (1215 — 1294 - يىللار) يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولۇپ، پادىشاھ شۆچەن دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ 1290 - يىلى كەيفېڭدە (بوگۈنكى ئىچكى موڭغۇل قېنىق كۆك بايراق ئايمىقىنىڭ شەرقىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا) ئۇلۇغ خانلىق تەختىگە چىققان. خانلىق قورۇلغان دەسلەپكى يىللار جۇڭتۇڭ يىللىرى دەپ ئاتالغان بولۇپ، جى يۈەن 8 - يىلىغىچە (1279 - يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. دۆلەت نامىنى يۈەن دەپ بەلگىلىگەن. ئارقىدىنلا جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، يۈەنجى 16 - يىلى (1299 - يىلى) ئۇنى يوقىتىپ، پۈتۈن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. قۇبلاي تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان «ئوكيانوس» («سىخەي» خەنزۇچە نەشرىنىڭ 1497 - بېتىگە قارالسۇن) — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمى ئوتتۇرىسىغا
جايلاشقان بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئەڭ چەت يېرى ھېسابلى-
ناتتى. بۇ ئەلچى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىتالىيىلىكلەر
بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە زادىلا ئېرىشەلمىگەنىدى —
گەرچە شۇنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ. — ئەمدى ئۇ
ئۆزىنىڭ بۇ ئاكا - ئۇكا پولولار بىلەن كۆرۈشۈپ
تونۇشقانلىقىغا، بەلكى سەممىي پاراڭلاشقانلىقىغا بەكمۇ
خۇرسەن بولدى. — ئاكا - ئۇكا پولولار ئاتار تىلىنى
ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىۋالغاچقا، — بۇ ئەلچى بىرنەچچە
كۈن ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە چوڭقۇر ئاپىرىن
ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ
ئۆزى بىلەن بىللە ئۇلۇغ خاننى تاۋاپ قىلىشقا بېرىشىنى
تەكلىپ قىلدى. ئۇلۇغ خان قۇبلايمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا
ھېچقانداق ئىتالىيىلىكنى كۆرمىگەنىدى، ئۇلار ئۇلۇغ
خاننىڭ پايتەختىگە بېرىپلا قالسا، جەزمەن تەنتەنىلىك
كۈتۈۋېلىناتتى ۋە مول ئارتۇق - ئىنئاملارغا ئېرىشەتتى.
ئاكا - ئۇكا پولولارمۇ يولنىڭ تىنچسىزلىقى، يۇرتىغا
قايتىش سەپىرىدە ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ خىل خەۋپ -
خەتەرلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى - دە،
ئاخىر ئەلچىنىڭ تەكلىپىنى ئۇچۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆزى-
مىزنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تاپشۇرۇپلا مۇشۇ ئەلچى
بىلەن بىللە بېرىپ تەلىيىمىزنى سىناپ كۆرگىنىمىز
تۈزۈك دېگەن قارارغا كېلىشتى. ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ
ۋېنىتسىيىدىن ئالغاچ كەلگەن بىرنەچچە چاكارلىرى —
خىرىستىئان مۇرىدلىرىمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا

ماقۇل بولدى.

ئۇلار ئاۋۋال شەرقىي شىمالغا قاراپ يول ئېلىپ، كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. خاننىڭ ئاستانىسىگە يېتىپ كەلگۈچە توپتوغرا بىر يىل ئۆتتى. چۈنكى يول ئۈستىدە تاغ يوللىرىنى قار كۆمۈۋېتىدىغان، قىيان - تاشقىن بېسىپ كېتىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ سەپىرى كەينى - كەينىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرايتتى. شۇڭا ئۇلار سەپىرىنى پەقەت قار - مۇزلار ئېرىگەن، قىيان توختاپ يول ئېچىلغاندىلا داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار يول ئۈستىدە زوقلانغۇدەك نۇرغۇن گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆردى. ماركوپولو بۇلارنى ئۆز ئەسىرىنىڭ بىرقانچە بابلىرىدا تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئارتۇقچە بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

## ئىككىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ ئاكا - ئۇكا پولولارنى پاپا بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدىغان مەخسۇس ئەلچىلىككە تەيىنلىگەنلىكى

ئاكا - ئۇكا پولولار خاننىڭ ئاستانىسىگە يېتىپ بارغىنىدىن كېيىن، ئۇلۇغ خان قۇبىلاينى تاۋاپ قىلىپ، ئۇنىڭ مۇلايىم ۋە سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، — بۇ، مۇشۇ خاننىڭ خۇسۇسىيىتى ئىدى، — بۇنىڭغا يەنە ئۇلارنىڭ بۇ مەملىكەتكە تۇنجى قېتىم كەلگەن لاتىنلار ئىكەنلىكىمۇ سەۋەب بولدى، شۇڭا قۇبىلاي خان ئالاھىدە

كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قۇبلايخان مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن قىلىشقان سۆھبەتتە، جاي - جايلارنىڭ يەر شارائىتى، مەنزىرىسى، ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى، رىملىقلارنىڭ پادىشاھى ۋە باشقا خرىستىئان پادىشاھلىرى — كىنەزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قىزىقىش بىلەن سورىدى. قۇبلايخان بۇ كورول - پادىشاھلارنىڭ قانداقسىگە تەختكە چىقىپ قۇدرەت تاپقانلىقى، قانچىلىك يەر - زېمىنى بارلىقى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىدىغانلىقى، قانۇنلارنى قانداق بەرپا قىلىدىغانلىقى، ھەربىي ئىشلارغا قانداق قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ پاپىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە خىزمەت قىلىش ئەھۋالى، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشلىرى، دىنىي ئىبادەتلەر ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاكا - ئۇكا پولولار ئەزەلدىنلا خېلى يۇكسەك تەربىيە كۆرگەن، شۇنىڭدەك كەمتەر ھەم ئېھتىياتچان بولغاچقا، قۇبلايخان سورىغان ھەممە سوئاللارغا خېلى جايىدا جاۋاب بەردى. ئۇلار تاتار تىلىنى پۇختا بىلگەنلىكى، سۆز - جۈملىلەرنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇبلايخاننىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىززەتلىشى ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىشىگە ئېرىشىپ، دائىم قوبۇل قىلىنىپ تۇردى.

ئۇلۇغ خان ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ ھەممە سوئاللارغا جەزمەن جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى، ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك

سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولدى - دە، ئۇلارنى رىم پاپىسىنى زىيارەت قىلىشقا بارىدىغان مەخسۇس ئەلچىلىككە تەيىنلىمەكچى بولدى. ئۇلۇغ خان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا پولولارغا رىم پاپىسىنى تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغان كىنەز قوغتال (Khogatal) غا ھەمراھ بولۇشنى سەممىي تەكلىپ قىلدى.

خان ئۇلارغا سۆزلەپ كېلىپ، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار پاپىنى پاپىنىڭ ھەم خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەم يەتتە ھۈنەر① دىن پىششىق خەۋەردار 100 ئالىم تاللاپ ئەۋەتىشىنى ئىلتىماس قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرىنى ئۇلار بىلەن ئىلمىي كېڭەشىشكە، خرىستىئان دىنىي ئەقىدىلىرىنى كەڭ جارى قىلىشقا قويۇپ، خرىستىئان دىنى تەرغىپ قىلغان ئېتىقادنىڭ ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك ھەم باشقا ھەرقانداق دىنلارنىڭكىدىنمۇ ئەۋزەل ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن؛ تاتارلار ئېتىقاد قىلىدىغان خىلمۇ خىل تەڭرىلەر ۋە ئۆيلىرىدە چوقۇنىدىغان بۇدساتۋالارنىڭ پۈتۈنلەي جىن - ئالۋاستىلار ئىكەنلىكىنى، تاتارلار بىلەن شەرقتىكى باشقا خەلقلەرنىڭ مۇشۇ جىن - ئالۋاستىلارغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر خىل خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت، دېدى. ئىككىنچىدىن، خان ئۇلارنىڭ قايتىش سە-

① ئەينى زاماندا ئېيتىلغان يەتتە ھۈنەر: ئىستىلىستىكا، لوگىكا، گىراماتىكا، ئارىفمېتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا ۋە جۇغراپىيىنى كۆرسىتىدۇ — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پىرىدە خرىستوس ئەيسانىڭ مەقبەرىسىدە مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنىڭ يېغىدىن ئازراق ئالغاچ كېلىشنى قىزغىن ئۈمىد قىلدى، چۈنكى خان ئۆزىنىڭ ئەيساغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ھەقىقىي تەڭرى دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاكا - ئۇكا پولولار خاننىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا دەرھال يۈكسۈندى - دە، خاننىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئوتقا كىرىشكىمۇ، سۇغا كىرىشكىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئاندىن خان ئۆز ۋەزىرلىرىگە رىم پاپىسىغا سۇنۇش ئۈچۈن تاتارلار خانىنىڭ نامىدا تاتار تىلى بىلەن يېزىلغان بىر شاھانە مەكتۇپ تەييارلاپ، ئاكا - ئۇكا پولولارغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ئۇلۇغ خان يەنە ئۆزى ئورناتقان قائىدە بويىچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شاھانە مەكتۇپ ئويۇلغان بىر ئالتۇن دەستەك (پەيزە) ياساتتى ۋە ئۇنى ئاكا - ئۇكا پولولارغا ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭدا، مۇشۇ ئالتۇن دەستەككە ئىگە بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ھەمسەپەرلىرى پادىشاھلىقنىڭ زېمىنىدىن ئۆتكەندە، بارلىق يەرلىك مەنسەپدارلار ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىنلەپ، ئۆتەك - بېكەتلەر بويىچە ئۇزىتىپ قويۇشى، ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن جايلاردىكى چوڭ - كىچىك شەھەرلەر — راباتلار، قەلئە - يېزىلار ئۇلارنى ھەممە لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىشى لازىم، دېيىلگەنىدى.

ئاكا - ئۇكا پولولار بۇ ئابرۇيلۇق ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپلا ئۇلۇغ خان بىلەن ۋىدالىشىپ يولغا ئاتلاندى. لېكىن يولغا چىققىنىغا 20 كۈن بولار - بولمايلا ھەمسە-

پەر باشلىق قوغتال ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاچقا، ئۇلار يول ئۈستىدىكى مەلۇم بىر جايدا توختاپ قېلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمىدى. يا مېڭىشنى - يا چېكىنىشنى بىلەلمەي قالغان ئاكا - ئۇكا پولولار بۇنىڭغا ھېچبىر ئامال قىلالمىدى. ھەمسەپەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكىنىدىن كېيىن، ئاغرىققا شۇ يەردە قېلىپ داۋالىنىشنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرى يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ئاكا - ئۇكا پولولار بۇ ھەقتە ئاغرىقنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپلا دەرھال يولغا چىقتى. ئاكا - ئۇكا پولولار پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئالتۇن دەستەكنى ئېلىپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن، يول ئۈستىدىكى مەنسەپدارلار ئۇلارغا ناھايىتى چوڭ ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. يول ئۈستىدىكى بارلىق خىراجەت - چىقىملارنى يەرلىك دائىرىلەر ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتى، قوغداپ ئۇزاتقۇچىلار ئۇلارنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ، سەپەر ئۈستىدىكى نۇرغۇن تەۋەككۈلچىلىكلەردىن خالىي قىلدى. ئەمما ئوسال تەبىئىي مۇھىت ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز تۈردە قىيىنچىلىق كەلتۈردى، شامال - بوران، قار - يامغۇر، قاتتىق سوغۇق ۋە كەلكۈن - قىيانغا كەينى - كەينىدىن دۇچ كېلىپ تۇرغاچقا، ئۇلار بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي چارچاپ ماغدۇرسىزلاندى، كىچىك ئەرمىنىيىنىڭ لاياسسۇس پورتىغا يېتىپ كەلگۈچە ئارىلىقتا، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى.

ئۇلار لاياسسۇس پورتىدىن لەڭگەر كۆتۈرۈپ دېڭىز سەپىرىگە چىققىنىچە 1269 - يىل 4 - ئايدا ئاكرى شەھىرىگە كەلدى. بۇ چاغدا رىم پاپىسى كلېمېنت IV نىڭ يېقىندا ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە تۇساتتىن شۇم خەۋەر

ئارقىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئەينى زاماندا پاپا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن باش ئەلچى ئاكرې شەھىرىدە تۇراتتى. شۇڭا ئاكا - ئۇكا پولولار تاتار خانىنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى باش ئەلچىگە مەلۇم قىلدى. باش ئەلچى ئۇلارغا يېڭى پاپا سايلىنىپ چىققۇچە كۈتۈپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە، شۇ چاغدىلا ۋەزىپەڭلەرنى ئورۇندىيالايسىلەر، دېدى. ئاكا - ئۇكا پولولار باش ئەلچىنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئارىلىقتا ۋېنتسىيەگە قايتىپ بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ئاكرېدىن كېمىگە چۈشۈپ نېگروپونتنى بېسىپ ئۆتتى، ئاندىن ۋېنتسىيەگە باردى. نىكولوپولو ئۆيىگە بارغاندىلا ئۆزلىرى يىراق سەپەرگە چىققاندا ئۆيدە قالغان ھامىلىدار ئايالىنىڭ ماركوپولو ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇغقانلىقىنى بىلدى. ئايالى تۇغۇتتىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن قالغان ئوغۇل بالىسى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ بالا دەل مۇشۇ كىتابنى ئاغزاكى بايان قىلىپ بەرگەن ماركوپولودۇر.

## ئۈچىنچى باب

### ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ ماركوپولونى ئالغاچ يەنە بىر قېتىم ۋېنتسىيەدىن ئايرىلىپ ئۇلۇغ خانغا كۆرۈنۈش قىلغانلىقى

ئەينى ۋاقىتتا، يېڭى پاپا سايلىمى خىلمۇخىل توسالغۇلار تۈپەيلى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلمەي كېچىككەنىدى.

ئاكا ـ ئۇكا پولولار يېڭى پاپىنىڭ بالدۇرراق سايلىنىپ چىقىشىنى كېچەيۇ كۈندۈز كۈتۈپ، ۋېنتسىيىدە ئىككى يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇلار: بىز ياۋروپادا بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالساق، خان قەستەن قايتىپ كەلمىدى دەپ بىزدىن رەنجىپ قالارمۇ دېيىشىپ ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا ئاكا ـ ئۇكا پولولار ئاۋۋال ئاكرېغا قايتىش، ئاندىن قانداق قىلىشنى بەلگىلەش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇزۇن سەپەرگە ئۆسمۈر ماركوپولونىمۇ بىللە ئېلىپ چىقانىدى. خاننىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار پاپىنىڭ ئەلچىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئېرۇسالىمغا (قۇددۇسقا) باردى، ئۇ يەردىكى ئەيسانىڭ قەبرىسىدىن مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنىڭ يېغىنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئەلچىگە ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ خان تاپشۇرغان ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ۋە خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تېخىچە يېڭى پاپنى سايلاپ چىقمىغانلىقىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، پاپىنىڭ نامىدا ئۇلۇغ خانغا يوللىنىدىغان مەكتۇپنى يازدۇرۇۋالدى. ئاكا ـ ئۇكا پولولار باش ئەلچىنىڭ مەكتۇپنى قولغا كەلتۈرۈپلا دەرھال باشتا ئېيتىلغان لاياسسۇس پورتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئەمما ئۇلار يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىتالىيىدىكى كاردىناللار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەلچى ئاكرېغا كېلىپ، پاپا تەرىپىدىن ئاكرې شەھىرىدە تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن باش ئەلچىنىڭ يېڭى پاپالىققا سايلانغانلىقىنى، ئۇنىڭغا پاپا گرېگورى V دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى

جاكارلىدى. يېڭى پاپا گرېگورىي V مېنىڭ يېڭى مەرتىۋەم تاتارلار پادىشاھىنىڭ ئارزۇسىغا مەمنۇنىيەت بىلەن جاۋاب بېرىشىمگە تولۇق ھوقۇق بېرىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ مەخسۇس ئالاقە خەت بىلەن تېزلىكتە ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچى ئەرمەنىيە پادىشاھىنى تېز زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى سايلانغان پاپانى مەلۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئەرمەنىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ سەپەر قىلغان ئىككى نەپەر مەخسۇس ئەلچىگە بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ قويۇشنى، ئۇلار ئەگەر يەنىلا ئەرمەنىيە زېمىنىدا كېتىۋاتقان بولسا، ئۇلارنى دەرھال ئاكرېغا قايتىشقا بۇيرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئالاقە خەتلەر ئەرمەنىيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئاكا - ئۇكا پولولار تېخى ئەرمەنىيە زېمىنىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇشۇ چاقىرىق بويىچە، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي ئاكرېغا قايتىشتى. ئەرمەنىيە پادىشاھى ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ھەربىي كېمە تەيىنلەپ، ئۇلارنى شۇ كېمىنىڭ مۇھاپىزىتىدە كونستانتىنوپولغىچە ئۇزىتىپ قويدى، شۇنداقلا يېڭى سايلانغان پاپانى مۇبارەكلەشكە شۇ كېمە بىلەن بىر ئەلچىسىنى ئەۋەتتى.

يېڭى سايلانغان پاپا ئاكا - ئۇكا پولولار يېتىپ بېرىشى بىلەنلا ئۇلارنى ئالاھىدە تەنتەنىلىك قائىدە - يوسۇنلار بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدەك ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپ - ئالاقە خەتلەرنى تېز تەييارلاتتى، ئۇلۇغ خاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شۇ يەردە دىن تارقىتىپ يۈرگەن مىسسىئونېرلاردىن ئىككى كىشىنى تاللاپ يولغا سالدى.

پەر قىلماسلىق قارارىغا كەلدى ـ دە، پاپا تەرىپىدىن ئۆز-
لىرىگە ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرۇلغان ئالاقە مەكتۇپ ۋە سوۋ-
غىلارنى ئاكا ـ ئۇكا پولولارغا ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرۇۋەتتى.
ئۆزلىرى بولسا يەرلىك ئىبادەتخانا مۆتىۋەللىسىدىن باش-
پاناھلىق تىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئاستىدا دېڭىز يا-
قىسىغا قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى①.

ئەمما نىكولو، مافېئو ۋە ماركو پولولار جاپا ـ مۇ-
شەققەتلەردىن قورقماي، — ئاكا ـ ئۇكا پولولار خەۋپكە
تەۋەككۇل قىلمىدىغان ئىشلارغا ئۇزاقتىن بۇيان ئادەتلىنىپ
قالغان. — ئەرمىنىيىنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ داۋاملىق
ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇلار
ئادەم ياشىمايدىغان كەڭ قۇملۇق چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ،
خەۋپ ـ خەتەرلەر مانا مەن دەپ ھەمىشە ئۇچراپ تۇ-
رىدىغان تاغلار ئارىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يوللارنى كېزىپ
يۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قال-
مىدى. ئۇلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر شەر-
قىي شىمال بىلەن شىمالدىكى جايلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر
يەرگە كەلدى. بۇ چاغدا بەزىلەر ئۇلارغا، ئۇلۇغ خان ھا-

---

① «بۇنداق نەتىجىسىز ۋەزىيە پەقەت شەرق بىلەن غەرب ئوتت-
تۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش يولىدىكى تۇنجى ئۇرۇنۇشلارنىڭ
بىر خىلى، خالاس. ئۇلاردا دەسلەپكى خرىستىيانلاردىكىدەك ھەممە قىي-
يىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان قىزغىنلىق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى پۈ-
تۈنلەي زەئىپ پائالىيەت بولۇپ قالدى.» ۋېللىس: «تارىختىن تېزى-
لار». — ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇ ئىككى مىسسىئونېر چوڭقۇر بىلىملىك دىنىي ئۆلىما
بولغانلىقى سىرتىدا، يەنە ئەدەبىياتچى ۋە ئالىملاردىن
ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ۋىنسېنزىلىق، نىكولاس؛
يەنە بىرى ترىپولىلىق، ۋىلىيام ئىدى. يېڭىدىن
سايلانغان پاپا ئۇلارغا ھوقۇق شاھادەتنامى-
سى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پاپا نامىدىن مىس-
سىئونېر (دىن تارقاتقۇچى)، ئېپىسكوپ (باش روھانىي) -
لار تەيىنلەش ۋە كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىش
سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. يېڭىدىن سايلانغان پاپا ئۇلارغا
نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ھەدىيىلەر ئىنئام قىلدى، بۇلار-
نىڭ ئىچىدە خرۇستالدىن نەپىس ئىشلەنگەن بىرقانچە
لوڭقا بار بولۇپ، ئۇلار ئۇلۇغ خانغا بەخت تىلەپ پاپا
نامىدىن سۇنۇلىدىغان سوۋغىلار ئىدى. ئاكا - ئۇكا پولولار
يېڭىدىن سايلانغان پاپا بىلەن ۋىدالاشتى - دە، لاياسسۇس
پورتىدىن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە دېڭىز ئارقىلىق يولغا
چىقتى. قۇرۇقلۇققا چىققىنى بىلەنلا ئەرمىنىيە دۆلىتىگە
قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار، ئەرمىنىيىدە، بابىلونىيە سۇلتانى بۇندوكدار
نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئەرمىنىيەگە باستۇرۇپ كىرىپ ئەر-
مىنىيە زېمىنىنى ئاياغ - ئاستى قىلغانلىقتىن، يوللار ناتىنچ
بولۇپ كارۋانلارنىڭ يولغا چىقالماي قالغانلىقىدىن خەۋەر
تاپتى. پاپا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ئىككى مىسسىئونېر بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇلار داۋاملىق
سەپەر قىلىۋەرسەك ھاياتىمىزغا خەۋپ يېتىدۇ دەپ ئەندىشە
قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ۋەزىپىسىدىن ۋاز كېچىش ھەم سە-

پەر قىلماسلىق قارارىغا كەلدى ـ دە، پاپا تەرىپىدىن ئۆز-
لىرىگە ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرۇلغان ئالاقە مەكتۇپ ۋە سوۋ-
غىلارنى ئاكا ـ ئۇكا پولولارغا ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرۇۋەتتى.
ئۆزلىرى بولسا يەرلىك ئىبادەتخانا مۆتىۋەللىسىدىن باش-
پاناھلىق تىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئاستىدا دېڭىز يا-
قىسىغا قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى①.

ئەمما نىكولو، مافېئو ۋە ماركوپولولار جاپا ـ مۇ-
شەققەتلەردىن قورقماي، ـــ ئاكا ـ ئۇكا پولولار خەۋپكە
تەۋەككۈل قىلىدىغان ئىشلارغا ئۇزاقتىن بۇيان ئادەتلىنىپ
قالغان، ـــ ئەرمىنىيەنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ داۋاملىق
ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇلار
ئادەم ياشىمايدىغان كەڭ قۇملۇق چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ،
خەۋپ ـ خەتەرلەر مانا مەن دەپ ھەممىشە ئۇچراپ تۇ-
رىدىغان تاغلار ئارىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يوللارنى كېزىپ
يۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قال-
مىدى. ئۇلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر شەر-
قىي شىمال بىلەن شىمالدىكى جايلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر
يەرگە كەلدى. بۇ چاغدا بەزىلەر ئۇلارغا، ئۇلۇغ خان ھا-

① «بۇنداق نەتىجىسىز ۋەزىپە پەقەت شەرق بىلەن غەرب ئوت-
تۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش يولىدىكى ئورغۇن ئۇرۇنۇشلارنىڭ
بىر خىلى، خالاس. ئۇلاردا دەسلەپكى خىرىستىئانلاردىكىدەك ھەممە قى-
يىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان قىزغىنلىق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى پۈ-
تۈنلەي زەئىپ پائالىيەت بولۇپ قالدى.» ۋېللىس: «تارىختىن تېزىس-
لار». ـــ ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

زىر ئۈستۈنكى خانبالىق — كەيپىڭدە تۇرۇۋاتىدۇ، دېدى①. بۇ، كاتتا ۋە باياشات بىر چوڭ شەھەر ئىدى. ئۇلار يول يۈرۈپ كەيپىڭ شەھىرىگە كەلگەندە، ئومۇمىي سەپەر ئۈ- چۈن كەم دېگەندە جەمئىي ئۈچ يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانىدى؛ بۇ يەرنىڭ قىش پەسلىدىكى ھاۋاسى قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى ئاستا يول ماڭدى. ئۇلار يول ئۈستىدىكى چاغدىلا ئۇلۇغ خان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزاق سەپەر داۋامىدا جەزمەن قاتتىق چارچىغانلىقىنى ئوي- لىدى - دە، بۇ يەرگە كېلىشكە 40 كۈنلۈك يول قالغان جايغا ئالاھىدە مەنسەپدار ئەۋەتىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. شۇنىڭدەك يىراقتىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئوڭۇشلۇق سەپەر قىلىشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، يول ئۈستىدىكى مەھەللىۋى مەنسەپدارلارغا ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن خە-

① شيەنزۇڭنىڭ 6 - يىلى (1256 - يىلى) قۇبلايخان لۇەنشۇي دەرياسىنىڭ شىمالىغا قەلئە ياسىتىپ ئوردا سالدۇردى. جۇڭتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1260 - يىلى) مۇشۇ يەردە خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنى كەيپىڭ شەھىرى دەپ ئاتىدى. جۇڭتۇڭنىڭ 4 - يىلى (1263 - يىلى) ئۇنىڭغا «ئۈستۈنكى خانبالىق» (شاڭدۇ) دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن دائىم بۇ يەرنى «ئارىلاپ كۆزدىن كەچۈرۈپ» تۇردى. پۈتۈن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ خانبالىق (دادۇ) بىلەن بىرلىكتە «ئىككى خانبالىق» دەپ ئاتالدى. ئۈستۈنكى خانبالىقنىڭ كۆلىمى چىڭگىزخان ھۆكۈم سۈرگەن چاغدىكى خېلىسىن شەھىرىدىن چوڭراق، لېكىن خانبالىقتىن كىچىكرەك ئىدى. ئۇنىڭ قەدىمكى ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلدىكى توق كۆك بايراق ئايمىقىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا. [«ئوكيانوس» («سىخەي») خەنزۇچە نەشرىنىڭ 389 - بېتىگە قارالسۇن.] — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ بۇيرۇق يوللىدى. سەييا ھلار مۇشۇ ياردەملەر ۋە تەگرىنىڭ شەپقىتىگە تايىنىپ، خاننىڭ ئاستانىسىگە ئاخىر تىنچ - ئامان يېتىپ كەلدى.

## ئۈچىنچى باب

### نىكولو، مافېئو ۋە ماركوپولولارنىڭ ئۇلۇغ خاننى تاۋاپ قىلغانلىقى

ئاكا - ئۇكا ۋە ئاتا - بالا پولولار خانبالىققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ خان قۇبلاي مۇلكىي ۋە ھەربىي ۋەزىرلىرىنى مەخسۇس يىغىپ، كاتتا تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاكا - ئۇكا پولو قاتارلىقلار ئۇلۇغ خاننىڭ تەختىگە يېقىن كەلدى - دە، يۈكۈنۈپ تاۋاپ قىلغاچ ئۇلۇغ خانغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلۇغ خان دەرھال تەكەللۇپ بىلەن ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە ئەلچىلىككە بېرىش جەريانىنى ھەم پاپا بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ باش - ئايىغىنى تەپسىلىي سورىدى، ئاكا - ئۇكا پولولار بارلىق ئۆتمۈش ئەھۋاللارنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن تەرتىپلىك بايان قىلدى. ئۇلۇغ خان تولۇق دىققەت - ئېتىبارى بىلەن ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇلار مەلۇمات بېرىپ بولۇپ، يېڭىدىن سايلانغان پاپىنىڭ مەكتۇپى ۋە سوۋغىلىرىنى سۇندى. خان يېڭىدىن سايلانغان پاپىنىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەندى، بۇ ئىككى مەخسۇس ئەلچىنىڭ ساداقەتمەنلىكى، قىزغىنلىقى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئالاھىدە ماختىدى ۋە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەب-

رىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن چىراغ يېغىنى ناھايىتى تەقۋا-
دارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دىنىي ئىخلاسمەنلىك
بىلەن ياخشى ساقلاشنى بۇيرۇدى①. ئۇلۇغ خان بۇ يەردە
ماركوپولونى كۆرۈپ، بۇ كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، نىكولو:
«بۇ — جانابىي ئالىيلىرىنىڭ چاكىرى، مېنىڭ ئوغلۇم»
دەپ جاۋاب بەردى. خان دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، «قارشى
ئالىمەن، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال» دېدى ۋە مار-
كوپولونىڭ نامىنى شان - شەرەپلىك خادىملار رويخېتىگە
كىرگۈزۈشنى بۇيرۇدى. ئۇلۇغ خان ئاكا - ئۇكا ۋە ئاتا -
بالا پولولارنىڭ يىراق سەپەردىن كەلگەنلىكىنى تەبرىك-
لەش ئۈچۈن بارلىق ئوردا ۋەزىرلىرىنى ئالاھىدە چاقىرىپ
كاتتا زىياپەتكە قاتناشتۇردى، زىياپەتتە داقا - دۇمباقلار
چېلىنىپ، قانغۇدەك ھاراق - شاراب ئىچىلدى. ئاكا -
ئۇكا پولولار ۋە ماركو ئوردىدا تۇرغان چاغدا ئۇلۇغ خان-
نىڭ ئۇلارنى ئىزچىل تۆردە يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن قەدىر-
لىشى ھەتتا بۇ ئەلنىڭ باشقا ئوردا مەنسەپدارلىرىنى قە-
دىرلىشىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ماركو بۇ يەردە بارلىق مەن-
سەپدار ھەمراھلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ماركو قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تاتارلارنىڭ بارلىق
قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىۋالدى ۋە تۆت خىل تىل -
يېزىقنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، خالىغان كىتابنى ئوقۇيالاي-

---

① قۇبلاي كېيىنچە قىزغىن بۇددىست بولۇپ قالدى، 1281 -
يىلى بارلىق داۋجياۋ دىنىنىڭ كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى.
زىرسىنىڭ «جۇڭگو ئادەم ناملىرى لۇغىتى» گە قارالسۇن. — ئىنگلىز-
چىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دىغان ۋە يېزىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ خان ماركونىڭ قابىلىيىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تالانتىنى ئەمەلىي خىزمەت ئارقىلىق سىناپ كۆرمەكچى بولدى - دە، ئۇنى پايتەختتىن ئالتە ئايلىق يول يىراقلىقتىكى قارازان (Karazan) شەھىرىگە بىرىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر ئىشىنى بېجىرىپ كېلىشكە ئالاھىدە تەيىنلىدى. ماركوپولو بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تالانتى ۋە كەمتەر - ئېھتىياتچانلىقى بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. ماركوپولو يەنە ئۇلۇغ خاننىڭ جاي - جايلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالاتى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ خوجايىنىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر جايغا بېرىشى بىلەنلا مۇشۇنىڭغا دائىر ماتېرىياللارنى راستى بىلەن توپلاش ۋە سوراپ يىغىشقا دىققەت قىلىدىغان، ھەر بىر ئەھۋالنى كۆرۈشى ياكى ئاڭلىشى بىلەنلا تەپسىلىي يېزىپ خاتىرىلىۋالىدىغان بولدى.

قىسقىسى، ئۇ بۇ يەردە خىزمەت ئۆتكەن 17 يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇلۇغ خان ئۇنى ھەمىشە مەخپىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن پادىشاھلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ۋە ئۆزىگە قارايدىغان يات مىللەتلەر رايونلىرىغا ئەۋەتىپ تۇردى. ماركوپولو بەزىدە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ جاي - جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلەتتى. ئەمما بۇ ئىشلاردا ئۇلۇغ

خاننىڭ رازىلىقى ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ تەستىقىنى ئالغاندى. ماركوپولو مۇشۇنداق ئەۋزەل ئورۇندا تۇرغاچقا، ئۆزىنىڭ كۆزىتىشىگە ۋە ياكى باشقىلارنىڭ بايانلىرىنى يىغىشقا تايىنىپ، زاماندىشلىرى تېخى بىلىپ كېتەلمىگەن شەرقتىكى جايلارنىڭ مەنزىرىسى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇ جاپادىن قاچماي، بۇ بىلىملەرنى بىر - بىرلەپ ئېنىق ۋە تەپسىلىي خاتىرىلىۋالاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كېيىنكى ساياھەت خاتىرىلىرىدە بابلار بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ نۇرغۇن شان - شەرەپ قازاندى، ھەتتا ھەمراھلىرى ئىچىدە ھەسەت قوزغىدى.

## بەشىنچى باب

## نىكولو، مافېئو ۋە ماركوپولولارنىڭ ئۇلۇغ خاندىن رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا قايتقانلىقى

بىزنىڭ ۋېنتسىيىلىك سەيياھلىرىمىز كۆپ يىللاردىن بۇيان خاننىڭ ئاستانىسىدە تۇرۇپ، بىرەر شەھەر سېتىۋالغۇدەك قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن جاۋاھىرات ۋە ئالتۇن قاتارلىق بايلىقلارنى توپلىۋالغانلىقتىن ھامان ئۇستىباشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بالدۇرراق يۇرتىغا قايتىشنى ئويلايتتى. ئەمما ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆزلىرىگە بولغان مېھىر - شەپقىتىنىڭ كۈنساناپ ئېشىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ھېسسىياتنى ئاغزىدىن

چىقىرالماي قەلبىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. خالاس، ھالبۇكى، ئۇلۇغ خاننىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇلۇغ خان ۋاپات بولغۇچە يۇرتىغا قايتىپ كېتەلمىسە، يول ئۈستىدە بەھرىمەن بولىدىغان غەمخورلۇقنىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. بۇنداق غەمخورلۇق ئۇلارنىڭ ئۇزاق سەپەر ئۈستىدە ئۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئۆز يۇرتىغا تىنچ - ئامان قايتىشىنى تەمىنلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئىدى. دېمەك، ئۇلۇغ خاننىڭ ھايات چېغىدىلا رازىلىقى ئېلىنسا بۇ مەقسەت ئاندىن ئەمەلگە ئاشاتتى. مۇشۇ خىيالغا كېلىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىش نىيىتى تېخىمۇ كۈچەيدى.

بىر كۈنى، ئۇلۇغ خاننىڭ كەيپى تولىمۇ ياخشى بىر پەيتتە، نىكولو ئۇلۇغ خاننىڭ ھۇزۇرىدا يۈكۈندى - دە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. لېكىن ئۇلۇغ خان ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، بەلكى مەيۈسلەنگەن ھالدا: نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇرغۇن خەۋپ - خەتەرلەرگە قارىماي، شۇنچە مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولىسىلەر؟ — دەپ سوئال قويدى. ئۇلۇغ خان ئۇنىڭغا يەنە: سىلەر ئەگەر بىرەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ قايتىپ كەتمەكچى بولساڭلار، ھازىرقى مائاشىڭلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بېرەي، سىلەرگە ئېھتىياجلىق بولسىلا، ئۆزۈڭلەر خالىغان ھەرقانداق شان - شۆھرەتكە، بايلىق - پاراۋانلىققا ئېرىشەلەيسىلەر، دېدى. ئەمما خان بۇ ئوتتۇرىدىكى شۇنچە ئىناق مۇناسىۋەت يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز

يۇرتىغا قايتىپ كېتىش تەلىپىنى ناقۇل كۆرۈشىنى ھەقىقەتەن خالىمايتتى.

دەل شۇ پەيتتە ئىش ئۇختاسىغا كەلگەندەك بىر ۋەقە بولدى، تەخمىنەن شۇ چاغدا بولسا كېرەك، ھىندىستان پادىشاھى ئارگونىنىڭ خانىشى بولغانا ئالەمدىن ئۆتكەندى. ئۇ، قىتانلار① دىن ئىدى. خانىش ۋاپات بولۇش ئالدىدا شۇنى ۋەسىيەت قىلغانىكى، — ۋەسىيەتنامىمۇ يېزىپ قالدۇرغان، — مېنىڭ خانىشلىقىمغا ۋارىسلىق قىلغۇچى جەزمەن مۇشۇ خانلىقتىكى ئانا جەمەت ئەجدادلىرىمنىڭ قىزلىرىدىن بىرى بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولمىسا، ھەرقان-

---

① قىتان (خىتاي) — قەدىمكى مىللەت ۋە قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى. قىتانلار شەرقىي چېگرىدىكى مىللەتلەردىن بولۇپ، شىمالىي ۋېي خاندانلىقىدىن بۇيان بۈگۈنكى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ كەلگەن. تاڭ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرىدە سۇڭمو تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ۋە قىتانلار باشلىقى بۇنىڭ تۇتۇق بېگىلىك مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن. تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا تىرالارنىڭ باشلىقى ئاباكى قىتانلارنى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، لياۋ خاندانلىقىنى قۇرغان (مىلادىيە 916 - يىلدىن 1125 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ۋە بەش دەۋر ھەم شىمالىي سۇڭ خاندانلىقلىرى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا دەۋر سۈرگەن. قىتانلار رايونىغا نۇرغۇن خەنزۇلار كۆچۈپ كىرگەن، خەنزۇلارنىڭ ئىلغار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇلاردا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلگەن. سۇڭ سۇلالىسى شۈەنخې 7 - يىلىدا (مىلادىيە 1125 - يىلدا) لياۋ خاندانلىقى جىن خاندانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن، قىتانلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇلار، موڭغۇللار ۋە جۇرجىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن («دىسخەي» نىڭ 1479 - بېتىگە قاراڭ). — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

داق ئادەم مېنىڭ ئورنۇمغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ ۋە پادىشاھنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. پادىشاھ ئارگون بۇ خانىشنىڭ ئەنە شۇ قەتئىي ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىنچىكىلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان بارونلاردىن ئولاتاي، ئاپۇسكا ۋە كوزا دېگەن ئۈچ كىشىنى مەخسۇس ئەلچىلىككە ئالاھىدە تەيىنلىگەن، ئۇلار نۇرغۇن مۇلازىملىرىنى ئالغاچ ئۇلۇغ خاننى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن ۋە ئۇلۇغ خاندىن مەرھۇمە خانىشنىڭ جەمەتىدىن چىرايلىق ۋە مۇلايىم بىر قىزنى پادىشاھنىڭ جۈپتى بولۇشقا تاللاپ ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. خان بۇ ئىلتىماسنى سەممىي قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، مەرھۇمە خانىشنىڭ جەمەتىدىن ھۆسن - جامالى كېلىشكەن ۋە قابىلىيەتلىك قىزلاردىن 17 ياشلىق كۆكچىن تاللىۋېلىندى. ئۈچ نەپەر مەخسۇس ئەلچى بۇ كەلگۈسى خانىشنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ جامالىدىن زوقلاندى ۋە ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دەرھال قايتىشقا تەييارلاندى، ھەممە تەييارلىق ناھايىتى تېز پۈتتى. ئۇلۇغ خان پادىشاھ ئارگوننىڭ كەلگۈسى خانىشىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر تۈركۈم خادىملار — چۆرىلەر ۋە ياساۋۇللارنى ئالاھىدە تاللاپ چىقتى ھەم كاتتا ئوردا زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، يېڭى خانىشنى شاد - خۇراملىق بىلەن سەپەرگە ئۇزاتتى.

ئۇلار ئۇزۇلدۇرمەي سەككىز ئاي سەپەر قىلغىنىدىن كېيىن، بىرنەچچە تاتار خان - بەگلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن قوزغالغان ئۇرۇشقا دۇچ كېلىپ يوللىرى توسۇلۇپ قالغانلىق

تىن، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. شۇڭا ئۇلار ئۇلۇغ خان تۇرغان خانبالىققا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېرىم يولدىن قايتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلدى.

ئېھتىمال، ئۇلار خانبالىققا قايتقان چاغدا بولسا كېرەك، دەل مۇشۇ چاغدا ماركوپولومۇ بىرنەچچە سودا كېمىسىنى باشلاپ شەرقىي ھىندىستاننىڭ مەلۇم يېرىدىن (يەنى ھازىرقى ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىدىن) خانبالىققا قايتىپ كەلگەنىدى. ماركوپولومۇ ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە قىلغان زىيارىتىنىڭ جەريانى ۋە دېڭىز سەپىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلدى. ئاخىردا ماركوپولو ئۆزىنىڭ دېڭىزلاردا ناھايىتى بىخەتەر سەپەر قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەر ھىندىستاندىن كەلگەن ئۈچ بارۇننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. بۇ بارۇنلار ھىندىستاندىن چىققىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالغانلىقتىن يۇرتىغا قايتىشقا ئالدىراپ تۇراتتى. ئۇلار ھېلىقى گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۆزلىرىدەك يۇرتىنى سېغىنىش سەۋداسىغا گىرىپتار بولغان ۋېنتسىيىلىكلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. نەتىجىدە ئۇلار: ئۈچ بارون ياش خانىشقا ھەمراھ بولۇپ ئۇلۇغ خاننى زىيارەت قىلىپ، خانغا ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا قايتسا سەپىرىنىڭ ئاسان ۋە بىخەتەر بولىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك يېقىندا دېڭىز ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن ماركوپولونىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا، دېڭىز ئارقىلىق قىلىنىدىغان سەپەرگە قۇرۇقلۇقتا ھارۋا بىلەن قىلىنىدىغان سەپەردىكىدىن ئازراق ۋاقىت كېتىدىغانلىقى، چىقىممۇ تېجەلىپ

قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە كېلىشتى.

ئۇلۇغ خان ئەگەر ئۇلارنىڭ دېڭىز ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلسا، دېڭىز قاتنىشىدا مول تەجرىبى- لىك بولغان ئۈچ نەپەر ياۋروپالىقنى ھەمراھ بولۇپ بىللە مېڭىشقا قوشۇپ بەرسە، بۇ ئۈچ ياۋروپالىق يېڭى خانىشنى ئارغۇن خانلىقىغىچە يەتكۈزۈپ قويسا، دەپ ئىلتىماس قىلىندى. بۇ ئىلتىماسلارنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ خاننىڭ خېلى خاپا بولغانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى خان بۇ ئۈچ نەپەر ۋېنېتسىيىلىكنىڭ ئۆزىگە خىزمەت قىل- ماي كېتىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئەمما ئۇ بۇ تەلەپنى رەت قىلىشنى بىئەپ كۆرۈپ، زورمۇزور قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇبادا ئۇ بۇ توي ئىشىغا ئالاھىدە ئەھ- مىيەت بەرمىگەن بولسا، شۇنىڭدەك ۋاقىت زىق بولۇپ قېلىپ بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈۋېرىشكە مۇمكىن بولماي قالغان بولمىسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە، باش لىڭشىتىپ بۇ ئىشقا ماقۇل بولمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلۇغ خان بۇ ئۈچ نەپەر ۋېنېتسىيە- لىكنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، سەمىمىي ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كېتىپ قېلىشىغا ئېچىنغانلىقى ۋە كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە دەرھال قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلۇغ خان ئۆز كۆڭلىدە ھەقىقەتەن شۇنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئۇلار ئۈچۈن ئۈستىگە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى ئويۇلغان ئىككى دانە ئالتۇن دەستەك تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇ

دەستەكلەردە، خانغا تەۋە زېمىنىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇلار ئەركىن ۋە بىخەتەر ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. يەرلىك مەنسەپدارلار ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلىشى شەرت، دېيىلگەن. خان ئۇلارغا يەنە مەخسۇس ئەلچىلىك ھوقۇقى بېرىپ، ئۇلارنى ئۇلۇغ خان نامىدا پاپادىن، فرانسىيە، ئىسپانىيە پادىشاھلىرىدىن ۋە خرىستىئان دىنىغا ئەمەل قىلىدىغان باشقا پادىشاھ كىنەزلەردىن ھال سورايدىغان ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدى.

## ئالتىنچى باب

## ئاكا - ئۇكا پولولار ۋە ماركوپولونىڭ ئۇلۇغ خان بىلەن خوشلىشىپ ۋەتىنىگە قايتقانلىقى

بۇ قېتىمقى ئۇزۇن سەپەر ئۈچۈن تۆتتىن ماچتا ۋە توققۇزدىن يەلكەن ئورنىتىلغان 14 كېمە تەييارلاندى. كېمىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە لايىھىلىنىشى ئايرىم تۈردە تەپسىلىي بايان قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنىڭغا قەغەز - قەلەم زايا قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەم دېگەندە تۆت - بەش دانە چوڭ كېمە بار بولۇپ، ھەربىرىگە 250 تىن 260 قىچە ئادەم چۈشكەنىدى. خانىشنى قوغداپ ماڭغان ئۈچ بارون بىلەن نىكولو، مافېئو ۋە ماركوپولولار مۇشۇ چوڭ كېمىلەرگە جايلاشقانىدى. ئۇلۇغ خان ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇرغۇنلىغان ئېسىل ياقۇتلارنى ۋە ناھايىتى قىممەتلىك باشقا ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ئىنئام قىلدى. ئۇ يەنە ھەربىر كېمە

ئۈچۈن ئىككى يىلغا يەتكۈدەك ئاشلىق تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئۇلار كېمىلەرنىڭ لەڭگەرلىرىنى كۆتۈرۈپ يولغا چىققىنىغا تەخمىنەن ئۈچ ئاي بولغاندا، جەنۇبتىكى ياۋا ئارىلىغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە تەسۋىرلەشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئېسىل ۋەقەلەر كۆرۈلدى، بۇلار كىتابىمىزنىڭ ئاخىرلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. ياۋا ئارىلىدىن چىقىپ ھىندى ئوكيانىنى بويلاپ 18 ئاي سەپەر قىلغاندىن كېيىنلا كۆزلەنگەن نىشانىغا — ئارگونغا يېتىپ كەلدى. مۇشۇ سەپەر جەريانىدىمۇ ئۇلار يەنە نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئۇچراتتى، بۇلارمۇ كىتابىمىزدا كېيىنچە بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مۇشۇ مىزگىلدە — يولغا چىققاندىن تارتىپ كۆزلەنگەن نىشانغا يېتىپ كەلگۈچە — ماتروسلار ۋە باشقا يولۇچىلاردىن 600 كىشى ئۆلدى، ئۈچ باروندىن پەقەتلا گوزا ھايات قالدى. ئەمما ئاقسۆڭەك خېنىملار ۋە چۆرىلەردىن پەقەت بىرىلا ئۆلدى.

ئۇلار قىرغاققا چىققاندا ئارگون پادىشاھىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكى، ھازىر ياش شاھزادە يەھدۇنىڭ ئۇنىڭغا ۋارىس بولۇپ، بارلىق دۆلەت ئىشلىرىنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئاكا - ئۇكا پولولار ئۆزلىرى بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن يېڭى كېلىننى قانداق بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى يېڭى پادىشاھدىن سورىغانىدى. ئۇ: بۇ يېڭى كېلىن ئارگون پادىشاھىنىڭ ئوغلى ھەسەنگە جۈپ قىلىپ بېرىلسۇن، دەپ جاۋاب بەردى.

ھەسەن بۇ چاغدا پېرسىيىگە ياندىش بولغان ئاربور سېككو دېگەن چېگرا جاينى مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى. بۇ مۇھىم ۋە خەتەرلىك ئېغىزنى مۇداپىئە قىلىپ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يەردە 60 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇلغانىدى.

ئاكا - ئۇكا پولولار يېڭى كېلىنىنى بۇيرۇق بويىچە ھەسەن تۇرغان جايغىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئاندىن يەندۇ- نىڭ پايتەختىگە قايتىپ كەلدى، چۈنكى بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشىدا بېسىپ ئۆتىدىغان يول ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە توققۇز ئاي دەم ئالدى. يېڭى پادىشاھ بىلەن خوشلاشقاندا، پادىشاھ ئۇلارغا ھەربىرىنىڭ ئۇزۇن- لۇقى 45 سانتىمېتر، كەڭلىكى 53 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئۈچ - تۆت ئالتۇن ماركىدەك كېلىدىغان تۆت دانە ئالتۇن دەستەك ھەدىيە قىلدى. بۇ ئالتۇن دەستەكلەرگە: «ئۇلۇغ خاننى تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساق- لاپ، پادىشاھلىق شۆھرىتىنى ئاشۇرغايسەن ۋە ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغايسەن» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغانىدى.

بۇ بېغىشلىما سۆزلەرنىڭ ئۈستىگە: مېنىڭ زېمىنىمدا بۇ ئۈچ نەپەر مەخسۇس ئەلچى يېتىپ بارغانلىكى جايلار- نىڭ مەنسەپدارلىرى ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ ئۇزاتسۇن، ئۇلارنىڭ بارلىق خىراجەت - چىقىملىرىنى بەرسۇن، مۇداپىئە قىلىپ ئۇزىتىشقا زۆرۈر بولغان ساندا قوشۇن تەيىنلىسۇن. كىمكى بۇ بۇيرۇققا قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ ۋە

ئۇنىڭ تەسەررۇپىدىكى مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىن-
ىدۇ، دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەنىدى. شۇڭا ئۇلار يول
ئۈستىدە ئۇچراتقان بارلىق مەنسەپدارلار بۇ ئىشلارنى
ئەينەن ئىجرا قىلدى، بەزى جايلاردا ئۇلارنى قوغداشقا
ھەتتا 200 دىن ئوشۇق ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىلدى. يەھۇدۇ-
نىڭ ھۆكۈمىتىنى خەلق ئانچە ياقتۇرمايتتى، شۇڭا، خەلق
كۆرۈنۈشتە بۇ ھۆكۈمەتكە بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ ئەمەلدە
قارشىلىق كۆرسەتتى، ھەتتا قانۇن - ئىنتىزاملارنى بۇزۇپ
ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلاتتى، شۇڭا يۇقىرىدا ئېيتىلغان
تەدبىرلەرنى قوللىنىش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. ئەگەر
دانا پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا، خەلق ھەرگىزمۇ
ئۇنىڭغا زىت ئىشلارنى قىلمايتتى، ئەلۋەتتە. سەيياھلار
ئۇلۇغ خان قوبلاينىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى يول ئۈستىدە
ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى بارغان جايلارنى يېڭى-
باشتىن ساياھەت قىلىش ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى.
ئۇلار ئالدىنئالا بەلگىلىۋالغان يول بىلەن مېڭىۋېرىپ
ئاخىر ترېبىزوندقا، ئاندىن كونستانتىنوپولغا يېتىپ كەلدى،
نېگروپونتنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ساغلاملىق ۋە بايلىق-
نىڭ راھەت ماكانى بولغان ۋېنېتسىيىگە ساق - سالامەت
يېتىپ كەلدى، بۇ — 1295 - يىلدىكى ۋەقە.

بۇ چاغقا كەلگەندە، ئاكا - ئۇكا پولولار تەڭرىنىڭ
كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىغا، سان - ساناقسىز خەۋپ - خەتەرگە
دۇچ كەلگەندە ئۆزلىرىنى پاناھىغا ئالغانلىقىغا ۋە ھېرىپ -
چارچاپ ئاخىرقى بىر تىنىقتا چۈشۈپ قالغاندا قوتقۇزغان-
لىقىغا ئالاھىدە شۈكرى قىلىپ تەشەككۈر ئېيتتى. يۇقىرىقى

بايانلار كىتابىغا مۇقەددىمە سۈپىتىدە بېرىلدى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت كىتابخانلارنى ماركوپولونىڭ شەرق ئەللىرىدە ئۇزاق يىللار تۇرغان چاغدىكى ھاياتى ۋە خىلمۇ-خىل شەيئىلەرنى كۆزىتىش جەھەتتە ئېرىشكەن پۇرسەتلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشتۇر.

## بىرىنچى جىلد

كىچىك ئەرمىنىيەدىن ئۇلۇغ خاننىڭ ئۈستۈنكى خانبالىق
شەھىرىگە بارغۇچە يول ئۈستىدە كۆرگەن
ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز

## بىرىنچى باب

## كىچىك ئەرمىنىيە، لاياسسۇ پورتى، پادىشاھلىق زېمىنىنىڭ چېگرىسى

ماركوپولو ئاسىيا ئەللىرىنى ساياھەت قىلدى ۋە خاتىرىلىۋېلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇلارنى تەسۋىرلەشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى، ئاسىيا ئەللىرى ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك ئەرمىنىيە پادىشاھلىقلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن قاتتىق پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. كىچىك ئەرمىنىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سىباستوز شەھىرىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ قانۇن تۈزۈمى قاتتىق بولۇپ، خەلقى قانۇنغا بەكمۇ بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنىدا نۇرغۇن شەھەرلەر بولۇپ، قەلئە ۋە قورغانلار ھەددى - ھېسابسىز كۆپ. بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى مول، تۇرمۇشقا ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا لازىملىق ھەممە يېيىملىرى كۆپ ۋە خىلمۇ خىل، ئۇچار قۇشلىرى، جان - جانىۋارلىرى تولۇق ۋە يېتەرلىك. لېكىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز لازىمكى، بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرى ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە ئانچە ياقمايدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، قەدىمكى كىچىك ئەرمىنىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى سىپاھگەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، قەيسەر ھەم جەڭگىۋار، ئاپىرىن

ئېيتقۇدەك باتۇرلاردىن ئىكەن؛ ئەمما بۇ تەبىقىنىڭ ئادەملىرى ئەيش ـ ئىشرەتكە، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ چۈشكۈنلەشكەنلىكتىن، روھسىز، ئۈمىدسىز ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن كەمستىلىدىغان ھاراقكەشلەرگە ئايلىنىپ قالغان.

ئاياسۇس دىمپ ئاتالغان غايەت زور سودا پورتى دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ، ۋېنىتسىيە، گېنويە ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان جايلارنىڭ كاتتا باي ـ سودىگەرلىرى توپلىنىدىغان يەر ئىكەن. شۇنداقلا ئۇ يەنە ھەر خىل مۇشكى ـ ئەنبەر، دورا ـ دەرمان، تاۋار ـ دۇردۇن، مووۋت (سوكنا) ۋە باشقا ئېسىل، قىممەت ماللار توپلىنىپ ئايرىباشلىنىدىغان ھەم تارقىتىلىدىغان پورت ھېسابلىنىدىكەن. ئوتتۇرا يەر دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىنى ساياھەت قىلماقچى بولغان سەيياھلار مۇ ئاۋۋال مۇشۇ يەرگە كېلىپ قانغۇدەك تۇرۇۋالىدىكەن. كىچىك ئەرمىنيە پادىشاھلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى چېگرا رايونلىرىنىڭ يېرى مۇنبەت، مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، ھازىر ئۇ يەرلەرنى ساراسىنلار (مۇسۇلمانلار) ئىشغال قىلىپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى كارامانىيە بولۇپ، ئۇ يەرگە تۈركمەنلەر جايلاشقان، ئۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمى قەيسەرىيە، سىۋاستا ۋە تاتارلارغا تەۋە شەھەرلەر ئىكەن؛ غەربىي قىسمى دېڭىزغا تاقاشقان بولۇپ، دېڭىز ئارقىلىق ئۇدۇل تەرەپتىكى خرىستىئاندومىغا تۇتىشىدىكەن.

## ئىككىنچى باب

## تۈركمەن ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كوگنى، قەيسەرىيە، سىۋاستا قاتارلىق شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ سودا ئىشلىرى

تۈركمەن ئۆلكىسىنىڭ ئاھالىسى ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۈركمەنلەر مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبىرى مۇھەممەدگە چوقۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قائىدە - ئەھكاملىرىغا بويسۇنىدۇ. ئۇلار يەنىلا مەدەنىيەتسىز ۋە بەدنۆى بىر خىل مىللەتتۇر. ئۇلار ئادەم ئاياغ باسمىغان، يوللىرى خەتەرلىك تەبىئىي توسۇقلار بىلەن توسۇلغان چەت - ياقا تاغلىق رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭ سۈيى مول، ئوت - چۆپى ياخشى ئۆسكەن كەڭ ئوتلاقلىرى مال - چارۋا بېقىشقا ئەپلىك. ئۇلار پۈتۈنلەي چارۋا - ماللارنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ يەردىن تۈرك ئېتى دەپ ئاتالغان مەشھۇر ئات چىقىدۇ. يەنە تەن تۈزۈلۈشى ناھايىتى چىرايلىق كەلگەن بىر خىل قېچىرمۇ چىقىدۇ؛ بۇلاردىن باشقا ئىككى خىل ئاھالە گرېكلار ۋە ئەرمەنلەردۇر. بۇ ئىككى مىللەت پۈتۈنلەي شەھەرلەرگە ۋە قورغانلار بىلەن مۇداپىئەلەنگەن يېزىلارغا جايلاشقان بولۇپ، سودا - سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەردە شان - شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر بولغان ناھايىتى گۈزەل، رەڭمۇ - رەڭ گىلەملەر ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە بېغىر رەڭلىك ۋە باشقا خىلمۇخىل رەڭلىك تاۋار - دۇردۇنلارمۇ

ئىشلىنىدۇ. بۇ ئۆلكىگە كۆكنى، قەيسەرىيە ۋە سىۋاستا دېگەندەك مۇھىم شەھەرلەر جايلاشقان. سىنت بىلەيسى دەل مۇشۇ سىۋاستا شەھىرىدە شەھىد دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. بۇ شەھەرلەر ئۇلۇغ خان — شەرق تاتارلىرىنىڭ پادىشاھى — تەيىنلىگەن مۇپەتتىش تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. بىز ئەمدى چوڭ ئەرمىنىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۆتىمىز.

## ئۈچىنچى باب

### چوڭ ئەرمىنىيە پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ ئارزىنگان، ئاجىران، دارگىز شەھەرلىرى، نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىسى، ماي ئېتىلىپ چىقىدىغان ئاجايىپ قۇدۇقلار

چوڭ ئەرمىنىيە كەڭ زېمىنغا ئىگە پادىشاھلىقتۇر. ئارزىنگان شەھىرى ئۇنىڭ بوغۇزىغا جايلاشقان. ئارزىنگاندىن بومەزى (Bombazine) دەپ ئاتىلىدىغان سىپتە ۋە يۇمشاق كەلگەن بىر خىل بۆز رەخت ۋە باشقا خىلمۇخىل مەشھۇر پاختا توقۇلمىلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. سۆزنى تېجەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرمايمىز. بۇ جاينىڭ ھەممە يېرىگە ئارىشاڭلار جايلاشقان، ئارىشاڭلارنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىن چىقىدىغان بولۇپ، ناھايىتى ساپ كېلىدۇ، ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك ئەرمەنلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاتارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئارزىنگان ۋىلايىتىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى

بار، ئارزىنگان ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى ۋە باش روھانىي تۇرىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاجىران ۋە دارگىز شەھەرلىرىمۇ بار. چوڭ ئەرمېنىيىنىڭ يېرى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوت - چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك، ئوتلاقلىرى مال - چارۋا بېقىشقا ئەپلىك بولغاچقا ياز كېلىشى بىلەنلا شەرق تاتارلىرىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى-يازنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە كېلىدۇ. لېكىن قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا بۇ قوشۇن دەرھال يۆتكىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى قىشتا ھاۋا سوغۇق، يەرلەر توڭلاپ كېتىدىغان، يەرنى قار بېسىپ كېتىپ يىلقىلار ئوت - چۆپ تېپىپ يېيەلمەيدىغان بولغاچقا. كىشىلەر قىشلاش ئۈچۈن ھاۋاسى ئىللىق ۋە ئوت - چۆپلىرى قۇرۇپ كەتمەيدىغان جەنۇبقا يۆتكىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تىرىبىزوندتىن تەۋرىزگە بېرىش توغرا كەلسە، پايپورس قەلئەسىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرگە زاپاس مىقدارى مول بىر كۈمۈش كېنى جايلاشقان.

چوڭ ئەرمېنىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئېگىز بىر تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىنجىلدا ئېيتىلغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى (Ark of Noah) مۇشۇ تاغ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالغانمىش، شۇڭا بۇ تاغ يەنە كېمە تاغ دەپمۇ ئاتىلىدىكەن①. كېمە تاغنىڭ تۆت ئەتراپى خېلى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىكىدىن

① ئارارات تېغىنىڭ ئېگىزلىكى 5167 مېتىر بولۇپ، 1829 - يىلىغا كەلگەندىلا بەزىلەر تۇنجى قېتىم بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ چىققان. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئىككى كۈن كېتىدۇ، تاغ چوققىسىدىكى ئاپئاق قارلار يىل بويى ئېرىمەيدۇ. ھەر قېتىم ياغقان قار تاغ چوققىسىغا توپلىنىۋەرگەچكە، ھېچكىم بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقالمىغان. ئەمما تاغ ئېتىكىگە يېقىن ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىك ۋە ئويمانلار ئېرىگەن قار سۇلىرى بىلەن نەملىنىپ تۇرغاچقا، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، ئوت - چۆپلىرى مول ۋە قويۇق ئۆسىدۇ. ياز پەسلى كېلىشىگىلا يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنىڭ مال - چارۋىلىرى توپ - توپى بىلەن بۇ يەرگە يىغىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئوت - چۆپ يەتمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىمەيدۇ.

چوڭ ئەرمىنىيىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى موسۇل، مارېدىن رايونلىرىغا ۋە باشقا نۇرغۇن جايلارغا تۇتىشىدۇ، بۇ جايلار كۆپ بولغاچقا ئۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىش قىيىن. لېكىن ئۇلاردىن موسۇل ۋە مارېدىن رايونلىرىنى كېيىنچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. چوڭ ئەرمىنىيىنىڭ شىمالىي قىسمى گروزىيىگە (Georgiania) تۇتىشىدۇ. چېگرىنىڭ يېنىدا ماي ئېتىلىپ چىقىدىغان بىر قۇدۇق بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا ماي ئېلىنىدۇ، مايلارنى نۇرغۇن تۆگىلەرگە ئارتىپ توشۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق تاش مېيى (نېفىت) ئوزۇقلۇق قىلىشقا يارىمايدۇ، ئۇنىڭدىن ياسالغان مەلھەم دورىلار ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ تېرە كېسەللىرى ۋە باشقا كېسەللىرىنى داۋالاشقا يارايدۇ، بۇ مايىنى يېقىلغۇ قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ خەلقلىرى ئۇنى يېقىلغۇ قىلىدۇ ۋە ئۇزاق يەرلەردىن بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنى توشۇپ ئاپىرىپ ساتىدۇ.

# ئۈچىنچى باب

## گرۇزىيە پادىشاھلىقى، پادىشاھ ئالېكساندىر ياساتقان دىربېنت قوبۇقى، تىفلىستىكى ئاجايىباتلار

گرۇزىيە پادىشاھلىقىنىڭ كىنەزى داۋىد مەلىك (David Melik) دەپ ئاتىلىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىزچە ئۇ پادىشاھ داۋىد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ①. بۇ دۆلەت زېمىنىنىڭ بىر قىسمى تاتارلار زېمىنىغا قوشۇۋېلىنغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى مۇستەھكەم سېپىل - قەلئەلەر بىلەن ئىھاتە قىلىنغانلىقتىن، ھېلىمۇ يەرلىك كىنەزنىڭ قولىدا تۇرماقتا. گرۇزىيە زېمىنى ئىككى دېڭىزنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ دېڭىزلارنىڭ شىمالدىكىسى (گرۇزىيىنىڭ غەربىدىكىسى) قارا دېڭىز (ئېئۇكسىن Euxine)، شەرقتىكىسى بىسكۇن دېڭىزى (كاسپىي دېڭىز) دەپ ئاتىلىدۇ. كاسپىي دېڭىزى ئايلانمىسىنىڭ چوڭلۇقى 4 مىڭ 480 كىلومېتىر بولۇپ، باشقا دېڭىزلارغا تۇتاشمايدىغان ئىچكى دېڭىزغا بەكمۇ ئوخشىشىدۇ. دېڭىزدا بىرقانچە ئارال بولۇپ، بۇ ئاراللارغا سېلىنغان شەھەر - راباتلار ۋە قەلئە - ئىستىھكاملارنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل. بەزى ئاراللارغا مۇساپىرلار جايلاشقان بولۇپ، تاتارلار پېرسىيە (ئىران) پادىشاھلىقىغا ياكى پېرسىيىنىڭ باشقا شەھەر -

---

① گرۇزىيە 1801 - يىلى روسىيىگە قوشۇۋېتىلگەن. لېكىن شۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان توققۇز كىنەزنىڭ ھەممىسى داۋىد دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

راباتلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا. ئەسكەر ئاپتىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىشۋالغان. بۇ مۇساپىرلارنىڭ بەزىسى ئاراللاردىكى شەھەر - راباتلارنى، بەزىسى تاغلىق رايونلار-نىڭ ئىچكىرىسىدىكى يېزا - قىشلاقلارنى ماكان قىلىپ، هاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلايدۇ. بۇ ئاراللارنىڭ ئىچىدە تا هازىرغىچە ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن ئاراللارمۇ بار. كاسپى دېڭىزىنىڭ بولۇپمۇ دەريالارنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزلىرىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، ئۇ يەرلەردىن ئوسېتر تاۋان بېلىقلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا خىلمۇخىل بېلىقلار ناهايىتى كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەردە كۆپ ئۇچرايدىغان دەرەخ چىنار دېيىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دۆلەتنىڭ قەدىمكى پادىشاهى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىرقىراپ يەرگە چۈشكەندە، ئوڭ مۇرىسىگە بۆركۈتتەك بەلگە سېلىقلىق تۇغۇلغانمىش. گروزىيە پۇقرالىرى قەهرىمان، سۇ ئۈزۈشكە ۋە جەڭ قىلىشقا ماهىر، باتۇر كېلىدۇ. ئۇلار خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، تېخىچە گرېتسىيە چېركاۋلىرىنىڭ دىنىي قائىدىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، كالتە چاچ قويۇۋالىدۇ، ئۇستىباش، تەقى - تۇرقى غەربتىكى پوپلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

پادىشاھ ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) تەختتە ئولتۇرغان چېغىدا، گروزىيىدىن شىمالغا قاراپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولغانىدى. ئەمما گروزىيىنىڭ مەلۇم يېرىدە يەر شارائىتى ناهايىتى خەتەرلىك بىر ئېغىز بار بولۇپ، بىر تەرىپى دېڭىزغا بېرىپ تاقىلاتتى، بۇ يەرنىڭ بۇلۇڭ - تۇمان قاپلىغان دەهشەتلىك

دۆلقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتكىلى بولمايتتى؛ يەنە بىر تەرىپى ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قېلىن ئورمانلىق تىك يار بولۇپ، بۇ يەردە بېسىپ ئۆتكۈدەك يول تېپىلمايتتى، ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئەر يولنى توسىۋالسا مىڭ ئەرمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان خەۋپلىك يەر ئىدى. پادىشاھ ئالېكساندىر ئۆز كۈچلىگە پۈككەن پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ مۇھىم بوغۇزغا قورغان — قەلئەلىك قوبۇق سالدۇرۇپ، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىئەلەندى. بۇ قوبۇق مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك، ھۇجۇم بىلەن ئېلىش قىيىن ھەمدە تۆمۈردەك مۇستەھكەم بولغانلىقتىن، تۆمۈر قوبۇق دەپ ئاتالغان①. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ ئالېكساندىر تاتارلارنى بۇ يەرنىڭ تاغ ئارىسىدىكى جىرالىرىغا قاپسىۋېلىپ خېلى قاقشاتقان. لېكىن ئۇلارنى تاتارلار دېيىش پاكىتقا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەينى زاماندىكى ئۇلار ھەرگىز

---

① داربېند قوبۇقى — بۈگۈنكى ئۆزبېكستاننىڭ جەنۇبىدىكى دېربېنت دېگەن يەرنىڭ غەربىدىن 13 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى. ئۇنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرى تاغلىق، يەر شارائىتى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئۇ شەھرىسەبىز بىلەن توخارىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىغا جايلاشقان. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان سەپەر» نىڭ 1 - جىلدىغا ۋە «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە قاراڭ. موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ يەر تۆمۈر قوبۇق دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە «يۈەن تارىخى. تەيزۇنىڭ ئۆز خاتىرىسى» گە قاراڭ. بۇ يەر كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىغا كىرگۈزۈلگەن. («سىخەي» خەنزۇچە نەشرى 3907 - بەتكە قاراڭ). — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن

تاتارلار ئەمەس، بەلكى تۈركمەن دەپ ئاتالغان بىر خىل ئارىلاشما مىللەتتۇر. بۇ دۆلەتنىڭ نۇرغۇن شەھەر - راباتلىرى ۋە قورغان - قەلئەلىرى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇ يەرلەردىن مەشۇت ۋە كالوتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەردىن يەنە گەۋدىسى ناھايىتى چوڭ كەلگەن ياۋىج دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش تېپىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئاساسەن سودا - سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ تاغ - ئېدىرلىقلىرى كۆپ، يوللىرى تار ۋە خەتەرلىك بولۇپ، پىيادە ياكى ئاتلىق يولۇچىلارنىڭ قاتنىشى ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، تاتارلار ئۇلارنى ئۆزىگە تامامەن بويسۇندۇرالمىغان.

بۇ ئەلدە ئەۋلىيا سېنت لىئوناردوغا سېغىنىش ئۈچۈن سېلىنغان بىر موناستىر بولۇپ، ئۇ بىر تۇزلۇق كۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان. كۆلنىڭ چوڭلۇقى تۆت كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ كېلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئادەتتە بۇ تۇزلۇق كۆلدە بېلىقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما 40 كۈنلۈك روزا - رامىزاننىڭ 1 - كۈنىدىن تاكى روزىدىستوۋ بايرىمىغىچە ئارىلىقتىلا بېلىقلار ھەر تەرەپتىن توپ - توپى بىلەن كېلىشكە باشلايدۇ. لېكىن روزىدىستوۋ بايرىمىدىن كېيىنلا بېلىقلار كۆزدىن غايىب بولىدۇ. مۇشۇ بىر مەزگىلدىن باشقا چاغلاردىمۇ بۇ يەردە بېلىق كۆرۈنمەيدۇ. بۇ كۆل كېلوچالات يەنى غەربىي كۆل دەپ ئاتىلىدۇ. باشتا بىز تىلغا ئالغان كاسپى

دېڭىزنىڭ ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، ھېردىل، جېيھون، كۇر، ئاراز دەريالىرى پۈتۈنلەي كاسپى دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ، بەزى سودىگەرلەر يېقىندىن بۇيان كاسپى دېڭىزىدا قاتناشقا ۋە ئۇ يەردىن گېلىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يىپەك توقۇلما توشۇپ كېلىشكە باشلىدى. گىروزىيىنىڭ تېفلىس دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل بىر مەشھۇر شەھىرى بار. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا ئۇنى قورشاپ تۇرىدىغان قەلئە-ئىستىھكاملار سېلىنغان. بۇ شەھەردە پۈتۈنلەي خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان ئەرمەنلەر بىلەن گىروزىنلار، يەنە شۇنىڭدەك بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلارمۇ ياشايدۇ، ئەمما كېيىنكى ئىككى خىل ئاھالە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەرگە يىپەكچىلىك كارخانىلىرى ۋە باشقا ھەر خىل تاۋارلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان كارخانىلار قۇرۇلغان. ئاھالە تاتارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ.

بىز ئۇمۇمەن ھەربىر پادىشاھلىقنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىنىلا تونۇشتۇرىمىز، باشقا شەھەرلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن بۇ شەھەرلەردە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئىشلار ئۇچراپ قالسا، ئۇنى كېيىنچە بىرەر پۇرسەتتە تولۇقلاپ بايان قىلماقچىمىز. ئەمدى بىز ئەرمېنىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدىغان بىرقانچە قوشنا دۆلەتنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇق. تۆۋەندە ئۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىغا تۇتىشىدىغان قوشنا دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرىمىز.

## بەشىنچى باب

## موسۇل پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭدا ياشايدىغان ھەر مىللەت خەلقلىرى، كۇردلار، ئىچكى سودا ئىشلىرى

موسۇل — زېمىنى كەڭ چوڭ دۆلەت، ئۇنىڭدا ھەر خىل مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ بىرى ئەرەبلەر، مۇھەممەدكە ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. باشقىلار خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، خرىستىئان دىنىنىڭ قائىدە - نىزاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلمايدۇ، بەلكى بىرمۇنچە جايلاردا تېخى دىنىي ئەھكاملارغا خىلاپلىق قىلىشىدۇ. ئۇلار نېستورىئان ① ۋە يەئقۇب مەزھىپىدىكىلەردۇر. يەنە ئەرمەنلەرمۇ بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز جايلىرىدا ياكولىت دەپ ئاتىلىدىغان باش روھانىيلىرى (ئېپىسكوپلىرى) بار، بارلىق چوڭ روھانىيلار، روھانىيلار، موناستىرلارنىڭ باشلىقلىرى ياكولىت تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ. باغداد ياكى قىتان قاتارلىق جايلاردا يۇقىرىقىدەك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارمۇ خۇددى رىم پاپىسى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىگە دىنىي خادىملارنى تەيىنلەپ ئەۋەتكەندەك، مۇشۇ باش روھانىي تەرىپىدىن تەيىنلەپ ئەۋەتىلىدۇ.

موسۇل بىز موسۇل تەتىللاسى دەپ ئاتايدىغان كالۋۇتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يىپەك توقۇلمىنىڭ ماكانىدۇر.

---

① نېستورىئان دىنى — خرىستىئان دىنىدىكى بىر مەزھەپ. VII ئەسىردە جۇڭگوغا تارقالغان. — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مۇشۇ ئەلدىن چىقىپ سودىگەرلىك قىلىۋاتقان چوڭ سودىگەرلەر «موسۇل سودىگەرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار زور تۈركۈمدىكى مۇشكى ـ ئەنبەر ۋە دورا ـ دەرمانلار بىلەن تىجارەت قىلىدۇ ھەم بۇ نەرسىلەرنى باشقا ئەللەرگە چىقىرىدۇ.

موسۇلنىڭ ئېدىرلىق جايلىرىدا كۈردلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خرىستىيان دىنىغا، يەنە بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئادەملەر ئەدەب ـ ئەخلاققا زادىلا رىئايە قىلمايدۇ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ـ كەچكەن كارۋانلارنى تالان ـ تاراج قىلىشنىلا ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان. موسۇلنىڭ قوشنىسى مۇس ۋە مارىدىن رايونلىرىدىن پاختا كۆپ چىقىدۇ، بۇ پاختىدىن توقۇلغان بۆز رەخت بوكاسىن دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خىلمۇخىل بۆز رەختلەرمۇ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تاتار پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ باغدادنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئالتىنچى باب

### قەدىمدە بابىل دەپ ئاتالغان باغداد، باغدادنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قولدىن كېتىش جەريانى

باغداد (BAUDAS, Baghdad) — ھەشەمەتلىك

كاتتا شەھەر①، ئىلگىرى بارلىق ساراسىنلارنىڭ خەلىپىسى (مۇھەممەتنىڭ ۋارىسى) يەنى خىرىستىئانلارنىڭ پاپىسىدەك باش روھانىينىڭ تۇرىدىغان يېرى ئىدى. چوڭ بىر دەريا بۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ، سودىگەرلەرنىڭ ھىندى دېڭىزىغا (ھىندى ئوكيانىغا) توشۇيدىغان ۋە ئۇ يەردىن ئېلىپ كىرىدىغان بارلىق تاۋارلىرى مۇشۇ سۇ يولىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، دەريا قىنى ئەگرى - توقاي بولغانلىقتىن، ئۇنى بېسىپ ئۆتۈشكە 17 كۈن كېتىدۇ. دېڭىزغا چىقىدىغان بارلىق كېمىلەر مۇشۇ دەريانىڭ ئايغىغا ئۆزۈپ بېرىپ، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى كىس (Kisi) تا توختايدۇ - دە، ئاندىن دېڭىزغا چىقىدۇ. كېمىلەر كىسقا كەلگۈچە ئارىلىقتا بارسالا (بەسرە) شەھىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپى كەڭ دەرەخزارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ

① ھازىر ئىراقنىڭ پايتەختى. ئۇ مېسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. قەدىمكى باغداد شەھىرى تىگىر دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئاسار - ئەتىقىلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار بۇزۇلۇپ خارابىزارلىققا ئايلانغان؛ بۇ شەھەر مىلادىيە 760 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. VIII ئەسىردە ئابباسىيە خەلىپىلىكى تەرىپىدىن پايتەخت قىلىپ بەلگىلەنگەن. IX ئەسىردە بىر مەزگىل ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى بولۇپ تازا تەرەققىي قىلغان. بابىل (Bablon) قەدىمكى زاماندا «تىگىر - ئىفرات دەريالىرى» ۋادىسىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، ئورنى بۈگۈنكى باغداد شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. بۇ شەھەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى3000- يىلى قۇرۇلغان. «بابىل» ئاركادا تىلىدا «تەڭرى ئىشىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان ئۇنىڭ خارابىسى قېزىلىشقا باشلىدى. («دىسخەي» خەنزۇچە نەشرىنىڭ 224 — 236 - بەتلىرىگە قارالسۇن). — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

خۇرمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل خورما سورتى ھېسابلىنىدۇ.

باغدادنىڭ توقۇمىچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇ يەردە تەتىللا، كىمخاب ۋە دۇخاۋا قاتارلىق توقۇلمىلار ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. دۇخاۋىغا كەشتىلەنگەن ئۇچار قانات ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ رەڭدار سۈرىتى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ھىندىستاندىن ياۋروپاغا توشۇلىدىغان بارلىق ئۈنچە ـ مەرۋايىت، جاۋاھىراتلار بۇ يەردە ئىشلىنىپ نەپىسلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد تەلىماتى ۋە قائىدە ـ نىزاملىرىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى مۇھەندىسە (فىزىكا)، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئىلمى ھەيئەت (جۇغراپىيە)، ئىلمى قىياپەت (قىياپەت ـ بەشەرىيە) نى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىدىن قېلىشمايدۇ. باغداد مۇشۇ كەڭ رايوندا بىز ئۇچراتقان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ھەشەمەتلىك كاتتا شەھەردۇر.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ خەلىپە تارىختا ئۆتكەن ھېچقايسى پادىشاھ ياكى كىنەزلەر يېتىشەلمەيدىغان ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ بايلىق توپلىغان. لېكىن ئۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتتە قالغان. بۇنى تۆۋەندە ئالاھىدە تونۇشتۇرىمىز. تاتارلار پادىشاھى ئۆزىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىشكە كىرىشكەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئاكا ـ ئۇكا تۆتەيلەندىن چوڭى مۆڭكە خان تەخت ۋارىسى بولۇپ پادىشاھ بولغان، ئۇلار قىتانلارنىڭ زېمىنى ۋە شەھەر ـ راباتلىرىنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ نىيەت ـ نەپسى يەنىلا بېسىلماي داۋاملىق تۈردە زېمىنلىرىنى كېڭەيتمەكچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش

پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۇنيانى بۆلۈشىۋالماقچى بولغان. بۇ تاتارلار مۇشۇ مەقسەتنى كۆڭۈللىرىگە پۈككۈپتۇ - دە، تۆت يولغا بۆلۈنۈپ بىرەيلەن شەرققە، بىرەيلەن جەنۇبقا، قالغان ئىككىيلەن ئەسكەر باشلاپ باشقا جايلارغا يۈرۈش قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىشقا بىرئېغىزدىن ۋەدە قىلىشىپتۇ.

جەنۇبقا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىنى ھۈلاكۇ ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ - دە، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغ توپلىغاچ ئەسكەر باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىپتۇ، قەدىمى يەتكەنلا يەرنى ئېلىپ، ھەممە جەڭلەردە غەلىبە قىلىپ، قوشۇنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ، 1255 - يىلى قوشۇننى باشلاپ باغدادقا يېتىپ كەپتۇ. لېكىن ئۇ باغداد سېپىلىنىڭ ئېگىز ۋە مۇستەھكەملىكى، ئاھالىسىنىڭ نۇرغۇنلۇقى، مۇداپىئەسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن تەشۋىشلىنىپتۇ. ئۇ، بۇ شەھەرنى قاتتىق ھۇجۇم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئېلىشقا توغرا كېلىدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا پىيادە ئەسكەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بار ئىكەن. ئۇ ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ - دە، بۇيرۇق بىلەن بىر قىسىم قوشۇننى باغدادنىڭ يېقىن ئەتراپىغا، يەنە بىر قىسىم قوشۇننى شەھەر سىرتىدىكى قېلىن ئورماننىڭ ئارقىسىغا مۆكتۈرۈپتۇ، بايراقلىرىنى چۈشۈرۈپ، دۇمباق - كانايلىرىنى تىنچىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ، كەلگەنلىكىنى دۈشمەنگە سەزدۈرمەپتۇ. ئۆزى بولسا ئۈچىنچى قىسىم قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغان پېتى شەھەر تۇ-

ۋىگە باستۇرۇپ كەپتۇ. خەلىپە تاتارلار قوشۇنىنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دۈشمەننى سەل چاغلاشتىن خالىي بولالماپتۇ. شۇنىڭدەك مۇھەممەدنىڭ دائىم قوللانغان تۇرۇش تاكتىكىسى ــ سىرەن ـ چۇقان سېلىپ تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەقاتىدىغانلىقىغا خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ، مۇشۇ تۇرۇش تاكتىكىسى ئارقىلىق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى ۋە ئۇنى يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ قاراپتۇ. شۇڭا ئۇ قوشۇنىنى شەھەر سىرتىغا باشلاپ چىقىپتۇ ـ دە، قىقاس ـ چۇقان سېلىپ دۈشمەن قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىپتۇ. ھىلا كۇخان دۈشمەننىڭ شەھەردىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپلا قوشۇنىنى باشلاپ چېكىنىپتۇ؛ يېڭىلىپ قاچقان بولۇۋېلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى ئۆزىنىڭ پىستىرما قويغان دائىرىسىگىچە ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ ـ دە، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دۈشمەننى قىرىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ ۋە پىستىرمىغا قويۇلغان ئىككى قوشۇنغا يان تەرەپ ۋە ئارقا تەرەپلەردىن قورشاۋ ياساشنى بۇيرۇپ، خەلىپىنىڭ قوشۇنىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، خەلىپىنىڭ قوشۇنى پۈتۈنلەي بەربات بوپتۇ، ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، باغداد شەھىرىنىڭ سېپىلىغا تەسلىم بايرىقى چىقىرىلىپتۇ. ھىلاكۇ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، چوڭ بىر بالىخانىغا لىقمۇلىق ئالتۇن تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران بوپتۇ. ئاندىن خەلىپىنى ئېلىپ كېلىپ ئەيىبلەش ھەققىدە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ھىلاكۇ خان خەلىپىنىڭ ئاچكۆزلۈك ۋە

رەھىمسىزلىك جىنايەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپتۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ بايلىقلار بىلەن ئوشۇن تەشكىللەپ ۋە قوشۇننى مەشق قىلدۇرۇپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ ئۆز پايتەختىنى قوغداشنى، ئۆزۈلدىن بويان تەھدىت سېلىپ كەلگەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى بىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى مۇشۇ بالىخانىغا قاماپ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھەممە يېمەك - ئىچمەكنى بەرمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خەلىپە ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى دۆۋىلەنگەن مۇشۇ بالىخانىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتتە ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

## يەتتىنچى باب

### باغداد خەلىپىسىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى بارلىق خىرىستىيانلارنى قىرىپ تۈگىتىشنى قەستلىگەنلىكى

باغدادتا مۇلداق بىر خەلىپە ئۆتكەنلىكى، ئۇ خىرىستىيانلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرگەن. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئىگىمىز — ئەيسانىڭ مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ سادىق ئېتىقادچىلىرىنىڭ نومۇسىنى ئاقلىغانلىقى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ئىش. بۇ خەلىپە 1225 - يىلى تەخت ۋارىسى بولغاندىن بۇيان، ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق بارلىق كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا بىردەك ئېتىقاد قىلىشنى كېچە - كۈندۈز ئويلايدىكەن. ئۇ، بۇ كىشىلەر مۇبادا بۇ تەكلىپىمنى رەت قىلسا، خىلمۇخىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۆلتۈرىمەن، دېگەن خىيالنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ. خەلىپە مۇشۇ جىنايى

غەرەز بىلەن يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ مەخپىي پىلان تۈ-
زۈشكە كىرىشىپتۇ. ئۇلار ئىنجىلدىن «ئەگەر سىلەردە تېرىقچە-
لىك ئېتىقاد بولسىلا، مۇشۇ تاغقا قاراپ: ھەي تاغ،
باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىپ كەتكىن! دەڭلار، ئۇ ھالدا
بۇ تاغ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپلا دەرھال يۆتكىلىپ
كېتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىپتۇ. خەلىپە بۇ سۆزنى
ئۇچراتقىنىدىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن ئەقلىنى يوقىتىشقا
تاس قاپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇنى تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان
ئىش دەپ بىلىپ، بىر خىل باھانە سۈپىتىدە ھېلىقى سۆزدىن
پايدىلانسا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇنداق قىلىپ
ئۇ: باغدادتا تۇرۇشلۇق بارلىق خرىستىئانلار مەيلى نېستو-
رىئان مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن ياكى يەئقۇب مەزھىپىدىكىلەر
بولسۇن ۋە ياكى ئۇلارنىڭ سانى ھەرقانچە كۆپ بولسۇن،
بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر چاقىرىق بويىچە كېلىپ مەن بىلەن
كۆرۈشسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

خەلىپە بۇ خرىستىئانلارغا: سىلەر ئىنجىلدا ئېيتىلغان
ھەممە ئىشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىلەر؟ دەپ
سوئال قويۇپتۇ. خرىستىئانلار: شۇنداق، بىز ئۇلارنىڭ
راستلىقىغا ئىشىنىمىز، دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. خەلىپە
مۇنداق دەپتۇ: «خوپ، ھەممىسى راست ئىكەن، ئۇنداقتا
بىز سىلەرنى سىناپ كۆرەيلى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىم
ئۆز ئېتىقادىنىڭ سەممىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ؛
ئاراڭلاردىن ئۆز تەگرىسىگە تېرىقتەك بولسىمۇ ئېتىقاد
قىلىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىسا، ئۇنداقتا سىلەرنى بۇنىڭ-
دىن كېيىن، بىدئەتچى كاپىرلار، تەگرىنىڭ لەنىتىگە

ئۆچرىغانلار، ھەقىقىي ئېتىقادىي يوقلار دېپ قاراشقا پۈتۈن- لەي ھەقلىقمەن. ئەمدى سىلەرگە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، بۇ مۆھلەت ئىچىدە سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئېتىقا- دىغا تايىنىپ، تەڭرىڭلار ئەيسانى تەسىرلەندۈرۈپ، ئالدىڭ- لاردىكى مۇشۇ تاغنى باشقا بىر يەرگە يۆتكىتىۋېتىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار، مېنىڭ خۇدايىمغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ قائىدە - نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىشىڭلار لازىم. بارغانلىكى يېرىڭلاردا خۇدا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ خاتىرجەم قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىساڭلار، مېنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جازالىشىمنى كۈتۈڭلار!»

## سەككىزىنچى باب

## خەلىپىنىڭ سۆزىدىن خرىستىئانلارنىڭ قاتتىق ئەندىشىدە قالغانلىقى

باغدادتىكى خرىستىئانلار بۇ خەلىپىنىڭ زالىم ۋە يولسىزلىقى، شۇنىڭدەك ھەمىشە بىرەر پۇرسەت كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىش قەستىگە چۈشۈشىنىڭ تەمىنى ئاللىقاچان تېتىپ كۆرگەنىكەن. ئەمدى بۇ خەلىپىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز ھا- ياتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە ئىختىيارسىز دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قاپتۇ. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ نىجاتچىسى ئەيسانىڭ بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ تۇرماي جەزمەن بىرەر كارامەت كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغانلىقى، ئاپەتتىن خالاس قىلىپ خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىغىمۇ قەتئىي ئىشىنىپ

دىكەن. شۇنىڭ بىلەن، خىرىستىئانلار جىددىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ھەرگىز خاتا چىقمايدىغان بىرەر تەدبىر ئىزدەش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئەمما ئىبادەت قىلىپ تەڭرىنىڭ شەپقەت كۆرسىتىشىنى، بىرەر كارامەت بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشىنى تىلەشتىن باشقا، يەنە قانداق ياخشى چارە تېپىلسۇن!؟

باغدادتىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش خىرىستىئانلار تەڭرىنىڭ كاتتا شەپقەت - مەرھەمەت كۆرسىتىپ ياردەم قولىنى سوزۇشىنى تىلەش ئۈچۈن، بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ يۈكۈنگەن پېتى كېچە - كۈندۈزلەپ ئىبادەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ نالە - زارلىرى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار سەۋرچانلىق بىلەن ئۈددا سەككىز كۈن يىغلاپ - زارلاپ تىلەك ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىر خىرىستىئانلارنىڭ ئۆلگىسى بولغان بىر روھانىي كۆرگەن چۈشىدە تەڭرىنىڭ بىر ياماقچىنى ئىزدە دېگەن بېشارىتىگە ئېرىشىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا بۇ ياماقچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئېيتماي، ئۇنىڭ يەكچەشمە ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا بۇ ياماقچىنى تاغدا تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشقا، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە تايىنىپ تاغنى يۆتكىۋېتىشكە تەكلىپ قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىپتۇ.

## توققۇزىنچى باب

### يەكچەشمە ياماقچىنىڭ خىرىستىئانلار ئۈچۈن ئىبادەت قىلغانلىقى

ھېلىقى روھانىي ئاخىر بۇ ياماقچىنى ئىزدەپ تېپىپ، تەڭرىنىڭ بېشارىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتقاچ ئۇنى

تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۈچ كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن ئۇ، مەن ساخاۋەتسىز، قابىلىيەتسىز ئادەم، بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، تەڭرىنىڭ بۇنداق كاتتا مەرھەمىتىگە مۇيەسسەر بولالمايمەن، دەپتۇ. ئەمما قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىققان بىچارە خرىستىئانلار بۇ ياماقچىدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا ماقۇل بولۇشنى نالە - زار قىلىپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ ئاخىر بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپتۇ، ئەھلى جامائەت بۇ يەكچەشمە ياماقچىنىڭ يۈكسەك ساخا-ۋەتلىك، قەلبى پاك، ئۆز قەرەلىدە ئىبادەت قىلىدىغان، يەكشەنبىلىك ئىبادەت ۋە نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىغا داۋاملىق قاتنىشىپ كەلگەن، سەممىي - ساداقىتى بىلەن تەڭرىگە ئىشىنىدىغان تەقۋادار خرىستىئان ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. ئۇ كىشىلەرگە خۇشاللىق بىلەن ياخشىلىق قىلىدىغان، سەدىقە بېرىپ تۇرىدىغان، قىلچە بۇزماستىن روزا تۇتىدىغان، دىنىي قائىدە - نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

بىر كۈنى چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭ موزدۇزخانىسىغا كېلىپ، ماڭا بىر كىشىلىك ئاياغ تىكىپ بەرسىڭىز دەپتۇ. قىز ئايىغىنى سوزۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئاپئاق يوتىسى ئىختىيارسىز ئېچىلىپ قالغانىكەن، موزدۇز ئۇنى كۆرۈپلا جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان يامان نىيەتكە كەپتۇ. ئەمما ئۇ دەرھال ئىنجىلدىكى «كۆزۈڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنى ئويۇۋېلىپ تاشلىۋەت، چۈنكى ئادەم ئىككى كۆزى ساق ھالدا دوزاخقا كىرىپ ئوت ئازابىنى تارتقىنىدىن

كۆرە، بىر كۆزى بىلەن جەننەتكە كىرگىنى «ئەۋزەل» دېگەن ئىبارىلەرنى ئىسكە ئاپتۇ - دە، دەرھال ئۆزىنىڭ ئولۇغ كۆزىنى موزدۇزلۇق ئەسۋابى بىلەن ئويۇپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ ئۆز دىنىغا نەقەدەر قاتتىق ئىخلاسمەن ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ!

بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئاخىر توشۇپتۇ، خىرىستىئانلار بۇ كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئىبادەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ، ئىبادەتتىن كېيىن بارلىق خىرىستىئانلار تەكشى سەپ تارتىپ ھېلىقى تاغنىڭ ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىككە قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. ئالدىدا كرېست يول باشلىغان، سۇرلۇك تۈس ئالغان بۇ تەكشى سەپ كاتتا داغدۇغا ۋە ئاھ - زار بىلەن ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەينى زاماندىكى خەلىپە: بۇ مۇراسىم خىرىستىئانلارنىڭ قۇرۇق تىبىرە تاراقشىتىپ ئۆزلىرىگە غەيرەت بېرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قاراپتۇ. خەلىپە نۇرغۇن قوروقچى قوشۇنىنى باشلاپ، دەبدەبە بىلەن بۇ مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ جىنايى غەرىزى خىرىستىئانلار تاغنى يۆتكىيەلمىسە، ئۇلارنى دەرھال قىرغىن قىلىش ئىكەن.

## ئونىنچى باب

### يەكچەشمە ياماقچىنىڭ ئىبادىتى بىلەن تاغنىڭ راستىنلا يۆتكەلگەنلىكى

بۇ تەقۋادار ھېلىقى كرېست ياغاچ ئالدىدا يۈكۈنگەن ۋە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا ئالەمنىڭ

پىلاتقۇچىسىغا سەمىمىي تەۋازۇ بىلەن ئىبادەت قىلىپ، تەڭرىنىڭ كەڭ زېمىندىكى مەخلۇقاتلارغا كەڭ شەپقەت ـ مەرھەمەت كۆرسىتىشىنى، شان ـ شەۋكەتلىك مۇقەددەس ئىلمى ۋە پارلاق نۇرى بىلەن كارامىتىنى ئايان قىلىشىنى، خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىناۋىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز بولۇشىغا ياردەم بېرىشى ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىنى، ئۆز بەندىلىرىنىڭ زېمىنىسىگە مەجبۇرىي يۈكلەنگەن ھېلىقى ۋەزىپىنى ئورۇندىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىشىنى. ئۇنىڭ بەندىلىرىنى ھاقارەتلىگۈچىلەرنى شۇنىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى تىلەپتۇ. ئۇ ئىبادىتىنى تۈگىتىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلاپتۇكى «ھەي تاغ! تەڭرى ئاتىسى، تەڭرى پەرزەنتى ۋە روھ ـ ئەرۋاھلار نامىدىن ساڭا بۇيرۇيمەنكى، باشقا تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتكىن!»

ياماقچىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ تاغ يۆتكىلىشكە باشلاپتۇ، پۈتكۈل يەر شارى گويا بىر گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا سىلكىنگەندەك بوپتۇ ـ دە، مۆجىزە ئاخىر يۈز بېرىپتۇ. خەلىپە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقچىلىرى بۇ مۆجىزىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، قورققىنىدىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ تازا پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى شۇ يەردىلا خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلاپتۇ، ھەتتا خەلىپىنىڭ ئۆزىمۇ يوشۇرۇنچە ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ خىرىستىئان دىنىغا ئىشىنىپتۇ. كىشىلەر

بۇ خەلىپە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېيىمى ئىچىگە ئېسىۋالغان كىرېستنى كۆرۈشى بىلەنلا بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ جەستىنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇرماپتۇ. بارلىق خرىستىيانلار، مەيلى نېستورىيان مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن ياكى يەئقۇب مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە، يەنى تەڭرى مۆجىزە كۆرسەتكەن كۈندە، تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن شەپقەت - مەرھەمىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، خۇددى بايرام ئۆتكۈزگەندەك ناھايىتى تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغان ھەمدە بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بايرامدىن ئىلگىرى روزا تۇتىدىغان بوپتۇ.

## ئون بىرىنچى باب

### ئىراق زېمىنىدىكى گۈزەل شەھەر — تەۋرىز ۋە ئۇنىڭ سودا ئىشلىرى، ئاھالىسى

تەۋرىز (TAURIS) — ئىراق پادىشاھلىقىنىڭ كاتتا، گۈزەل شەھىرى①، ئىراق زېمىنى ئىچىدە يەنە چوڭ - كىچىك نۇرغۇن شەھەر - راباتلار، يېزا - قىشلاقلار بولسىمۇ، لېكىن تەۋرىز بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك

① بۇ، ئېھتىمال، تەبرىز بولسا كېرەك، ھازىر ئۇ ئىران تەۋەسىدە. — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇنىڭ ئاھالىسىمۇ ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ ئاھالىسى ئاسان سودىگەرلىك ۋە توقۇمىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ يەرنىڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدا خىلمۇ خىل تاۋار - دۇردۇنلار ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، ئۇلاردىن بولۇپمۇ ھەر خىل تەتىللالارنىڭ باھاسى بەكمۇ قىممەت. تەۋرىزنىڭ جايلاشقان ئورنى مۇۋاپىق بولۇپ سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ھىندىستان، باغداد، موسۇل، كرېمېسور (Cremessor) ۋە ياۋروپاغا ئوخشاش جايلارنىڭ سودىگەرلىرى توپ - توپى بىلەن بۇيەرگە كېلىپ مال ئالماشتۇرىدۇ، بۇشەھەر ئۇنىڭدىن سىرت ناھايىتى كۆپ مىقداردا مال قوبۇل قىلىدۇ ۋە مال چىقىرىدۇ. جاۋاھىرات مەنبەسى ناھايىتى مول بولۇپ، جاي - جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ.

بۇ يەردە تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن سودىگەرلەر بېيىپ مىليونېر بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاددىي پۇقرالىرى ناھايىتى كەمبەغەل، بۇ كەمبەغەللەر تەركىبىدە ھەر خىل مىللەتلەر ۋە ھەر خىل دىنىي مەزھەپتىكىلەر بولۇپ، ئۇلار گىروزىنلار، پارسلار، ئەرمەنلەر، نېستورىئانلار، يەئقۇب مەزھەپىدىكىلەر ۋە مۇھەممەدنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، تەۋرىزلىكلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىللىرى ۋە يېزىقلىرىنى ساقلاپ قالغان. شەھەرنىڭ ئۆپچۆرىسىدە مەنزىرىسى چىرايلىق كەلگەن نۇرغۇن مېۋىلىك

باغلار بولۇپ، ئۇلاردىن ئىسىل مېۋىلەر چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئاھالىسى ناھايىتى ھېيلىگەر ۋە ئالدامچى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەدەب - ئەخلاققا رىئايە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي قائىدىسى بويىچە بولغاندا، ئېتىقادى ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاش ۋە تالان - تاراج قىلىش قانۇنلۇق دەپ قارىلىپ، جىنايەت ھېسابلانمايدىكەن، ئەمما خرىستىئانلار ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ياكى زەخىملەندۈرگەن ئەبلەخلەرنى بولسا «شەھىدلەر - غازىلار» دەپ قارايدىكەن. ئەگەر ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمرانلار قاتتىق قانۇنلارنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى بۇنداق ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ۋە تارتىنىدىغان قىلىپ قويمىغان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ نۇرغۇن جىنايەتلەرنى قىلىدىكەن؛ بارلىق ساراسىنلارنىڭ ئەخلاقى پۈتۈنلەي شۇنداق ئىكەن. ئۇلار جان ئۈزۈۋاتقاندا كاھىنلار (شېيخلار) ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەن مۇھەممەدنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنەمسەن؟ دەپ سورىغاندا، سەكراتتىكى ئادەم ھەئە دەپ جاۋاب بەرسە، شېيخ ئۇنىڭ نىجات تېپىشىغا كاپالەت بېرىدىكەن. جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشى ھېلىقىدەك ئاسانلا گۇناھىدىن ساقىت قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، تاتارلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان بوپتۇ.

تەۋرىزدىن چىقىپ ئاتلىق 12 كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن، پېرسىيە پادىشاھلىقىغا يېتىپ كەلدۇق.

## ئون ئىككىنچى باب

## تەۋرىزنىڭ يېنىدىكى سىنت بارسامو موناستىرى

تەۋرىزنىڭ سەل نېرىسىدا بىر موناستىر بولۇپ، ئۇ ئەۋلىيا سىنت بارسامونىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. بۇ موناستىردىكى موناخلارنىڭ ھەممىسى تەقۋادارلىقى ھەممە يەرگە مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار ئىشچان ۋە تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئەتىدىن كەچكىچە بىكار تۇرماي قوي يۇڭىدىن لۆڭگە توقۇيدىكەن، بۇ لۆڭگىنى نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەندە مەخسۇس لەزىر سۇپىلىرىغا داستىخان قىلىپ ئىشلىتىدىكەن. موناخلار سەدىقە يىغىش ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە بارغىنىدا - روھىلار مەزھىپىدىكى قېرىنداشلارنىڭ قىلىقىغا تەقلىد قىلىپ - بۇ لۆڭگىلەرنى شۇ يەردىكى دوستلىرىغا ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ھەدىيە قىلىدىكەن. كىشىلەر قوي يۇڭىدا توقۇلغان بۇ لۆڭگىنى رېماتىزم كېسىلىنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ساھەدىكىلەر چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرىدىكەن.

## ئون ئۈچىنچى باب

## پېرسىيە پادىشاھلىقى

پېرسىيە (Persia، ھازىرقى ئىران) قەدىمكى زاماندا كۈچلۈك ۋە گۈللەنگەن چوڭ دۆلەت ئىدى، ئەمما ھازىرقى

كۈندە ئۇنىڭ كۆپىنچە زېمىنى تاتارلارنىڭ بوزغۇنچىلىقى ۋە ئاياغ - ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرىدى.

پېرسىيىدە سابا (Saba، هازىر ئۇ خاراب بولغان) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر خارابىسى بار، قەدىمدە پېرسىيىلىك ئۈچ دانىشمەن سابادىن بېتلېھەم (Bethlehim)-غا كېلىپ ئەيسانى زىيارەت قىلغان. ئۇچەيلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى سابا شەھىرىگە دەپن قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مەقبەرىسى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئۇلار-نىڭ چاچ - ساقاللىرى تا ھازىرغىچە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي ساقلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بالتاسار (Balthasar)، ئىككىنچىسى جاسپار (Jaspar)، ئۈچىنچىسى مېلچىيور (Melchior) دەپ ئاتىلىدىكەن. ماركوپولو بۇ يەردە مۇشۇ ئۈچ دانىشمەننىڭ ئىشلىرىنى بىلمەكچى بولۇپ خېلى ئىزدەنگەن بولسىمۇ، كىشىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمدە مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنىلا بىلىدىغان بولغاچقا، باشقا ئەھۋاللىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمىگەن. بۇ يەردىن يەنە ئاتلىق ئۈچ كۈنلۈك يول باسقاندا قەلئە ئاتەشپەرەستان (يەنى ئاتەشپەرەسلەر شەھىرى) دەپ ئاتالغان بىر قەلئەگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ ئاھالىسى ئوتقا چوقۇنىدىكەن، ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز.

بۇ قەلئەدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەلدە بۇرۇن ئۈچ شاھزادە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار يېڭىدىن تۇغۇلغان بىر پەيغەمبەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ھەر قايسىسى ئۆز سوۋغىسىنى يەنى ئالتۇن، رۇم مەستىكى ۋە مورنى ئالغاچ

يولغا چىقىپتۇ: ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ زادى پەيغەمبەر ياكى پادىشاھ ۋە ياكى ئۇستا تېۋىپ ئىكەنلىكىنى سىناپ بىلمەكچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەگەر ئالتۇننى قوبۇل قىلسا پادىشاھ، ئەگەر رۇم مەستىكىنى قوبۇل قىلسا پەيغەمبەر، ئەگەر مورنى قوبۇل قىلسا ئۇستا تېۋىپ بولۇپ چىقىدىكەن.

بۇ پېرسىيىلىك ئۈچ شاھزادە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ، ئاۋۋال ئۇلاردىن ئەڭ ياش بىرى كېلىپ ئەيساغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ، ئەمما ئۇ ئەيسانى گويا ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكىدەك ھېس قىپتۇ؛ ئارقىدىن يېشى چوڭراق بىرى كېلىپ ئەيساغا سالام بېرىپتۇ، ئاخىرىدا يېشى ھەممىدىن چوڭ بىرى كېلىپ ئەيساغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسانىڭ يېشى ۋە بوي - تۇرقىنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاشلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۈچ شاھزادە ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتلىرى ئۈستىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغىنىدىن كېيىن، دەرھال ئەيساغا سەجدە قىلىپ، تەڭرىگە ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپتۇ. شۇ چاغدا ئەيسا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېشىنى ئۇلارغا ئاشكارىلاپتۇ.

## ئون تۆتىنچى باب

### پېرسىيىلىك ئۈچ شاھزادىنىڭ قايتىش سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى

بۇ ئۈچ شاھزادە ئەيسا بىلەن ۋىدالىشىپ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بۇ بوۋاق ئۇلارغا ئاغزى

مەھكەم ئېتىلگەن بىر ساندۇق ھەدىيە قىلىپتۇ. ئۇلار
بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن قىزنىڭ ۋەـ
ۋەسىيىتى بىلەن ئاخىر بۇ ساندۇقنى ئېچىپ قارىغانـ
ىكەن، ساندۇقتىن بىر پارچە تاش چىقىپتۇ. بۇ ئەسلىدە
تەڭرىگە خۇددى تاشتەك مۇستەھكەم ۋە ئۆزگەرمەس
ئىرادە بىلەن ئېتىقاد قىلىڭلار دېگەن مەنىدە ئۇلارغا
بېرىلگەن بېشارەت ئىكەن. ئەمما ئۇلار ساندۇقتىن چىققان
تاشنى كۆرۈپ ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە ھەيران قاپتۇ —
دە، بىز ئالدىنىپتىمىز دېگەن ھېسسىياتقا كەپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇلار بۇ تاشنى قۇرۇپ قالغان بىر قۇدۇققا
تاشلىۋەتكەنىكەن، كۈتۈلمىگەندە بۇ تاش يالقۇنجاپ
كۆيۈشكە باشلاپتۇ.
ئۇلار ئاشۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇ تاشنى تاشلىۋەتـ
مەسلىكىمىز لازىم ئىكەن دېيىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراڭـ
غۇلۇق قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشىپتۇ، ئاخىر
بۇ ئوتتىن ئازراق چوغ ئېلىپ قايتىشىپتۇ. ئۈچ شاھزادە
بۇ ئوتنى داۋاملىق كۆيۈپ يالقۇنجاپ تۇرسۇن دەپ بىر
ئىبادەتخانىغا قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ
ئوتنى تەڭرى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ،
ئاتەشپەرەستلىك دىنى پەيدا بوپتۇ. ئوتقا مال — چارۋا
ئۆلتۈرۈپ نەزىر — چىراغ قىلىنىدىغان ۋە ئىبادەت قىلىنـ
دىغان بوپتۇ. ئەگەر بۇ ئوتنىڭ چوغى تاسادىپىي ئۆچۈپ
قالسا، ئۇلار ئەسلىدىكى تاشنى تاشلىۋېتىپ چوغ ئېلىپ
كەلگەن قۇدۇققا بېرىپ ئۇنىڭدىن چوغ ئېلىپ كېلىدىكەن —
چۈنكى بۇ چوغ ئۆچۈپ قالماي ئۇزاققىچە يالقۇنجاپ

يېنىۋېرىدىكەن، — ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا يەردىن چوغ ئېلىپ كېلىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدىكەن. بۇ دەل مۇشۇ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئوتقا چوقۇنۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ مەنبەسىدۇر.

ماركوپولو يەرلىك ئاھالىدىن بۇ ھېكايىنى باشتىن-ئاخىرغىچە ئاڭلاپ، ئۈچ شاھزادىنىڭ بىرى راستىنلا سابالىق ئىكەنلىكى، ئىككىنچىسىنىڭ دىياۋلىق ئىكەنلىكى، ئۈچىنچىسىنىڭ دەل مۇشۇ قەلئەنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى تا ھازىرغىچە ئاتەشپەرەستلىك ئىسلاھىغا چوقۇنىدۇ①. بىز ئەمدى داۋاملىق تۈردە پېرسىيىنىڭ شارائىتى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالاتىنى بايان قىلىمىز.

## ئون بەشىنچى باب

### پېرسىيە پادىشاھلىقىدىكى سەككىز ئەمىرلىكنىڭ نامى ۋە ئۇيەرلەردىكى ئات - ئېشەك باقمىچىلىقى

كەڭ زېمىنغا ئىگە پېرسىيە پادىشاھلىقى كىچىك-كىچىك سەككىز ئەمىرلىكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە:

پېرسىيە پادىشاھلىقىغا كىرىشتىكى بىرىنچى ئەمىرلىك كازبىن (Kasibin كازۋىن) دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى

① ئېيتىلىشىچە، بۇ قەلئەنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ كازارنىڭ 30 كىلومېتىر نېرىسىدا ئىكەن. كازار شەھىرىدە ئوتقا چوقۇنىدىغان بىر كىچىك مەزھەپ ياشايدىكەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئەمىرلىك جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ كۇردىستان دەپ ئاتىلىدۇ؛ لۇر ئۈچىنچى ئەمىرلىك ھېسابلىنىدۇ؛ شىمالغا جايلاشقان سولىستان (Suolistan) تۆتىنچى ئەمىرلىك ھېسابلىنىدۇ؛ بەشىنچىسى ئىسپاھان، ئالتىنچىسى شىراز؛ يەتتىنچىسى سونكارا (Soncara) بولۇپ، سەككىزىنچىسى تىموچان (Timochain) پېرسىيىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان. بۇلاردىن تىموچاننىڭ شىمالغا جايلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، تىموچان ئەمىرلىكى ئاربوسېككوغا (Arbor Secco) تۇتىشىدۇ.

پېرسىيىدىن چىقىدىغان ئات دۇنياغا مەشھۇر. پېرسىيە ئاتلىرى كۆپلەپ ھىندىستانغا چىقىرىلىدۇ، باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىر ئاتنىڭ باھاسى ئومۇمەن 200 رىفتولدىن كەم بولمايدۇ①. پېرسىيە يەنە بەدەن تۈزۈلۈشى چىرايلىق كەلگەن بىر خىل ئېشەك چىقىدىغان جاي بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېشەكنىڭ باھاسى ئاتنىڭكىدىن يۇقىرى كېلىدۇ، چۈنكى ئېشەك تۆۋەندە ئېيتىلغان تەرەپلەردە ئاتتىن ياخشى: ئۇنى بېقىش ئاسان، ئۇ خېلى ئېغىر يۈك كۆتۈرەلەيدۇ، يىراق يولنى بېسىشقا كەلگەندە ئۇ ئات ۋە قېچىردىنمۇ چىداملىق بولۇپ، ئاسان چارچىمايدۇ. سودىگەرلەر بىر ۋىلايەتتىن يەنە بىر ۋىلايەتكە بارغۇچە بىپايان قۇملۇقلار ۋە ئوت - سۇيى كەمچىل چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇلاق

① بىر رىفتول 200 ئالتۇن فوندتەن كەمرەك قىممەتكە ئىگە. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ياكى باشقا سۇ مەنبەلىرى بار دىگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق. ھەر كۈنى بىسىپ ئۆتۈلىدىغان يول ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، سودىگەرلەر ئات ياكى قېچىرنى ئەمەس، بەلكى ئېشەكنى ياقتۇرىدۇ. ئېشەك بۇنداق ئادەمسىز چۆللەر، ئوت - سۇيى كەمچىل جايلاردىن تېزلا ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە يەم - خەشەك ئېلىۋېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ يەرنىڭ بەزى سودىگەرلىرى قاتناش قورالى سۈپىتىدە تۆگىنىمۇ ئىشلىتىدۇ، تۆگىلەرمۇ ئېغىر يۈك كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان يەم - خەشەك ۋە خىراجەتلەرمۇ تېجەشلىك بولىدۇ. ئەمما يول مېڭىش سۈرئىتىگە كەلگەندە ئېشەككە يېتەلمەيدۇ. پارسلار ئاتلارنى كىش، خورموزغا ۋە ھىندى دىڭىزى (ھىندى ئوكيان) بويىدىكى جايلارغا توشۇپ كېلىپ ئات بىدىكلىرىگە ساتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئارقىلىق ھىندىستانغا يەتكۈزىدۇ. لېكىن ھاۋا ئىقلىمى ئىللىق ۋە سالقىن جايلاردا يېتىلگەن بۇ ئاتلار ھىندىستاننىڭ ئىسسىق ھاۋاسىغا ماسلىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ.

پىرسىيىدىكى بەزى جايلارنىڭ ئاھالىسى ۋەھشىي، رەھىمسىز ۋە قانخور كېلىدىغان بولۇپ، ئۆز ئىچىدە بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش ئادەتتىكىچە بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ئەگەر شەرق تاتارلىرىنىڭ پادىشاھى قاتتىق قانۇن ئورنىتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قاتتىق جازاغا تارتمايدىغان بولسا، بۇ يەردە قاتناپ تۇرىدىغان كارۋانلار تېخىمۇ دەھشەتلىك

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولاتتى. ئەمما بۇنداق خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭمۇ بىر چارىسى بار. بۇ خەتەرلىك جايلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان سودىگەرلەر يەرلىك ئاھالە ئىچىدىن بىرەر يول باشلىغۇچى يالىلايدۇ، يول باشلىغۇچىلار بۇ سودىگەرلەرنى قوغداپ بىر جايدىن يەنە بىر جايغىچە نۆۋەتلىشىپ ئاپان - ئېسەن يەتكۈزۈپ قويۇشقا كاپالەت بېرىدۇ، ئۇلار يولنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ مۇساپە بويىچە ھېسابلاپ ھەق ئالىدۇ، يەنى يۈك توشۇيدىغان ھەر بىر ئۇلاغ بېشىغا تەخمىنەن ئۈچ - تۆتتىن كۈمۈش تەڭگە ئالىدۇ.

شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە بىرمۇنچە كىشىلەر سودىگەرلىك ۋە قول سانائەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار خىلمۇ خىل يىپەك توقۇلمىلار ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قاچا - قۇچىلار ھەم زىننەت بۇيۇملىرى ياسايدۇ. بۇ ئەلدىن پاختا كۆپ چىقىدۇ، يەنە بۇغداي، ئارپا، كاشتان ۋە باشقا ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر چىقىدۇ، ئۈزۈم ھەم باشقا يەل - يېمىشلەرمۇ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ساراسىنلار دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىپ بىر تامچە ھاراقنىمۇ ئاغزىغا ئالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئەمما ئۇلار ھاراقنى قاينىتىپ ئىسپىرتنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ ھەسەلدەك تاتلىق قىسمىنى ساقلاپ قالىدۇ، بۇنداق ئىچىملىكنى ئىستېمال قىلىش گۇناھلىق ئىش ھېسابلانمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە ۋىجدانەن تەسەللىي بېرىشكىمۇ بولىدۇ؛ چۈنكى ھاراقنىڭ تەمى ئۆزگەرگىنى بىلەن ئۇ

يەنىلا ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى يوقاتمايدۇ، ئۇ پەقەت باشقا بىر نام بىلەنلا ئاتىلىدۇ، خالاس.

## ئون ئالتىنچى باب

### يەزدى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ قول سانائىتى، يەزدىدىن كىرمانغا بارغۇچە ئارىلىقتا ئۇچرىغان ھايۋاناتلار

يەزدى (Yasdi) — پېرسىيىنىڭ سودا تىجارەت ئىشلىرى خېلى راۋاجلانغان چوڭ شەھىرى. بۇ يەردىن يىپەككە كالۋۇتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يەزدى رەختى چىقىدىغان بولۇپ، سودىگەرلەر ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

يەزدى شەھىرىدىن چىقىپ ئۈچ يەردىلا يەمخانىسى بار سەككىز كۈنلۈك چوڭ بىر تۈزلەڭلىكنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يول كەڭ - كەڭ خورمىزارلىقلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، بۇ خورمىزارلىقلاردا ياۋا ئېشەك، كەكلىك ۋە بۆدۈنىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئۇچار قانات ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، شىكار قىلىشقا قىزىقىدىغان سەيياھلار بۇ يەردە خېلى كۆڭۈللۈك ئوۋچىلىق لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇ يەردىكى ياۋا ئېشەكلەر نۇرغۇن بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ. يولۇچىلار سەپىرىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى كەچقۇرۇن كىرمان دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئەمىرلىككە يېتىپ كېلىشىدۇ.

## ئون يەتتىنچى باب

### قەدىمدە كامانىيە دەپ ئاتالغان كىرمان ئەمىرلىكى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان مەدەنلەر، كان مەھسۇلاتلىرى، سانائەت بۇيۇملىرى ۋە لاچىنلار، كىرمان زېمىندىن چىققاندا ئۇچرايدىغان چوڭ داۋان

كىرمان (Kierman) ئەمىرلىكى پېرسىيە پادىشاھلىقىنىڭ شەرق قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئەمىرلىك تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەنىكەن. ئۇ تاتارلار زېمىنىغا قوشۇلغاندىن تارتىپ، تاتارلار تەيىنلىگەن مۇپەتتىش تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان بوپتۇ. كىرمان ئەمىرلىكىنىڭ ئىدىرلىق رايونلىرىدىن تۈرك مەرمەرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل جاۋاھىرات چىقىدۇ. تاغلىرىدا بولسا تۆمۈر ۋە سۈرمە مەدەنلىرى زاپىسى مول، بۇ يەردە ئىشلەنگەن ئېگەر، يۈگەن، دۈۋتە كۆچ، خەنجەر ـ قىلىچ، ئوقيا، ئوقدان ۋە بۇ ئەلنىڭ ئاھالىسى ئىشلىتىدىغان قورال ـ ياراقلارغا ئوخشاش بارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەر ناھايىتى نەپىس ۋە ياخشى كېلىدۇ. ئاياللار ۋە ياش قىزلار كەشتە تىكىشكە ماھىر بولۇپ، تۈللارنىڭ مەشۇت ۋە ھەر خىل كالۋۇتۇن يىپلار بىلەن ئىشلىگەن كەشتىلىرى رەڭدار ۋە چىرايلىق. تۈرى كۆپ ھەم سىپتە كېلىدۇ. كەشتە تىكىلگەن بۇيۇملاردىكى ئۇچار قانات ـ ھايۋانلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى ئۆز ئەينى، بېزەك گۈللىرىنىڭ لايىھىسى يارىشىملىق بولۇپ، كىشىلەرنى

ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ. ھاللىق كىشىلەر چىدىلدىق،
يوتقان تېشى ۋە كۆرپىلىرىنى ئاشۇنداق كەشتىلەشنى
ياقتۇرىدۇ.

قاتمۇقات تاغلىق رايونلاردا چىرايلىق كەلگەن
بىر خىل دەھشەتلىك قارچىغا بولۇپ، تاغ چوققىلىرىدا
پەرۋاز قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ جۈغى باشقا ئەللەرنىڭ
بۈركۈتلىرىنىڭكىدىن كىچىكرەك بولۇپ، پوكىنى، قورسىقى
ۋە قۇيرۇقى ھال رەڭ كېلىدۇ. بۇ قارچىغا ئۇچۇشقا
چاققان بولۇپ، باشقا ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كېرمان-
دىن ئۆتۈش بىلەنلا تەخمىنەن يەتتە كۈنلۈكچە كېلىدىغان
تۈزلەڭلىك يول باشلىنىدۇ، بۇ يەرنىڭ قولايلىق يولى
ۋە گۈزەل مەنزىرىسى، بولۇپمۇ كۆپلۈكىدىن كىشىنىڭ
كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان كەكلىك ۋە باشقا
ئوۋغا يارامىلىق جانىۋارلىرى كىشىنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى
يايرىتىۋېتىدۇ. شەھەر - رابات ۋە يېزا قىشلاقلىرى بىر-
بىرىگە ئۇلىشىپ، ئاھالە پونكىتلىرى تۈزلەڭلىكلەردە
يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ تۇرىدۇ. يول ئاخىر ئېگىز بىر
تاغقا تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ يانتۇلۇقى خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان
داۋىنىنىڭ مۇساپىسى ئىككى كۈنلۈكچە كېلىدۇ. تاغ
قاپتىلىدا قويۇق مېۋىلىك دەرەخلەر كۆكىرىپ تۇرىدۇ. بۇ
يەرلەردە ئىلگىرى ئاھالە ياشىغان بولسىمۇ، ھازىر پادا
بېقىپ كېلىپ قالغان چارۋىچىلاردىن باشقا ئاھالە كۆرۈن-
مەيدۇ. داۋانغا كەلگۈچە ئارىلىقتىكى يەرنىڭ ھاۋاسى

قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، قاتمۇقات كىيىنىپ ئۈستىگە جۇۋا يېپىنچاقلىۋالسىمۇ كىشى سوغۇققا چىدىيالمايدۇ.

## ئون سەككىزىنچى باب

### كاماندۇ شەھىرى، رېئوبارلېپ رايونى ۋە بىرقانچە خىل ئۈچار قاناتلار، غەلىتە كاللار، قاراقچى كارائۇناسلار قەبىلىسى

بۇ داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا جەنۇبقا قاراپ سوزۇلىدىغان چوڭ بىر تۈزلەڭلىك باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ مۇساپىسى تەخمىنەن بەش كۈنلۈكچە كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە كىرىش ئېغىزىغا كاماندۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر رابات جايلاشقان. ئىلگىرى بۇ يەر ناھايىتى چوڭ بىر شەھەر بولۇپ، تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم، لېكىن ئۇ يەر تاتارلارنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق تاجاۋۇزى ۋە بۇزغۇنچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى گۈزەللىكىنى يوقاتقان. ئۇنىڭغا رېئوبارلىپ دەپ ئاتالغان بىر شەھەر ياندىشىپ تۇرىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ ھاۋاسى ئىللىق كېلىدۇ. بۇ يەردىن بۇغداي، گۈرۈچ ۋە باشقا ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر ئېلىنىدۇ.

تاغنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدىن خورما، ئانار، بېھى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن، خىلمۇخىل مېۋىلەر ئېلىنىدۇ. بىزنىڭ سوغۇق ئىقلىملىق يەرلىرىمىزدە تېپىلمايدىغان، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئالمىسى دېيىلىدىغان ئالمىمۇ چىقىدۇ. بۇ يەرنىڭ مول ئۇششاق - چۈششەك

مېۋىلىرى توپ - توپ قىرغاۋۇل ۋە پاختەكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئۇچار قاناتلار توپلىشىپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى بىلەن تويۇنىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار بۇ جانىۋارلارنى ئۆچ كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئوزۇق قىلمايدۇ. بۇ جانىۋارلار ئىچىدە قىرغاۋۇل بىلەن كەكلىكنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ كەكلىكنىڭ تۇمشۇقى بىلەن پاچىقى قىزىل بولغاندىن باشقا، قالغان يەرلىرى ئالتاغىل بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ كەكلىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

مال - چارۋىلىرى ئىچىدە كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بەزى سورتلارمۇ بار، بولۇپمۇ بۇ يەردە ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن تۈكلىرى شالاڭ، بەدىنى پارقىراق، مۈڭگۈزى قىسقا ۋە يوغان كەلگەن، مۇرىسىدە ئېگىزلىكى ئىككى غېرىچچە كېلىدىغان ئۆسمىسى بار بىر خىل چوڭ ئاق كالا ئۇچرايدۇ. بۇ بەستلىك كەلگەن بىر خىل قابىل ھايۋان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئېغىر يۈك توشۇشقا سالىدۇ. يۈك ئارتىلىدىغان چاغدا ئۇمۇ تۆگىدەك چۆكىدۇ، يۈك ئارتىلىپ بولغاندا ئۆرە تۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە يەنە ئېغىرلىقى 11 كىلوگرامدىن ئوشۇق يوغان قۇيرۇقلۇق، بويى ئېشەكتەك كەلگەن، گۆشى ناھايىتى مەززىلىك بىر خىل قويىنىمۇ ئۇچراتتۇق.

بۇ يەردە يېزىلار بىلەن راباتلار قويۇق جايلاشقان. خەلق ئۆزىنى قوغداپ كاراۋۇناسلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەر يېزا ياكى راباتنىڭ ئەتراپىغا قېلىن ۋە ئېگىز ئىھاتە تام (سېپىل)

سېلىۋالغان. چۈنكى كارائۇناسلار ھەربىر يەرگە كېلىشى
بىلەنلا خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىپ يالىڭاچلاپ قويىدۇ.
بىز كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، بۇ قاراقچىلارنىڭ
زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ
ئۆتىمىز. ئىلگىرى بۇ يەردە ئۇلۇغ خان ئۆگتاينىڭ
ئىنىسى چاغاتاينىڭ جىيەن ئوغلى بولغان نۇكودار
ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن. بۇ چاغدا چاغاتاي تۈركىس-
تانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئېبخى چاغاتاي خان
تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان چاغدىلا نۇكودار نەپسى تاقىلداپ
ئۆزىچە خان بولۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ، ھىندىستاننىڭ
مالابار ئۆلكىسى ھازىر غىياسىدىن سۇلتان ھۆكۈمرانلىقىدا
بولۇپ، ئېبخى تاتارلار زېمىنىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكىدىن
خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن
تەشكىللەپ پىلانىنى يوشۇرغان ھالدا تاغىسى چاغاتاي
بىلەن خوشلىشىپتۇ ـ دە، بەدەخشان ئارقىلىق كەشمىر
پادىشاھلىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ مالابار ئۆلكىسىگە قىستاپ
بارغان پېتى دېھلى شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ،
غىياسىدىننىڭ بارلىق زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، مالابار
ئۆلكىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەمما يول ئۈستىدە
ھەر خىل جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرگە
دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپتۇ.
ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن تاتارلار بۇغداي ئۆڭلۈك،
ھىندى خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئۆزگى قوڭۇر رەڭلىك بول-
غاچقا، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان ئارىلاشما قانلىق
باللار كارائۇناسلار يەنى ئۇلارنىڭ تىلىچە شالغۇتلار

دەپ ئاتالغان. بۇ كارائۇناسلار ئەزەلدىنلا بۇلاڭچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن. ئۇلار رىئوبارلىنىملا تالان - تاراج قىلىپ قالماي، بەلكى قەدىمى يەتكەنلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە قولىدىن كېلىدىغان ھەممە جىنايەتلەر-نى قىلغان.

كارائۇناسلار ھىندىستانلىقلاردىن بىر خىل سېھىرگەر-لىك ۋە ئەپسۇننى ئۆگىنىۋالغان. ئۇلار ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىكنى ئىشقا سالغاندا، ھەش - پەش دېگۈچە ئارىلىقتىلا بوران - قويۇن پەيدا بولۇپ، تۇم - شىبغىللار ئۇچۇپ يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەچكە، كىشىلەر ئۆز يېنىدىكىلەردىن باشقا بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالىدىكەن. ئۇلار يولدىكى كارۋانلارنى تالان - تاراج قىلماقچى بولسا، مۇشۇ ئۇسۇل-نى قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كارۋانلارغا سەزدۈرمەيدىكەن①. بۇ ئەتراپ-تىكى جايلار ئۇلارنىڭ دائىم بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرىدىغان سەھنىسى بولۇپ قالغان؛ چۈنكى تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر ھورموزغا توپلىشىپ، ھىندىستاندىن كېلىدىغان سودىگەرلەرنى كۈتكەچ ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق يول بېسىپ چارچىغان - جۈدىگەن ئات - ئۇلاغلىرىنى رىئوبار-لى تۈزلەڭلىكىگە ھەيدەپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ سۈيى -

① يۇقىرىقى ھىندىستاندا ساياھەت قىلغان كىشىلەر قويۇق تۇمان دەپ ئاتالغان مۇشۇنداق ھادىسىنى ئۇچراتقان. بۇ كۆپىنچە جالا - توزانلىق قىزىق قويۇن بىلەن بىللە پەيدا بولىدىكەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

چۈپى مول ئوتلاقلىرىدا قىشچە بېقىپ سەمرىتىۋالمىسا بولمايدىكەن. كارائۇناسلار بۇ سىرنى بىلىپ قىلىپ، پۈزرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇلارنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىكەن. ئات - ئۇلاغلىرىنى بېقىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوتقۇزۇپ قالغۇدەك پۈتى بولماي قالسا، كارائۇناسلار ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى زورلاپ قول قىلىۋالىدىكەن.

ماركوپولومۇ بىر كۈنى مۇشۇ كىشىلەر پەيدا قىلغان زۇلمەت تۇمان ئىچىدە چۈشۈپ قالغان، ئەمما ئاخىر تەلىيى ئوڭ كېلىپ كونسالمى (Konsalmi) قەلئەسىگە قېچىپ كىرىۋالغان. ئۇنىڭ بىر مۇنچە ھەمراھلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سېتىۋېتىلگەن، ھەتتا بەزىلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. كوروبار (Corobar) دېگەن ئادەم كارائۇناسلارنىڭ باشلىقى ئىكەن.

## ئون توققۇزىنچى باب

### ھورموز شەھىرى ۋە ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى مۇھىملىقى، ئىسسىق شامال

باشتا تونۇشتۇرغىنىمىزدەك، بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ جەنۇبىي چېتى جەنۇبقا سوزۇلۇپ بېرىپ بەش كۈنلۈك يولدىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىردەك كېلىدىغان بىر داۋانغا تاقىشىدۇ. قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان مۇشۇ يولدا يولۇچىلار ھەممىشە تىنىمسىز ھۇجۇم ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ يەرنىڭ يولى

ناھايىتى خەتەرلىك. داۋاندىن چۈشۈپ ئىككى كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، مەنزىرىسى گۈزەل ھورمۇز تۈزلەڭلىكىگە ئۇدۇل يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكنى چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن گۈزەل دەريا ـ ئېقىنلار كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە خورما دەرەخلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ، بۇ ئورمانلار ئارىسىدا كەكلىك، شاتۇتى ۋە بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا ئۇچرىمايدىغان خىلمۇ خىل ئۇچار قاناتلار ياشايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاخىرى ئوكياننىڭ قىرغىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئوكياننىڭ قىرغىقىدىن سەل نېرىسىغا بىر كىچىك ئارال جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئارالدىكى شەھەر ھورمۇز دەپ ئاتىلىدۇ. ھورمۇز پورتى ھىندىستاننىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كېلىپ مۈشكى ـ ئەنبەر، دورا ـ دەرمان، جاۋاھىرات، مەرۋايىت، تەتلىلا ـ كىمخاب، پىل چىشى ۋە باشقا ماللار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ توپلىنىدىغان يېرى. بۇ يەرنىڭ سودىگەرلىرى يۇقىرىدىكى ماللارنى قولىدىن ئۆتكۈزۈپ باشقا سودىگەرلەرگە ساتىدۇ، بۇ ماللار ئاندىن مۇشۇ سودىگەرلەر ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇپ بېرىلىپ سېتىلىدۇ. شۇڭا ھورمۇز شەھىرى سودا ـ سېتىق شەھىرى دېگەن مەشھۇر نامغا ئىگە. ھورمۇز شەھىرى نۇرغۇن شەھەر ـ راباتلار ۋە قەلئەلەرنى ئىدارە قىلىدىغان بولۇپ، كېرمان ئەمىرلىكىنىڭ مۇھىم شەھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاچوماق (Rukmedin Achomak) — بۇ شەھەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى. ئۇ بۇ يەردە مۇتلەق ئۈستۈن ھوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كېرمان ئەمىرلىكىنىڭ رەھ-

بەرلىككە بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋە رايونلار دائىرىسىدە ھەرقانداق بىر چەت ئەللىك سودىگەر ئۆلسە، ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكى ئاچۇماق تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھەر يىلى يازدا، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كېتىپ كىشىلەر ئاسانلا ئاغرىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئاھالىسى ئىسسىقتىن قېچىپ كەينى - كەينىدىن دېڭىز ياكى دەريا ساھىللىرىغا كۆچۈپ كېتىشىدۇ. كىشىلەر ئۇ يەردە قىرغاققا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان تال - چىۋىق كەپىلەرگە كىرىۋېلىپ سەگىدەيدۇ. بۇنداق كەپىلەر چۆرىدىپ تېڭىلغان سۆگەت قوزۇقلاردىن ھاسىل بولغان دائىرىدىكى سۇلار چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدا ياسىلىپ ئۆگزىسى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغاچقا، شامالغا ۋە كۈن نۇرىغا دالدا بولالايدۇ. كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن چۈشكىچە مۇشۇ كەپىلەردە يېتىپ دەم ئالىدۇ. چۈنكى مۇشۇ مەزگىلدە ئىچكى جايلاردىن چىققان قىزىق شامال بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، كىشىلەرنى ئىسسىقتىن قىينايدۇ ۋە نەپەسلىنىشنى قىينلاشتۇرىدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر دېمى سىقىلىپ ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ. ئادەم ياكى چارۋا - ماللار چۆلدە بۇنداق قىزىق شامالغا دۇچ كەلسە، ھەرگىزمۇ ساق قالمايدۇ. يەرلىك كىشىلەر بۇنداق شامالنىڭ يېتىپ كېلىشىنى سېزىپ قالسىلا دەرھال بويىنى چۆكۈرگۈدەك سۇغا كىرىۋالىدۇ، تاكى بۇ قىزىق شامال ئۆتۈپ كەتمىگۈچە سۇدىن چىقمايدۇ.

ماركوپولو بۇ شامالنىڭ يامانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋەقەنى تەسۋىرلەيدۇ، مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇ شۇ يەردە بولغانىكەن. ھورمۇزنىڭ ھۆكۈمرانى كىرمان ئەمىرلىكىگە پۇقرا بولۇپ ئولپان تاپشۇرۇشنى خالىمىغانلىقتىن، كىرمان ئەمىرى ھورمۇز ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ئىسسىقتىن قېچىپ سەگىندىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەردىن كېتىپ قالغان مۇشۇ پەيتتە ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ھورمۇزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئولپان تاپشۇرغۇزماقچى بوپتۇ ـ دە، 1600 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ۋە 5000 كىشىلىك پىيادە قوشۇن يۆتكەپتۇ، رېنوبارلېغا يول ئالغان بولۇپ، ھورمۇزنى ئاستىرتىن قولغا ئېلىشقا ئاتلىنىپتۇ، ئەمما ئۇلار يول باشلىغۇچىنىڭ كاساپىتىدىن، كەچ كىرگىچە يېتىپ بارماقچى بولغان يېرىگە يېتىپ بارالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كېچىسى ھورمۇزنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئورمان ئىچىدە قونۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئۇلار ئەمدىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقاندا تۇساتتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىق شامالنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپتۇ، نەتىجىدە بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر قىزىق شامالدا دىمى سىقىلىپ، ئۆلۈپتۇ، ھەتتا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ماڭغان ئادەممۇ قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىنى بۇ پاجىئەدىن خەۋەردار قىلالايتتى. ھورمۇزلۇقلار بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولغىنىدىن كېيىن، جەسەتلەر سېسىپ بىرەر ۋابا پەيدا

قىلىسۇن دەپ، جەسەتلەرنى كۆمۈشكە بېرىپتۇ. ئەمما ئۇلار قىزىق شامالدا قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ قوزغىتىلسىلا پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ، شۇڭا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئورا كولاپ دەپنە قىلىش بىلەنلا ئىشنى تۈگىتىپتۇ①.

خورمۇزلۇقلارنىڭ كېمسازلىق تېخنىكىسى بەكمۇ ناچار، شۇڭا بۇ كېمىلەر دېڭىز ئارقىلىق سەپەرگە چىققان سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارغا ناھايىتى چوڭ خەۋپ كەلتۈرىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىكى چاتاق كېمە ياساشقا ئىشلىتىلگەن ياغاچلار بەكمۇ قاتتىق ۋە چۈرۈك بولۇپ، بىر نەرسىگە تېگىشى بىلەنلا ساپالدەك يېرىلىپ - سۇنۇپ كېتىدىغانلىقىدا. شۇڭا بۇ كېمىگە تۆمۈر مىخ قاقسا ئۆتمەي سەكرەپ چىقىپ كېتىدۇ ھەم دەز كەتكۈزۈۋېتىدۇ. كېمىگە ئىشلىتىلگەن تاختايلارنىڭ ئىككى ئۇچىنى ۋىنتىلار ئارقىلىق ھەم بىلەن تېشىۋېلىپ ئاندىن ياغاچ مىخلاردا مىخلاپ، ئۇنى كېمە شەكلىگە كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاندىن ھىندىستاندىن چىقىدىغان كوكوس پالمىسىنىڭ ئات قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە تالالىرىدىن شوينا ئېشىۋېلىنىپ، كېمە تاختايلىرى مۇشۇ شوينىلار بىلەن خۇددى كىيىم تىككەندەك تىكىپ چىقىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال كوكوس مېۋىسى سۇغا چىلىنىپ گۆشلىرى قىسمەن سېسى-

① ئۇرغۇن سەيياھلار، شۇلارنىڭ قاتارىدا بۇرتونمۇ بۇ ئەلدە مۇشۇنداق قىزىق شامال چىقىشى بىلەن يۈز بەرگەن شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تىلىدۇ، ئاندىن ئۈنگەدىن ئايرىۋېلىنغان تالالار يۇيۇپ
قۇرۇتۇلۇپ شويىنا قىلىنىدۇ، بۇ شويىنا بىلەن تىكىپ
چىقىلغان تاختايلار سۇغا چىدامىلىق بولۇپ، ئۇزاققىچە
ئاجرىلىپ كەتمەيدۇ. كېمە ئاستى ئاسفالت بىلەن مايلانـ
ماستىن بېلىق يېغىدىن ياسالغان بىر خىل ماي بىلەن
مايلىنىدۇ، ئاندىن كېمە يېرىقلىرى كەندىر قىستۇرۇلۇپ
مەھكەم ئېتىلىدۇ. ھەر بىر كېمىدە بىردىن ماچتا، بىردىن
رول ئاياق ۋە بىردىن كېمە بۆلمىسى بولىدۇ. ماللار
تولۇق قاچىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە ھايۋانلار-
نىڭ تېرىسى يېپىپ قويۇلىدۇ، مال قاچىلانغان بۆلمىنىڭ
ئۈستىگە، ھىندىستانغا توشۇلىدىغان ئاتلار جايلاشتۇرۇلىدۇ.
كېمىلەرنىڭ پەقەت ئاستىقى ئارغامچىسىلا بولۇپ، تۆمۈر
لەڭگىرى بولمايدۇ، شۇڭا كېمىلەر ناچار ھاۋا رايىغا
دۇچ كېلىپ — ھىندى ئوكياننىڭ دولقۇنلىرى ناھايىتى
چوڭ، بورانغا ئۇچراپ قالسا، ھەممىسى خادا تاشلارغا
سوقۇلۇپ چۆكۈپ كېتىدۇ - دە، دېڭىز ئاپىتى بىلەن
تۈگىشىدۇ.

ھورموز ئاھالىسىنىڭ ئۆڭى قارىراق كېلىدۇ، ئۇلار
ئىسلام دىنىغا — مۇھەممەدكە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ
تېرىقچىلىق مەزگىلى 11 - ئايغا توغرا كېلىدۇ، بۇ
چاغدا ئۇلار بۇغداي، شال ۋە باشقا دانلىق زىرائەتلەرنى
تېرىپ، 3 - ئايدا ھوسۇل يىغىدۇ، مېۋە - چېۋىلەرنىمۇ
2 - ئايدا يىغىدۇ، پەقەت خورمىلارنىلا 5 - ئايدا
يىغىۋالىدۇ. يەرلىك ئاھالە خورما ۋە باشقا خام
ئەشيالاردىن بىر خىل ئېسىل شاراب ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

بۇنداق شارابنى ئىچىپ ئادەتلەنمىگەنلەر ئىچىشى بىلەنلا قەي قىلىدۇ ۋە ئىچى سۈرىدۇ، لېكىن بىتابلىقتىن ساقايغاندا ئىچىسە بەدىنىگە بەكمۇ پايدا قىلىدۇ ۋە كۈندىن-كۈنگە ساغلاملىشىپ كېتىدۇ.

يەرلىك ئاھالىنىڭ يېمەكلىكلىرىمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان نان بىلەن گۆش ئۇلارغا پايدىسىز بولۇپلا قالماي بەلكى زىيانلىق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاساسلىقى خورما ۋە ساناس، شىبۇرغا ئوخشاش تۇزلانغان بېلىقلار ۋە ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ بىلگەن باشقا بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. بۇ ئەلنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىق، يەرلىرى قۇرغاق بولغانلىقتىن، ساسلىقلاردىن باشقا جايلاردا دەرەخ ۋە ئوت-چۆپ ئۆسمەيدىكەن.

ئەكابىر-ئەشرەپلەر ئۆلسە، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى تۆت ھەپتىگىچە ھەر كۈنى ئۆيدە يىغا-زار قىلىدىكەن؛ بۇ يەردە يەنە خەققە يىغا-زار قىلىپ بېرىشنى كەسىپ قىلىۋالغانلارمۇ① بار بولۇپ، ئۇلار مەلۇم ساندا كىرىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان كىشىلەر ئۈچۈن يىغلاپ بېرىدىكەن.

مەن بۇ يەردە ھورموزنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، ھىندىستاننى ۋاقتىنچە تىلغا ئالماستىنلا — يەنە بىر

---

① كەسپىي يىغا-زار قىلىپ بېرىدىغانلار شەرقتىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر ئارىسىدا يەنىلا ياللاپ ئىشلىتىلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار ئارىسىمۇ شۇنداق. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

جىلدىدا مەخسۇس تونۇشتۇرماقچىمەن — شىمالغا بۇرۇلۇپ كېرمان ئەمىرلىكىنى تونۇشتۇرىمەن. ھورموزدىن چىققاندىن كېيىن، يەنە باشقا بىر يول بىلەن ئۇدۇل مېڭىپ كېرمانغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە گۈزەل بىر تۈزلەڭلىكنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكتىن نۇرغۇن مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. ئۇ يەردە ئۇچار قاناتلار بەك كۆپ، بولۇپمۇ كەكلىك - بۆدۈنىلەر ھەددى - ھېسابسىز. بۇ يەر- دىن چىقىدىغان بۇغداينىڭ ئۇنىدىن تەييارلانغان نانىنى يەپ ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر يۇتالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەرنىڭ سۈيى تۇزلۇق - قىرتاق بولغانلىقتىن، بۇ سۇدا يۇغۇرۇلغان خېمىرنىڭ نېنىمۇ قىرتاق كېلىدۇ. بۇ جاينىڭ ھەممىلا يېرىدە ئارىشاڭ سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئارىشاڭ سۇلىرى بىلەن تېرە كېسەللىرى ۋە باشقا خىلمۇ خىل كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان خورما ۋە باشقا مېۋە - چېۋىلەرمۇ نۇرغۇن.

## يىگىرمىنچى باب

### كېرمان بىلەن كوبىيرامنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ قۇملۇق چۆل ۋە ئاچچىق بۇلاقلار

كېرماندىن چىقىپ ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، كەڭ كەتكەن بىر قۇملۇق چۆلنىڭ چېتىگە قەدەم قويدۇق، ئاندىن يەتتە كۈن يول مېڭىپ كوبىيرام شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. دەسلەپكى ئۈچ كۈنلۈك يولدا ئىزدەپ يۈرۈپ

ئازغىنا سۇ تاپتۇق، لېكىن بۇ سۇنىڭ رەڭگى ياپپېشىل، تەمى تۇزلۇق بولغانلىقتىن، ئۇنى ئىچكىلى بولمىدى. ئەگەر بىر تامچە سۇ تاسادىپىي ئېغىزغا تېمىتىلسا، ھەدېگەندىلا كىشىنىڭ قۇسقىسى كېلەتتى؛ ئەگەر بۇ سۇدىن چىكىلەپ ئېلىنغان بىر تال تۇزنى يەپ سالسىمۇ ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرەتتى. شۇڭا بۇ تۇزلۇق چۆلدىن ئۇيان - بۇيان ئۆتىدىغان يولۇچىلارغا ئۇسسۇزلۇق سۇنى ئۆزى ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ئەمما ئات - ئۇلاغلار پەقەت مۇشۇ سۇ بىلەنلا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىكەن، ئەمما بۇ سۇنى ئىچىشى بىلەنلا ئۇلاغلارنىڭ ئىچى سۈرىدىكەن. بۇ يەردىكى ئۈچ كۈنلۈك سەپىرىمىز جەريانىدا بۇ پايانسىز كەتكەن تۇزلۇق چۆللۈكتە ھېچقانداق ئادەم ئۇچراتمىدۇق. ئوت - چۆپ ۋە يەم - خەشەك بولمىسا، ئات - ئۇلاغلارمۇ بۇ يەردە ھايات ياشيالمىغۇدەك.

تۆتىنچى كۈنى بىر تاتلىق سىزلۇق ئېقىن بويىغا يېتىپ كەلدۇق، لېكىن بۇ ئېقىننىڭ تەگدىن تولىسى يەر ئاستى بىلەن ئاقىدىغان بولغاچقا، ئۇنى پەقەت سۇنىڭ تېز ئېقىشى بىلەن پەيدا بولغان يېرىقلاردىنلا كۆرگىلى ۋە شۇ يەرلەردىنلا سۇ ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغىلى بولىدىكەن. چارچاپ ھالىدىن كەتكەن يولۇچىلار بىلەن ئات - ئۇلاغلار مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ دەم ئالىدىكەن. بىز كېيىنكى ئۈچ كۈندە پۈتۈنلەي ئالدىنقى ئۈچ كۈندىكىدەك جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىر كوبېرام شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## كوبىرام شەھىرى ۋە ئۇنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

كوبىرام چوڭ بىر رابات بولۇپ، ئاھالىسى مۇھەممەدنىڭ قائىدە - نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىدىكەن. ئۇلاردا تۆمۈر ۋە باشقا مېتاللار نۇرغۇن ئىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن بىر خىل پۈزۈر ۋە ناھايىتى پارقىراق كەلگەن مىس ئەينەك ياسايدىكەن، بۇ يەردىن نۇرغۇن سۈرمە رۇدىسى ۋە سىنىك رۇدىسى چىقىدىغان بولۇپ، بۇ رۇدىلار- دىن بىر خىل قوشۇمچە مەھسۇلات — شىپالىق ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل كۆز دورىسى (سۈرمە مەلھەمى) — ۋە سىپىدىئام چىكىلەپ ئېلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئىشلىنىش جەريانى مۇنداقكەن: تەركىبىدە مۇشۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلات بولغان رۇدا قىزىتىلىنىدىكەن، ئاندىن ئۇ مەشتە ئېرىتىلىدىكەن، رۇدا ئېرىگەندە ئۇنىڭدىن كۆتۈ- رۈلگەن ئىس پاكى گازلار مەش ئۈستىگە ئورنىتىلغان تۆمۈر تورغا قونۇپ سوۋۇغاندىن كېيىن قېتىشىپ ھېلىقى قوشۇمچە مەھسۇلاتقا ئايلىنىدىكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، گازغا ئايلىنالماي مەش تېگىدە قېپقالغان داشقاللار بولسا سىپىدىئام ھېسابلىنىدىكەن.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## كوبىرامدىن شىمالىي چېگرىدىكى تىموچان ئەمىرلىكىگىچە ئارىلىقتىكى مۇساپە ۋە غەلىتە دەرەخ

كوبىرام شەھىرىدىن چىقىپ مۇساپىسى سەككىز كۈنلۈك كېلىدىغان كەڭ بىر قۇملۇق چۆلگە كىردۇق، يول ئۈستىدە

ئۇسسۇزلۇق قىلغۇدەك پاكىز سۇ ناھايىتى كەمچىل، مېۋە-
چېۋىمۇ تېپىلمايدۇ، دەل - دەرەخمۇ يوق. ئازغىنا سۇ تاپ-
قان بىلەنمۇ ئۇزلۇق - قىرتاقلىقىدىن ئىچكىلى بولمىغاچقا
يولۇچىلار بۇ يەردە بەكمۇ قىينىلىدۇ. شۇڭا ئۇيان - بۇ-
يان قاتناپ تۇرىدىغان كارۋانلار يولدا ئۇسسۇزلۇق قىلىش-
قا يېتەرلىك سۇ ئېلىپ مېڭىشى لازىم. ئۇلارنىڭ
ئات - ئۇلاغلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنى پەقەت چۆلدە تېپىلغان
سۇلار بىلەنلا سۇغىرىشقا توغرا كېلىدۇ. زورۇر تېپىلغاندا،
بۇ سۇلارغا ئۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قىرتاق تەمىنى ئازايتىش
يولى بىلەن، ئىچىشكە لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

سەككىزىنچى كۈنى زاۋالغا يېقىن قالغاندا، تىموچان
ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ پېرسىيىنىڭ شىمالىي چېگ-
رىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن شەھەر - راباتلار
ۋە مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن ئىستىھكام - قەلئەلەر
بار①. بۇ يەر كەڭ كەتكەن چوڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ،
تاغلىرىدىن چىقىدىغان قۇياش دەرەخ دېگەن دەرەخ بىلەن
مەشھۇر، خرىستىئانلار ئۇنى «قارىغاي» ياكى «مېۋىسىز
دەرەخ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەرەخنىڭ غولى كەڭ، بويى
ئېگىز بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى يېشىل، ئارقىسى ئاق

① تىموچان (Timochain)، كۈرد، شىكس ۋە سۈن ھېيدىنلار
يۇرنىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلەپ، ماركوپولو ھەقىقەتەن مۇشۇ خەتەرلىك
قۇملۇق چۆلنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ ئۆتكەن دەپ قارايدۇ. سۈن
ھېيدىن ئۆزىنىڭ قورۇقلۇقتىن ھىندىستانغا بېرىش دېگەن كىتابىدا، مار-
كوپولونىڭ مۇشۇ يەردىن بېسىپ ئۆتكەن ياكى بېسىپ ئۆتۈشى شەرت
بولغان يوللىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان —
ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## كوبېرام شەھىرى ۋە ئۇنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

كوبېرام چوڭ بىر رابات بولۇپ، ئاھالىسى مۇھەممەدنىڭ قائىدە - نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىدىكەن. ئۇلاردا تۆمۈر ۋە باشقا مېتاللار نۇرغۇن ئىكەن. بۇنىڭدىن بىر خىل پۇزۇر ۋە ناھايىتى پارقىراق كەلگەن مىس ئەينەك ياسايدىكەن، بۇ يەردىن نۇرغۇن سۈرمە رۇدىسى ۋە سىنك رۇدىسى چىقىدىغان بولۇپ، بۇ رۇدىلاردىن بىر خىل قوشۇمچە مەھسۇلات — شىپالىق ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل كۆز دورىسى (سۈرمە مەلھىمى) — ۋە سىپىدئام چىكىلەپ ئېلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئىشلىنىش جەريانى مۇنداقكەن: تەركىبىدە مۇشۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلات بولغان رۇدا قىزىتىلىدىكەن، ئاندىن ئۇ مەشتە ئېرىتىلىدىكەن، رۇدا ئېرىگەندە ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ياكى گازلار مەش ئۈستىگە ئورنىتىلغان تۆمۈر تورغا قونۇپ سوۋۇغاندىن كېيىن قېتىشىپ ھېلىقى قوشۇمچە مەھسۇلاتقا ئايلىنىدىكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، گازغا ئايلانالماي مەش ئىچىدە قېپقالغان داشقاللار بولسا سىپىدئام ھېسابلىنىدىكەن.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## كوبېرامدىن شىمالىي چېگرىدىكى تىموچان ئەمىرلىكىگىچە ئارىلىقتىكى مۇساپە ۋە غەلىتە دەرەخ

كوبېرام شەھىرىدىن چىقىپ مۇساپىسى سەككىز كۈنلۈك كېلىدىغان كەڭ بىر قۇملۇق چۆلگە كىردۇق، يول ئۈستىدە

ئۇسسۇزلۇق قىلغۇدەك پاكىز سۇ ناھايىتى كەمچىل، مېۋە-چېۋىمۇ تېپىلمايدۇ، دەل - دەرەخمۇ يوق، ئازغىنا سۇ تاپقان بىلەنمۇ تۇزلۇق - قىرتاقلىقىدىن ئىچكىلى بولمىغاچقا يولۇچىلار بۇ يەردە بەكمۇ قىينىلىدۇ. شۇڭا ئۇيان - بۇيان قاتناپ تۇرىدىغان كارۋانلار يولدا ئۇسسۇزلۇق قىلىشقا يېتەرلىك سۇ ئېلىپ مېڭىشى لازىم. ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنى پەقەت چۆلدە تېپىلغان سۇلار بىلەنلا سۇغىرىشقا توغرا كېلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، بۇ سۇلارغا ئۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قىرتاق تەمىنى ئازايتىش يولى بىلەن، ئىچىشكە لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

سەككىزىنچى كۈنى زاۋالغا يېقىن قالغاندا، تىموچان ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ پېرسىيىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ۋە مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن ئىستىھكام - قەلئەلەر بار①. بۇ يەر كەڭ كەتكەن چوڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، تاغلىرىدىن چىقىدىغان قۇياش دەرەخ دېگەن دەرەخ بىلەن مەشھۇر، خرىستىئانلار ئۇنى «قارىغاي» ياكى «مېۋىسىز دەرەخ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەرەخنىڭ غولى كەڭ، بويى ئېگىز بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى يېشىل، ئارقىسى ئاق

① تىموچان (Timochain)، كۇرد، شىكىس ۋە سۋېن ھېدىنلار يۇرتىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، ماركوپولو ھەقىقەتەن مۇشۇ خەتەرلىك قۇملۇق چۆلنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ ئۆتكەن دەپ قارايدۇ. سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ھىندىستانغا بېرىش دېگەن كىتابىدا، ماركوپولونىڭ مۇشۇ يەردىن بېسىپ ئۆتكەن ياكى بېسىپ ئۆتۈشى شەرت بولغان يوللىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ياكى كۆكۈچ كېلىدۇ، خۇددى كاشتان ياڭىقىدەك قاتتىق پوستلۇق مېۋە تۇتىدۇ، لېكىن پوستلاق ئىچىدە مېغىزى بولمايدۇ. بۇ خىل دەرەخنىڭ ياغىچى ناھايىتى قاتتىق ۋە سارغۇچ بولۇپ، سېرىق تېرەكنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە يۈز چاقىرىمغىچە ئارىلىقتا باشقا ئورمان ئۇچرىمايدۇ. بىز دائىرىسى 60 كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردە بىر بوستانلىقنى كۆردۇق، ئۇنىڭدا بەزەن باشقا دەرەخلەرمۇ بار ئىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ماكېدونىيە (Macedonia)-لىك ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) بۇ يەردە دارا (Darius) بىلەن جەڭ قىلغانىمىش.

بۇ يەرنىڭ ھەممە شەھەر - راباتلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە تەمىنلەيدىغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ناھايىتى مول ئىكەن. ھاۋاسى مۆتىدىل بولۇپ، ئانچە قاتتىق ئىسسىقمۇ، قاتتىق سوغۇقمۇ بولمايدىكەن. كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ، خەلقى چىرايلىق، بولۇپمۇ ئاياللىرى چىرايلىق مەملىكەت ئىكەن. بىزنىڭچە، بۇ ئاياللار دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالىرىدۇر.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### تاغ ئاقساقلى ۋە ئۇنىڭ تىلسىملىق باغچىسى

يۇقىرىدىكى مەملىكەتنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇق، ئەمدى تاغ ئاقساقلى ئۈستىدە توختىلىمىز. تاغ ئاقساقلىنىڭ تۇرىدىغان جايى مۇلاھىدە (ئەرەبچە Mulehida) دەپ ئاتىلىدىكەن، بۇ ئىسىمنىڭ ساراسىن تىلىدىكى مەنىسى كاپىرلار

ماكانى دېگەنلىك بولىدىكەن. ئۇنىڭ خەلقى مۇلاھىدىلەر ياكى يات دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىدىغانلار دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ، بىزنىڭ خرىستىئانلار ئىچىدىكى بەزىن يات دىنغا ئىشىنىدىغانلارنى پاتارىنى (Patharini) دەپ ئاتىغانلىقىمىزغا ئوخشاش بىر ئىش. تاغ ئاقساقىلى مەققە-دە بايان قىلىنىدىغان تۆۋەندىكى ھېكايە ماركوپولونىڭ خىلمۇ خىل ئادەملەردىن ئاڭلىغان رىۋايەتلەرنى شۇ پېتى بايان قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ئاقساقالنىڭ ئىسمى ئالاۋىدىن (Aloadin) بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇ ئېگىز ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك بىر جىلغىغا ناھايىتى كاتتا باغچە بىنا قىپتۇ. بۇ باغچىدا خىلمۇ خىل ئاجايىپ-غارايىپ گۈل-چېچەكلەر، شېرىن مېۋە-چېۋىلەر ئۆستۈرۈپتۇ. يەنە باغچىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان چوڭ-كىچىك ئوردا-قەسىرلەر سالدۇرۇپتۇ. ئوردا-قەسىرلەرنىڭ ئىچىنى ئالتۇن رەڭلىك كالۋۇتتۇنلار بىلەن ئاجايىپ كۆركەم كەشتىلەنگەن بويۇملار، رەسىملەر، جاھازلار بىلەن بېزەپتۇ، يەرگە گۈزەل ئەتلەس-شايى پاياندازلار سالدۇرۇپتۇ، يەنە سۇ ئاقىدىغان تۇرۇبىلار ئورنىتىپ، خالىغان چاغدا ئېسىل ھاراق-شاراب، سۈت-قايماق، ھەسەل ۋە سۈزۈك سۇلار تەرەپ-تەرەپكە ئېقىپ تۇرىدىغان قىپتۇ.

بۇ ئوردا-قەسىرلەرگە بەكمۇ چىرايلىق، ياش-قىزلارنى جايلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ھەر خىل ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناش ماھارەتلىرىنى مۇكەممەل

ئۆزلەشتۈرگەن، بولۇپمۇ ناز قىلىپ ھەم قىزىقتۇرۇش يولى بىلەن كىشىلەرنى ئىشق - مۇھەببەت رىشتىسىگە بەند قىلىشقا بەكمۇ ماھىر ئىكەن. بۇ نازىنىنلار پەرداز - گىرىم قىلغان ۋە ئېسىل كىيىملەر بىلەن ياسانغان ھالدا باغچىدىكى ئايۋان - شىپائگلار ئارىسىدا ئويۇن - كۈلكە بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىپ ئۆتىدىكەن، لېكىن ئۇلار ۋە ئۇلارنى كۈتكۈچى دېدەك ھەم چاكارلار مۇشۇ ئىچكى قەسىرلەر جايلاشقان ھويلىلارغا قاماقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ خالىغانچە تالا - تۈزگە چىقىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. بۇ ئاقساقالنىڭ كىشىنىڭ ئەقلى - ھوشىنى ئېلىپ جايىدا قويىدىغان بۇنداق باغچىنى بىنا قىلىشتىكى مەقسىتى مۇنداق ئىكەن: «مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغان ئادەملىرىگە، مېنىڭ ئىرادەمگە بويسۇنىدىغانىلا بولسائىلار جەننەتكە كىرىپ ھەممە بەخت - سائادەتلەردىن قانغۇدەك بەھرىمەن بولۇسىلەر: ھۆر - پەرىلەر بىلەن مۇلاقات بولۇپ شاد - خۇرام ياشايدىغان شارائىتتا، ئۆزۈڭلەر زادىلا ئاڭلىمىغان ھەم كۆرمىگەن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىپ ۋە شەھۋانىي ھاۋايى - ھەۋەسكە قېنىپ راھەت - پاراغەتكە چۆكۈسىلەر، دېگەنمىش. شۇڭا بۇ ئاقساقالمۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۆزىنىڭمۇ مۇھەممەدكە ئوخشاش پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ ئاقساقالمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىكى كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى كىشىلىك دۇنيادىكى ھەممە بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغانىكەن.

بۇ ئاقساقال باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز

بۇ تىلسىملىق گۈزەل باغچىغا ئۆزى خالىغانچە كىرىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ تار جىلغىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئالاھىدە، ناھايىتى مۇستەھكەم بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ جىلغا ئىچىگە ئېلىپ كىرىدىغان بىر مەخپىي لەخمىسى بار ئىكەن. ئۇ ئۆز يېنىدا يېشى 12 دىن 20 گىچە بولغان بىر توپ ياش - ئۆسمۈرنى ئاسراپ باقىدىكەن. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلاردىن تاللىۋېلىنغان تاغلىقلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئاقساقال ئۇلارنى باتۇر ئەزىمەتلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن ئۇلارغا بىر خىل ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىدىكەن. تاغ ئاقساقىلى ھەر كۈنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر تەرغىپ قىلغان جەننەت ۋە ئۆزىنىڭ ھەر كىمنى مۇشۇنداق جەننەتكە كىرگۈزۈشكە مۇتلەق موقۇفلۇق ئىكەنلىكى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىپ تۇرىدىكەن. ئاقساقال بەلگىلىك بىر پەيتتە ئالدى بىلەن ئۇن ياكى 20 ياش - ئۆسمۈرنى دورا بىھوش بىلەن مەست قىلىدىكەن، ئۇلار مەستلىكتىن ھوشىنى يوقاتقاندا، ئۆز ئادەملىرىگە ئۇلارنى بۇ تىلسىملىق باغچىدىكى ئوردا - قەسىرلەرگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇيدىكەن.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

### قاتىل تەربىيىلەشكە ئادەتلەنگەن تاغ ئاقساقىلى

بۇ ياش - ئۆسمۈرلەر بىھوشلۇقتىن يېشىلىپ ئوڭشالغىنىدىن كېيىن، ئەتراپىدىكى بارلىق كۆرۈنۈشلەر كىشىلەر-

نىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنىدەك ئۆزلىرى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قالىدىكەن. ھەر بىر ياش - ئۆسمۈرنىڭ ئەتراپىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ناز كەرەشمىلىك گۈزەل قىزلار چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۇلارنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىگە ئاشىق بىقارار قىلىپ ئەس - ھوشسىز قىلىۋېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنى ئېسىل شاراب، شېرىن تائاملار بىلەن مەست - مۇستەغرىق قىلىپ، ئىشق - مۇھەببەتكە چۆكتۈرۈۋېتىدىكەن؛ بۇ ياش - ئۆسمۈرلەر ھەقىقىي سۈت - قايماق ۋە شېرىن - شەربەتلەر دەرياسىغا چۆمۈلۈپ، خالىغانچە شاد - خۇراملىققا قېنىپ، ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ مەست بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزلىرىنى خاتا ھالدا راستىنلا جەننەتتە تۇرۇۋاتىمىز دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئارىسالدا بولۇپ قالىدىكەن.

ئۇلار مۇشۇنداق ئىشق - مۇھەببەت ئىچىدە تۆت - بەش كۈن شاد - خۇرام ياشىغىنىدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ھوشسىزلاندۇرۇلۇپ بۇ تىلسىملىق باغچىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىلىدىكەن. ئۇلار ئاقساقالنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىلگەندە، ئاقساقال ئۇلاردىن نەگە بېرىپ كەلدىڭلار؟ دەپ سورىسا ئۇلار: «جەننەتكە بېرىپ كەلدۇق. بۇ، ئۇلۇغ پادىشاھىمىزنىڭ شەپقەت - ئىلتىپاتى» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ پادىشاھلىقنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئالدىدا، ئۆزلىرىنىڭ جەننەتتە كۆرگەن بەخت - سائادەتلىرىنى جاكارلاپ، ھەممەيلەننى

ھەيران - ھەس قالدۇرۇپ ئەجەبلەندۇرۇۋېتىدىكەن.

دەل مۇشۇ چاغدا، ئاقسائال ئۆز پەيتىدە سۆز باشلاپ: «بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئۆز خوجايىنىنى ھىمايە قىلغانلارنىڭ داۋاملىق تۇردە جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەنىدى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئەمر - پەرمانىمغا ساداقەت بىلەن بويسۇنساڭلار، سىلەرمۇ ياخشى ئامەتكە ئېرىشەلەيسىلەر» دەيدىكەن. بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ناھايىتى چوڭ ئىلھاملىنىپ، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى چەكسىز خۇشاللىق دەپ بىلىدىكەن. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا خىزمەت كۆرسىتىش يولىدا ١ ھەتتا ھاياتىدىن كېچىپ جېنىنى پىدا قىلىۋېتىدىكەن.

بۇ ئۇسۇلنىڭ ئاقىۋىتىدە، ھەر قانداق بىر قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھ - كىنەزلىرى ياكى باشقا بىرەر ئادەم مۇشۇ ئاقسائالنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسىلا، ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغان بوپتۇ. بۇ قاتىللار ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغانلا ئىش بولسا، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىۋېتىشتىنمۇ يانمايدىكەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات - ماماتىنى ئاللىقاچان بىر چەتكە قايرىپ قويغان. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاقسائالنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان تەھدىت - تەشۋىشلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قاپتۇ.

تاغ ئاقسائىلى ئۆزىنىڭ ياشلار گۋاردىيىسىنى تەربىيىلەش پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىككى ۋەكىل تەيىن

لىپ، بىرىنى دەمەشقنىڭ يېنىدا، بىرىنى كۈردىستاندا تۇرغۇزغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەيلى كىمدە كىم بولسۇن، ئۇنىڭ ھەر قانچە ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر، تاغ ئاقساقىلى بىلەن قارشىلىشىپ قالسىلا ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلالمايدىكەن.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## تاغ ئاقساقىلىنىڭ شەرمەندە ئاقىۋىتى

بۇ تاغ ئاقساقىلىنىڭ زېمىنى دەل ئۇلۇغ مۆڭكە خاننىڭ ئىنىسى ھىلاكۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىكەن. ھىلاكۇخان بۇ تاغ ئاقساقىلىنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە زالىملىقى، رەزىللىكلىرىنىڭ پۈر كەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك كەلگەن - كەتكەن يولۇچى - كارۋانلارنى يول ئۈستىدە تاغلىقلارغا بۇلاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھىلاكۇخان 1252 - يىلى تاغ ئاقساقىلىنىڭ قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا بىر قىسىم ئەسكەر ئەۋەتكەنىكەن، لېكىن تاغ ئاقساقىلى قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، بۇ قوشۇن ناقمۇ ساق ئۈچ يىل ھۇجۇم قىلىپمۇ بۇ قەلئەنى ئالالماپتۇ؛ قەلئە ئىچىدىكىلەر ئوق - دورىسى تۈگىگەن، ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈزۈلگەن شارائىتتىلا ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ، تاغ ئاقساقىلى ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. قەلئە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرالسىزلان-

دۇرۇلۇپتۇ، جەننىتىمۇ تۈپتۈز قىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاغ ئاقساقىلى دېگەن شەخسمۇ يوقىلىپتۇ①.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

**باي ـ مۇنبەت تۈزلەڭلىكتىكى ئالتە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، سەككىز كۈنلۈك يولنى بېسىپ كەڭ قۇملۇق چۆلدىن ئۆتۈپ ساپۇرگان شەھرىگە بارغانلىقىمىز**

بۇ قەلئەدىن چىققىنىمىزدىن كېيىن، چېكىدە كۆز يەتكۈسىز كەڭ تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارىدىغان يولغا چىقتۇق. بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ۋە كېتىۋاتقان يەرلىرىمىز تاغلىق

---

① بۇ ھېكايە ھەرگىز ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئەمەس. پېرسىيىدىكى ئالمۇت قەلئەسى 1090 - يىلى ھەسەننىڭ پىلانى بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەن. ھەسەن مىسىردا ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە قىساسچى دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ ئامان قالغان. بۇ چاغدا ئۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ شەيخۇل جەبەلە يەنى تاغ ئاقساقىلى دەپ ئاتالغان. ئۇ ــ يوشۇرۇن قاتىللار (تېرورلار) نىڭ باش بوۋىسى. يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش (قەستى قىلىش) دېگەن سۆز ئەسلىدە قەسس (يەنى كەندىر يوپۇرمىقى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ دورا (مەجۇن) ياش - ئۆسمۈرلەرنى مەست قىلىشقا (ھوشسىزلاندۇرۇشقا) ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تاغ ئاقساقاللىرىنىڭ ئاخىرقى بىرى 1255 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن ئۇنىڭ قەلئەسى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، «1200 نەپەر قاتىل ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ پېرسىيىدىكى تەسىر كۈچلىرى تۈگىگەن». بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ كىچىككىنە بىر گۇرۇپپىسى «سۈرىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ساقلىنىپ قالغان، ئاڭلىشىمىزچە، بۇ ئادەملەر ھېلىمۇ بارمىش»/ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپى
بولۇق، مېۋە - چېۋىلىرى مول بولغاچقا ھىلاكۇخاننىڭ
قوشۇنى بۇ يەردە ئۇزاققىچە تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولغان. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇنى
سەككىز كۈندە بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بۇ دۆلەتنىڭ
شەھەر - راباتلىرى ۋە مۇداپىئەلەنگەن رايونلىرى ناھايىتى
كۆپ ئىكەن. خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.
چۆل - دەشتلىرىنىڭ سۈيى، ئوت - چۆپى يوق دېيەرلىك
ئىكەن. يولۇچى كارۋانلار چۆلگە كىرىش ئالدىدا، يېـ
تەرلىك ئۇسسۇزلۇق سۇ تەييارلىۋېلىشقا توغرا كېلىدىكەن.
ئات - ئۇلاغلار بىلەن بۇ چۆلدە سەپەر قىلغاندا، ئوت -
چۆپ ۋە سۇ كەمچىل بولغاچقا سۈيى بار يەرگە يېتىۋالـ
غۇچە مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش زۆرۈر ئىكەن.

سەپىرىمىزنىڭ ئالتىنچى كۈنى ئاخىرلاشقاندا ساپۇرگان
(Sapurgan) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ كەلـ
دۇق. بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى مول، بولۇپمۇ بىر خىل
ئېسىل سورتلۇق قوغۇنى دۇنياغا مەشھۇر ئىكەن. بۇ قوغۇننىڭ
كۆرۈنۈشى بىزنىڭ كاۋىلىرىمىزغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن،
كىشىلەر بۇ قوغۇننى بۇرمىسىمان كېسىپ يالپاقلاپ ئاپتاپتا
قۇرۇتۇپ قاق قىلىدىكەن، ئاندىن تۇركۇم - تۇركۇملەپ
يىغىپ ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرگە ئاپىرىپ ساتىدىكەن. بۇ
قوغۇن قېقى ھەسەلدەك تاتلىق بولغاچقا خېرىدارلار
ئۇنى بەكمۇ ياقتۇرىدىكەن. بۇ يەر يەنە كىشىلەرنىڭ ئوۋ
قىلىشىغا يارامىلىق ئۇچار قانات ۋە باشقا ھايۋانلىرىمۇ

ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

ساپۇرگاندىن چىققىنىمىزدىن كېيىن، باشقا بىر كاتتا شەھەر — بەلخ (Balach) نى تونۇشتۇرىمىز.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

### بەلخ شەھىرى

قەدىمكى بەلخ شەھىرى ھازىرقىدىنمۇ كاتتا، گۈزەل ئىكەن. كېيىن، تاتارلارنىڭ بىر نەچچە قېتىم بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشى بىلەن، شەھەرنىڭ قىسمەن ئىمارەتلىرى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن پەقەت يېرىم - يارتا تاملار ۋە دۆۋە - دۆۋە خىش - كېسەكلەرلا قالغان. ھەرمەردىن سېلىنغان نۇرغۇن ئوردا - قەسىرلەر ئاللىقاچان ۋەيران بولۇپ تونۇغۇسىز ئەھۋالغا كېلىپ قالغان. پەقەت كەڭ كەتكەن كاتتا مەيدانلا شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئالېكساندىر ئىلگىرى مۇشۇ يەردە پادىشاھ دارا (Ðrrius)- نىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەنىمىش. بۇ يەردە ئىسلام دىنى ناھايىتى گۈللەنگەن.

شەرقتە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى تاتار پادىشاھ ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى مۇشۇ يەرگىچە كېڭەيتىپ، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىغا تۇتاشتۇرۇپتۇ.

بەلخ شەھىرىدىن خوشلىشىپ چىقىپ، مېڭىپ كەلگەن يولنى بويلاپ داۋاملىق 12 كۈن يۈرۈپ ھېچبىر ئادەم ياشىمايدىغان كەڭ دەشت - باياۋاننى بېسىپ ئۆتتۇق،

بۇ يەردە ئوغرى - قاراقچىلار قۇتراپ، قانۇندىنمۇ - تەگۋۇندىنمۇ قورقماي ئاھالىنى تالان - تاراج قىلغانلىقتىن، پۈتكۈل بىر رايون ناھايىتى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. شۇ سەۋەبتىن يەرلىك ئاھالە خاتىرجەم كۈن كۆرۈش ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، قېلىن ئورمانلىق تاغلارغا قېچىپ بېرىۋالغان. ئۇلار ئۇ يەردە مۇستەھكەم قورغان ۋە باشقا مۇداپىئە ئىستىھكاملارنى ياساپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەردىكى قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدا سۇيى ۋە ئوت - چۆپى مول كەڭ ئوتلاقلار جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە ئوۋ قىلىشقا يارايدىغان نۇرغۇن خىلمۇ خىل ھايۋانلار ياشايدىكەن. بۇ يەردە شىرلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن، شىرلار نۇرغۇن بولۇپ، بەستلىك كېلىدىكەن. ئەمما بىز تاغ ئارىلاپ داۋاملاشتۇرغان 12 كۈنلۈك سەپىرىمىز جەريانىدا، يول ئۈستىدە ئوزۇقلۇقلارنىڭ ناھايىتى كەمچىللىكىنى سەزدۇق، يولۇچىلار ئۆزىنىڭ ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەييارلىۋېلىشى زۆرۈركەن.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

### تارخان قەلئەسى، تۈز تاغ ۋە سكاسىم پادىشاھلىقى

12 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، تارخان (Thaikan) قەلئەسىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ نەچچە مىڭ چاقىرىملىق كەڭ مۇنبەت دالىغا جايلاشقان ۋە گۈزەل

مەركەزلىرىنىڭ مەركىزى بولغاچقا، دائىملىق زىرائەتلەر
توپلىنىدىغان ۋە باشقا يەرلەرگە تارقىتىلىدىغان چوڭ بىر
بازارغا ئايلىنىپ قالغان. تارخان شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا
يىراقتا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئېگىز بىر تاغ جايلاشقان
بولۇپ، تاغدىكى تۇز كېنىنىڭ زاپىسى مول ئىكەن. بۇ
تۇزلار ئاق، سۈزۈك ۋە قاتتىق كېلىدىكەن. بۇ تۇز ئۆزىنىڭ
سۈپىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ ساپ ھېسابلىنىدىكەن،
شۇڭا 30 كۈنلۈك مۇساپە دائىرىسىدىكى ھەممە جايلارنىڭ
ئاھالىسى مۇشۇ يەردىن تۇز توشۇپ كېتىدىكەن. ئەمما بۇ
تۇزلار بەك قاتتىق بولغاچقا، ئۇنى پەقەت جوتۇ بىلەنلا
قىرىپ ئېلىشقا بولىدىكەن. بۇ تۇزلار ئۆز زاپىسىنىڭ
ناھايىتى موللۇقى بىلەن دۇنيا بويىچە ھەممە ئەللەرنىڭ
ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىكەن. باشقا تاغلاردىن ئۆرۈك، مې-
غىزى ۋە پىستە قاتارلىق مېۋىلەرمۇ ئېلىنىدىكەن. شۇڭا
يەرلىك ئاھالە-ئاشۇ مەھسۇلاتلارغا تايىنىپ ناھايىتى چوڭ
سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بوپتۇ.

تارخان شەھىرىدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ
داۋاملىق ئۈچ كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن، مەنزىرىسى
گۈزەل، ئاھالىسى قويۇق، مەھسۇلاتلىرى مول بىر دۆلەتنىڭ
زېمىنىغا كىردۇق. بۇ يەردىن مېۋە-چېۋە، دائىملىق زىرائەت
ۋە ئۈزۈم كۆپ چىقىدىكەن. خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدىكەن، ئۇلار رەھىمسىز ۋە زالىم ھەم ھىيلىگەر بولۇپ،
ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپاغا بەك بېرىلىپ كېتىپ-
تۇ. بۇ يەردىن ئەلا سۈپەتلىك شىرىن مۇسەللەس چىقىدىغان
بولغاچقا، بۇ ئەنە شۇنداقلارنىڭ شاللاقلىقى ۋە ھاراقكەش-

لىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. ئۇلار ھېچقانداق باش كىيىم كىيمەي، پەقەت ئۇزۇنلۇقى يەتتە گەز كېلىدىغان لاتا بىلەنلا بېشىغا سەللە ئورايدىكەن. ئۇلار تازا چاققان ئوۋچىلار بولغاچقا، خىلمۇ خىل ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىيالايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىباش كىيىم ۋە ئاياغلىرى ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلىدىكەن. شۇڭا ھەممەيلەن كۆنچىلىك - تېرىچىلىك ھۈنەر سەنئىتىنى بىلىدىكەن.

ئۈچ كۈنلۈك سەپىرىمىز داۋامىدا نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا سكاسسېمغا يېتىپ كەلدۇق. سكاسسېم (Scassem) شەھىرى بىر ئاقسالغا قارايدىكەن، ئۇنىڭ مەنسىپى بىزدىكى بارون ياكى گرافنىڭ دەرىجىسىگە توغرا كېلىدىكەن. ئىدىرلىق رايونلاردا يەنە باشقا شەھەر - راباتلار ۋە يېزا - كەنتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى مۇستەھكەم ئىكەن. چوڭ بىر دەريا سكاسسېم شەھىرىنى ئۇزۇنىغا كېسىپ ئاقىدىكەن. بۇ يەردە بىر خىل جەيرە① ياشايدىغان بولۇپ، ئوۋ ئىتى قوغلاپ كەلگەندە تۈگۈلۈۋېلىپ ئوۋچىغا ۋە ئوۋ ئىتىغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ بارغان پېتى ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى تىكەنلىرىنى سانجىپ ئۇلارنى زەخىملەندۈرىدىكەن.

بۇ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە تىلى بار ئىكەن. چارۋا - ماللارغا قارايدىغان پادىچىلار تاغلاردا تۇرىدىكەن، بۇ تاغلار تاشلىق بولماي تۇپىلىق

---

① بوغى - چوڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا كەلگەندە بىر خىل تىكەنلىك ھايۋان — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بوغالىقتىن، ئۆي - ئىمارەت سېلىشىمۇ ئانچە قىيىن ئەمەسكەن.

ئىسكاشىم شەھىرىدىن چىقىپ ئۈچ كۈن ماڭغان يو- لىمىزدا، ھېچقانداق ئۆي - ئىمارەت ۋە يولۇچىلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۇدىن باشقا ھېچقانداق ئوزۇق - تۈلۈك ئۇچراتمىدۇق؛ ئەمما بىر قانچە جايدا كارۋانلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى قاندۇرغۇدەك سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول ئوتلاقلارنى ئۇچراتتۇق. بۇ يەرگە قاتناپ تۇرىدىغان يو- لۇچىلار يولغا كېرەكلىك ھەممە لازىمەتلىكلىرىنى يېتەرلىك ئېلىپ يۈرۈشى لازىمكەن. بۇ يەرنى ئۈچ كۈندە بېسىپ ئۆتكەندىلا بالاشان (Balashan) يەنى بەدەخشان) غا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

### بالاشان① پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھى ئىلكىدىكى جاۋاھىراتلار ئاياللارنىڭ ئۇستىباش كىيىملىرى

بالاشان (Balashan) ئۆلكىسىنىڭ خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر خىل تىلنى قوللىنىدىكەن. بۇ، زېمىنى كەڭ بىر پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى ساقمۇ - ساق 12 كۈنلۈك يولغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھنىڭ ئورنى ئۆز ئەۋلادىغا مىراس قالدۇ-

① بالاشان — ھازىرقى بەدەخشاننىڭ قەدىمكى نامى.

رۇلىدىكەن. ئۇلار پادىشاھ ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) بىلەن پېرسىيە پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھ ئالېكساندىرغا (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە) بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، زۇلقەرنەيىن دېگەن فامىلىنى ساقلاپ كەلگەنىكەن. «زۇلقەرنەيىن» دېگەن نام ساراسىنلارنىڭ تىلىدا «ئالېكساندىر» دېگەن نامنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ يەردىن جاۋاھىرات چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلكىنىڭ نامىدا «بالاس» (Balas) دەپ ئاتىلىدىغان قىزىل ياقۇت بەك سۈپەتلىك بولۇپ، قىممەت باھادا سېتىلىدۇ. جاۋاھىراتلار بۇ يەردىكى قاتتىق تاغلاردىن چىقىدۇ، لېكىن سىكىنان (Sikinan) يەنى شىغنان) تېغىدىنلا قېزىۋېلىشقا يول قويۇلىدۇ، بۇ كان پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىشقا چۈشۈرۈلگەنىكەن. جاۋاھىرات قېزىش ئۇسۇلى ئالتۇن - كۈمۈش كانلىرىنى قېزىشتىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، كاننىڭ ئورنى ياخشى يەردىن تاللىۋېلىنغانلا بولسا جاۋاھىرات چىقىۋېرىدۇ. پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن رۇخسەت قىلىشىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزى خالىغانچە جاۋاھىرات قېزىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ جەزمەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

پادىشاھ بەزىدە بۇ جاۋاھىراتلارنى بۇ يەردىن ئۆتكەن چەت ئەللىكلەرگە ھەدىيە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلاردىن بۇنداق جاۋاھىراتلارنى سېتىۋالالمايدۇ، شۇنىڭ

دەك پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ جاۋاھىراتلارنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقالمايدۇ. پادىشاھ ئۆز دۆلىتىدىن چىقىدىغان ياقۇتنىڭ — پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئابرويىنى بۇ جاۋاھىراتلار بىلەن بەكمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ — قەدىر-قىممىتىنى ۋە ناھايىتى يۇقىرى باھاسىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە مۇشۇ چەكلىمىلەرنى يولغا قويغانىكەن. ئەگەر جاۋاھىراتلارنى خالىغانچە قېزىش، ئەركىن سودا قىلىش، چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىشقا يول قويۇلىدىغان بولسا، جاۋاھىراتلار چەت ئەلگە جەزمەن كۆپلەپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆز قولىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ بىر قىسمىنى سوۋغا - سالام سۈپىتىدە چەت ئەللەرنىڭ پادىشاھ - كىنەزلىرىگە ھەدىيە قىلىدىكەن؛ بەزىسىنى ئولپان تەرىقىسىدە، ئۆزى بويسۇنغان خانغا سۇنىدىكەن؛ يەنە بەزىسىنى تاۋار سۈپىتىدە باشقىلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىگە ئايرىباشلايدىكەن، پەقەت مۇشۇنداق ئايرىباشلانغان بۇيۇملارنىڭلا چېگرىدىن ئېلىپ چىقىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىكەن.

يەنە بەزى تاغلاردا سايغىر رۇدىسى① چىقىدىغان كانلارمۇ بار بولۇپ، بۇ رۇدىدىن دۇنيا بويىچە ئەڭ سۈپەتلىك مەھسۇلات — سايلىقتىن پارقىراپ تۇرىدىغان ھاۋا رەڭ بوياق ئېلىنىدىكەن. بۇنىڭ سىرتىدا، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن كانلىرىنىڭ مەھسۇلاتىمۇ مول ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سوغۇق كېلىدىكەن.

① كالتسىت، دولومىت قاتارلىق مىنېراللار بىلەن بىللە ھاسىل بولغان بىر خىل رۇدا — تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇ يەردىن ناھايىتى يۈگۈرۈك بىر خىل مەشھۇر ئات چىقىدىكەن. بۇ ئاتنىڭ تۇياقلىرى تۆمۈردەك چىڭ بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تاقا قاقتۇرۇش ھاجەتسىزكەن. يەرلىك ئاھالە باشقا ئۇلاغلار چېپىپ بارالمايدىغان ئېگىز - پەس يانتۇلۇق يوتىلارغا مۇشۇ ئاتلار بىلەن چېپىپ چىقىپ كېلىۋېرىدىكەن. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تېخى يېقىنقى چاغلارغىچە بۇ ئۆلكىدە ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىر مىنگەن مەشھۇر ئات باسپوروسنىڭ ئۇرۇقى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنداق ئاتلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا پېشانىسىدە ئالاھىدە بىر خىل قاشقىسى بولىدىكەن. ئەمما بۇ ئاتلارنىڭ بېقىلىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي پادىشاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ بۇ ھوقۇقنى پادىشاھنىڭ جىيەن ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بەرمىگەنلىكتىن، پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ تاغىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بۇ رەھىمسىز جازادىن غەزەبلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بارلىق ئاتلارنى ساق قويماي پۈتۈنلەي يوقىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەسىللىك ئاتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇ.

بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدا ساكار دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى ئېسىل بىر خىل لاچىن بار بولۇپ، ناھايىتى ئۇچقۇر ئىكەن. رانىا دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل لاچىنمۇ بار بولۇپ، بۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ناھايىتى ئېسىل قارچىغا ۋە قۇرغۇيلارمۇ ياشايدىكەن. بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ناھايىتى ماھىر كېلىدىكەن. بۇ ئۆلكىدىن ئېسىل بىر خىل بۇغداي ۋە

يالڭاچ ئارپا چىقىدىكەن. بۇ يەردىن گەرچە زەيتۇن يېغى چىقمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم بىر خىل قاتتىق پوستلۇق مېۋىدىن ۋە كۈنجۈتتىن ياغ چىقىرىلىدىكەن. بۇ كۈنجۈت يېغىنىڭ رەڭگى سۈزۈك بولغانلىقى سىرتىدا، ئۇ يەنە زىغىر يېغىدىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئاھايىتى تۆپەتلىك بولۇپ، باشقا ياغلاردىن خۇش پۇراقلىق ۋە تەملىك كېلىدىكەن. تاتارلار بۇ يەردە باشقا ئاھالىگە ئوخشاشلا مۇشۇ ياغنى ئىستېمال قىلىدىكەن.

بۇ پادىشاھلىقنىڭ زېمىنىدا ھەرقانداق كۈچلۈك چەت ئەللىك دۈشمەننىڭ قوراللىق تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىمكان بېرىدىغان، مۇداپىئە قىلىش ئاسان، ئەمما قولغا ئېلىش تەس بولغان بىرمۇنچە مۇھىم تاغ ئېغىزلىرى بار ئىكەن. خەلقى ئىبىل ئوقياچى مەرگەنلەردىن ۋە چاققان ئوۋچىلاردىن ئىكەن، بۇ يەردە كىيىم ـ كېچەك قىلغۇدەك كىيىملىك ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، ئاھالە تېرىدىن كىيىم تىكىدىكەن. بۇ يەردىكى ئېگىز ـ پەس قاتمۇ قات تاغلار سان ـ ساناقسىز ئارقارلارنىڭ ئوتلىقى بولۇپ، بىر تۇپى 400 ـ بەش يۈزگە ھەتتا ئالتە يۈزگە يېتىدىكەن، ئۇرغۇن ئارقارلار ئوۋلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىيىشچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، سانى كۆپەيسە كۆپىيىپتۇكى، كېمەيمەپتۇ.

بۇ تاغلار دېڭىز يۈزىدىن خېلى ئېگىز جايلاشقانىكەن. ئەگەر تاغ تۆپىسىگە چىقىشقا توغرا كەلسە، ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە توختىماستىن يۇقىرى ئۆرلەش لازىمكەن. قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئارىسىغا ئىبىل ئوت ـ چۆپلۈك ۋە تويۇق ئورمانلىق تۈزلەڭلىكلەر جايلاشقانىكەن،

تاغلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار ھەر تەرەپكە قاراپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. تاغلاردىكى بۇ ئېقىنلاردىن كۆمجا بېلىقى ۋە باشقا خىلمۇخىل گۈزەل بېلىقلار چىقىدىكەن. تاغ تۆپىسىنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ بولغاچقا، كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە شىپالىقكەن. شەھەر - راباتلارنىڭ ياكى تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىقلارنىڭ ئاھالىسىدىن كىمكى ئىسسىق كېسەل ياكى باشقا بىرەر ئاغرىق - سىلاق بىلەن يېتىپ قالسا، تاغ تۆپىسىگە چىقىپ تۆت - بەش كۈن تۇرسىلا ساقىيىپ سەللىمازا بولۇپ كېتىدىكەن. ماركوپولونىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتىلا مۇشۇ تاغ ھاۋاسىنىڭ داۋالىنىشقا ناھايىتى ياراملىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ يەردە بىر يىلغا يېقىن كېسەللىك دەردىنى تارتىپ كەلگەنىدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا تاغ تۆپىسىگە چىقىپ ساپ ھاۋا يەپ كېلىڭ دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. ئۇ تاغقا چىقىۋىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا راستتىن ساقىيىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ قالدى.

بۇ يەرنىڭ يۇقىرى قاتلام خوتۇن - قىزلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر خىل ئالاھىدە ياسىنىش ئادىتى خېلى ئومۇملاشقان. ئاياللار بېلىنىڭ ئاستىغا ۋە ئىشتان سىرتىغا يوپكا ئېسە يوپكىغا ئوخشايدىغان بىر خىل لاتا نېمچە كىيىۋالىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن خوتۇن - قىزلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە قاراپ 80 ياكى 70 ۋېرشوك (بىر ۋېرشوك 1 مېتىر 14 سانتىمېتىرغا تەڭ) ئېسىل بۆز رەخت

ئىشلىتىدىكەن. ئۇلار بۇ رەختنى قاتمۇقات قاتلاپ ساغرىسىنى دومبايتىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خوتۇن-قىزلارنىڭ ساغرىسى قانچىلىك دومبىيىپ چىقسا، ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل بولارمىش.

## ئوتتۇزىنچى باب

### جەنۇبتىكى باسكىيە ئۆلكىسى، ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئاياللارنىڭ ئالتۇن ھالقا-يىڭگىلىكلىرى

بىز بالاشاندىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ ئون كۈن سەپەر قىلغىنىمىزدىن كېيىن، باسكىيە (Bascia) ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدۇق. يەرلىك ئاھالە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن ئۆزئارا سۆزلىشىدىكەن ۋە بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ چىرايى قارامتۇل كېلىدىكەن. ئاھالىنىڭ سېھىرگەرلىك قىلىدىغان ۋە جىن چىللايدىغان يامان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇلار ھازىرمۇ مۇشۇنداق غەلىتە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ. يەرلىك ئاھالە ئىچىدىكى ئاياللار ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن، مەرۋايىت ۋە باشقا جاۋاھىراتلاردىن كۆز ئورنىتىلغان، ناھايىتى چىرايلىق ھالقا-يىڭگىلىكلەرنى زىبۇزىنەت سۈپىتىدە قۇلاقلىرىغا ئېسىۋالىدىكەن. بۇ يەردىكى بەزى جايلارنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق كېلىدىكەن. ئاھالە ھەر خىل گۆشلەر ۋە گۈرۈچ بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

## غەربىي جەنۇبقا جايلاشقان كەشمىر ئۆلكىسى، سېھىرگەرلىككە ماھىر ئاھالە ۋە ئۇلارنىڭ زاھىدلار تەبىقىسى

كەشمىر (Kesmur, Kaslmir) بىر ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باسكىيسىنىڭ ئارىلىقى يەتتە كۈنلۈك يولغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىمۇ بىر خىل ئالاھىدە تىلدا سۆزلىشىدۇ. سېھىرگەرلىككە كەلگەندە بۇ يەرلىكلەر باشقا جايلاردىكىلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇتلىرى تەبىئىي گاس ۋە گاچا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ بۇتلارنى سۆزلىتەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىكىمۇ كۈندۈزنى كېچە قىلىۋېتەلەيدۇ، بەلكى يەنە باشقا خىلمۇ خىل كۆز باغلاش ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ①. بۇ يەر — بۇددا دىنىنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى. شۇڭا ئاھالىسىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش قىزغىنلىقى باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن② ئېشىپ چۈشىدۇ.

---

① بۇ ئۆلكىنىڭ سېھىرگەرلىكى قۇبلايخاننىڭ ئوردىسىدا ئوينالغان. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② بۇ يەردە شىزاڭنىڭ بۇددا دىنى كۆزدە تۇتۇلغان. كەشمىر بىرمەزگىل بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغاندا، بۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن. نۇرغۇن بۇددا ئۆلىمالىرى (دىنىي كىتابلىرى) مۇ مۇشۇ يەردە تەرجىمە قىلىنغانىدى. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇ دۆلەتتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا ھىندى دېڭىزى (ھىندى ئوكيان) غا قۇيۇلىدۇ.

يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆڭى قىڭغىراق بولسىمۇ، لېكىن قارا ئەمەس، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئۆڭى شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئۆڭى قارامتۇل قوڭۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى گۈزەل كېلىدۇ. ئاھالە ھەر خىل گۆشلەر، گۈرۈچ ۋە باشقا دانلىق ئاشلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاددىي - ساددا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋا ئىقلىمى ئىللىق. بۇ ئۆلكىنىڭ ئۆلكە مەركىزىدىن باشقا شەھەر - راباتلىرى ۋە قەلئەلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاق جايلاشقان. ئورمانلىقلار، چۆللۈكلەر ۋە تاغلىق رايونلىرىنىڭ ئېگىزلىرىگە سېلىنغان ئىستىھكاملارنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم ۋە خەتەرلىك بولۇپ، چەتتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق. بۇ يەرنىڭ پادىشاھى پۈتۈنلەي مۇستەقىل ۋە ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇپ، ھېچقانداق كۈچلۈك دۆلەتكە ئولپان تۆلىمەيدۇ.

ئاھالە ئىچىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر دىنىي ئىشلارغا ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغاچقا، ئايرىم بىر تەبىقە بولۇپ قالغان. ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش جەھەتلەردە بىر خىل ئورتاق تۇرمۇش ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ناھايىتى قاتتىق چەكلەيدۇ. ھېچكىمنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىشىگە يول قويمايدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، بۇ، ئۆزلىرى ئېتىقاد

قىلغان بوت ـ تەڭرىلەرنى ھاقارەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇنداق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

بۇ راھىبلار ھەرقايسى بۇتخانىلارغا تارقىلىپ جايلاشقان. بۇتخانىنىڭ باش شەيخى بىزنىڭ غەرب ئەللىرىمىزدىكى موناستىرلارنىڭ باشلىقىدەك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ، خەلقنىڭ چەكسىز ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ، بۇ دۆلەتنىڭ يەرلىك ئاھالىسى تىرىك جاننى ئۆلتۈرمەيدۇ، ھاياتلىقى نەرسىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر گۆش يېگۈسى كەلسە، مالنى ئاھالە ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغا سويدۇرىدۇ. ياۋروپادىن ئېلىپ كېلىنگەن مارجانلار بۇ يەردە خېلى قىممەت بولۇپ، ئۇنى باشقا يەرلەردىكىدىن يۇقىرىراق باھادا ساتقىلى بولىدۇ.

بىز ۋەقەلىكلەرنى بىر يۆنىلىش بويىچە بايان قىلىپ كېتىۋەرسەك، ئۇ ھالدا جەزمەن ھىندىستاننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ھىندىستان ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئۈچىنچى جىلدتا بايان قىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇش مۇۋاپىقراق بولار، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا يەنىلا بالاشان (بەدەخشان) غا قايتىپ، ئاندىن كىدان (جۇڭگو) ئۈستىدە بىۋاستە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ يەردە كىتابىمىزنىڭ بېشىدىكىدەك، ئاساسەن يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرغاننىڭ سىرتىدا، يول ئۈستىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن دۆلەتلەرنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىدىكى قوشنا ئەللەرنىمۇ قوشۇمچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

### ۋاخان ئۆلكىسى، ئۈچ كۈن يامشىپ چىققان تاغ يولى ئارقىلىق ئېگىز بىر چوققىغا چىققانلىقىمىز، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان جايلارنىڭ ئوت ئېلىش ئۇقتىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بىز بالاشان (بەدەخشان) پادىشاھلىقىدىن ۋىدالاشقىنىمىزدىن كېيىن، شەرقىي شىمال تەرەپ بىلەن شەرق تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق، بىز يول ئۈستىدە چوڭ ـ چوڭ ئىككى دەريا ياقىسىدىكى نۇرغۇن شەھەر ـ راباتلار ۋە ئاھالە فونكىتلىرىنى ــ بۇ جايلار بالاشان (بەدەخشان) پادىشاھىنىڭ ئىنىسىگە قارايدىكەن ــ بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرلەرنى ئاتلىق ئۈچ كۈن بېسىپ ئۆتۈپ، ۋاخان ئۆلكىسىگە يېتىپ باردۇق، بۇ يەرنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭلۇقىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ كۈنلۈك يولچىلىك كېلىدىكەن. ئاھالىسى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئېنىق ھەم ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىكەن. كىشىلىرى باشقىلارغا سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىدىكەن، باتۇر ۋە ئۇرۇشقا ماھىركەن. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى باشقۇرۇۋاتقان زېمىنلارنى بالاشان (بەدەخشان) پادىشاھى ئۇنىڭغا سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەنىكەن.

ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياۋايى ھايۋان ئوۋلايدىكەن. بىز بۇ دۆلەتتىن چىقىپ شەرق ۋە شەرقىي

شىمال تەرەپكە قاراپ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈردۇق. يول ئۈستىدە نۇرغۇن داۋان - تۆپىلىكلەردىن يامىشىپ ئۆتۈپ ئاخىرىدا ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقتۇق. يىراقىقا قاراپ، ئەتراپىمىزدىكى ئاسمانپەلەك قاتمۇقات تاغ چوققىلىرىغا كۆزىمىز چۈشۈشى بىلەن، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققىدا تۇرغانلىقىمىزغا ھەقىقىي ئىشەندۇق. بۇ يەردىن يەنە شۇنى كۆردۇقكى، ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر كۆل جايلاشقان بولۇپ، بۇ كۆلدىن باشلانغان گۈزەل بىر دەريا كەڭ تۈزلەڭلىكتىن ئەگرى - بۈگرى ئېقىپ ئۆتىدىكەن. تۈزلەڭلىكتىكى ئوت - چۆپلۈكلەر ياپيېشىل گىلەمدەك بولۇپ، ناھايىتى بولۇق ئۆسۈپتۇ. ئورۇقلاپ داق ئۇستىخان بولۇپ قالغان چارۋا - ماللارمۇ بۇ ئېسىل ئوت - چۆپلەرنى يېسە، ئون كۈندىلا سەمىرىپ ئەتكە تولغۇدەك.

بۇ تۈزلەڭلىكتە ساناپ تۈگەتكۈسىز ياۋايى جانىدارلار، بولۇپمۇ ئارقارلار ئەڭ كۆپ ئىكەن. ئارقارلار جۈغى چوڭ ۋە ئەتلىك ئۆسكەن بولۇپ، مۈڭگۈزى ئۈچ - تۆت غېرىچ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئالتە غېرىچ كېلىدىكەن. پادىچىلار بۇ مۈڭگۈزلەردىن كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك قوشۇق ۋە ئاياققا ئوخشاش ھەر خىل قاچا - قۇچىلارنى ياسىۋالىدىكەن، بەزىلەر يەنە بۇ مۈڭگۈزلەر بىلەن قوتان چۆرۈپ، ماللارنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە بۆرىلەر توپ - توپ ئايلىنىپ يۈرۈپ سانسىز ئارقار ۋە جەرەنلەرنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. شۇڭا بۇ يەردە بۆرىلەر بوغۇپ يەپ ئېشىپ

قالغان ئارقار ـ جەرەنلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئالدىمىزدا دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ، بەزىلەر قاتتىق سوغۇق بولىدىغان پەسىللەردە يولۇچىلار قېلىن قار كۆمۈۋەتكەن يوللاردىن ئېزىپ كەتمەي ئۆتۈۋالسۇن دەپ، بۇ ئۇستىخانلارنى يولنىڭ قاسنىقىغا تىزىپ قويۇپتۇ.

بۇ ئېگىزلىك پامىر (Pamir Plateau) يەنى پامىر ئېگىزلىكى دەپ ئاتىلىدىكەن. بىز پامىر ئېگىزلىكىنى بويلاپ 12 كۈن يول يۈردۇق. بۇ يول بەك چۆل بولۇپ، يول ئۈستىدە ھېچقانداق ئادەم ياشىمايدىكەن. شۇڭا يولغا چىقىش ئالدىدا يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق بارلىق لازىمەتلىكلەرنى تولۇق ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. قاتمۇقات تاغلار بەك ئېگىز بولۇپ، ئېگىزلىكىدىن ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئېگىز تاغ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا ئاسانلىقچە كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدىكەن. ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا ھاۋا بەك شالاڭ، سوغۇقمۇ قاتتىق بولىدىغان بولغاچقا، تاغ ئۈستىدە ئوت ياققاندا ئوت ئېلىش نۇقتىسى بەك تۆۋەن بولىدىكەن. شۇڭا بۇ ئوت تۈزلەڭلىكتىكىدەك ئىسسىقلىق بەرمەيدىكەن. بۇ ئوتتا يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاشقا توغرا كەلسە، غىزا تەييارلاش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولىدىكەن. بۇ گەرچە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى.

12 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، يەنە شۇ يۆنىلىش بويىچە 40 كۈن مېڭىشقا توغرا كەلدى. يول ئۈستىدە ئۇزاقتا سوزۇلغان ئېگىز تاغلارنى ۋە ئەگرى ـ بۈگرى

ئاقمىغان چوڭ ـ كىچىك دەريا ـ ئېقىنلارنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئوتلاقلار كەڭ سوزۇلغان، دەريا ـ ئېقىنلار تەرەپ ـ تەرەپكە بۆرۈلۈپ كىرەلىشىپ كەتكەنىدى. يەنە ئاندا ـ ساندا بىر تال چۆپمۇ ئۈنمەيدىغان، ھېچقانداق ئادەم ياشىمايدىغان قۇم بارخانلىرى، چۆللۈكلەرمۇ ئۇچراپ تۇردى. بارلىق يېمەك ـ ئىچمەكنى ئۆزىمىز تولۇق ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كەلدى. بۇ يەر بولور (Beloro) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئېگىز ـ پەس كەتكەن تاغلارنىڭ ئۈستىدە پۈتۈنلەي ياۋايى قەبىلىلەر ياشايدىكەن. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئوۋچىلىقتا قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق بىر ياۋايى ھايۋاننىڭ گۆشىنى زادىلا تاللىماستىن يەۋېرىدىكەن، ئۇستىبېشىمۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۇڭ ـ تېرىسىدىن كىيىم تىكتۈۋالىدىكەن.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

### قەشقەر شەھىرى ۋە ئاھالىسىنىڭ سودا ـ تىجارىتى

ئاخىر بىز قەشقەر (Kashcar, Kashgar) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمكى زاماندا بىر مۇستەقىل پادىشاھلىق دۆلەت ئىكەن. لېكىن ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا ئېلىنىپتۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىكەن، بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەھەر ـ راباتلىرى ۋە قەلئە ـ قورغانلىرى كۆپ

ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئەڭ مۇھىم شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار سودا-تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن①. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، مېۋىزارلىقلىرى ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىكەن. كېۋەز، زىغىر ۋە كەندىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ مول ئىكەن. بۇلارنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئەمما بۇ ئەلنىڭ خەلقى پاكىزلىققا بەكمۇ رىئايە قىلمايدىغان بولغاچقا، پاسكىنىچىلىقتا بەكمۇ بىچارە ئىكەن. ئوزۇقلۇقى بەكمۇ يېرىك، ئىچىملىكلىرى بەكمۇ سۈپەتسىز ناچار ئىكەن②. ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن سىرت، نېستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىيانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىكەن.

---

① بۇ سانائەتلەر 1865-يىلغىچە داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شەھەر روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىچە ئۆزگەرمىدى، بۇ ھەقتە بارون ستەيننىڭ «قەدىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## يەكەن شەھىرى ۋە سانت يۇھان چېركاۋىنىڭ ئاجايىپ تۈۋرۈك تېشى

يەكەن (ARCAN, Yarkand)، ھەشەمەتلىك، گۈزەل شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەردە گۈزەل مەنزىرىلىك باغلار، شەھەر سىرتىدا كەڭ تۈزلەڭلىك بار ئىكەن. خەلق ئارزۇ قىلىدىغان ھەممە يەل - يېمىش، قوغۇن - تاۋۇزلار چىقىدىكەن. ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان دىنىغا، بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارغا ئۇلۇغ خاننىڭ جىيەن ئوغلى پادىشاھ ئىكەن. ئەمما پادىشاھنىڭ تاغىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە يېقىشلىق بولمىغاچقا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە قورساق كۆپۈككى بەزىدە ھەتتا تەرەققىي قىلىپ ئۇرۇشمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. يەكەن شەھىرىنىڭ ئورنى شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە جايلاشقانىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئىلگىرى بۇ يەردە مۇنداق بىر مۆجىزە يۈز بەرگەن: بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك، ئەينى زاماندا تەختتە ئولتۇرغان خاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى چاغاتاي خرىستىئان دىنىغا كىرگەنىكەن. يەرلىك خرىستىئانلار بۇ ئىشتىن بەك خۇش بوپتۇ - دە، شاھزادە چاغاتاينىڭ ياردىمى ۋە قوغدىشى ئاستىدا، سانت يۇھاننى خاتىرىلەيدىغان (St john thl Baptist) بىر چېركاۋ (ئىبادەتخانا) سالدۇرۇپتۇ.

بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئېلىپىس شەكىلدە

بولۇپ، قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى چېركاۋنىڭ مەركىزىدىكى بىر دۈگىلەك تۈۋرۈك ئۈستىگە چۈشىدىكەن. لېكىن بۇ دۈگىلەك تۈۋرۈكنىڭ تېگىگە چاسا شەكىللىك بىر دانە چوڭ تاش قويۇشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۇلار شاھزادىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىدىن مۇشۇ چاسا تاشنى يۆتكەپ كېلىپ چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان دۈگىلەك تۈۋرۈكنىڭ تېگىگە قويۇپتۇ. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار چاغاتاينىڭ ھوقۇقىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئەمما چاغاتاي ئۆلۈپ ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە تەختكە چىققان يېڭى پادىشاھ ــ چاغاتاينىڭ ئوغلى خرىستىئان دىنىغا ئىشەنمەيدىكەن. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار يېڭى پادىشاھتىن خرىستىئانلار يۆتكەپ كەتكەن ھېلىقى چاسا شەكىللىك چوڭ تاشنى قايتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق ئېلىۋاپتۇ. خرىستىئانلار نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ زىياننى تۆلەپ بېرىدىغان بوپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېلىقى چاسا تاشنى قايتۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئۈمىدىنى مۇسۇلمانلار قەتئىي رەت قىپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتى بۇ ئەمەس، بەلكى ھېلىقى چوڭ تاشنى قايتۇرۇپ كېلىپ خرىستىئانلارنىڭ چېركاۋىنى ئۆرۈپ تاشلاش ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، خرىستىئانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تازا بېشى قېتىپ بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلار پەقەت ئاچچىق ھەسرەت بىلەن يىغى ـ زار قىلىپ، ئۆز ئەۋلىياسى سانت يوھاننىڭ بىرەر كارامەت

كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى بۇ قايغۇ ـ ئەلەمدىن قۇتقۇزۇشىنى تىلەش بىلەنلا ئاۋارە ئىكەن. ئاخىر ھېلىقى تۈۋرۈك ئاستىغا قويۇلغان تاشنى قېلىتۇرۇپ بىرىنىڭ قەرەلى توشۇپتۇ. ئەمما دەل شۇ پەيتتە بىر مۆجىزە پەيدا بوپتۇ. سانت يۇھاننىڭ كارامەت كۆرسىتىشى بىلەن، چىركاۋنىڭ دۈگىلەك تۈۋرۈكى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ چاسا تاشتىن ئۈچ غېرىچ ئېگىز ئۆرلەپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى چوڭ چاسا تاش ئىنساننىلا چىقىرىۋالغۇدەك ھالەتكە كەپتۇ. لېكىن ھېلىقى يوغان تۈۋرۈك ئۆزىگە تى رەك بولۇپ تۇرغان چاسا تاشتىن ئايرىلىپ، ئادەتتىكى قائىدە بويىچە چىركاۋنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولى دىغان ئەھۋالغا كەپتۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماپتۇ. چوڭ تۈۋرۈك گەرچە ئۆزىگە تىرەك بولۇپ تۇرغان ئۇل تاشتىن ئايرىلغىنى بىلەنمۇ بوشلۇقتا مۇئەللەق تۇرغان پېتى پۈتكۈل چىركاۋنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاۋۋالقىدەكلا كۆتۈرۈپ مەزمۇت تۇرىۋەرگەچكە چىركاۋغا قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان بىرەر تەسىر كۆرسەتمەپتۇ. بۇ مۆ جىزە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

بۇ يەردە بىز بۇ ئىشنى تونۇشتۇرۇپ نۇرغۇن توخ تالدۇق. ئەمدى يەكەن پادىشاھلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

### يەكەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاھالىسى گىرىپتار بولغان پۇت ئىششىقى كېسەللىكى ۋە كەڭ تارقالغان پوقاق كېسەللىكى

بۇ جايدىن ئايرىلىپ يەكەن پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا قەدەم قويىدۇق. بۇ يەرنىڭ چوڭلۇقى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىكەن. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئاز بىر قىسمى نېستورىيان مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلار ئىكەن. ئۇلار ئۇلۇغ خانغا ئولپان تۆلەيدىكەن. بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى مول بولغاچقا، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. بۇ يەردىن پاختا كۆپ چىقىدىكەن.

ئاھالىسى پۈتۈنلەي ھۈنەرگە ماھىر، قولى ئەپچىل ئۇستىلار ئىكەن. بۇ يەردە بىر خىل پۇت ئىششىقى ۋە پوقاق كېسەللىكلىرى كەڭ تارقالغانىكەن. بۇنىڭغا ئۇلار ئىچىدىغان سۇنىڭ بەك پاكىسىزلىقى سەۋەب بوپتۇ. بۇ دۆلەتتە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللاردىن باشقا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك باشقا شەيئىلەرنى ئۇچراتمىدۇق.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

### ماددىي مەھسۇلاتلىرى مول بولغان خوتەن شەھىرى

شەرقىي شىمال بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىلسىلا خوتەن (Kotan، Khotan) ئۆلكىسىگە

يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يەر مەيدانى سەك-
كىز كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىغان بولۇپ،
ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرىدۇ. خەلقى ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئۆلكىدە نۇرغۇن شەھەر - راباتلار،
قەلئەلەر بار بولۇپ، خوتەن ئۇلارنىڭ مەركىزىدۇر. ئۆلكى-
نىڭ نامىمۇ خوتەن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان
ماددىي مەھسۇلاتلار ۋە خەلقىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەت-
لىكلىرى مول ھەم يېتەرلىك بولۇپ، پاختا، زىغىر، كەندىر،
ھەر خىل دانلىق ئاشلىقلار، ھاراق - شاراب ۋە باشقا نەرسىلەر
چىقىدۇ. ئاھالە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئۈزۈمزارلىقلار ۋە خىل-
مۇ خىل باغلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار سودا - سېتىقتا ۋە قول
ھۈنەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۇ-
رۇش قىلىشقا كۆنگەن جەڭچىلەر دەپ ھېسابلاشقا بولماي-
دۇ. تۆۋەندە بىز پېيىن ئۆلكىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

### پېيىن ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ دەريالىرىدىن چىقىدىغان خرۇستال ۋە سۈزۈك قاشتېشى، خەلقىنىڭ ئاجا- يىپ توي ئادەتلىرى

پېيىن (PEYN، Pein) نىڭ يەر مەيدانى بەش
كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك بولۇپ، ئۇ يەر شەرق
بىلەن شەرقىي شىمال ئارىلىقىدىكى يۆنىلىشكە جايلاشقان،
بۇ يەر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرىدۇ. بۇ يەرنىڭ سا-

باپ تۆگەتكۈسىز شەھەر - راباتلىرى ۋە قەلئە - قورغانلىرى بار. مەركىزى پىيىن دەپ ئاتىلىدۇ. بىر دەريا بۇ ئۆلكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريا قىنىدىكى قاشتېشىنىڭ زاپاس مىقدارى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن قارىشىدۇن ۋە ياسىپ① دەپ ئاتىلىدىغان قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ يەردىن خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەر تېپىلىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، يەنە پاختىمۇ چىقىدۇ.

ئاھالىسى سودا - تىجارەت ۋە قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ توي نىكاھ ئادەتلىرى باشقا جايلاردىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۆيلەنگەن ئەرلەر 20 كۈنگىچە ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۆيدە قالغان خوتۇنلىرى ئەگەر خالىسا، باشقا ئەرگە تېگىشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ، ئەرلەردىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ھوقۇق بولىدۇ. ئەرلەر باشقا يەردىن بۆلەك خوتۇن ئالالايدۇ. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن قەشقەر، خوتەن، پىيىن ۋە لوپ (LoP) چۆللۈكلىرى تۈركىستان زېمىنى ئىچىگە جايلاشقان. بىز ئەمدى ئۇلارغا ئۇلاشتۇرۇپ چەرچەن ئۆلكىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

### چەرچەن ئۆلكىسى ئاھالىسىنىڭ تاتار چېرىكلەر ئاپتىدىن قېچىپ چۆلگە مۈكۈۋالغانلىقى

چەرچەن ئۆلكىسى (CHARCHAN) مۇ تۈركىس-

① بۇلار — شۇ يەردىن چىقىدىغان قاشتېشىنىڭ ناملىرى. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تانىنىڭ بىر ئۆلكىسىدۇر، ئۇ شەرق بىلەن شەرقىي شىمال يۆنىلىشىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ يەر قەدىمكى زاماندا ئاۋات، مولچىلىق يەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما تاتارلارنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، چۆلدەرەپ قالغان. خەلقى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلار بولۇپ، چەرچەن بولسا مەزكۇر ئۆلكىنىڭ مەركىزىدۇر. ئۇنىڭدىكى بىرقانچە دەريادىنمۇ قاشتېشى ۋە سۈزۈك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ قاشتاشلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھايىتى كۆپ مىقداردا قارا قىتان يېرىگە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. ئۇ — مۇشۇ ئۆلكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېكسپورت بۇيۇمى. پېيىن ئۆلكىسى بىلەن چەرچەن ئۆلكىسىنىڭ ئارىلىقىغا چوڭ بىر چۆللۈك جايلاشقان. بۇ چۆللۈكنىڭ ئايرىم بىرقانچە يېرىدە سۈزۈك بولاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ سۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئاچچىق. تاتار لەشكەرلىرى بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولۇپ قالغاندا، ئاھالە ئەگەر ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتسە، لەشكەرلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ ھەممە مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ؛ ئەگەر دوستلۇق كۆرسەتسە، مال - چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، بۇغۇزلاپ يەپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا ئاھالە بىرەر لەشكەرنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، مەيلى ئۇلارنىڭ قانداق لەشكەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاھالە دەرھال بىر - بىرىنى يېتىلەپ مال - چارۋىلىرىنى ھەيدىگەن پېتى بۇ يەردىن ئارىلىقى ئىككى كۈنلۈك كېلىدىغان چۆللۈكنىڭ ئىچىگە قېچىپ بېرىپ، بىرەر سۈزۈك سۇ تېپىلىدىغان يەرنى ماكان قىلىدۇ - دە، ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى

ئەشكەر ئاپتىدىن قاچۇرىدۇ. شۇنىڭدەك قېچىپ - پىتىراپ يۈرگەن چېرىكلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، يەردىن ئالغان ئاشلىقلىرىنىڭ بىر ئايلىق ئوزۇقىغا يەتكۈدەك قىسمىدىن باشقا ھەممىسىنى چۆللۈكنىڭ ئىچىدىكى گەملەرگە يوشۇرىدۇ. ئاشلىق يوشۇرۇلغان جاينى ئۆز ئادەملىرىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىگە ھەرگىز بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئاشلىقلارنى يات ئادەملەرمۇ زادىلا تاپالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن يەرلەرنى شامال - بوران ئۇزاققا قالماي كۆمۈۋېتىدۇ.

چەرچەندىن چىقىپ، شارائىتى بەكمۇ ناچار بىر چۆللۈكنى بەش كۈن يول مېڭىپ بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما ھەممە يەرنىڭ سۈيى ئىچكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىق بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ يەردە بۇلاردىن باشقا ئەھمىيەت بەرگۈدەك ھېچبىر ئىشمۇ يوق. بەشىنچى كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى رابات — لوپقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

### لوپ راباتى، ئۇنىڭغا يانداشقان كەڭ چۆللۈك، چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان غەلىتە ئاۋازلار

لوپ (Lop) راباتى شەرقىي شىمال تەرەپتە، لوپ چۆللۈكىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان. ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا تەۋە بولۇپ، ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلى-

نى. بۇ قۇملۇق چۆلدىن ئۆتكەنلىكى كارۋانلار ئومۇمەن
مۇشۇ لوپ راباتىدا بىر مەزگىل يېتىپ دەم ئالىدۇ. ئۇلار
بۇ يەردە بىرئاز ۋاقىت دەم ئالغاچ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ
ھەم بۇ يەردە كەلگۈسى سەپەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسە-
كېرەكلىرىنى تەييارلىۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇق-
تۈلۈكى ۋە ماللىرىنى كۈچلۈك ئېشەك ياكى تۆگە يالىلاپ
توشۇيدۇ. ئەگەر بۇ ئۇلاغلار يول ئۈستىدە كۈچ - قۇۋۋىتى-
دىن قېلىپ داۋاملىق ماڭالمىسا كارۋانلار ئۇلاغلارنى سو-
يۇپ يەيدۇ. ئەمما بۇ يەرلەردە تۆگە ئىشلىتىدىغانلار كۆپ-
رەك، ئېشەك ئىشلىتىدىغانلار ئازراق. چۈنكى تۆگە ئېغىر-
راق يۈك كۆتۈرىدۇ، ئوزۇقنى ئازراق ھەم تېجەشلىك،
مەنپەئەتلىك بولىدۇ.

بۇ چوڭ چۆللۈكتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ساپساق بىر
ئايلىق ئوزۇق تەييارلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ
ئەڭ قىسقا چۆللۈكتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان
ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملىك ۋاقىت. ئەگەر چۆللۈكنىڭ ئەڭ كەڭ
يېرىدىن ئۆتمەكچى بولسىڭىز، بۇ زادىلا مۇمكىن بولمايدى-
غان ئىش. چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن كەم دېگەندە بىر يىل
ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنچىۋالا ئۇزاق ۋاقىتقا يەتكۈدەك ئوزۇقنى
قاچىلاپ توشۇپ مېڭىش ھەقىقەتەن قىيىن. بۇ 30 كۈنلۈك
يولدا پۈتۈنلەي قۇملۇق چۆل ۋە قىلچە ئوت - گىياھ ئۈنـ-
مەيدىغان تاغلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما شۇنىسى
ياخشىكى ھەرئاخشىمى چۈشكۈن قىلىنىدىغان جايلاردىن كۆپ
بولمىسىمۇ ھەرھالدا سۇ تېپىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەنمۇ بىرەر
يۈزچە ئادەمنىڭ ۋە ئۇلار ئېلىپ ماڭغان ئات - ئۇلاغلار-

نىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچ كۈنلۈك چۈشكۈنىنىڭ سۈيى ئېغىزغا ئالغۇسىز دەرىجىدە ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن قالمىش 20 نەچچە كۈنلۈك چۈشكۈندە ئىچكىلى بولىدىغان تاتلىق سۇ تېپىلىدۇ. بۇ ئەتراپتا ياۋايى هايۋانلار ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى بۇ يەرلەردە ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى باققۇدەك ئوزۇق تېپىلمايدۇ.

بۇ چۆللۈك — رەزىل جىن — ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى. ئۇلار يولۇچى كارۋانلارنى ئەخمەق قىلىدۇ. كىشىلەرنى بىر خىل خام خىيالغا گىرىپتار قىلىپ هالاكەت ئورىسىغا ئىتتىرىۋېتىدۇ. بۇ — هەممەيلەن بىلىدىغان پاكىت. بەزى كارۋانلار كۈندۈزى ئۇزاقراق ئۇخلاپ قالغان ياكى باشقا ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ قالغانلىقتىن سەپەردىن كېيىن قالىدۇ-دە، بۇ چاغدا تۆگىلىك كارۋانلار ئاللىقاچان قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يىراققا كېتىپ قالغان بولىدۇ. كېيىن قالغانلار بۇ چاغدا ئاۋازى تونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتاپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئەگەر بۇنى ئۆز هەمراهىنىڭ ئاۋازى دەپ بىلىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ كېتىۋەرسە، جەزمەن يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ-دە، قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. كېچىسى بولسا، ئۇلار يەنە گويا چوڭ بىر توپ كارۋان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر-بىرىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ كېتىۋاتقاندەك ياكى هەمراهلىرىنىڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقىنىدەك بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ تاڭ ئاتقاندىلا ئۆزىنىڭ چوڭ يولدىن ئېزىپ خەتەرلىك ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ. بۇ جىن-ئەرۋاهلار بەزى كۈنلىرى كۈندۈزى خۇددى يولۇچىلارنىڭ ئوبرازىغا كىرىپ يولۇچىلارنىڭ نامىنى چاقىرىدۇ هەم ئۇلارنى

چوڭ يولدىن ئازدۇرىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بەزىلەر مۇشۇ چۆل-
لۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا قارشى تەرەپتىن بىر توپ
قوراللىق ئادەم كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ
ھۇجۇمى ياكى بۇلاڭ - تالىڭىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن دەر-
ھال يول چېتىگە يوشۇرۇنىدۇ. ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسىدە
ئۇلار كېتىۋاتقان يۆنىلىشىنى يوقىتىپ يولدىن ئېزىپ كېتى-
دۇ - دە، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىن قىينىلىپ ئۆلۈپ
كېتىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ جىن - ئەر-
ۋاھلار بەزىدە ئاسماندا تۇرۇپ داقا - دۇمباق چالىدۇ
ياكى تارلىق چالغۇلار بىلەن نەغمە - ناۋا قىلىدۇ، بەزى-
دە قاراس - قۇرۇس قىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى، ئادەملەر
ۋارقىرىغان، ئاتلار كىشنىگەن ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىدۇ. بۇ چاغ-
دا كارۋانلار ئۆز توپىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ دەرھال
چوڭ بىر توپ بولۇپ يولغا چۈشىدۇ. يولۇچىلار كېچىسى
ئۇيقۇغا كېتىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشى،
ئەتىسى ماڭىدىغان يولىدىن ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئەتى-
سى ماڭىدىغان يولىنى بەلگە قاداپ بەلگىلىۋېلىشى لازىم.
شۇنىڭدەك ئات - ئۇلاغلارنى يىغىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن،
ھەربىر ئۇلاغقا بىردىن قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇشى كېرەك.
مانا بۇلار مۇشۇ چۆللۈكتىن ئۆتۈشتە جەزمەن دۇچ كېلىدى-
غان ئاۋارىچىلىك ۋە خەۋپ - خەتەرلەردۇر①.

① شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كارۋانلار بۇ چۆل (قۇملۇق) بىلەن
مېڭىشتىن ئۆزىنى تارتتى. چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى ئادەملەر جىن - ئەر-
ۋاھلارنىڭ چۆل ئىچىدە كاشىلا تۇغدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇنىڭدىن
ئەجەبلىنىش ھاجەتسىز. داقا - دۇمباق ۋە ساز نەغمىلىرىنىڭ ئاۋازىغا كەل-
سەك بۇنداق ئاۋازلار بوراننىڭ قۇملارنى ئۇچۇرۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. —
ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن

# قىرىقىنچى باب

## تاڭغۇت ئۆلكىسى، شاجۇ شەھىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر، دىنىي مۇراسىمى

بىز قۇملۇقتىكى بىر ئايلىق سەپەرنى مىڭ تەستە بېسىپ تۈگىتىپ، ئاخىر شاجۇ (Sachion، sachiu دۇڭخۇاڭ) دېيىپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنى ئىچىدە بولۇپ، ئۆلكە نامى تاڭغۇت (Tanguth) دەپ ئاتىلىدىكەن. خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى تۈركمەنلەر ئىكەن، ئۇلار ئىچىدە نېستورىئان مەزھىپىدىكى ئاز سانلىق خرىستىئانلار ھەمدە مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىكەن. ھېلىقى بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار سودا تىجارەت قىلماي، دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، بۇ يەردىن بۇغداي جىق چىقىدىكەن.

بۇ يەردىكى بارلىق بۇتخانىلاردا بۇددىستلار چوقۇنىدىغان خىلمۇخىل بۇتلار بار ئىكەن. ئۇلار بۇ بۇتلارغا ناھايىتى ئىخلاسمەن بولۇپ، ھەمىشە مال - چارۋا نەزىر قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە، بىرەر بۇتنى مۇشۇ ئوغۇلنىڭ ھامىيسى قىلىشنى شەرت ئىكەن. ئوغۇلنىڭ دادىسى ئوغۇلنىڭ ھامىيسى بولغۇچى بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆيىدە بىر قوينى ياخشى ئاسراپ باقىدىكەن. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئوغۇل يېشىغا تولغان كۈن دەل ھېلىقى بۇتقا ئالاھىدە نەزىر قىلىدىغان كۈن ھېسـ

سابىلىنىدىكەن. شۇڭا ئوغۇلنىڭ دادىسى ھېلىقى ئوغۇل بىلەن قوينى بۇتىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، قوينى شۇ يەردىلا بۇتقا نەزىر قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىدىكەن، ئۇلار قوينىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ بۇتىنىڭ ئالدىغا تىزىپ نەزىر قىلغاچ، ئۇزاققىچە بۇتقا چوقۇنىدىكەن. ئۇلار چوقۇنۇش جەريانىدا بۇت ھېلىقى قوي گۆشىنىڭ پۇرىقىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق نەزىر قىلىشتىن مەقسىتى ھامىي بولغۇچى بۇتنىڭ بۇ ئوغۇلنى ھېچقانداق كېسەلگە گىرىپتار قىلماي ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان قىلىشىنى تەلەپ قىلىش ئىكەن. نەزىر - تىلاۋەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ دادىسى نەزىر قىلىنغان ھېلىقى قوي گۆشىنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنى مېھمان قىلىدىكەن. ئۇلار ھەممىسى تەقۋادارلىق ھەم خۇشاللىق بىلەن ئولتۇرۇپ قوي گۆشىگە تويغۇچە ئېغىز تېگىدىكەن. ئاخىر ئېشىپ قالغان ئۇستىخانلارنى يىغىپ ئېسىل قاچىغا سېلىپ ساقلايدىكەن. بۇتقا قارايدىغان كاھىنلارغىمۇ قوينىڭ كاللا - پاقالچاقلىرى، ئۈچەي - قېرىنى ۋە تېرىسىدەك نەرسىلەردىن بىر كىشىلىك ھەسسە تېگىدىكەن.

بۇ بۇددىستلار ئۆلگەن ئادەمنى ئالاھىدە بىر خىل دەپنە مۇراسىمى بىلەن ئۇزىتىدىكەن. نوپۇزلۇق بىرەر كىشى ئۆلسە، ئۇنى دەپنە قىلىش ۋاقتىدا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يۇلتۇز كۆزىتىدىغان مۇنەججىملەرنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى - سائىتىنى بىلىۋالىدىكەن. مۇنەججىملەر ئۆزلىرى كۆزەتكەن يۇلتۇزلارنىڭ

ئاسماندىكى ئورنىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئورنى ياكى ئالامەت-
لىرىنى بەلگىلەيدىكەن يەنى مەرھۇمنىڭ دۇنياغا كېلىش
ۋاقتىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن
مەرھۇمنىڭ دەپنە قىلىنىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلەيدىكەن.
ئەگەر بۇ چاغدا ئۇ يۇلتۇزلار ئاسمانغا چىقمىغان بولسا،
مۇنەججىملەر مېيىتنى دەپنە قىلماي بىر ھەپتە ياكى بىر
ھەپتىدىن ئوشۇق ۋاقىت توختىتىشنى تەلەپ قىلىدىكەن.
بەزىدە ھەتتا يېرىم يىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن دەپنە قىلىشقا
توغرا كېلىدىكەن. مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى بالايى-
ئاپەتتىن قېچىپ، ساۋابلىق كۆنگە ئېرىشىپ بولۇش ئۈچۈن،
مۇنەججىملەر تاللىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىگۈچە مېيىتنى
ھەرگىز دەپنە قىلمايدىكەن.

مۇشۇ سەۋەبلەر يۈزىسىدىن مەرھۇمنىڭ جەسىتى ئۇ-
زاققىچە دەپنە قىلىنماي ئۆيدە تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلى-
دىكەن. جەسەتنى سېسىتماسلىق ئۈچۈن مېيىتكە قېلىنلىقى
10 سانتىمېتر كېلىدىغان تاختايلار بىلەن تىك تۆتبۇلۇڭ
شەكىللىك ناھايىتى پۇختا چوڭ بىر ساندۇق ياسىتىدى-
كەن ۋە ساندۇقنىڭ سىرتى سىرلىنىدىكەن. تاختايلارنىڭ
يوچۇقلىرى ئاسفالت ۋە ھاك ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان
مەلھەم بىلەن پۇختا ئېتىلىدىكەن. ئاندىن مەرھۇمنىڭ جە-
سىتى تاۋار - دۇردۇنغا ئورىلىپ ساندۇققا سېلىنىپ نۇر-
غۇن مىقداردا مەستىكى، سەندەل جەۋھىرى قاتارلىق ئىسىل
خۇش پۇراق بۇيۇملار چېچىلىدىكەن. بۇ جەسەت ئۆيدە تۇر-
غان مەزگىلدە ساندۇق ئالدىدىكى شىرەگە ھەر كۈنى ئۇن
تائامىقى، هاراق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى تىزىپ تەخمىنەن

بىرۋاقلىق تاماق يېيىلىپ بولغۇدەك ۋاقىتقىچە تۇرغۇزۇلۇشى شۇنىڭ بىلەن، مەرھۇمنى ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن غىزا - تائام يۇرىقىنى يۇراپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى شەرت ئىكەن. ھېلىقى مۇنەججىملەر مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرىغا بەزىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش نەتىجىسىنى ئېيتقاچ، مەرھۇمنىڭ جەسىتىنىڭ تۇغقانلىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، جەسەتنى دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقماي يان ئىشىكتىن، بەزىدە ھەتتا تېشىلگەن تامدىن ئېلىپ چىقىش لازىملىقىنى تاپىلايدىكەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇنداق قىلىنمىسا، مەرھۇمنىڭ روھى غەزەپلىنىپ چاتاق چىقىرارمىش، ئۆي - ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلارمىش.

شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈك ئۆزىتىلگان ئۆيدە بىرەر بەختىسىزلىك يۈز بەرسە، ياكى ئۆيدىكىلەردىن بىرى كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسىگە ئۇچرىسا ۋە ياكى مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىسا ياكى قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسە، مۇنەججىملەر بۇنى دەپنە مۇراسىمىغا دۆڭگەپ، دەپنە مۇراسىمى مەرھۇم تۇغۇلغان چاغدىكى يۇلتۇز كۆتۈرۈلمىگەن چاغقا توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن مۇشۇ بالايىئاپەتلەر يۈز بەردى دەۋالىدىكەن، يا بولمىسا، بۇ ئەسلىدە جەسەتنىڭ مۇۋاپىق يەردىن ئېلىپ چىقىلمىغانلىقىدىن بولدى، دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسىتىدىكەن.

دەپنە مۇراسىملىرى ئومۇمەن شەھەر سىرتىدا ئۆتكۈزۈلۈپ، مېيىت ئوتتا كۆيدۈرۈلىدىكەن. جەسەتنى شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ زاراتگاھلىقتا بارغۇچە ئارىلىقتىكى يول ئۈستىدىكى مەلۇم ئارىلىقتا جەسەتنى ۋاقىتىنچە توختى-

تىش ئۈچۈن، يەنە بىرتال تۇۋرۇك كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان
لاپاس ئۆي ياساپ سىرتىنى رەڭدار تاۋارلار بىلەن بېزەش
شەرت ئىكەن. جەسەت بۇ لاپاسلاردا قانچىلىك تۇرغۇزۇلۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە يېمەك - ئىچمەك ۋە ھا-
راق تىزىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇن-
داق قىلىنسا، مەرھۇمنىڭ روھى دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى
چىقىرىۋالىدىكەن - دە، جامائەتكە ئەگىشىپ ئىلگىرىلىيەلەي-
مىش. شۇنىڭدەك، دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جەريانى-
دا، يەنە مۇنداق بىر خىل ئۆرپ - ئادەتمۇ بار ئىكەن:
مەلۇم بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقىدىن مەرھۇم ئۈچۈن
كۆپلەپ ئەر - ئايال خىزمەتكار ۋە ئات - تۆگىلەر، پۇللار
ۋە كېيىم - كېچەكلەرنىڭ سۈرىتى ياسىلىپ، جەسەت بىلەن
بىرلىكتە كۆيدۈرۈلىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەرھۇم
ئاخىرەتتە ھېلىقى سۈرىتى سىزىلغان ئادەملەر ۋە نەرسە
كېرەكلەردىن بەھرىمەن بولارمىش. دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈ-
زۈلۈۋاتقاندا، بارلىق داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلار تەڭ
ئېشقا سېلىنغانلىقتىن، گۈلدۈرقاراس ئاۋازلار قۇلاقنى گاس
قىلىۋېتىدۇ.

بىز بۇ شەھەر ھەققىدە ئەنە شۇلارنىلا تونۇشتۇرىمىز.
ئالدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئورنى غەربىي شىمالغا ۋە
چۆللۈكنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان باشقا شەھەرلەرنى
بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

خاننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى
ۋە مۇستەھكەم قەلئەلىرى بولۇپ، ئاھالىسى ئۈچ خىل دىنغا
ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاز بىر قىسىم ئاھالىسى نېستورىئان مەزھىپى-
دىكى خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدۇ، ئىككىنچى بىر قىسمى
مۇسۇلمانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى بۇددىستلار.
بۇ يەردە بىر چوڭ تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆمۈر، سى-
نىك ۋە سۈرمە چىقىدۇ.

ئۇ يەردىن ئوتتىن ساقلاش رولىغا ئىگە بولغان بىر
خىل تاش (ئاسبېست) پاختا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن تو-
قۇلغان رەختنى ئوتقا تاشلىسىمۇ كۆيمەيدۇ. بىزنىڭ كورفىكار
(Kurfıcar) دېگەن ھەمراھىمىز زېرەك تۈركمەن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى
بۇ جايدا ئۈچ يىلغىچە كان ئاچقۇچىلارنىڭ ئۈستىدىكى بولغان-
كەن. مەن ئۇنىڭدىن تاشپاختىدىن رەخت ئىشلەشنىڭ ئۇسۇ-
لىنى بىلىۋالدىم. تاغدىن شەكلى قوي يۇڭىغا ئوخشاشمايـ-
دىغان، ئەمما يىپقا بەكرەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر
خىل خام ئەشيا — تاش قېزىۋېلىنىدىكەن. بۇ تاش
ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن مىس ھاۋانچىدا يانچىلىدى-
كەن ئاندىن ئۇنىڭ سۇدا يۇيۇلۇپ چاڭ - توپىسى تازى-
لانغان تالاسىدىن يىپ ئېگىرىلىپ، ئاندىن رەخت توقۇلى-
دىكەن. ئەگەر بۇ توقۇلمىنى تېخىمۇ ئاقارتىشقا
توغرا كەلسە، ئوتقا سېلىپ ئالاھىدە كۆيدۈرۈلسىلا بولىدى-
كەن. بۇ رەخت ئوتتا قىلچە كۆيۈپ زەخىملەنمەستىن،
بەلكى تېخىمۇ ئاقىرىپ پارقىراپ كېتىدىكەن. ئۇ كىر بو-
لۇپ قالسا، ئوتقا سېلىپ چايقىۋېتىلسىلا دەرھال ئاقىرىپ،
ئەسلىدىكى ئاقلىقىغا قايتىدىكەن.

خاننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى ۋە مۇستەھكەم قەلئەلىرى بولۇپ، ئاھالىسى ئۈچ خىل دىنغا ئىشىنىدۇ. ئاز بىر قىسىم ئاھالىسى نېستورىئان مەزھىپىدىكى خىرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدۇ، ئىككىنچى بىر قىسمى مۇسۇلمانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى بۇددىستلار. بۇ يەردە بىر چوڭ تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆمۈر، سىنىك ۋە سۈرمە چىقىدۇ.

ئۇ يەردىن ئوتتىن ساقلاش رولىغا ئىگە بولغان بىر خىل تاش (ئاسبىست) پاختا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن توقۇلغان رەختنى ئوتقا تاشلىسىمۇ كۆيمەيدۇ. بىزنىڭ كورفىكار (Kurfıcar) دېگەن ھەمراھىمىز زېرەك تۈركمەن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى بۇ جايدا ئۈچ يىلغىچە كان ئاچقۇچىلارنىڭ ئۈستىسى بولغانىكەن. مەن ئۇنىڭدىن تاشپاختىدىن رەخت ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىۋالدىم. تاغدىن شەكلى قوي يۇڭىغا ئوخشاشمايدىغان، ئەمما يىپقا بەكرەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل خام ئەشيا — تاش قېزىۋېلىنىدىكەن. بۇ تاش ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن مىس ھاۋانچىدا يانجىلىدىكەن ئاندىن ئۇنىڭ سۇدا يۇيۇلۇپ چاڭ - توپىسى تازىلانغان تالاسىدىن يىپ ئېگىرىلىپ، ئاندىن رەخت توقۇلىدىكەن. ئەگەر بۇ توقۇلمىنى تېخىمۇ ئاقارتىشقا توغرا كەلسە، ئوتقا سېلىپ ئالاھىدە كۆيدۈرۈلسىلا بولىدىكەن. بۇ رەخت ئوتتا قىلچە كۆيۈپ زەخىملەنمەستىن، بەلكى تېخىمۇ ئاقىرىپ پارقىراپ كېتىدىكەن. ئۇ كىر بولۇپ قالسا، ئوتقا سېلىپ چايقىۋېتىلسىلا دەرھال ئاقىرىپ، ئەسلىدىكى ئاقلىقىغا قايتىدىكەن.

## قىرىق بىرىنچى باب

### قۇمۇل رايونى

قۇمۇل رايونى (KAMUL) تاڭغۇت ئۆلكىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرىدۇ. بۇ رايوننىڭ نۇرغۇن شەھەر – راباتلىرى ۋە قەلئە – قورغانلىرى بار بولۇپ، مەركەز شەھىرى - قۇمۇل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ رايون يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن چوڭ چۆللۈك بىلەن دائىرىسى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولغان يەنە بىر چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يەر مەيدانى پەقەت ئۈچ كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىكلا كېلىدۇ. ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى بۇددىستلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇ يەردىن مېۋە – چېۋە كۆپ چىقىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قامدايدىغان ئاساسىي ئوزۇقىدۇر، ئۇ يەنە بۇ يەرگە كېلىپ كېتىۋاتقان كارۋانلارنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

## قىرىق ئىككىنچى باب

### چىنچىتالاس شەھىرى

قۇمۇلغا قوشنا ناھىيە چىنچىتالاس شەھىرى (Chinchitalas) بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى چوڭ بىر چۆللۈككە تۇتىشىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدۇ. بۇ رايونمۇ ئۇلۇغ

خانىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى ۋە مۇستەھكەم قەلئەلىرى بولۇپ، ئاھالىسى ئۈچ خىل دىنغا ئىشىنىدۇ. ئاز بىر قىسىم ئاھالىسى نېستورىيان مەزھىپىدىكى خرىستىيان دىنىغا ئىشىنىدۇ، ئىككىنچى بىر قىسمى مۇسۇلمانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى بۇددىستلار. بۇ يەردە بىر چوڭ تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆمۈر، سىنىك ۋە سۇرمە چىقىدۇ.

ئۇ يەردىن ئوتتىن ساقلاش رولىغا ئىگە بولغان بىر خىل تاش (ئاسبېست) پاختا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن توقۇلغان رەختنى ئوتقا تاشلىسىمۇ كۆيمەيدۇ. بىزنىڭ كورفىكار (Kurficar) دېگەن ھەمراھىمىز بىر زېرەك تۈركمەن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى بۇ جايدا ئۈچ يىلغىچە كان ئاچقۇچىلارنىڭ ئۇستىسى بولغانىكەن. مەن ئۇنىڭدىن تاشپاختىدىن رەخت ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىۋالدىم. تاغدىن شەكلى قوي يۇڭىغا ئوخشاشمايدىغان، ئەمما يىپقا بەكرەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل خام ئەشيا — تاش قېزىۋېلىنىدىكەن. بۇ تاش ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن مىس ھاۋانچىدا يانجىلىدىكەن ئاندىن ئۇنىڭ سۇدا يۇيۇلۇپ چاڭ - توپىسى تازىلانغان تالاسىدىن يىپ ئېگىرىلىپ، ئاندىن رەخت توقۇلىدىكەن. ئەگەر بۇ توقۇلمىنى تېخىمۇ ئاقارتىشقا توغرا كەلسە، ئوتقا سېلىپ ئالاھىدە كۆيدۈرۈۋالسىلا بولىدىكەن. بۇ رەخت ئوتتا قىلچە كۆيۈپ زەخىملەنمەستىن، بەلكى تېخىمۇ ئاقىرىپ پارقىراپ كېتىدىكەن. ئۇ كىر بولۇپ قالسا، ئوتقا سېلىپ چايقىۋېتىلسىلا دەرھال ئاقىرىپ، ئەسلىدىكى ئاقلىقىغا قايتىدىكەن.

...رەۋشتا بىر خىل سەمەندەر ھەققىـ
...ھان، ئەمما بۇنداق سەمەندەرنى زا-
...تاگلىشىمچە، ئۇلۇغ خان پاپىغا ئەيسا
...سى سۇپىتىدە بىر لوڭگە تەقدىم قىل
...ە دەل مۇشۇ ماتېرىيالدىن توقۇلغانىكەن،
...غىچە رىمدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

## قىرىق ئۈچىنچى باب
## ...شەھىرى ۋە ئۇنىڭ دۇنيادا كەڭ سېتىلىۋاتقان رەۋىنى

...چىتالاس شەھىرىدىن ئايرىلغىنىمىزدىن كېيىن،
...شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ئون كۈن يۇرۇپ، ئاھا-
...الاك ۋە ھېچقانچە كۆزىتىشكە ئەرزىمەيدىغان بىر
...ن بېسىپ ئۆتۈپ سۇجۇ شەھىرى (SucciriSukchu
...ن) رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭمۇ نۇرغۇن
...ر - راباتلىرى ۋە قەلئە - قورغانلىرى بولۇپ، مەر-
...ىمۇ سۇجۇ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى
...ددىستلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىرتىدا، ئاز سانلىق خىرىس-
...ان دىنىغا ئىشىنىدىغان ئاھالىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ
...ھەممىسى ئۇلۇغ خانغا تەۋە پۇقرالار ئىكەن.
تاڭغۇت (Tanguth) ئۆلكىسى يۇقىرىدىكى ئۈچ د...
...يوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.
سۇجۇنىڭ يېرى تاغلىق بولۇپ، بۇ تاغدىن
...ساپەتلىك بىر خىل رەۋەن چىقىدىكەن، باشقا يەرنىڭ

ھ
گۇشت
مېنجى
شىغا يىە
دا ١٣كى
لىك گۇت
ر لىلىگە تى
رىخلاپ
كىدىن بۇ
ەچكە ئى
پېيىرسەدىن
شى بىلەن
كېلىندىكە
كەن.
مۇسۇپ

ئىلگىرى مەن ئۇرۇشتا بىر خىل سەمەندەر ھەققى-
دىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان، ئەمما بۇنداق سەمەندەرنى زا-
دىلا كۆرمىگەنىدىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇلۇغ خان پاپىغا ئەيسا
پەيغەمبەرنىڭ لۆڭگىسى سۈپىتىدە بىر لۆڭگە تەقدىم قىل-
غانىكەن. بۇ لۆڭگە دەل مۇشۇ ماتېرىيالدىن توقۇلغانىكەن،
بۇ سوۋغات ھازىرغىچە رىمدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

## قىرىق ئۈچىنچى باب
## سۇجۇ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ دۇنيادا كەڭ سېتىلىۋاتقان رەۋىنى

چىنچىتالاس شەھىرىدىن ئايرىلغىنىمىزدىن كېيىن،
شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ئون كۈن يۈرۈپ، ئاھا-
لىسى شالاڭ ۋە ھېچقانچە كۆزىتىشكە ئەرزىمەيدىغان بىر
رايوننى بېسىپ ئۆتۈپ، سۇجۇ شەھىرى (SucciriSukchu
جۇچۈەن) رايونغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭمۇ نۇرغۇن
شەھەر - راباتلىرى ۋە قەلئە - قورغانلىرى بولۇپ، مەر-
كىزىمۇ سۇجۇ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى
بۇددىستلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىرتىدا، ئاز سانلىق خىرىس-
تىيان دىنىغا ئىشىنىدىغان ئاھالىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۇلۇغ خانغا تەۋە پۇقرالار ئىكەن.

تاڭغۇت (Tanguth) ئۆلكىسى يۇقىرىدىكى ئۈچ را-
يوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

سۇجۇنىڭ يېرى تاغلىق بولۇپ، بۇ تاغدىن ئەلا
سۈپەتلىك بىر خىل رەۋەن چىقىدىكەن. باشقا يەرنىڭ سو-

دىگەرلىرى مۇشۇ يەرنىڭ رەۋىنىنى سېتىۋالىدىكەن، ئاندىن ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. بۇ سودىگەر مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ يەرنىڭ تاغ يوللىرىدا مېڭىپ ئادەتلەنگەن ئات - ئۇلاغلارنى يالىۋالىدىكەن. باشقا يەرنىڭ ئۇلاغلىرى بۇ يەرنىڭ ئېگىز - پەس تاغلىرىدا ماڭالمايدىكەن. چۈنكى بۇ تاغلاردا بىر خىل زەھەرلىك ئوت ئۆسىدىغان بولۇپ ئۇلاغلار بىلمەستىن بۇ زەھەرلىك ئوتنى يەپ سالسا، ئۇلاغلارنىڭ تۆت پۇتى يىرىڭلاپ كېتىپ دەھشەتلىك ھالدا قىينىلىپ ئۆلىدىكەن. لېكىن بۇ يەرنىڭ ئۇلاغلىرى بۇ زەھەرلىك ئوتنى بىلگەچكە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن①. سۇجۇلۇقلار ئۆز يېرىدىن چىقىدىغان مېۋە - چېۋىلەر ۋە چارۋىلارنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئېتى قارا كېلىدىكەن. ئۇلارمۇ سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن. بۇ يەرنىڭ شەرت - شارائىتى كىشىلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىقكەن.

## قىرىق تۆتىنچى باب

### گەنجۇ شەھىرى، بۇتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، خەلقنىڭ قوللىنىدىغان كالېندارى، توي - نىكاھ ئادەتلىرى

گەنجۇ (جاڭيې) (Campichu) — تاڭغۇت ئۆلكىسى

① بارون ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىنىڭ «قىتان چۆللۈكلىرىدە قالغان ئىزلار» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ياخشى نەسىللىك ئېتى ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ۋە بۇ يەرنىڭ زەھەرلىك ئوتلىرىنى بايان قىلىدۇ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نىڭ مەركىزى شەھىرى. بۇ يەرنىڭ زېمىنى خېلى كەڭ. گەنجۇ شەھىرى پۈتۈن ئۆلكىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالغانىكەن. ئۇنىڭ كۆپچىلىك خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ يەردە يەنە ئايرىم-ئايرىم تۈردە خىرىستىئان دىنىغا ياكى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئاھالىمۇ بار ئىكەن. شەھەر ئىچىدە خىرىستىئان دىنىنىڭ كاتتا ئۈچ چېركاۋى بار ئىكەن. بۇددىستلار بولسا ئۆلكە بويىچە بارلىق بۇددىستلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزلەپ تېخىمۇ نۇرغۇن بۇتخانىلارنى سالدۇرۇپتۇ. بۇددىستلار چوقۇنىدىغان بۇتخانىلاردا نۇرغۇن بۇتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياغاچتىن ياسىلىپتۇ، تاشتىن ياسالغانلىرىمۇ بار ئىكەن. لېكىن بۇ بۇتلار گەۋدىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەنلىكتىن، پارقىراپ تۇرىدىكەن. ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نەقىشلەپ ئىشلەنگەن بۇ بۇتلار خىلمۇخىل قىياپەتتە بولۇپ، خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئون مېتر ئېگىزلىكتە، بەزىسى ناھايىتى كىچىك ياسالغان، بەزىسى ئولتۇرغان ۋە بەزىسى ئۆرە تۇرغان قىياپەتتە بولۇپ، كىچىكلىرى چوڭ بۇتلارنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۇرۇپ جىددىي تۇرىدىكەن. يەرلىك ئاھالە بۇ چوڭ - كىچىك بۇتلارغا ئىنتايىن چەكسىز ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئۆي - ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ زاھىدلىق يولىغا كىرگەن راھىبلار باشقا تەبىقىلەردىكى ئاھالىدىنمۇ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، گۆشسىز تاماق يەيدىكەن، ئاياللارغا يېقىن يولىمايدىكەن. يەرلىك ئاھالە تالاغا قاراپ ناتوغرا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى ئەخلاق - ئەردەمگە خىلاپ

جىنايى ھەرىكەت قىلغانلىق دەپ بىلىدىكەن. ئۇلار تۇرمۇشتا، ئەر - ئاياللارنىڭ ناتوغرا مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ئايالنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن بولغان بولسا قانۇن ئەپۇ قىلىدۇ، ئەرنىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولغان بولسا قانۇن يول قويمايدۇ، دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىدۇ.

يەرلىك ئاھالە قوللىنىدىغان كالېندار نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ كالېندارنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ھەر ئاينىڭ 4 -، 5 - ياكى 3 - كۈنلىرى بىرەر جانىۋار ئۆلتۈرۈپ قان قىلمايدۇ، گۆشمۇ، توخۇمۇ يېمەيدۇ، بۇ بىزنىڭ جۈمە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە بايرام كۈنلىرى ئەمەل قىلىدىغان ئادەتلىرىمىز بىلەن بىردەك كېلىدۇ.①

ئادەتتىكى كىشىلەر 2، 3 تىن خوتۇن ئېلىشقا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ خوتۇن ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ئەرنىڭ خوتۇن ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خوتۇنلار مول تويلۇقى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەرنىڭ تەئەللۇقاتىدىكى مال - چارۋا، قۇل - چۆرە ۋە پۇللارغا شېرىك بولىدۇ②. تۇنجى نىكاھلانغان خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى باشقا خوتۇنلارنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ. ئەر ئەگەر خوتۇن-

① شىزاڭدىكى بۇددا دىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② تويلۇقنى ئەر تەييارلىماي ئايال تەرەپ تەييارلايدىغان قائىدە ھەتتا ھازىرقى ھىندىستان ۋە پاكىستانلاردىمۇ بار — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نىڭ ساداقەتسىزلىكى ياكى قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان باشقا ئىشلىرىنى سېزىپ قالسا ياكى ئۇنىڭدىن زېرىكسە، بۇ خوتۇننى خالىغان چاغدا قويۇۋېتىدۇ. بۇ يەردە ئەرلەر بىر نەۋرە ھەمشىرىلىرى بىلەن نىكاھلىنىشمۇ بولۇۋېرىدۇ.

## قىرىق بەشىنچى باب

### ئېزىنا شەھىرى، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ تۈرلىرى، بۇ يەرنىڭ شىمالىدىكى چوڭلۇقى تەخمىنەن 40 كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىدەك كېلىدىغان قۇملۇق چۆل

بىز گەنجۇ شەھىرىدىن ئايرىلىپ، شىمالغا قاراپ 12 كۈن يۈرگىنىمىزدىن كېيىن، ئېزىنا (Ezina) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەر چۆللۈكنىڭ كىرىش ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ، تاڭغۇت ئۆلكىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىكەن. ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلار تۆگە قاتارلىق ھەر خىل ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدۇ. بۇ يەردىن لەئلى لاچىنى ۋە ئەلا سۈپەتلىك ساكار لاچىنى چىقىدۇ①.

① جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق ئۇچار قاناتلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى كۆزىتىشلەر ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان نۇرغۇن كىتابلار ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسىدە قىممەتلىك بىر دىئاگرامما بار بولۇپ، ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ قۇشقاچچىلىقى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان 140 نەچچە ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كارۋانلار بۇ شەھەرگە كەلگەندە، 40 كۈنلۈك ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىۋېلىشى لازىم. چۈنكى بۇ يەردىن ئىلگىرىلەپ ماڭغاندا يەنە بىر چوڭ قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تاغلاردا ۋە ئېقىنلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە يازلىقى ئاز سانلىق ئاھالە تۇرغىنى بىلەن باشقا پەسىللەردە ھېچكىم بۇ يەرگە ئاياغ باسمايدۇ. بۇ يەرنىڭ سۈيى مول، قارىغاي ئورمانلىرى قويۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ياۋايى ئېشەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ.

بۇ چۆلنى بېسىپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭ شىمالىدىكى قارا قۇرۇم دېيىلگەن (Karakoran) شەھەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

## قىرىق ئالتىنچى باب

### قارا قۇرۇم — تاتارلار ئەڭ دەسلەپ ماكان قىلغان جاي، تاتار خانلىقىنىڭ مەنبەسى

قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ دائىرىسى بەش كىلومېتىردەك كېلىدۇ. يىراق قەدىمكى زامانلاردا تاتارلار ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ يەرنى ماكان قىلغان. بۇ يەردە تاش تېپىلمايدىغان بولغاچقا، شەھەرنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تاملار بىلەن مۇستەھكەم ئىھاتە قىلىنغان. بۇ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان سېپىلنىڭ سەل نېرىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر قەلئە بار. قەلئەنىڭ ئىچىدە بەك پۈزۈر ياسالغان بىر ئىمارەت بار. بۇ — يەرلىك ۋالىينىڭ ئۆيى.

ئەمدى تاتار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى باش-تىن - ئاياغ تەپسىلي بايان قىلىشقا ئۆتىمىز. تاتارلار ئىلگىرى شىمالدا جورجىتلار (Chorchi) غا قوشنا بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ تۇراقلىق داكانى يوقكەن. شۇڭا ئۇلار شەھەر - رابات ۋە مۇداپىئە ئۈچۈن قەلئە - قور-غان ياساماي، كەڭ تۈزلەڭ دالىلار ۋە سۇيى - چۆپى مول ئوتلاقلارنى ماكان قىلىپ، كەڭ دەريا - ئېقىنلار ۋە يې-تەرلىك سۇغا ئىگە بولۇپ ياشاۋېرىپتۇ. ئۆز ئالدىغا ئاير-م پادىشاھى بولمىغاچقا، ئۇلار بىرەر كۈچلۈك پادىشاھلىقنىڭ پۇقراسى بولۇپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئۇلارنىڭ تىلىدا ۋاڭ - خان دېيىلىپ، بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئاقساقال يۇھان (Prester john) دېگەنده‌ك مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. تاتارلار ھەر يىلى بۇ خانغا ئۆز چارۋىلى-رىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئولپان قىلىپ تاپشۇرۇپ تۇرىدىكەن.

ئەمما بۇ قەبىلىنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى تېز كۆپىيىپتۇ. يەنى ئاقساقال يۇھان ئۇلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، ئۇلارنى بۆلۈپ - بۆلۈپ، پارچىلاپ ئىدارە قىلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاقساقال مۇشۇ تاتارلارنى بىرقانچە گۇرۇھقا بۆلۈپ، تەرەپ تەرەپكە تارقاق جايلاشتۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايون ئىچىدىكى بىرەر ئۆلكىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلسە، مۇشۇ تاتار قەبىلىلىرىدىكى ئاھالە ئىچىدە ھەر يۈز ئادەمدىن 3 - 4 ئادەمنى ئەسكەر قىلىپ ئەۋەتىپ توپىلاڭنى باستۇرىدىكەن ھەمدە مۇشۇ چارە بى-

لەن ھېلىقى ئۆلكىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇرۇپ بارىدىكەن. شۇنىڭدەك ھەم دېگەندىلا ئۇلارنى يىراق جايلارغا ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ تۇرىدىكەن. خان ئۆزىنىڭ يوقىرىقىدەك مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنى ھېلىقى بىر قىسىم ئاھالىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىدىكەن.

تاتارلار ئاخىر ۋاڭ خاننىڭ قەستى پەقەت ئۆزلىرىنى مەڭگۈ قۇل قىلىش ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ - دە، بىر قانچە قەبىلىلەر ئۆزئارا كېڭىشىپ، مۇستەھكەم بىر بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇپ، ۋاڭ خانغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدىغان بوپتۇ. ھەمدە ۋاڭ خان ئۆزلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا يوقاتماقچى بولغاندا، بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەسلىدىكى ماكانىدىن شىمالغا كۆچۈپتۇ. چوڭ بىر چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ، ۋاڭ خاندىن ناھايىتى يىراق بىر جاينى كۆزلەپ، تاكى بىخەتەر جايغا يېتىپ بارغۇچە يولدا توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار ۋاڭ خانغا ئولپان تاپشۇرماپتۇ، پۇقرامۇ بولماپتۇ.

## قىرىق يەتتىنچى باب

### تاتارلارنىڭ بىرىنچى خانى — چىڭگىزخان. چىڭگىزخاننىڭ ۋاڭ خاننى ئۇرۇشتا يېڭىپ، ئۇنىڭ دۆلەت زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى

تاتارلار يېڭى زېمىنغا كۆچۈپ كەلگەندىن ۋە ئۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى تەخمىنەن

1187-يىلى ئۆز ئالدىغا بىر پادىشاھ سايلىۋاپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ نامى چىڭگىزخان (Chinghiskaan) دەپ ئاتىلىدىكەن. چىڭگىزخان تەمبەل، ئەقىللىك، زېرەك ئادەم بولۇپ، سۆزمەن ئىكەن. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن غەيرەت-جاسارىتى بىلەن خېلى داڭق قازانغانىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى خىزمەتچى خادىملىرىغا كەڭ قول بولۇپ، ئادىل ۋە كەمتەر ئىكەن. خەلق ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى دېمەي، بەلكى باشلىقى دەپ بىلىدىكەن. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقى تەرەپ-تەرەپكە مەشھۇر بوپتۇ. شۇڭا بارلىق تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ قانچە يىراقتا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ يولىيورۇقلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

چىڭگىزخان ئۆزىنى شۇنچىۋالا ئۇرغۇن قەھرىمان خەلقنىڭ ھىمايە قىلغانلىقىنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ئەتراپىدا ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيدىغان ۋە ئادەم ياشىمايدىغان بۇنداق بىپايان چۆلنى تاشلاپ قول ئاستىدىكى خەلقنى ئوقيا ۋە ئۆزلىرى ئىشلىتىپ ماھىر بولۇپ كەتكەن باشقا قورال-ياراقلىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى باشلاپ بىر-بىر شەھەرلەرنى ۋە ئۆلكە-رايونلارنى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەرلەرنىڭ خوجايىنى بولۇش دېگەن قارانىيەتكە كەپتۇ. ئۇنىڭ جەسۇرلىقى ۋە دانالىقى، ئادالەتپەرۋەرلىكى، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلىتى، شان-شۆھرىتى پۈتۈن زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ مەيلى نەگە

يېتىپ بارمىسۇن، ئۇ يەرنىڭ خەلقى ئۇنى سەممىي ھىمايە قىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى دەپ بىلىپتۇ. چىڭگىزخان خەلقىنىڭ ئالقىشلىشى ۋە مەدەتكارلىقى ئارقىسىدا، توققۇز ئۆلكىنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. ئەينى زاماندا بۇ يەرلەرنى ياكى شۇ يەرلەرنىڭ خەلقى ئۆزى ئىدارە قىلىپ كەلگەن ياكى كىچىككىنە بىرەر پادىشاھ ئىدارە قىلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەنىكەن. بۇ كىچىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىرەر بىرلىككە كەلگەن كۈچ ياكى شۇ قەدەر دەھشەتلىك قۇدرەت ئىگىسىگە يالغۇز قارشى چىققۇدەك كۈچمۇ يوقكەن. بۇ ئەھۋاللارنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ بۇنچىلىك زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ھېچقانچە ئەجەبلەنگۈدەك بىر ئىش ئەمەسكەن. چىڭگىزخان بۇ جايلارنى بويسۇندۇرغىنىدىن كېيىن، دەرھال ئۆزىنىڭ مەنسەپدارلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇ جايلارنى ئىدارە قىپتۇ. ئۇ تەيىنلەپ ئەۋەتكەن مەنسەپدارلارمۇ بىرقەدەر ئادىل ۋە پاكلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە قىلچىلىك زىيان سالماپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىپ كۈچەيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ چوڭ قارا نىيەتكە كەپتۇ - دە، ئۆز كۈچىنى تېخىمۇ چەتكە قارىتىپ زېمىنىنى كېڭەيتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ چوڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىدە، ئاقساقال يۈھانغا يەنى

ۋاڭ خانغا① ئەلچى ئەۋەتىپ، يۇھاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن چىڭگىزخاننىڭ ئۆز ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئۈمىدى ئانچە چوڭ ئەمەسكەن، ئۇ، يۇھاننىڭ ئۆزىنىڭ ھېلىقى تەلىپىگە يول قويمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىكەن. ئاقساقال يۇھان يەنى ۋاڭ خان چىڭگىزخاننىڭ ھېلىقى تەلىپىنى ئاڭلاپلا قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ ۋە ئەلچىلەرنى ئەيىبلەپ: «چىڭگىزخان مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمدىكى بىر قۇل تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، مېنىڭ قىزىمنى خوتۇنلۇققا ئېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ سىلەر كۆزۈمدىن يوقۇلۇڭلار! ئۇنىڭغا ئېيتىڭلاركى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق خام خىياللاردا بولمىسۇن. ئەگەر ئۇ يەنىلا ھوشىنى تاپمىسا، مەن ئۇنى خار - زارلىقتا ئۆلتۈرىمەن!» دەپتۇ. ئەلچىلەر ھېلىقى جاۋابنى ئېلىپلا خاننىڭ پايتەختىدىن چىقىپ، كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ ئۆز خوجىسىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ — ۋاڭ خاننىڭ سۆزىنى چىڭگىزخانغا بىر - بىرلەپ تولۇق يەتكۈزۈپتۇ②.

① ئاپتور ئىتالىيىلىكلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئاقساقال يۇھان دېگەن نامنى بۇ يەردە پەقەت تاتارلارنىڭ چىڭگىزخانغا بويسۇنۇشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانى ۋاڭ خان دېگەن كۆچمە مەنىدىلا تەمسىل قىلىپ قوللانغان، ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەينى زاماندا جۇڭگودا ئاقساقال يۇھان دەيدىغان ھېچقانداق ھۆكۈمران بولغان ئەمەس. شۇڭا كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى بابلىرىدىمۇ ئۇچرايدىغان بۇ نامنى كىتابخانلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى كۆزلەپ، بۇ يەردە ئالدىنئالا ئىزاھلاپ ئۆتتۇق. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② بۇ ۋەقەلەر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، چۈشۈرۈپ قويماي، تولۇق تەرجىمە قىلىندى. — ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

## قىرىق سەككىزىنچى باب

### چىڭگىزخاننىڭ كۆچ توپلاپ ئاقساقال يۇھان (ۋاڭ خان) ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى

چىڭگىزخان ئەلچىلىرىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئاھايىتى غەزەپلەندى - دە، دەرھال كۆچ توپلاپ ۋە لەشكەرگە ئۆزى بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، دەبدەبىلىك ھالدا ئاقساقال يۇھان (ۋاڭ خان) نىڭ پايتەختىگە ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى. تيەندې (Tenduk) دېگەن ئۆزلەڭلىكتە بارگاھ قۇردى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقساقال يۇھانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇرۇشقا كىرىشىنى ئۇقتۇردى.

## قىرىق توققۇزىنچى باب

### ئاقساقال يۇھاننىڭ ئەسكەر باشلاپ جەڭگە كىرگەنلىكى

ئاقساقال يۇھانمۇ سىگنالنى ئاڭلاپلا دۈشمەن ئالدىغا ئۆزى ئەسكەر باشلاپ چىقتى. تيەندې (Tenduk) ئۆزلەڭلىكىگە كىرىپ، دۈشمەن بارگاھىدىن ئالتە كىلومېتىر نېرىدا بارگاھ قۇردى. جەڭنىڭ جىددىي پەيتىدە، چىڭگىزخان ئۆز يېنىدىكى باخشى ۋە مۇنەججىملەرنى غالىبىيەت

ياكى مەغلۇبىيەت ئۈستىدە ئالدىنئالا قۇرئى سالدۇرماقچى
بولۇپ، «ئىككى قوشۇندىن كىمنىڭ غەلىبە قازىنىدى-
غانلىقى ۋە كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
بېرىڭلار» دېدى. مۇنەججىملەر بىلەن باخشىلار ياپپىشىل
بىر تال قومۇش ئالغاچ كەلگەنىدى، ئۇلار قومۇشنى يېرىپ
ئىككى تال قىلدى ـ دە، بىر تال قومۇش ئۈستىگە چىڭگىز-
خاننىڭ نامىنى، يەنە بىر تال قومۇش ئۈستىگە دۈشمەن
بارگاھىدىكى ئاقساقال يۇھاننىڭ نامىنى يازدى ـ دە،
بۇ ئىككى تال قومۇشنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەلۇم
ئارىلىق قالدۇرۇپ يەرگە سانجىدى. ئاندىن چىڭگىزخانغا
بىز ئەپسۇن ئوقۇۋاتقىنىمىزدا بۇ ئىككى تال قومۇش تەڭ-
رىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار
ئۇچراشقاندا قايسى قومۇشنىڭ قايسى قومۇشنى بېسىپ
ئۆرۈۋەتكەنلىكىگە قاراپلا كىمنىڭ غالىپ كېلىدىغانلىقى،
كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ»
دەپتۇ.

چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا بارلىق قو-
شۇنىنى يىغىپ بۇ قۇرئى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇردى.
بۇ مۇنەججىملەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئايەتلىرىنى ئەپسۇن
قىلىپ ئوقۇشقا كىرىشكەن ھامان بۇ سورۇندىكى جامائەت
ھېلىقى ئىككى تال قومۇشنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقانلىقى
ۋە ئۆزلۈكىدىن بىر ـ بىرىگە جۈپلەشكەنلىكى، ئاندىن چىڭ-
گىزخاننىڭ نامى يېزىلغان قومۇشنىڭ يەنە بىر تال
قومۇشنى بېسىپ چۈشۈپ ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى كۆردى.

# ئەللىكىنچى باب

## چىڭگىزخان بىلەن ئاقساقال يۇھان ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئۈچ قوشۇنى مۇشۇ قورشىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ شاد ـ خۇراملىق تەنتەنىسى قىلدى. چىڭگىزخان دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئۈچ قوشۇن تەڭداشسىز غەيرەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاقساقال يۇھاننىڭ سېپىنى تىرىپىرەن قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىلدى ۋە يوقاتتى. ئاقساقال يۇھان ئۇرۇشتا ئۆلدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. مۇشۇ كاتتا ئۇرۇشتىن كېيىن، بۇ غالىبىيەت ئىگىسى ئالتە يىل ئىچىدە بىر مۇنچە خانلىقلارنى ۋە ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇرغۇن شەھەر ـ راباتلارنى كەينى ـ كەينىدىن بويسۇندۇردى. كېيىن، تەيجىن (جىجۇ Thaigin) نى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشىدا چىڭگىزخاننىڭ تىزى يارىلاندى ۋە ئۇ يارىسىنىڭ بەكمۇ ئېغىرلىقىدىن ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئالتاي (Altai) تېغىغا دەپنە قىلىندى.

# ئەللىك بىرىنچى باب

## تاتارلارنىڭ ئالتە تەخت ۋارىسى ۋە ئالتاي تېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە مۇراسىمى

چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كۈيۈك خان (GuyKaan) تەخت ۋارىسى بولدى. ئۈچىنچى قېتىمدا

باتۇخان (BatuyKaan)، تۆتىنچى قېتىمدا ھۇلاگۇخان (AlacouKaan)، بەشىنچى قېتىمدا مۆڭگۇخان (MongouKaan)، ئالتىنچى قېتىمدا قۇبلاي خان تەخت ۋارىسى بولدى. قۇبلايخاننىڭ زېمىنى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خانلارنىڭكىدىنمۇ كەڭ ۋە زور بولۇپ، دۆلىتىمۇ قۇدرەتلىك بولدى. ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى بەش خاننى قوشقاندىمۇ، ئۇلار قۇبلايدەك قۇدرەتلىك ئەمەس ئىدى. مېنىڭچە، بۇنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ شۇنداق دېيىش كېرەككى، دۇنيادىكى بارلىق خرىستىئان ئىمپېراتور - پادىشاھلارنى قوشقان — ھەتتا ئۇلارغا ساراسىنلارنى قوشقان ھالەتتىمۇ ئۇلار قۇبلايخاننىڭ دۆلىتىدەك قۇدرەتلىك ئەمەس ياكى ئۇلارمۇ قۇبلاي خاندەك نۇرغۇن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتقان ئەمەس. ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق تاتارلارنىڭ، شۇ قاتاردا شەرقتىكى (Levant) ۋە غەربتىكى (Ponent) تاتارلارنىڭمۇ ئورتاق پادىشاھى. چۈنكى مۇشۇ ئورۇق - قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە①.

خان ياكى خاقان دېگەن نام بىزنىڭ تىلىمىزدىكى (ئىتالىيە تىلىدىكى) پادىشاھ بىلەن باراۋەر. بارلىق تاتار-لارنىڭ چوڭ خانلىرى ۋە چىڭگىزخان — ئۇلارنىڭ تۇنجى خوجىسى — ئۆلگەندىن كېيىن، قائىدە بويىچە ئالتاي دېگەن تاغقا دەپنە قىلىنىشى لازىم. مەيلى ئۇلار نەدە ئۆلگەن بولسۇن، ھەتتا بۇ يەردىن 100 كۈنلۈك يولنىڭ

① بۇ مۇھىم سۆزلەر پەقەت يۇرنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدىلا بار، ئىتالىيانچە ئەسلى نۇسخىسىدا يوق. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئېرىسىدا ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئالتايغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىش كېرەك. بۇ، تاتارلارنىڭ خان جەمەتلىرى ئىچىدە ئاللىقاچان بىر خىل ئۆزگەرمەس ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بولۇپ قالغان.

ئۇلاردا تېخى مۇنداق بىر خىل ئۆرپ - ئادەتمۇ باركى، پادىشاھنىڭ جەسىتىنى ئالتاي تېغىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلار يول ئۈستىدە ئۇچراپ قالغان ھەممە ئادەمنى جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار بۇ كىشىلەرگە: «سەن پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا كېتىپ، ۋاپات بولغان خوجاڭنىڭ خىزمىتىنى قىل!» دەيدۇ. جەسەت ئېلىپ ماڭغۇچىلار مۇشۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ئاخىرەتتە ئۆز پادىشاھىنىڭ ھەقىقىي قۇللىرى بولىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. ئۇلار يەنە پادىشاھنىڭ ئاخىرەتتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى ئاتلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۆڭكۈ خان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئالتاي تېغىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر يول ئۈستىدە كەم دېگەندە ئىككى مىڭدىن ئوشۇق كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

## ئەللىك ئىككىنچى باب

### تاتارلارنىڭ كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى، ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى

تاتارلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا كىرىشكەنىكەنمەن، شۇ پۇرسەتتە ئۇ ھەقتە بىرقەدەر تەپسىلىي توختىلىشىم

كېرەك. تاتارلار بىر جايدا مەڭگۈ مۇقىم ماكانلىشىپ تۇرۇۋەرمەيدۇ. ھەر يىلى قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مال - چارۋىلىرىغا ئوت - چۆپ ۋە سۈيى مول ئوتلاق ئىزدەش كويىدا ئىللىقراق تۈزلەڭلىكلەرگە كۆچۈپ كېتىدۇ. ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا تاغلىق رايونلارنىڭ سالقىنراق يەرلىرىگە كۆچۈپ بېرىۋالىدۇ. ئۇ يەرلەرنىڭ ئوت - چۆپى ۋە سۈيى مول بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەردە مال - چارۋىلىرىنى كۆكۈيۈندىن ۋە باشقا ھەر خىل قان شورىغۇچ ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن ساقلاپمۇ قالالايدۇ. تاتارلار 2 -، 3 - ئايلاردا كەينى - كەينىدىن تاغلارغا يۆتكىلىپ، يېڭى ئوتلاق ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئوتلاق شۇنچىۋالا مال - چارۋىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنى مەڭگۈ قاندۇرالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ياغاچ جازىلار ۋە كىگىزلەردىن قۇراشتۇرۇلىدىغان چېدىرلىرىدىن بۆلەك تۇراقلىق ئۆيى بولمايدۇ. چېدىرلار دۈگىلەك شەكىلدە بولۇپ، ئۇلارنى قاپلارغا ئوخشاش قاتلاپ يىغىشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق قۇراشتۇرۇلىدىغان چېدىرلارنىڭ ئىشىكلىرى كۆپىنچە جەنۇبقا قاراپ ئېچىلىدىغان قىلىنىدۇ. چېدىر توشۇيدىغان بۇ ھارۋىلاردىن باشقا، يەنە ناھايىتى سۈپەتلىك، سېپتە ئىشلەنگەن قوش چاقلىق ئالىي ھارۋىلارمۇ بار. بۇ ھارۋىنىڭ ئۈستى قارا كىگىز بىلەن قاپلانغانلىقتىن سىرتتا توختىماي يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، ھارۋىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان كىشىلەرگە نەممۇ ئۆتمەيدۇ. تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى، ئوغۇل - قىزلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك لازىمەتلىكلىرىنى

كالا ياكى تۆگە قېتىلغان مۇشۇ ھارۋىلاردا توشۇيدۇ. ئائىـ
لىدىكى بارلىق ئالدى - ساتتى قىلىنىدىغان سودا (تىجارەت)
ئىشلىرىنى يۇتۇنلەي ئايالـلار قىلىـدۇ. باشـقىـچە قىلىپ
ئېيتقاندا ئائىلىـگە كىرەكلىـك ھەممە نەرسىنـى ئايالـلار
تەييار قىلىـدۇ. ئەرلەرگە كەلسەك، ئۇلار ھەممە ۋاقتىنـى
ئوۋچىلىققا، بۈركۈت (قارچىغا) سېلىشقا ۋە ھەربىي تۇرمۇشقا
سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى لاچىنغا ۋە
ئەلا سۈپەتلىك ئاپشارىكىلارغا ئىگە.

تاتارلار پۈتۈنلەي گۆش ۋە سۈت - قايماقـلار بىلەن
ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئوزۇقلۇقى ئوۋچىلىق مەھسۇ-
لاتلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇلار يەنە توشقاندەك ئۇششاق جانىـ
ۋارلار (سۇغۇر) نىمۇ يەيدۇ. بۇنداق سۇغۇرلار ياز كۈنلىرى
يۈتـۈن ئوتـلاقـقـا يـامـراپ كـېتـىـدۇ. ئۇلار ئات، تۆگە
ھـەتـتـا ئىـتـقـا ئوخـشـاش خـىـلـمـۇخـىـل ھـايـۋانـ
لارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشتىنمۇ تارتىنمايـدۇ. سېمىز گۆش
بولسىلا ئۇلار بۇنـى ئەلا يېمەكلىـك دەپ بىلىدۇ. قىمىز
ئۇلارنىڭ ئىچىملىكى بولۇپ، تەمى ھاراقنىڭكىدەك ياخشى.

خوتۇن - قىزلار ئۆزىنـى پاك تۇتۇشنـى، يۈرۈش -
تۇرۇشتا ئېغىر - بېسىـق، قائىـدە - يوسۇنلۇق بولۇشنـى
بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆز ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتى
ۋە مەجبۇرىيىتىـگە كەلـگەندىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.
ئۇلار ساداقەتسىزلىـكنى ئەڭ ئۇياتلىق بىر خىل جىنايەت
دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ نومۇسسىز قىلىق دەپ
قارايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان ساداقىتىمۇ كىشىنىڭ
ئاپىرىن ئېيتىشىغا ئەرزىيـدۇ. بىر ئەرنىـڭ 10 ياكى 12

خوتۇنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى
ئىناق ۋە تىنچ ئۆتتۈۋېرىدۇ. بۇ، ھەقىقەتەن ماختاشقا
ئەرزىيدىغان ئىش. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىك ـ قوپال
سۆزلەر زادىلا ئاڭلانمايدۇ. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ بارلىق
دىققىتى ئۆز ئىشىغا ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا مەركەزلەشكەن.
ئۆيگە كىرەكلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكنى غەملەش، چاكارلارنى
باشقۇرۇش ۋە بالىلارغا قاراشتا ئوخشاش ئىشلار ئۇلارنىڭ
كۈندىلىك ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

تاتارلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى يولغا
قويۇلغاچقا، ئەرلەر خالىغانچە كۆپ خوتۇن ئېلىۋېرىدۇ.
خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن خەجلەيدىغان
قىسمى ناھايىتى چەكلىك. ئەمما ئەرلەرنىڭ خوتۇنلارغا
تەلىم بېرىش ۋە دائىملىق كەسپىدىن قامىدىغان كىرىمى
ناھايىتى جىق بولىدۇ. شۇڭا ئەر ئۆزىنىڭ قېيىن ئاتىسى
ۋە قېيىن ئانىسىغا مەلۇم ساندا ھەق تۆلىشى شەرت.
ئەرگە تۇنجى ياتلىق بولغان خوتۇن ئائىلىدە ئالاھىدە
ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ۋە ھوقۇققا ئىگە، بۇ، قانۇنلۇق، بۇ
ئىمتىياز ھەتتا بۇ خوتۇندىن تۇغۇلغان ئوغۇل ـ قىزلارغىچە
كېڭەيتىلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك خوتۇنلارنىڭ سانى چەكلەن
مىگەنلىكتىن، بۇ ئەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سانى باشقا
ھەرقانداق مىللەتنىڭكىدىنمۇ كۆپ. ئەرنىڭ دادىسى
ئۆلسە، بۇ ئوغۇل دادىسىدىن تۇل قالغان خوتۇنلاردىن
ئۆز ئانىسىدىن باشقىلارغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ
ئاچا ـ سىڭىللىرىغا ئۆيلىنەلمەيدۇ، ئەمما ئاكىلىرى ياكى

ئىنىلىرى ئۆلسە، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىغا ئۆيلىنەلەيدۇ. ھەر قېتىم نىكاھلانغاندا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

## تاتارلارنىڭ تەڭرىلىرى، ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى

تاتارلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىن ۋە تەڭرى پەقەت يۈكسەك خىسلەتلىك، ئېسىل ھەم پاك تەبىئەتلىك بىر خىل تەڭرىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۇلار تەڭرىسىگە كۈچە يېقىپ ناھايىتى تەقۋادارلىق بىلەن سەجدە ۋە تاۋاپ قىلىپ چوقۇنغان ھالدا ئەقىل - پاراسەت ۋە سالامەتلىك تىلەيدۇ.

ئۇلار يەنە ناتىگەي (Natigay) دېگەن تەڭرىگىمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئۇلار تەڭرى - بۇتلىرىنى كىگىز ياكى باشقا رەختلەر بىلەن يېپىپ قويىدۇ. ھەممە ئائىلىلەر مۇشۇ بۇتقا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار: بۇنداق بۇت يەر - زېمىندىكى بالايىئاپەت ۋە بەخت - سائادەتنى ئىدارە قىلىدۇ، ئۇ ھايۋانلىرىمىزنى خۇددى ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ، ئۇ ھايۋانلىرىمىز ۋە زىرائەتلىرىمىزدىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنىڭ مول بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ قاراپ، بۇ بۇتقا خوتۇن ۋە ئوغۇل - قىز پەرزەنت ياساپ، خوتۇننى بۇتنىڭ سول تەرىپىگە، پەرزەنتلىرىنى بۇتنىڭ ئالدىغا خۇددى بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرىدەك تىزىپ قويىدۇ.

ئۇلار بۇ بۇتقا بەكمۇ ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ. ھەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا ھامان ئەڭ ياخشى بىر تال گۆش بىلەن بۇتنىڭ ئاغزىنى ياغلايدۇ ئاندىن ئۆز تەرتىپى بويىچە بۇتنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئاغزىنى ياغلايدۇ. ئاندىن گۆشنىڭ ئازراق شورپىسىنى ئىشىك سىر- تىغا چېچىۋېتىپ، جىن - ئەرۋاھلارغا نەزىر قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ مۇراسىملارنى ئادا قىلىپ، بۇتلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئېسىل بىر ۋاقلىق تاماققا ئېغىز تەگكۈزگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىنلا باشقا رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلماستىن ئۆزلىرى تاماق يېيىشكە ۋە ھاراق ئىچىشكە باشلايدۇ.

باي تاتارلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ناھايىتى پۇزۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئالتۇن - كۈمۈش كالۋۇتۇن يىپ بىلەن توقۇلغان تەتىللا رەختتىن ياكى قارا بۇلغۇن تېرىسى، بۇلغۇن تېرىسى ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەچكە ناھايىتى كۆركەم ۋە قىممەت بولىدۇ.

## ئەللىك تۆتىنچى باب

## تاتارلارنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئادىتى، قورال - ياراقلىرى ۋە باشلىقلىرىغا ئىتائەتمەنلىكى

تاتارلار ئىشلىتىدىغان قورال - ياراقلار ئوقيا، تۆمۈر ئىلمەكلەردىن ئىبارەت. ئۇلار بەزىدە ئۇزۇن ساپلىق نەيزىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. لېكىن ئۇلار باللىق چېغىدىن باش-

لاپلا ئوقيا ئېتىپ ئويناشنى ياقتۇرىدۇ. شۇڭا ئوقيا ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ تونۇشلۇق قورالدۇر. تاتارلارنىڭ ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرى سۇ كالىسىنىڭ ئوتتا قاقلاپ قۇرۇتۇلغان تېرىسىدىن ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ناھايىتى قاتتىق ۋە مۇستەھكەم كېلىدۇ. تاتارلار ئۇرۇشتا قەھرىمان ۋە ماھىر بولۇپ، جانپىدالىق بىلەن جەڭگە كىرىدۇ، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي ئىلگىرىلەپ بارىدۇ. لېكىن ئۇلار تەبىئىتى رەھىمسىز ۋە ئۇرۇشقاق كېلىدىغان بىر مىللەت.

جاپا-مۇشەققەتكە چىداشتا تاتارلار ناھايىتى قەيسەر كېلىدۇ. ئۇلار ھېچقانداق جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدۇ. ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا، پەقەت ئاتنىڭ سۈتى بىلەنلا بىر ئايغىچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇنداق قىلىشقا بولماي قالسا، قولىغا چۈشكەنلىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇلار ئاتلارنى ئارپا ياكى باشقا دانلىق ئاشلىقلار بىلەن باقماي ئوت-چۆپ بىلەنلا باقىدۇ. ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئىككى كېچە-كۈندۈزگىچە ئاتتىن چۈشمەي ياشاشقا، ئات ئوت يەۋاتقاندا ئويغانماستىن ئات ئۈستىدە ئۇخلىيالايدىغان بولۇشقا چېنىقتۇرىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت جاپا-مۇشەققەتكە چىداشتا ئۇنداق سۇباتلىق بولغان ئەمەس، ھېرىش-چارچاشنى ئۇنتۇشتا ئۇنداق چىداملىق بولغان ئەمەس. ئەسكەرلەر ئاشۇلاردەك زۆرۈر ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولسىلا دۇنيانى ھەقىقەتەن ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدۇ. ئۇلار ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆزلىرىگە بويس-

سۇلدۇرۇپ بولدى.

تاتارلارنىڭ كاتتا باشلىقلىرى لەشكەر باشلاپ يىراق يۈرۈشكە چىققاندا ھامان سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يول باشلاپ ماڭىدۇ. يۈرۈشتىكى سەپ تەشكىللى مۇنداق بولىدۇ: ھەر ئون ئەسكەرگە بىردىن چاۋۇش بېشى، ھەر 100 ئەسكەرگە بىردىن يۈز بېشى، ھەر مىڭ ئەسكەرگە بىردىن مىڭ بېشى①، ھەر ئون مىڭ ئەسكەرگە بىردىن تۈمەن بېشى تەيىنلىنىدۇ. چاۋۇشى يۈز بېشىغا، يۈز بېشى مىڭ بېشىغا، مىڭ بېشى تۈمەن بېشىغا بويسۇنىدۇ.

دېمەك، بۇ قائىدە بويىچە ھەربىر ئوفىتسېر ئون ئادەمنى باشقۇرسا، ياكى ئون گورۇھنىڭ ئادىمىنى باشقۇرسىلا كۇپايە. ھەر 100 ئادەمدىن تۈزۈلگەن قوشۇن بىر توپ (Tuc) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر 100 توپتىن بىر تۈمەن (Toman) تەشكىل قىلىنىدۇ. يۈرۈشكە چىققاندا، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 200 كىشىلىك قوشۇن ئالدىنقى قاراۋۇل بولۇپ ئىككى كۈن ئىلگىرى يولغا چىقىدۇ. قوشۇننىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە ۋە ئارقىسىغىمۇ مۇشۇنداق قاراۋۇل قىسىملار قويۇلىدۇ.

---

① مىڭ بېشى — ھەربىي مەنسەپ نامى. جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەۋلادىغا مىراس قالدۇرۇلىدىغان ھەربىي مەنسەپ ھېسابلىنىدۇ. مىڭ بېشى دېگەن سۆز ئەسلىدە جۇرجىتلارنىڭ مىڭ ئەن دېگەن سۆزىدىن كەلگەن. بۇ مەنسەپتىكىلەر تۈمەن بېشىغا قارايدۇ. ئۇ يۈەن سۇلالىسىدىمۇ شۇ پېتى قوللىنىلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تاتارلار ئۇزاق مۇساپىلىك ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا ھەرگىز بارگاھ قۇرۇشقا لازىملىق چېدىرلار ۋە ئاشخانا لازىمەتلىكلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭمايدۇ. خۇددى باشتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار بۇ چاغلاردا پەقەت سۈتتىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر بىلەنلا تۇرمۇشىنى قامداۋېرىدۇ. ئۇلار ھۆل - يېغىن ۋە بوران - شامالدا دالدىلىنىش ئۈچۈن كىچىكرەك كىگىز چېدىرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئەھۋال جىددىيلەشكەندە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل چارلىغۇچى ئات بار. بۇ ئاتلار توختىماستىن ئون كېچە - كۈندۈز چېپىپ يۈرەلەيدۇ. تاتارلار تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوت ياقمايدۇ ۋە مەخسۇس ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيدۇ، پەقەت ئاتنىڭ قېنىنى شوراش بىلەن جېنىنى ساقلىيالايدۇ. ئۇلار ئۆزى مىنىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ بىر تال تومۇرىنى ئۈزۈۋېتىپلا ئاتنىڭ قېنىنى شوراپ، ئۆزلىرىنى ئاچلىقتىن قۇتقۇزىدۇ.

ئۇلار ئات سۈتىنىڭ سۈيىنى قاچۇرۇپ قويۇلدۇرۇش يولى بىلەن ئۇزۇقلۇق تەييارلايدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋۋال سۈت قاينىتىلىپ، سۈتنىڭ يۈزىدىكى قايمىقى يىغىۋېلىنىپ ئايرىم قاچىلاردا مەسكە ماي قىلىنىدۇ. چۈنكى سۈتنىڭ قايمىقى ئېلىۋېتىلسە، سۈت قۇرۇپ تاشتەك قېتىپ كېتىدۇ. قايمىقى ۋە مېيى ئېلىۋېتىلگەن سۈت ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ ئىرىمچىك ياكى قۇرۇتقا ئايلاندۇرۇلۇپ، كېيىن يېيىشكە زاپاس قىلىنىدۇ. ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا ھەر ئادەم ئون قاداقتىن قۇرۇت ياكى ئىرىمچىك ئېلىپ يۈرىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى يېرىم

قاداق قۇرۇتنى تېرە تۇلۇمغا سېلىپ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا سۇ قۇيۇپ، ئاتنىڭ يانپىشىغا ئېسىۋالىدۇ. ئات چېپىپ كېتىۋاتقاندا تۇلۇمدىكى سۇغا چىلانغان قۇرۇت قاتتىق سىلكىنىۋېرىپ سۇيۇق قېتىققا (ئايرانغا) ئايلىنىدۇ، تاتارلار مۇشۇنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ئاچلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

تاتارلار جەڭدە ھەرگىز دۈشمەن بىلەن ئارىلىشىپ ئۇرۇش قىلمايدۇ، بەلكى مۇھاسىرىگە ئېلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ دۈشمەننى قورشايدۇ. ئاندىن دۈشمەنگە بىر يۆنىلىشتىن ئوقيا ئاتىدۇ، كېيىن يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ باشقا بىر يۆنىلىشتىن ئوقيا ئاتىدۇ. بەزىدە يالغاندىن قاچقان بولۇپ دۈشمەننى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سالىدۇ ـ دە، قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە بۇرۇلۇپلا ئوقيا ئېتىپ، دۈشمەننىڭ ئادەم ۋە ئاتلىرىنى ئۇدۇل سەپتىكىدەكلا قىرىدۇ ياكى يارىلاندۇرىدۇ. بۇ تاكتىكىنى قوللىنىشتىن مەقسەت دۈشمەننى ئازدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئازدۇرۇپ «غەلىبە قىلدۇق» دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشتۇر. چۈنكى تاتارلار دۈشمەننى ئازدۇرۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ دۈشمەننى ئالدايدۇ. دۈشمەن ئالدانغان ھامان تاتارلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قالدۇق دۈشمەننى قىرىپ مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ تاكتىكىنىڭ نەتىجىسىدە، دۈشمەن ھەرقانچە جاپالىق جەڭ قىلغان بىلەنمۇ ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. تاتارلارنىڭ جەڭگە كىرگەن ئاتلىرى جەڭدە بىر بۇيرۇق بىلەنلا

ناھايىتى تېز بۇرۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق تېز بۇرۇلۇپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا تايىنىپ نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قازاندى.

بىزنىڭ يۇقىرىدا تونۇشتۇرغانلىرىمىز ئىلگىرى ئۆتكەن تاتار داھىيلىرىنىڭ ئەھۋالاتى. لېكىن ئۇلاردا بۇ كەمگىچە خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولىدى. كىدانىدا تۇرۇۋاتقان تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنى تاشلاپ، ئاشۇ بۇددىستلارنىڭ ئادەتلىرىنى قوللاندى. شەرقتىكى ئۆلكىلەردە تۇرۇۋاتقان تاتارلار بولسا ئاللىقاچان ساراسىنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئاسسىمىليا تسىيە قىلىنىپ كەتتى.

## ئەللىك بەشىنچى باب

### تاتارلارنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى، ئائىلىسىدە ئۆلگەن ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۈچۈن سەۋۇللۇق نىكاھ تويى ئۆتكۈزۈش ئادىتى

تاتارلارنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى ئاساسەن مۇنداق: ئەگەر بىر كىشى ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزسە، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، يەتتە تاياق، 17 تاياق، 27 تاياق، 37 تاياق، 47 ياكى 107 تاياققا بېسىش بىلەن جازالىنىدۇ. بۇ جازا ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قىممىتىگە، ئوغرىلىق دېلوسىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى دەرىجىسىگە ئاساسەن ئۆلچىنىدۇ. بىرمۇنچە ئادەملەر مۇشۇنداق تاياق جازاسى بىلەن ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ.

ئەگەر ئات ئوغرىلىغان ياكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدىغان نەرسە ئوغرىلىغان بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، يەنى گۇناھكار چېپىلىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئوغرىلىق قىلغان جىنايەتچى ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ توققۇز ھەسسىگە توغرا كېلىدىغان نەرسە تۆلىسە، ئۇ جازاغا تارتىلمايدۇ①.

تاتارلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇمۇمەن خۇسۇسىي چارۋا يەنى ئايغىر، بايتال، تۆگە، بۇقا ياكى سىيىر باقىدۇ. چارۋىلارغا مۈلۈك ئىگىسىنىڭ بەلگىسى بويىچە ئەن سېلىنىدۇ. پادىلار خالىغان تاغلىقلار ياكى تۈزلەڭلىكلەردە بېقىلىدۇ. مەخسۇس پادىچى ياللانمىسىمۇ يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ پادىسىغا باشقا بىر كىشىنىڭ مال - چارۋىسى ئارىلىشىپ قالسا، سېلىنغان بەلگە - ئەنلىرىگە قاراپلا ئېنىقلىنىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. قوي ياكى ئۆچكە پادىلىرىغا كەلسەك، بۇ پادىلاردىن مەخسۇس پادىچىلار خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. تاتارلارنىڭ ھەرقانداق چارۋا - ماللىرى جۈغى چوڭ ۋە ئېگىز، قابىل ۋە چىرايلىق كېلىدۇ.

① جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ياۋروپا - ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئەللەردە مۇشۇنداق ئەيىبكە تارتىلماسلىق قانۇنىدىن قالايمىقان پايدىلىنىۋاتقانلار بار ئىكەن. ئامېرىكا قىتئەسىدە بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلار 29 مىليون ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە تۆلەش بەدىلىگە ئۆزلىرىگە پايدا كەلتۈرىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تاتارلارنىڭ ئائىلىسىدە ئوغۇللاردىن بىرى ئۆلگەن،
باشقا بىر ئائىلىدىمۇ قىزلاردىن بىرى ئۆلگەن بولسا، بۇ
ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەن ئوغۇل - قىزلىرى
ئۈچۈن خۇددى ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكىدەك نىكاھ تويى
رەسمىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قەغەزلەرگە
چاكارلار ئاتلار ۋە ھەر خىل مال - چارۋىلار، كىيىم -
كېچەكلەر، تىللالار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كېرەكلىك
قاچا - قۇچىلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىقىپ بۇ سۈرەت-
لەرنى رەسمىي نىكاھنامە بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ،
ئاخىرەتتە بۇ ئوغۇل - قىزلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللاپ
بېرىپ، ئۇلار رەسمىي ئائىلە قۇرغان ئەر - خوتۇنلار دەپ
قارىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئاتا - ئانىلارمۇ مۇشۇ
رەسمىيەتلەردىن كېيىن، خۇددى ئوغۇل - قىزلارنىڭ
رەسمىي تويى بولغاندىكىدەك، رەسمىي قۇدا بولۇشىدۇ.

بىز گەرچە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي خوجىسى — ئۇلۇغ
خاننىڭ پارلاق ئىش - پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرمىغان
بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۈستىدە
يېتەرلىك توختالدۇق. مەن ئەمدى رەسمىي سۆزگە
ئۆتۈپ، ئەسلىدىكى بايانغا قايتىپ، يەنى كەڭ بىپايان
ئوتلاققا قايتىپ كەلمەكچىمەن. بىز بۇ ئوتلاقنى كېسىپ
ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردە بىرئاز توختالغاندۇق. ئەمدى
تاتارلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلىمىز.

## ئەللىك ئالتىنچى باب

## قاراقۇرۇم يېنىدىكى باجۇ تۈزلەڭلىكى ۋە ئۇنىڭ مەنزىرىسى ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالاتى، ئوكيان ۋە ئۇ يەردىن چىقىدىغان لاچىن

بىز قاراقۇرۇم (KaraKoran) ۋە تاتارلار خانىنىڭ قەبرىسى جايلاشقان ئالتاي تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، شىمالغا قاراپ چوڭلۇقى تەخمىنەن 40 كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىدەك كېلىدىغان بارگۇ (Bargu) تۈزلەڭلىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مېسكرىپت (MescriPt) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت ۋەھشىي ئاھالە بولۇپ، ئۇلار ھايۋانلارنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ چارۋىسى بۇغا، ئۇلار بۇنداق بۇغىلارنى ھارۋىغا قېتىپ كارۋان توشۇيدۇ. ئۇلار يەنە جاي - جايلاردىكى ساسلىقلارغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان قۇشلار ۋە بېلىقلار بىلەنمۇ ئوزۇقلىنىدۇ. ھەر خىل قۇشلار تۈك تاشلايدىغان مەۋسۇمدە ياكى يازدا توپ - توپى بىلەن سۇ ياقىسىغا كېلىپ تۈك تاشلايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇچالماي، ئاسانلا ئاھالىگە تۇتقۇن بولىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمى شىمالىي مۇز دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاتارلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. بۇ يەردىن دانلىق ئاشلىق چىقمايدۇ، شۇڭا

ھاراقمۇ كىتەلمەيدۇ. ئاھالە يازلىقى ئۇۋچىلىقتا تېپىپ ئوزۇقلۇق تاپىدۇ. ئەمما قىشتا ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، جانىۋارلار ئۇچىرىمايدۇ. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز 40 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتكىنىمىزدىن كېيىنلا، ئوكيانىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق.

ئوكيانىنىڭ بويىدا ئېگىز بىر تاغ بولۇپ، ئېگىزلىكى ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىك بىلەن باراۋەر ئىكەن. بۇ يەركە تاز بۇرۇت ۋە قارچىغىدەك لاچىن - قۇشلار ماكانلىشىپتۇ. بۇ يەردە ئادەم ياشىمايدىكەن، ئۇچار - جانىۋار ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ ئۇچرىمايدىكەن، پەقەت لاچىن ئوزۇق قىلىدىغان بارگېلاك (Bargelak) دېگەن قۇشلا ياشايدىكەن. بۇ قۇشلار تۈرۈلغۇدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقى سېغىزخانىنىڭكىگە ئوخشىشىدىكەن. پۇتى شاتۇتنىڭكىگە ئوخشىشىدىكەن. ئۇلار ناھايىتى تېز ئۇچىدىكەن. ئۇلۇغ خانغا بۇنداق لاچىننىڭ باچكىسى لازىم بولسا، لاچىن تۇتۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىدىكەن. دېڭىز ياقىسىنىڭ سەل نېرىسىدا كىچىك بىر ئارال بار بولۇپ، بۇ ئارالدا نۇرغۇن ئاق لاچىن ياشايدىكەن. ئۇلۇغ خانغا لازىملىق لاچىنلاردىن قانچىلىك تۇتۇشقا توغرا كەلسە، بۇ يەردىن شۇنچىلىك تۇتقىلى بولىدىكەن. سىلەر، ياۋروپالىقلار تاتارلار خانىغا سوۋغا قىلغان ئاق لاچىنلارنى ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىغا ئۇچۇشلۇق يەتكۈزگىلى بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. پەقەت ئايرىم تاتارلارنىڭ ياكى كومانىيانلار (Comanian) ۋە ئەرمەنلەرگە قوشنا ئەللەردە ياشايدىغان شەرقىي تاتارلارنىڭ ئايرىم ئاقساقاللىرىلا مۇشۇنداق

ئاق لاچىنلارنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ. ھېلىقى كىچىك گۈزەل شۇ قەدەر يىراق شىمالغا جايلاشقانكى، بۇ ئارالدا تۇرسىڭىز، تۆمۈر-قوزۇق يۇلتۇزى ئارقىڭىزغا ئۆتۈپ قالىدۇ. بەلكى بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقىمۇ ئۆتۈپ قالىدۇ.

بىز شىمالىي مۇز ئوكيان ئەتراپىدىكى جايلارنى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدىن كېيىن، ئۇلۇغ خاننىڭ پايتەختىگە يېقىن ئەتراپتىكى ئۆلكىلەرنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز. بەلكى ئارقىغا قايتىپ گەنجۇنىمۇ تونۇشتۇرىمىز.

## ئەللىك يەتتىنچى باب

### گەنجۇغا قوشنا دۆلەت — غەربىي لياڭ خانلىقى، شەنجۇ ئۆلكىسى ۋە ئاھالىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، گۈزەل ئاياللار

گەنجۇ بىلەن خوشلىشىپ، شەرققە قاراپ بەش كۈنلۈك يول بېسىپ — يولبويى كېچىسى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ غەلىتە ئاۋازلىرىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ — ئاخىر غەربىي لياڭ ۋىلايىتى (Erginul) دېگەن بىر خانلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر تاڭغۇت ئۆلكىسى دائىرىسىدە بولۇپ، ئۇلۇغ خانغا تەۋە ئىكەن. بۇ خانلىقنىڭ زېمىنىدا بىرنەچچە ئاقسۆڭەك - بەگلەرنىڭمۇ يېرى بار بولۇپ، ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭدا يەنە مۇسۇلمانلار ۋە نېستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن.

غەربىي لياڭ ۋىلايىتى — بۇ خانلىقنىڭ مەركىزى

شەھىرى، ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەرمۇ بار
ئىكەن. بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا كى-
دانغا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. يول ئۈستىدە شىنجۇ
(Sinju) يەنى شىنىڭ) شەھىرىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدىكەن. شىنىڭ شەھىرىگە قارايدىغان شەھەر - قەلئە-
لەرمۇ تاڭغۇت ئۆلكىسىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بولۇپ، ئۇلۇغ
خانىنىڭ زېمىنىغا تەۋە ئىكەن. بۇ دۆلەتتىكى ئاھالىنىڭ
كۆپچىلىكى بۇددىستلار بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇسۇلمانلار
ۋە خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن. بۇ يەردە تەن تۈزۈلۈشى
پىلدىن قېلىشمايدىغان، رەڭگى ئاق ياكى قارا ۋە ناھا-
يىتى چىرايلىق كەلگەن نۇرغۇن چوڭ ياۋايى ھايۋانلار
بېقىپ كۆپەيتىلىدىكەن①. ئۇ ھايۋاننىڭ يايلىسى ئۈچ
غېرىچچە بولۇپ، بەدىنىدىكى تۈكلىرى يالتىراپ، يەنىكە
ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ تۈكى قاردەك ئاپئاق بولۇپ،
ئىنچىكىلىكتە مەشۈت يىپتىن ئېشىپ چۈشىدىكەن. ماركوپولو
قىزىقىش ۋەسۋەسىسى بىلەن بۇ ھايۋاننىڭ بىر ئاز يۇڭىنى
ۋېنېتسىيىگىمۇ ئېلىپ بارغانىدى. ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەنلەر ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار ئىكەن دېيىشتى.
بۇ ياۋايى ھايۋاننىڭ بەزىسى ئۆي ھايۋىنىغا ئايلاندۇرۇ-
لۇپتۇ. ئۇلارنى ئادەتتىكى ئىنەكلەرنى قوغلاشقا قويۇپ
بېرىپ، موزاي تۇغدۇرغانىكەن؛ ئۇلار ناھايىتى ئېسىل بىر
ھايۋانغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئىشقا كەلگەندە ھەرقانداق خىل-
دىكى كالىلاردىنمۇ چىداملىق چىقىپتۇ. بۇ پۈتۈنلەي يېڭى

① بۇ يەردە ياۋا قوتازلار كۆزدە تۇتۇلغان. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بىر خىل نەسىللىك ھېيۋەتلىك شوخ - تېتىك ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئادەتتىكى كالىلار كۆتۈرگەندىنمۇ ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئادەتتىكى كالىلارنىڭكىدىن ئىككى باراۋەر ئوشۇق ئىكەن.

بۇ دۆلەتتە يەنە ئەڭ ئەلا سۈپەتلىك ۋە ئەڭ قىممەت ئىپارمۇ چىقىدىكەن. بۇنداق ئىپار ئىپار كىيىكى دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋاندىن ئېلىنىدىكەن. ئۇنىڭ تېرىسى چوڭراق بۇغىلارنىڭكىگە، قۇيرۇقى ۋە پۇتلىرى كىيىكنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ مۈڭگۈزى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن چىش مىلىكىدە جەمئىي ئىككىدىن تۆت دانە يەتتە سانتىمېتردەك ئىنچىكە چىشى پىل چىشىدەك ئالاھىدە چىرايلىق ۋە ئاق بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇدىكەن. ئىپار ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن. بۇنداق كىيىكنىڭ كىندىكىدە قان ئۇيۇپ قالغان بىر ھۆررەك بولىدىكەن. ھەر ئاينىڭ تولۇن ئاي چىققان كېچىلىرى مەخسۇس ئىپار يىغىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئاي ئايدىڭىدا ھېلىقى ھۆررەكنى كېسىپ ئېلىۋېلىپ قۇرۇتىدىكەن. بۇنداق ئىپارنىڭ خۇش پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ. ئوۋچىلار نۇرغۇن ئىپار كىيىكى ئوۋلايدۇ. بۇ كىيىكنىڭ گۆشىمۇ ناھايىتى مەززىلىك كېلىدۇ. ماركوپولو ئىپار كىيىكنىڭ كېسىۋېلىپ قۇرۇتۇلغان بېشى ۋە پاقالچاقلىرىنى بۇ يەردىن ۋېنىتسىيىگە ئېلىپ باردى.

يەرلىك ئاھالە سودا - تىجارەت ۋە قول ھۈنەر بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ يەردە دانلىق زىرائەتلەردىن

مول ھوسۇل ئېلىنىدۇ. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ زېمىنى 20 كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدۇ. جۇغى بىزنىڭ قىرغاۋۇللىرىمىزنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ، ئەمما تۇزدىن كىچىكرەك كەلگەن بىر خىل قىرغاۋۇل بار بولۇپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقى توققۇز — ئون غېرىچچە كېلىدۇ①. جۇغى ۋە شەكلى بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل قىرغاۋۇلمۇ ئۇچرايدۇ. باشقا ئۇچار جانىۋارلارنىڭ ئىخىللىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پەيلىرى ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ.

ئاھالىنىڭ ھەممىسى بۇددىستلار. ئۇلار سېمىز، پاناق، قارا چاچلىق، ساقال - بۇرۇتلىرى يوق دېيەرلىك ھالدا شالاڭ بولۇپ، ئانچە ئۆسمەيدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى ئاياللارنىڭمۇ چاچلىرى شالاڭ، ئەمما ئۇلار چىرايلىق، غۇتچە بوي كېلىدۇ. ئەرلىرى شەھۋەتپەرەس بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بويىچە بايلىقى يېتىشىسىلا خالىغانچە نۇرغۇن خوتۇن ئالىدۇ. ياش ئاياللار كېلىپ چىقىشى پەس - ھەقىر بولسىمۇ، لېكىن چىرايلىق بولسىلا بايلارغا خوتۇن بولۇۋېرىدۇ. بايلار بۇنداق خوتۇنغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن، خوتۇنىنىڭ ئاتا ئانىسىغا نۇرغۇن پۇل ھەدىيە قىلىدۇ. گۈزەللىك — بىر قىزنى ئۆلچەشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى. بىز بۇ يەردىن چىقىپ، شەرق تەرەپكە جايلاشقان باشقا بىر خانلىقنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

---

① بۇ قۇشلارنىڭ قۇيرۇق پەيلىرى بىر مېتر ٤٠ سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ ۋە دائىم جۇڭگو تىياتىرلىرىدا قەھرىمانلارنىڭ باش كىيىملىرىنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

## ئەللىك سەككىزىنچى باب

### ئېگىشىيا ئۆلكىسى، قاراشان شەھىرى ۋە ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇ يەردىن چىقىدىغان تۆگە تېۋىتى

غەربىي لىياڭ خانلىقىدىن چىقىپ، شەرققە قاراپ سەككىز كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن ئىگىشىيا (Egrigaia) ئۆلكىسىگە يېتىپ باردۇق. بۇ يەرمۇ تاڭغۇت ئۆلكىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدىكەن. بۇ يەردە نۇرغۇن شەھەر ـ قەلئەلەر بار بولۇپ، ئۇلاردىن مۇھىمى قاراشان (Calachan يۈيىلىنىڭ ئەتراپىدا) ئىكەن. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددىستلار ئىكەن، لېكىن نېستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارنىڭ ئۈچ چېركاۋى بار ئىكەن. ئۇلار تۆگە يۇڭى ۋە قوي يۇڭىدىن بىر خىل چىرايلىق سوكنا توقۇيدىكەن. بۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى مەھسۇلات ھېسابلىنىدىكەن. بۇ سوكنا ئەڭ چىرايلىق ئاق تۆگە تېۋىتىدە توقۇلغانلىقتىن، سودىگەرلەر ئۇنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، نۇرغۇن ئەللەرگە، بولۇپمۇ كىدانغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن.

بىز بۇ ئۆلكىدىن چىقىپ شەرقتىكى باشقا بىر جاي كۆستىدە توختىلىمىز ۋە بۇ يەردىن ئاقسافال يۇھاننىڭ زېمىنىغا ئۆتىمىز.

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

### ئاقساقال يۇھاننىڭ قەبىلە باشلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تيەندې ئۆلكىسى

تيەندې (Tenduk) ئۆلكىسى — ئاقساقال يۇھان ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي زېمىنغا كىرىدىغان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى. بۇ ئۆلكىدە نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرىدىكەن. تاتارلارنىڭ تۇنجى پادىشاھى چىڭگىزخان بۇ دۆلەتنى بويسۇندۇرغاندىن بۇيان، بۇ جەمەتنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ئۇزاققىچە تاتار پادىشاھىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەركىزى تيەندې دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ دۆلەتتىكى كىنەز - بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇلۇغ خان تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان. ئۇ، نەسلىدىكى ئاقساقال يۇھاننىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلۇغ خان بۇ يەرنىڭ كىنەز - بەگلىرىگە خان جەمەتلىرى ۋە باشقا شاھزادىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، مەلىكىسىنى ۋە خان ئوردىسىنىڭ باشقا خانىكەلىرىنى ئۇلارغا نىكاھلاپ بەرگەن.

بۇ يەردىن ھاۋارەڭ بوياق تەييارلاشقا بولىدىغان بىر خىل ساپ ۋە گۈزەل تاش چىقىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى سودىگەرچىلىك، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تا-

يېنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇددىستلار، مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىئانلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى خرىستىئانلارنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. يەنە تيەندېنىڭ ئارغون (Argon) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يەرلىك ئاھالىسىمۇ بار. ئۇلارمۇ بۇددىستلاردىن بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان ئارىلاش قانلىق ئەۋلادلىرىدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ خەلقى بىز باشتا بايان قىلىپ ئۆتكەن باشقا يەرلەرنىڭ خەلقىگە قارىغاندا، تېرىسى پارقىراپ تۇرىدىغان بولۇپ، تەن قۇرۇلۇشىمۇ چىرايلىق كېلىدۇ. ئۇلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا بىرقەدەر زېرەك سودىگەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

ئاقساقال يۇھان پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىتى تۇرغان يەر تيەندې شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇقى ئەجدادىدىن مىراس قالىدۇ. بۇ ئۆلكىگە ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە ھازىرغىچە تاتارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. ھازىر تەختتە ئولتۇرغان كىنەز بەگ گېئورگى (George) بولۇپ، ئاقساقال يۇھاندىن كېيىنكى 4 - ئەۋلاد پادىشاھدۇر. ئۇ مۇشۇ جەمەتنىڭ داھىيسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئىككى جايدا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە.

بۇ جايلار بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا گوگ (Gog) ۋە ماگوگ (Magog) دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن يەرلىك خەلق ئۇلارنى ئۇڭلار (Ung) ۋە موڭغۇللار (Mongul) دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىككى جايدا باشقا - باشقا ئۇرۇقلار يا-

شايدۇ، گوگلار ئۆگلار ئارىسىدا، تاتارلار بولسا موڭغۇللار ئارىسىدا ياشايدۇ.

بۇ ئۆلكىنىڭ زېمىنىدا شەرققە يەنى كىدانلار زېمىنى تەرەپكە قاراپ ئاتلىق يەتتە كۈن ماڭغاندا. بۇددىستلار، مۇسۇلمانلار ۋە نېستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلار ياشايدىغان نۇرغۇن شەھەر - راباتلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار سودىگەرچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالە توقۇغان رەختلەر ۋە تاۋار - دۇردۇنلار ياۋروپالىقلارنىڭكىگە بەك ئوخشىشىدىغان بولۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك كالاۋۇتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان ۋە مەرۋايىت قوندۇرۇلغان بولغاچقا، رەڭدار، چىرايلىق ۋە شەكىللىرى بۆلەكچە كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خىلمۇخىل يۇڭ رەختلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە خىلمۇخىل قورال - ياراقلار ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن يىراق - يېقىن ئەتراپتىكى جايلارغا داڭقى كەتكەن شىڭخې (Sindichu) شەھىرى جايلاشقان يىدىڭفۇ (Ydifu) دېگەن بىر يەر بار بولۇپ، ئۇ يەرگە بىر كۈمۈش كانى جايلاشقان. ئۇنىڭ زاپاس مىقدارى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن كۈمۈش ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە نۇرغۇن ئۇچار - جانىۋارلار ۋە باشقا ھايۋانلار ياشايدۇ.

## ئاتمىشىنچى باب

### جاڭگانور شەھىرى ۋە خىلمۇخىل تۇرنىلار، ئۇلۇغ خاننىڭ ئەمرى بىلەن بېقىلغان تۇرۇلغا ۋە بۆدۈنىلەر

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەھەر ۋە رايونلاردىن ئايرىلىپ، ئاتلىق ئۈچ كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن، جاڭگانور (Changanor) يەنى ئاق كۆل دەپ ئاتالىدىغان بىر شەھەرگە كەلدۇق. ئۇلۇغ خان بۇ يەرگە ھەيۋەتلىك بىر ئارامگاھ سالدۇرغان بولۇپ، ئۇ ھەمىشە مۇشۇ يەردە تۇرۇشنى ياقتۇرىدىكەن. چۈنكى نۇرغۇن كۆل ۋە دەريالار بۇ شەھەرنى ئوراپ تۇرىدىكەن. خىلمۇخىل تۇرنىلار مۇشۇ يەرگە توپلىنىدىكەن. بۇ يەردە چىرايلىق بىر تۈزلەڭلىك بار بولۇپ، توپ - توپ تۇرنىلار، قىرغاۋۇللار، بۆدۈنىلەر ۋە باشقا ئۇچار قاناتلار بۇ يەرگە كېلىپ دەم ئالىدىكەن. شۇڭا بۇ تۈزلەڭلىك ئۇۋۇ قىلىنىدىغان خىلمۇخىل قۇشلارغا تولغانىكەن. ئۇلۇغ خان ئاق لاچىن ۋە باشقا ئۇۋۇ قۇشلىرى ئارقىلىق ئۇۋۇ قىلىپ ناھايىتى چوڭ ھوزۇرلىنىدىكەن.

بۇ يەردىكى تۇرنىلار بەش خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى قارا تۇرنا، ئۇنىڭ تۈك ۋە پەيلىرى ئوتتۇن - كۆمۈردەك قارا بولۇپ، ئۇزۇن بىر جۈپ قۇيرۇقى بولىدىكەن. ئىككىنچى خىلى ئاق تۇرنا، ئۇنىڭ تۈك ۋە پەيلىرى قارا تۇرنىنىڭكىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۇنىڭ تۈك - پەيلىرىدە تاۋۇسنىڭكىدەك ئالتۇن رەڭ چېكىتلىرى بولۇپ، گۈزەللىكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن. تاجىسى قارامتۇل قىزىل

ۋە تەكشى - يارىشىملىق، بوينى قارا يىلكى ئاق رەڭدە بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كېلىدىكەن. ئۈچىنچى خىلى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تۇرنا بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىزنىڭ تۇرنىلىرىمىزدەك ئىكەن. تۆتىنچى خىلى (ئالا) تۇرنا بولۇپ، جۇغى ئەڭ كىچىك، تۈك - پەيلىرى-نىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە قىزىل ۋە ھاۋا رەڭ بالداق سىزىقلىرى بار، چىرايلىق كېلىدىكەن. بەشىنچى خىلى كۆل رەڭ تۇرنا، بېشى قارا ۋە قىزىل رەڭدە بولۇپ جۇغى چوڭراق ئىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا توپ - توپ بۆدۈنە ۋە تورۇلغىلار كېلىپ دەم ئالىدىغان بىر تاغ جىلغىسى بار ئىكەن. خان مۇشۇ قۇشلار ئوزۇقلۇق قىلىپ ئەركىن كۆپىيىۋەرسۇن دەپ، ھەر يىلى بۇ تاغنىڭ ئىككى يانباغرىغا كاشتان دەرىخى ئۆستۈرۈش ۋە خىلمۇخىل دانلىق زىرائەت-لەر تېرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشنى قاتتىق مەنئى قىپتۇ. ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يەرگە يەنە مەخسۇس قاراۋۇل-لارنى تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار بۇ ھايۋانلارنى ئوغرىلاتماي ۋە خاراب بولۇشتىن ساقلاپ ئوبدان ئاسرايدىكەن. قىش پەس-لىدە قاراۋۇللار كاشتان مېۋىلىرىنى قۇشلارغا چېچىپ بېرى-دىكەن. قۇشلارمۇ ئادەملەرنىڭ چالغان كۈشكۈرت ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىغىلىشقا ئادەتلىنىپتۇ. كۈشكۈرت چېلىنىشى بىلەنلا قۇشلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ دانلايدىكەن. ئۇلۇغ خان يەنە قۇشلارنىڭ كېچىسى ماكان قىلىشى ئۈ-چۈن، قۇشلارغا مەخسۇس ئۇۋا - كاتەك ياسىتىپتۇ. قۇشلار

كۆگۈل قورۇپ بېقىلغان ۋە ئاسرالغانلىقتىن، ئۇلۇغ خان بۇ يەرگە دىم ئېلىشقا كەلگەن چاغلاردا، قۇشلار ئۇنىڭ كۆگۈل ئېچىشىغا ناھايىتى چوڭ ئەرمەك بولۇپ بېرىپتۇ. ھەتتا قىشلىقى ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغان چاغلاردا ئۇلۇغ خان بۇ يەردە تۇرمىغانلىقتىن، ھەر خىل ئۇچار قاناتلارنى كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچسۇن دەپ، بۇ قۇشلار ئۇلۇغ خان تۇرغان جايغا توگىلەر بىلەن توشۇلۇپ تۇرىدىكەن.

بىز جاڭگانوردىن چىقىپ شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ئۈچ كۈن مېڭىپ، باشقا بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

## ئاتمىش بىرىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ ئۇستوڭكى خانبالىققا سالدۇرغان ھەشەمەتلىك ئوردا — قەسىرلىرى ۋە ئوردا — قەسىرلەردە قوللىنىلىدىغان قائىدە — يوسۇنلار

بىز جاڭگانوردىن چىقىپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئاتلىق ئۈچ كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۇستوڭكى خانبالىققا (Shandu, Shangtu) يېتىپ كەلدۇق. بۇ — بۈگۈنكى خان قۇبىلاي خان سالدۇرغان پايتەخت شەھەر. ئۇ بۇ يەرگە مەرمەردىن ۋە خىلمۇخىل ئېسىل گۈزەل تاشلاردىن بىر ئوردا سالدۇرغان. پۇختا لايىھەلىنىپ، گۈزەل ياسالغان بۇ قەسىر ھەشەمەتلىكتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ ئوردىنىڭ بارلىق قەسىرلىرى ۋە ئۆي — ئىمارەتلىرى ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەنلىكتىن، ياللتراپ نۇر

چېچىپ تۇرىدۇ. ئوردا – قەسىرلەرنىڭ بىر تەرىپى شەھەرگە، يەنە بىر تەرىپى سېپىلغا قارىتىلغان بولۇپ، ئوردا-قەسىرلەرنىڭ ھەممە تەرىپى ئوردا تاملىرى بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ بۇ تاملار مۇشۇ ئەتراپتىكى دائىرىسى 25 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ بىر تۈزلەڭلىكنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكتە ئوردىغا قاتنايدىغان يول بىلەنلا كىرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق. بۇ – خانغىلا خاس بىر گۈللۈك باغ، ئۇنىڭدا تازا ئۇخشىغان ئوتلاقلىق بار بولۇپ، كىرەلىشىپ كەتكەن ئېرىق – ئۆستەڭلەر باغدىكى گۈل – گىياھ ۋە دەرەخلەرنى سۇغىرىپ تۇرىدۇ. خىلمۇخىل سورتلۇق بۇغىلار ۋە جەرەنلەر مۇشۇ باغ ئىچىدىكى ئىھاتە قىلىنغان ئوتلاقتا ئوتلاشقا قويۇۋېتىلگەن. بۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ بۈركۈت قۇشلىرى ۋە ئوۋغا سېلىنىدىغان باشقا ئۇچار جانىۋارلىرىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ: بۈركۈتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنداق قۇشلار 200 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ئۇلۇغ خان بۇ باغنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ مۇشۇ خانلىق ئورمان ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگىنىدە، مەھرەملىرىگە بۇيرۇپ، ھەمىشە بىر ياكى بىر قانچە يىلپىزنى ئاتلارغا ئارتىپ يېنىدىن ئايرىماي ئېلىپ يۈرىدۇ، خاننىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە بۇ ياش يىلپىزنى قويۇۋېتىدۇ. يىلپىزلار ھايت – ھۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا بىرەر ئەركەك بۇغا، بىرەر تېكە ياكى بىرەر سېرىق بۇغا تۇتۇپ كېلىدۇ. بۇ ئوۋ غەنىيمەتلىرى بۈركۈت ۋە باشقا قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىلىدۇ. خان بولسا مۇشۇ يىلپىزلار ئارقىلىق ئوۋ قىلىپ كۆڭلىنى

خۇش قىلىدۇ، خالاس.

خانلىق باغدا كۆكىرىپ تۇرغان قارىغاي ئورمانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا خان ئۈچۈن مەخسۇس شىپاڭ سېلىنغان، شىپاڭنىڭ ئەجدىھا سۈرىتى نەقىشلەنگەن ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلىرى ئالتۇن ۋەرەق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ھەر بىر تۈۋرۈككە بىردىن ئەجدىھا يۆگىشىپ تۇرىدۇ. ئەجدىھالار شىپاڭنى باشلىرىدا كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالدا پەنجىلىرىنى ئوڭ ـ سول تەرەپلەرگە كېرىپ، قۇيرۇقلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ تۇرىدۇ. ئەجدىھالارنىڭ گەۋدىسىنىمۇ ئالتۇن ۋەرەقلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. شىپاڭنىڭ تورۇسى ۋە باشقا قىسىملىرى بامبۇك بىلەن ياسىلىپ ياخشى سىرلانغانلىقتىن، شىپاڭ ئىچىگە نەم ئۆتكۈزمەيدۇ. بۇ يەرگە ئىشلىتىلگەن بامبۇكلارنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن ئۈچ غېرىچچە، ئۇزۇنلۇقى 18 مېترچە بولۇپ، بامبۇكلار توغرىسىغا يېرىلىپ ئىككى پارچە قىلىنغان ۋە بەلدەملىرى يونۇپ ئېلىۋېتىلىپ ئوقۇر ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن، ئاندىن بۇ بامبۇكلار ئوڭ ۋە دۈم قىلىنغان ھالدا شىپاڭنىڭ تورۇسىغا بېكىتىلگەن. شىپاڭنىڭ تورۇسىنى بوران ئۇچۇرۇۋېتمىسۇن دەپ، بامبۇك ناختىلارنىڭ ئىككى ئۇچى شىپاڭنىڭ تۈۋرۈك ـ خەرلىرىگە مەھكەم تېڭىۋېتىلگەن، شىپاڭنىڭ ھەممە بۇرجەكلىرى ئىككى يۈز نەچچە تال مەشۇت ئارغامچا بىلەن گۈمبەز شەكلىدە مەھكەم چىگىۋېتىلگەن. ئۇنداق قىلىنمىسا، ئېغىرلىقى يېنىكرەك قىلىپ ئىشلەنگەن بۇ شىپاڭنى قاتتىق بوران ئۆرۈۋەتكەن بولاتتى. بۇ خانلىق شىپاڭنىڭ ھەممە يېرى ناھايىتى ئىپچىل ۋە سىپتە لايىھىلەنگەن بولغاچقا،

زۆرلۈر تېپىلغاندا ئۇنى بىر - بىرلەپ چۇۋۇپ، يېڭىباشتىن قۇراشتۇرغىلى بولىدىكەن ھەمدە ئۇلۇغ خاننىڭ ئارزۇسى بويىچە يۆتكەپ كەتكىلىمۇ بولىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋا ئەقلىمى مۆتىدىل بولۇپ، كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە ياقى-دىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ خان مۇشۇ يەرنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئارامگاھى قىلىپ تاللىغان. ئۇ ھەر يىلى 6 -، 7 -، 8 - ئايلاردا مۇشۇ يەرگە كېلىپ دەم ئالىدۇ، 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بۇ يەردىن كېتىدۇ ۋە خان جە-مەتلىرى بىلەن بۇ يەردىن باشقا بىر يەرگە بېرىپ نەزىر-چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇلۇغ خان نەچچە مىڭ - نەچچە ئونمىڭلاپ قاردەك ئاپئاق ئايغىر ۋە بايتاللارنى باقتۇراتتى. پەقەت چىڭگىزخاننىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىلا بۇ يىلقىلارنىڭ قىمىزىنى ئىچىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. خورىئاد-نىڭ (Horiad) جەمەتىمۇ خور ئىئادنىڭ ئۇلۇغ خانغا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇلۇغ خاننىڭ ئالاھىدە رۇخسىتى بىلەن بۇ چەكلىمىدىن مۇستەسنا ھالدا مۇشۇ يىلقىنىڭ قىمىزىنى ئىچىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قول تەگكۈزەلمەيتتى.

خان جەمەتى بۇ يىلقىلارنى چەكسىز ئاسرايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا زادىلا چېقىلالمايتتى. بۇ يىلقىلار خانلىق باغنىڭ ئوتلىقىدا ياكى ئورمىنىدا ئوتلاپ يۈرگەندە ھېچكىم يىلقىلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە دەخلى يەت-كۈزەلمەيتتى. ئۇلۇغ خان بىر گۇرۇھ مۇنەججىملەرنى باقاتتى، ئۇلار سېھىرگەرلىكتىن پۇختا خەۋەردار ئىدى.

ئۇلار ھەر يىلى قەمەرىيە 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇلۇغ خانغا بۇ قىمىزلارنى شامال ئۇچتۇۋاتقان تەرەپكە قارىتىپ چېچىپ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان تەڭرىلەر ۋە بۇددالارغا نەزىر قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلاتتى. تەڭرىلەرگە نەزىر بېرىلىۋاتقاندا، بۇ مۇنەججىملەر — ئۇلارنى سېھىرگەرلەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ — بەزىدە خىلمۇخىل شەكىلدە سېھىرگەرلىك ئويۇنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن، ھاۋانى بۇلۇت قاپلاپ قارا يامغۇر ياغاي دەپ قالغان پەيتتە، سېھىرگەرلەر ئۇلۇغ خان تۇرغان ئوردىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ سېھىرگەرلىك قىلىشى بىلەنلا ھاۋا دەرھال ئېچىلىپ، بۇلۇتلار تارقىلىپ كېتەتتى، شامال - بورانلارمۇ توختاپ، يامغۇرمۇ ياغمايتتى. ئوردىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، يامغۇر بوران ئارىلاش قاتتىق يېغىۋاتقاندا، ئوردىنىڭ ئۆزىدە يامغۇردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇنداق سېھىرگەرلىك قىلغۇچىلار تىبەتلەر (Tebeth) ۋە كەشمىرلەر (Kesmir) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار — ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ نامى. ئۇلار پۇقرالارغا: بىز بۇ سېھىرگەرلىكنى تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشۇردۇق دېيىشەتتى. بۇ سېھىرگەرلەر ئۇستىباشلىرىنى تۈزىمەي، جۇلدۇر كىيەن، بەدبەشىرە يۈرىدىغان بولۇپ، قوپال ۋە قائىدە يوسۇنسىز كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسرىمايدۇ، شۇڭا باشقىلارمۇ ئۇلارنى مەنسىتمەيدۇ. ئۇلار ھەممىشە يۈز - كۆزلىرىنى يۇماي، ئۇستىباشلىرىنى تۈزىمەي، پاسكىنىچىلىقتا ئۆتىدىغانلاردۇر.

بۇ سېھىرگەرلەر ھايۋانلاردەك ياشايدىغان ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى قورقۇنچلۇق بولغانىنىڭ سىرتىدا، تېخى ئادىم گۆشىمۇ يەيدۇ. گۇناھ قىلغان جىنايەتچى ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۇلار بۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى يېمەيدۇ.

سېھىرگەرلەرنىڭ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان خىلمۇخىل مۆجىزىلىرىدىن باشقا، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئۇلارنىڭ باخشى (Bacsi) دېپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر مەزھىپى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغان كارامەت سېھىرگەرلىكى ئاجايىپ ھەيران قالارلىق. ئىشەنمەي بولمايدىغان بىر ۋەقە بولغانىدى، بۇنى بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بىر كۈنى ئۇلۇغ خان ئوردىسىنىڭ خاس تاماقخانىسىدا ئولتۇراتتى. — بۇ ۋەقە ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى جىلدىدا تەپسىلىي توختىلىمەن. — تاماق يېيىلىۋاتقاندا، ئوتتۇرىدىكى شىرە سەككىز جەينەك ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى (بىر جەينەك تەخمىنەن 45 — 55 سانتىمېترغا توغرا كېلىدۇ). ئۇنىڭ سەل نېرىسىدا بىر قاچا - قۇچا ئىشكاپى بولۇپ، ئىچىگە ھەممە قاچا - قۇچىلار تىزىلغانىدى. سېھىرگەرلەرنىڭ كارامىتى بىلەن بارلىق ھاراق - شاراب چەينەكلىرى، قىممىز كورىلىرى ياكى باشقا ئۇسسۇزلۇق قاچىلىرى خادىملارنىڭ قولى تەگمەي تۇرۇپلا ئىچىملىكلەرگە تولدى، ئاندىن ئون قەدەم ئارىلىقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئۇلۇغ خاننىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇلۇغ خان ئىچىملىكنى ئىچىپ بولغاندا

قەدەھمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەسلىدىكى جايىغا قايتىپ باردى. بۇ سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئۇلۇغ خانىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن نۇرغۇن زىيارەتچىلەرنىڭ ئالدىدىلا كۆرسىتىلدى①.

باخشى (Bacsi) مەزھەپدىكىلەرنىڭ بۇتقا نەزىر - چىراغ قىلىش بايرىمى يېتىپ كېلەي دەپ قالغانىدى. بۇ سېھىرگەرلەر ئۇلۇغ خانىنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، «پادىشاھ ھەزرەتلىرى داناغا مەلۇم بولغايكى، تەڭرىمىز بەك سەزگۈر ۋە چېچەن، ئەگەر ۋاقتىدا نەزىر - چىراغ قىلماي تەڭرىمىزنى رەنجىتسەك، ئۇ بىزگە ئاپەت ياغدۇرۇپ، يىللىق ھوسۇلىمىزنى كېمەيتىۋېتىدۇ، مال - چارۋىلىرىمىزنى ۋاباغا گىرىپتار قىلىدۇ، ئادەملەر ئارىسىدا كېسەل تارقىتىدۇ. شۇڭا ھەزرەتلىرىنىڭ بىزگە بىرنەچچە تۇياق قارا باش قوي، بىرنەچچە قاداق خۇش پۇراق بويۇملار ئىنئام قىلىپ،

① بۇنداق سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئىسىما مەزھەپدىكى بۇددىست لامالار ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلانماقتا. لېكىن سېرىق تونلۇق ئەنئەنىۋى بۇددىست لامالار بۇنداق سېھىرگەرلىكنى پەس كۆرۈپ كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار بۇنداق «ئادەتتىكى سېھىرگەرلىككە كىرىدىغان قوپال ئويۇنلارغا قارشى تۇرىدۇ... لېكىن ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنداق سېھىرگەرلىكتىن قول ئۈزۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا شىزاڭدىكى ئەنئەنىۋى چوڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن سېھىرگەرلەر بېقىلىدۇ. ئۇلار ئىسلاھ قىلىنغان دىنىنىڭ ئەزاسى ھېسابلانمايدۇ. ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنىڭ سېپىگىمۇ كىرگۈزۈلمەيدۇ.» يۇر نەقىل كەلتۈرگەن نۇرغۇن ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، «سېھىرگەرلىك قىلالايدىغانلارنىڭ رەسمىي يېزىق خاتىرىسى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز ھۈنىرىنى باشقىلارغا ئاغزاكى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆگىتىلىدۇ.» — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كاتتا نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىشلىرىنى سورايمىز» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ.

ئۇلار ئۇلۇغ خانغا بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكى بۇنى بەزى ۋەزىرلەر ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. ئۇلۇغ خان ئۇلارنىڭ بۇ ئىلتىماسىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى شۇ بويىچە تەستىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىگە نەزىر-چىراغ قىلىش بايرىمىدا قارا باش قويلار سويۇلۇپ، قوي گۆشىنىڭ شورپىسى تەڭرىنىڭ ئالدىغا چېچىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەنئەنىلىك نەزىر-چىراغ مۇراسىمى باشلىنىدۇ.

بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنىدىكى نۇرغۇن ئىبادەتخانا-بۇتخانىلار ئۆز دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن بەئەينى بىر كىچىك شەھەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزى چوڭراق ئىبادەتخانىلاردا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق شەيخ-راھىبلار تۇرىدۇ. ئۇلار ئەنئەنىۋى دىنىي ئادەتلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇنىدۇ. شەيخلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى خەلقنىڭكىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ، شەيخلەر چاچ-ساقاللىرىنى ئۆستۈرمەيدۇ. چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ تاقىر باش يۈرىدۇ. ئۇلار بۇددا نوملىرىنى ئوقۇشقا كىرىشكەندە كۆجە يېقىپ شام ياندۇرىدۇ، جاڭ ئۇرۇپ، دۇمباق چېلىپ، نەزىر-چىراغ مۇراسىمىنى ناھايىتى ئەنئەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نىكاھ قىلىپ خوتۇن ئالىدۇ.

يەنە ئېتىقاد قىلغۇچىلىرى سېنسىن (Sensin) دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر مەزھەپمۇ بار. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ

رەسىم-قائىدىسى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى يىلمان سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە يېمەي-ئىچمەي، ناھايىتى ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئوتنى تەڭرى دەپ ئوتقا چوقۇنىدۇ. ئۇلار باشقا دىنلارنى بىدئەت دەپ قارايدۇ، ئۆزلىرى بۇتلارغا چوقۇنمايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مادددىي بايلىق جەھەتتە بەلگىلىك پەرق بولىدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ خوتۇن ئېلىپ ئۆيلىنىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇلارمۇ باشقا مەزھەپتىكىلەرگە ئوخشاش، ساقال-بۇرۇتلىرىنى، چاچلىرىنى ئۈستۈرمەي دائىم پاكىز چۈشۈرۈۋېتىدۇ. قارا كاناپ تون كىيىدۇ. ئەگەر يىپەك كىيىم كىيمەكچى بولغاندىمۇ جەزمەن قارا يىپەكتىن كىيىم كىيىدۇ. ئۇلار يىرىك بورىلاردا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىنمۇ جاپالىق بولغان زاھىدلىق تۇرمۇشتا ياشايدۇ.

ئەمدى بىز بۇ تېمىدىن يۆتكىلىپ، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان تاتارلار باشلىقى ئۇلۇغ خان — قۇبلاي خاننىڭ يۈكسەك تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

# ئىككىنچى جىلد

## ئۇلۇغ خان — قۇبلاي ۋە ئۇنىڭ پايتەختى، ئوردىسى، ھۆكۈمىتى، غەربىي — جەنۇبتا قىلغان سەپىرىمىز ئۈستىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن شەھەرلەر ھەم ئۆلكىلەردە كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرىمىز

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

## بىرىنچى باب

## ئۇلۇغ خان قۇبلاينىڭ پارلاق ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق - نوپۇزى

بۇ جىلدتا بىز ھازىر تەختتە تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ خاننىڭ پارلاق ئىشلىرىنى بايان قىلماقچىمىز، ئۇنىڭ شاھلىق نامى قۇبلاي خان دەپ ئاتىلىدۇ. «خان» دېگەن سۆز بىزنىڭ تىلىمىزدا شاھەنشاھ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ نام ئۇنىڭغا لايىقتۇر، چۈنكى ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن پۇقراغا ۋە كەڭ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى زور كىرىمىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ، مۇندىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ھازىر ياشاۋاتقان بارلىق پادىشاھلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك، ھېچقانداق بىر پادىشاھ ئۇنىڭدەك مۇتلەق ھوقۇق - نوپۇزغا ئىگە بولغان ۋە ئۆزى ئىدارە قىلىۋاتقان خەلقنىڭ مۇتلەق ئىتائىتىگە ئىگە بولغان ئەمەس. بۇ جىلدتا كىشىلەرگە مۇشۇ پاكىتلارنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىمىز.

## ئىككىنچى باب

### پادىشاھنىڭ ئاغىسى نايياننىڭ ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى

ھەممىگە مەلۇمكى، قۇبلاي خان يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى چىڭگىزخاننىڭ رەسمىي ۋە قانۇنىي ئەۋلادى، تاتارلارنىڭ قانۇنىي باشلىقىدۇر. ئۇ، ئالتىنچى ئۇلۇغ خان بولۇپ، 1256 - يىلى تەختكە چىققان. قۇبلاي ئۆزىنىڭ جەسۇر - قەھرىمانلىقى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئىھتىياتچانلىقى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك ئەمەلدارلار ۋە ئائىلە جەمەتلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىققان ئاكا - ئىنىلىرىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. قۇبلاي خان بولسا قانۇنىغا ۋە ئۆزى ئېرىشكەن ھوقۇققا ئاساسەن تېگىشلىك ھالدا تەخت ۋارىسى بولغان.

ئۇ تەختكە چىققاندىن تارتىپ ھازىرقى 1289 - يىلغا قەدەر 42 يىل ئۆتۈپ، ساپساق 85 ياشقا كىردى①. ئۇ تەختكە چىقىشتىن ئاۋۋال، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي قوشۇنغا كىرىپ خىزمەت ئۆتىگەن ۋە ھەممە جەڭلەرگە قاتنىشىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە جەڭ قىلغان، ئۇ جەڭلەردە قەھرىمان ۋە كەسكىن بولغانلىقى ئۈستىگە، جەڭدە قوماند-

① ماركوپولو 1292 - يىلى جۇڭگودىن ئايرىلغان بولغاچقا، قۇبلايخاننىڭ 1294 - يىلى ۋاپات بولغىنىدىن ۋە 78 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكىدىن خەۋىرى يوق. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دانلىق قىلىش ۋە ستىراتېگىيە ـ تاكتىكا جەھەتلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا مەمەيلەن ئۇنى لەشكەر باشلاپ چىقىپ جەڭ قىلىشتا ئەڭ قەھرىمان، تالانتلىق ھەم ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن تاتار باش قوماندانى دېپ بىر ئېغىزدىن ئېتىراپ قىلغان. لېكىن ئۇ تەختكە چىققانىنىڭ مابەينىدە بىۋاستە جەڭگە كىرىپ، جەڭلەرگە ئۆزى قوماندانلىق قىلمىغان. ئۇ بارلىق جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئوغلىغا ۋە لەشكەر باشلىقلىرىغا ھاۋالە قىلغان. ئۇ پەقەت بىر قېتىملا بىۋاستە جەڭگە كىرگەن. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق:

قۇبلاينىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە نايان (Nayan) دېپ ئاتالغان بىر شاھزادە بولۇپ، ئۇ 32 ياشتا بولسىمۇ، نۇرغۇن ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلغان. شۇڭا ئۇ 300 مىڭ كىشىلىك بىر ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئۇلۇغ خان — قۇبلاينىڭ يېقىن ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە زور قوشۇنغا باشلىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ياشلىق غۇرۇرى بىلەن قۇرۇق نام ـ شۆھرەتنى قوغلىشىشقا بېرىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدا مۇشۇ روھىي ھالەتنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن خانلىق تەختنى قولغا ئېلىش نىيىتى پەيدا بولغان ۋە ئۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆز ئالدىغا كىشى تەيىنلەپ قول ئاستىدىكى مۇھىم بىر قوشۇننىڭ باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى قايدۇ (Kaidu)، ئۇنىڭ

قولىدىكى زېمىنىنىڭ چېگرىسى تۈركمىنگە يېتىپ بارىدۇ، بۇ ئادەم ئۇلۇغ خاننىڭ ئوغۇل جىيەنى بولسىمۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىشىدىن قورقۇپ يۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، خاندىن يۈز ئۆرۈشكە رازى بولغان.

شۇڭا نايانىڭ قايدۇغا قوللانغان سۈيىقەستى مەسلىھەتلەشمەستىنلا بىر يەردىن چىقىپ، قايدۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە يۈز مىڭ ئاتلىق ئەسكەر تەييارلاپ نايانغا يانتاياق بولماقچى بولغان. بۇ ئاسىيلىقنىڭ باش جىنايەتچىسى دەرھال ئۆزىگە ئەسكەر يىغىشقا كىرىشكەن. لېكىن بۇ ئىشنى قانداقمۇ قىلىپ سىغمايدىغان دەرىجىدە مەخپىي تۇتۇپ، قۇبلاي خانغا قىلچە تۇيدۇرمايمەن دېيىشكە مۇمكىن بولسۇن؟!

## ئۈچىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ نايان ئۈستىگە قىلغان جازا يۈرۈشى

ئۇلۇغ خان ئۆزىگە قارشى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان توپىلاڭ ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا نايان ۋە قايدۇلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرگە قاتنايدىغان بارلىق يول ئېغىزلىرىنى بوغۇپ، ئۇلارنى ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆزلىرىگە قارشى بىرەر تەدبىر كۆرۈۋاتقانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئەھۋالدىن خەۋەردار بولالمايدىغان قىلىۋەتتى. ئۇ خانبالىقتا (بېيجىڭغا) ئارىلىقى ئون كۈنلۈك يولدەك كېلىدىغان دائىرىدىكى بارلىق قوشۇننى يەنى

360 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى جىددىي يىغىش ھەمدە بۇنىڭغا 100 مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇننى قوشۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ پىيادە ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇۋغا چىقىپ قۇش ـ لاچىن قويۇپ بېرىدىغان مۇلازىملاردىن تەركىب تاپقانىدى.

ئاسىيلار 20 كۈن ئىچىدە بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدى. ئەگەر ئۇلۇغ خان كىدانغا قاراشلىق ئۆلكىلەرنى قوغداۋاتقان دائىمىي تۇرۇشلۇق قىسىملارنى تولۇق يىغماقچى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 30 — 40 كۈن ۋاقىت كېتەتتى. لېكىن بۇ ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەنلەر جەزمەن ئۇلۇغ خاننىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتتىن خەۋەردار بولۇپ، ئالدىنئالا تېزدىن بىرلىككە كېلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان مۇھىم ۋە خەتەرلىك يول ئېغىزلىرىنى ئالدىنئالا ئىشغال قىلىۋالاتتى.

ئەمما ئۇلۇغ خاننىڭ كۆزلىگىنى ناھايىتى تېز ھەرىكەتكە ئۆتۈش تاكتىكىسى بولۇپ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تايانغا مۇداپىئە كۆرۈش پۇرسىتى بەرمەي، غەلىبە قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى — ئالدىنئالا قول سېلىپ، ئۇنى بىر يولىلا يوقىتىش ئىدى. بۇنداق بىر بىرلەپ زەربە بېرىپ يوقىتىش تاكتىكىسى تەبىئىيكى تايان ۋە قايدۇلارنىڭ ئۆز كۈچلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىنمۇ پۇختا ۋە ئىشەنچلىك ئىدى.

ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە

مۇنداق پاكىتلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى: كىدان ۋە مەنزىلەرگە قاراشلىق ئۆلكىلەردە (مەنزى دېيىلگىنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەرنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئۆلكىلەرگە قاراشلىق شەھەرلەردە ھەم خانغا قاراشلىق باشقا جايلاردا ئورغۇن خەۋپ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. كۆڭلىدە نارازى بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن بىرمۇنچە ئادەملەر بىرەر پەيت تاپسىلا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خاننىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلاشقا تەييار تۇراتتى. شۇڭا ئورغۇن چوڭ شەھەرلەر ۋە نوپۇسى ناھايىتى كۆپ بولغان ئۆلكىلەردە مۇداپىئە ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ قىسىملار ئومۇمەن شەھەرلەردىن 4 — 5 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بىرەر ۋەقە چىقىپ قالسا، دەرھال شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ توپىلاڭنى قورال كۈچى بىلەن باستۇراتتى. ئۇلۇغ خان: قىسىملار ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم جاي ئالماشتۇرىدۇ. ئوفىتسېرلارمۇ ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىدۇ دېگەن بىر ھەربىي قائىدە ئورناتقانىدى. مۇشۇنىڭدەك ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغاچقا، خەلق پەقەت ئۇنىڭغا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ھېچقانداق باشقا پائالىيەت قىلالمايتتى ۋە ئىسلاھات يۈرگۈزەلمەيتتى. ھەربىي قوشۇن ساقلاشقا كېتىدىغان ھەممە خىراجەتلەر ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن خانغا تاپشۇرۇلىدىغان يىللىق

كۆرۈمدىن چىقىم قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جايلار-
دىكى خەلقىنىڭ خۇسۇسىي چارۋىلىرى ۋە چارۋىلاردىن
ئېلىنىدىغان سۈتلەرنىڭ كۆرۈمىدىن چىقىم قىلىناتتى.
چۈنكى خەلق ئۆزىنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ
ساتاتتى. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ھەربىي قوشۇنلار
دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھەتتا پايتەختتىن 30 — 40
كۈنلۈك ھەتتا 60 كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىدەك يىراقلىق-
تىكى چەت - ياقا جايلارغا تارقىلىپ جايلاشقانىدى. مۇشۇنى-
داق بەزىبىر ھەربىي گۇرۇھلارنىڭ يېرىمىنى بىر يەرگە
يىغقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كىشى ئىشەنگۈ-
سىز دەرىجىدە ھەيران قالارلىق كۆپ ئىدى.

ئۇلۇغ خان بىر باشتا بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋەزىيەتتە
ئۆزىگە قاراشلىق ھەربىي قىسىملارنى يىغدى. بۇ قىسىملار
كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ 25 كۈنلۈك جىددىي
ھەربىي يۈرۈش ئارقىلىق نايانغا قاراشلىق زېمىنغا يېتىپ
كەلدى. بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى ناھايىتى پۇختا
ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بارلىق يوللار قىل سىغمايدىغان
دەرىجىدە قاتتىق توسۇۋېتىلگەنىدى. بۇ ئۆتكەل — ئېغىزلار-
دىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان ھەرقانداق ئادەم بىردەك قولغا
ئېلىناتتى. شۇڭا كائىتا قوشۇنىنىڭ بىر يولىلا چېگرىغا
بېسىپ كېلىدىغانلىقىدىن نايان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى-
لەرنىڭ خۇددى قاپاق ئىچىگە سولىنىپ قالغاندەك. زادىلا
خەۋىرى يوق ئىدى.

## تۆتىنچى باب

### ئۇلۇغ خان بىلەن نايان ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق جەڭ

قۇبلاينىڭ قوشۇنى مەلۇم بىر جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا ھەربىي يۈرۈشنى توختاتتى. تاغ ئارقىسىغا بارگاھ تىكىپ، ئىككى كۈن دەم ئالدى. بۇ تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپى تۈزلەڭلىك بولۇپ، نايان قوشۇنىنىڭ بارگاھى ئىدى. ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئۆزىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇڭلاشقا ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتۈن قوشۇن قىزغىنلىق بىلەن تاغ تۆپىسىگە چىقىپ، نايان قوشۇنىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. نايان قوشۇنى تەشكىلىي جەھەتتە تارقاق، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياكى ئالدىنقى مۇھاپىزەتچىلىرى ياكى تىڭتىڭچىلىرى يوق ئىدى. نايان ئۆزى بولسا ئامراق توقلى بىلەن بىللە بارگاھ ئىچىدە ئۇخلاپ قالغانىدى. نايان چۆچۈپ ئويغىنىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا تەمتىرەپ قالدى. مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تەشكىللىيەلىدى. ئۆزىنىڭ قايدۇ قىسىملىرى بىلەن بالدۇرراق قوشۇلۇپ بىرلەشمە قوشۇن تۈزەلمەي قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى، ئەمما كېچىككەنىدى.

قۇبلاي سەگەنچۈككە ئولتۇراتتى. بۇ سەگەنچۈك تۆت پىلنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان ياغاچلاردىن قۇرۇلغان بولۇپ، پىللارنىڭ گەۋدىسى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇلغان قېلىن

قېپىلار بىلەن قاپلانغانىدى ھەمدە ساۋۇت ئارتىلغانىدى. سەگەنچۈك ئەتراپىغا بىرمۇنچە ئوقياچىلار قويۇلغانىدى. سەگەنچۈك ئۈستىدە كۈن ۋە ئاي سۈرىتى سىلىنغان پادىشاھلىق بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى.

ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنى 30 ئاتلىق قىسىمدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھەر بىر قىسىمدا 10 مىڭدىن ئەسكەر بار ئىدى. ھەر بىر ئەسكەر ئوقيا بىلەن قوراللانغانىدى. پۈتۈن قوشۇن 3 چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋە ئوڭ - سول قاناتتىكى قىسىملار يان تەرەپكە قاراپ تارقالغان بولۇپ، نايانىڭ قوشۇنىنى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالغانىدى. ھەر بىر ئاتلىق قىسىمنىڭ ئالدىدا 500 دىن ئوشۇق پىيادە ئەسكەر بار بولۇپ، ئۇلار قىسقا ساپلىق نەيزە ۋە خەنجەر بىلەن قوراللانغانىدى. دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭدىن قېچىشقا تەمشەلگەندە، ئۇلار ئاتلارغا مىنگىشىۋېلىپ جەڭگە قاتنىشاتتى، دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى يېڭىباشتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەندە بولسا، ئۇلار دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنى قىسقا نەيزىلەر بىلەن ئۆلتۈرەتتى.

تاتارلارنىڭ ئادىتى بويىچە، جەڭگىۋار سەپ تىزىلىپ بولۇشى بىلەنلا خىلمۇخىل ناغرا - سۇناي ۋە كانايلار چېلىنىپ، ئۈنلۈك جەڭگىۋار ناخشىلار ئېيتىلاتتى. تەبەر ۋە جەڭ دۇمباقلىرى چېلىنغاندىلا ئارىلاشما جەڭ باشلىناتتى. ناخشا سادىسى، ناغرا - دۇمباق، تەبەر - سۇناي ئاۋازلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك سادا يەر-جاھاننى تىترىتىپ، ئادەملەرنى چۆچۈتۈپ تىرىپىرەن قىلاتتى.

ئۇلۇغ خاننىڭ جەڭ دۇمبىقىنى چالغانلىقى ئۇنىڭ ئىككى قاناتتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، جىددىي قانلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئارىلىقتا تەرەپ-تەرەپتىن يامغۇردەك ئوق يېغىپ، سەپ-سەپ ئاتلار بىلەن ئادەملەر توپ-توپ يىقىلدى. جەڭچىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە قورال-ياراقلارنىڭ تاراق-تۇرۇق، جاراڭ-جۇرۇڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، كىشىلەرنى ئەندىكتۈرۈپ ۋەھىمىگە سالاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتىدىغان ئوقيالىرى ئېتىلىپ تۈگىشى بىلەنلا قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇزۇن نەيزە، خەنجەر، توقماق، شەمشەرلەر بىلەن بىر-بىرىنى قىرىشقا كىرىشتى. ئۆلگەن ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ، يوللار توسۇلۇپ ئەقەللىسى يەرگە ئاياغ تاشلاپ يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۆتكۈدەك يەرمۇ قالمىدى.

بۇ جىددىي-كەسكىن جەڭ ئەتىگەندىن چۈشكىچە داۋاملاشتى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن زادىلا قول ئۈزمەي قالدى. ئاخىر قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە قايسى تەرەپنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى دەرھال ئايرىۋالغىلى بولمىدى. ھېچقايسى تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى مەغلۇپ قىلالمايتتى. چۈنكى ئايان ئادەتتىكى چاغلاردا ئاممىغا ناھايىتى كەڭ قوللۇق قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ ئىشىنى قولىدىن كېلىشىچە قوغدايتتى. جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىدىكى، جەڭدىن قېچىشنى خالىمايتتى.

ئەمما نايان ئاخىر ئۆزىنىڭ قاتىمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى سېزىپ، قوشۇنغا مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىشقا بۇيرۇق بەرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزى تىرىك قولغا چۈشتى ۋە قۇبلاينىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

## بەشىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ نايانغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى

ئۇلۇغ خاننىڭ نايانى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى بۆلەكچە بىر خىل شەكىلدە ئىدى. ئۇلار نايانى ئىككى كىگىزنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تاڭىدى، ئاندىن ئۇنى دېمى سىقىلىپ ئۆلگەنگە قەدەر قاتتىق سىلكىشلەشتۈردى①. بۇنداق ئالاھىدە جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن مەقسەت خان جەمەتىدىكى كىشىنىڭ ئاققان قېنىنى قۇياشقا ۋە ھاۋاغا كۆرسەتمەسلىك ئىدى. نايانىڭ قالغان ـ قاتقان قىسمىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ، قۇبلايغا ئاخىرغىچە سادىق بولۇشقا قەسەم ئىچتى، ئۇلار جورجىن (Chorza)، كارلى (Karli)، بارسكۆل (Barskol) ۋە شىتىنگۈي (Sitingui) دېگەن مەشھۇر ئۆلكىلەرنىڭ ئاھالىسى ئىدى.

نايان ئاللىقاچان ئۆز ئالدىغا غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپ تازىلىنىپ بولغانىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭ بايرىقىغا بىر دانە كرېست بەلگىسىنى قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق دەپ بىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى

ئۇرغۇن خرىستىئانلار جەڭ ئۈستىدە ئۆلدى. يەھۇدىيلار① ۋە ساراسىنلار كرېست بەلگىلىك بايراقنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپلا مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ خرىستىئان ئاھالىسىنى ھاقارەتلەپ: «قارائىلار، سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار مۇشۇ بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ جەڭ قىلغانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى!» دەپ تىللاشقا باشلىدى.

خرىستىئانلار بۇنداق مەسخىرە قىلىش ۋە ھاقارەتلەشكە چىداپ تۇرالماي، ئۇلۇغ خاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەرز - ھالىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. قۇبلاي ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلارنى بۇيرۇق بىلەن ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ قاتتىق ئەيىبلەپ: «ئەگەر خرىستىئان دىنىنىڭ كرېست بەلگىسى ئۆزىنىڭ نايانغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىغانىكەن، دېمەك، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئەقىل - ئىدراك ۋە ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى نايان بولسا ئاسىي ئوغرىلارنىڭ بېشى، خرىستىئان دىنىنىڭ كرېست بەلگىسى ھەرگىز ئۇنداق ئادەمنى قانات ئاستىغا ئالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قانداق كىشى خرىستىئان دىنىنىڭ تەڭرىسىگە

① كىنەز سېبىن 1688 - يىلى چوڭ بىر چويۇن ھاۋانچىغا سېلىنىپ، ياغاچ توقماق بىلەن يانجىپ ئۆلتۈرۈلدى. خان جەمەتلىرىدىن پادىشاھقا قارشى چىققان جىنايەتچىلەر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلەتتى. چۈنكى بۇ يەردىكى كىشىلەر، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قېنى مۇقەددەس ۋە قەدىرلىك، شۇڭا ئۇنى يەرگە چېچىپ، توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ بولغاشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاۋستىرالىيەدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ مۇراسىملىرىدا يەرگە قان ئېقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. غەربىي سۇسېكس ۋە شوتلاندىيەدە بەزىلەر، قان تۆكۈلگەن يەرنى مەڭگۈ تېرىماي ئاق قالدۇرۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئامانەت قىلمىسۇن. تەڭرىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇقەددەس، ئاقكۆڭۈل ۋە ئادىلدۇر» دېدى.

## ئالتىنچى باب

## ئۇلۇغ خاننىڭ زەپەر قۇچۇپ بېيجىڭغا قايتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ خرىستىئان، يەھۇدىي ۋە باشقا پۇقرالىرىغا بەرگەن شان - شەرەپلىرى

ئۇلۇغ خان ناھايىتى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، قوشۇن بىلەن بىللە كاتتا تەنتەنە بىلەن بېيجىڭغا قايتتى. بۇ دەل 11 - ئاي ئىدى. ئۇ 2 -، 3 - ئايلاردىمۇ بېيجىڭدا بولدى. 3 - ئاي بىزنىڭ روژدېستۋو بايرىمىمىز. ئۇ، بۇ بىزنىڭ ئەڭ تەنتەنىلىك دىنىي مۇراسىمىمىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بارلىق خرىستىئانلارغا تۆت دانە ئىنجىل ئالغاچ ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ ئۇلۇغۋار قىياپەتكە كىرگەندى. ئۇ، بۇيرۇق بىلەن ئىنجىلنى بىر قانچە قېتىم ئىسرىقلاتقاندىن كېيىن، تەقۋادارلىق بىلەن سۆيۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە شۇ سورۇندىكى بارلىق ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ شۇنداق قىلىشنى بۇيرىدى. خرىستىئانلارنىڭ روژدېستۋو، پاسخا بايراملىرىدەك بايراملىرى يېتىپ كەلگەندىمۇ ئۇ ھامان مۇشۇنداق قىلاتتى. مەيلى ساراسىنلارنىڭ، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ بايراملىرى بولسۇن، بۇ بايراملاردىمۇ ئۇ مۇشۇنداق مۇراسىملارنى ئوخشاشلا ئادا قىلاتتى.

بىر كىشى ئۇنىڭدىن، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز

نېمە؟ دەپ سورىغانىكەن، ئۇ: «ئىنسانلارنىڭ ھەر قايسى تەبىقىلىرى تۆت پەيغەمبەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ياكى ئۇلارغا چوقۇنىدۇ. خىرىستىئان دىنىدىكىلەر ئەيسانى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىدۇ، ساراسىنلار مۇھەممەدنى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىدۇ، يەھۇدىيلار مۇسانى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىدۇ. بۇددىستلار بولسا ساكيا مۇنىنى (Sogomombar-kan) ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىپ ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بۇتلار ئىچىدىكى ئالاھىدە پەيغەمبەر دەپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. مەن بۇ تۆت پەيغەمبەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆرمەتلەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتەن ئاسماندا تۇرغۇچى بىرىنىڭ ماڭا مەدەت بېرىشىنى تىلەيمەن» دەپتۇ. لېكىن ئۇلۇغ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇ پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خىرىستىئان دىنىنىڭ ئېتىقادى ئەڭ ھەقىقىي ۋە ئەڭ ئوبدان، چۈنكى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئەخلاق ۋە مۇقەددەس پاكلىقتا تولغان، دەپ قارايدىغانلىقى ئېنىق.

ئەمما ئۇ خىرىستىئانلارنىڭ كىرىست ئېسىپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئەيسادەك ئالىيجاناب ئادەمنىڭ ئوچۇقتىن - ئوچۇق كىرىستقا مىخلىنىپ قامچىلانغانلىقى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىر قاراشتىلا كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىپ، كىشىنى قاندىقتۇر بىر يېقىمسىز ھېسسىياتقا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. لېكىن، ئېھتىمال، بەزىلەر: سىز خىرىستىئان دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى ياخشىراق دەپ بىلگەن ئىكەن-

سىز، ئۇنداقتا نېمىشقا بۇ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇپ خرىستىئان بولمايسىز؟ دەپ ئۇنىڭدىن سوراپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇلۇغ خان نىكولو ۋە مافېئولارنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئەلچىلىكىگە تەيىنلەپ، رىم پاپىسىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىدىغان چاغدا، ئۇلار ئەيمەنمەستىن خرىستىئان دىنى ھەققىدە بەزى گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتقان. ئۇلۇغ خان ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن خرىستىئان دىنىغا كىرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن نېمە ئۈچۈن خرىستىئان بولۇشۇم كېرەك؟ سىلەرمۇ كۆرۈۋاتىدىغانسىلەر، بۇ دۆلەتلەرنىڭ خرىستىئانلىرى بىلىمسىز ۋە ئىقتىدارسىز ئادەملەر، ئۇلار سېھىرگەرلىكنى بىلمەيدۇ. مۆجىزە يارىتالمايدۇ. شۇنىڭدەك سىلەرمۇ شۇنى كۆرۈۋاتىسىلەركى، بۇددىستلار خالىغىنىنى قىلالايدۇ. مەن داستىخاندا ئولتۇرسام، تاماقخانىدىكى قەدەھلەر ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىزلا لىق تولدۇرۇلۇپ، باشقا ئىچىملىكلەر بىلەن بىللە مېنىڭ ئىچىشىمگە تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇددىستلار شامال - بوران ۋە ھۆل - يېغىنلارنى چاقىرىپ كېلەلەيدۇ. يامان ھاۋانى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، ئالەمنىڭ چېتىگە ھەيدىۋېتەلەيدۇ. ۋە يەنە مۇشۇنىڭدەك ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. سىلەر يەنە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ، ھەر قانداق تەلەپكە جەزمەن بىرەر جاۋاب بېرىدىغانلىقى ھەممە تازا كارغا كېلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈڭلار.

«ئەگەر مەن ئۆز ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتىپ، خرىستىئان

بولسام، ئۇردىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇددىنغا ئىشەنمەيدىغانلار مېنىڭدىن: سىز نېمە ئۈچۈن قانداقتۇر بىرەر تولۇق سەۋەب بىلەن غۇسۇل ـ تاھارەت ئېلىپ، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلدىڭىز؟ دەپ سورىشى مۇمكىن①؛ ئۇلار يەنە، خىرىستىئان دىنىنىڭ مىسسىئونېرلىرى (دىن تارقاتقۇچىلىرى) ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ۋە قانداق مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتتى؟ دېيىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بۇد-دىستلارمۇ ئۆزلىرى كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پاك ـ مۇقەددەس بۇتلىرىنىڭ ئىلاھىي كۈچ ـ قۇدرىتىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشى مۇمكىن».

«ئۇلار قويغان سوئاللارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم لازىم؟ ئۇلار مېنى ئېچىنىشلىق خاتالىققا پېتىپ قاپتۇ

---

① بۇ بابنىڭ چوڭ بىر قىسمى يۇل (Yule) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان فرانسۇزچە نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلمىگەن. قۇبىلاي خىرىستىئانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇ، ئىزچىل ھالدا دىنىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشى دەپ قارايدىغان بىر خىل سىياسەتنى يۈرگۈزدى. ئۇ، تەگرىنى مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل مەھسۇلى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا چو-قۇنىدۇ. ئۇنىڭچە، دىن خەلقنى ئاقارتىشنىڭ بىر خىل تەييار ئۇسۇلىمىش. ئۇ لامالار بىلىملىك، خىرىستىئانلارمۇ بىلىملىك. ئەمما خىرىستىئانلار ماڭا 100 ئادەم چىقىرىپ بېرەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. جۇڭگونىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى ئىلگىرىكىدەك ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭغا سەل قارى-غىلى بولمايدۇ. بېرتراندرۇسسېل (Bertrand Russeil) ئۆزىنىڭ «جۇڭ-گو مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابىدا: «مەن جۇڭگولۇقلارغا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن جۇڭگوغا بارغانىدىم. لېكىن ئۇ يەردە مەن ئۇلارغا نېمىلەر ئۆت-تىدە تەربىيە بېرىشىم كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن قانداق ئۆگىنىشىم كېرەك، دېگەن مەسىلىنى ھەر كۈنى ئويلىنىدىغان بو-لۇپ قالدىم» دېگەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دېپ قارىشى مۇمكىن. بۇددىستلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز يۈكسەك سېھىرگەرلىكى ۋە ئاجايىپ سېھىرىي كۈچى بىلەن مىنى ئاسانلا ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا سىلەر پاپىنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن مېنىڭ نامىمدىن سىلەرنىڭ دىنىي ئەھكامىڭلارنى پۇختا بىلىدىغان 100 ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىڭلار. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ بۇددىستلار بىلەن كۈچ سىناشقاچ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلارنىڭكىدەك سېھىرگەرلىكتىن خەۋىرى بارلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ، بۇددىستلارنىڭ كۈچىنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان بولسۇن. بۇ سېھىرگەرلىك پەقەت ئالۋاستىنىڭ بەدقىلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلسۇن. شۇنىڭدەك نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بۇددىستلارنى مۇشۇنداق ناچار يولدىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلسۇن. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنداق ئىشلارنى كۆرگەن ھامان ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشىنى مەنئى قىلاي ۋە ئۆزۈم بىۋاستە خرىستىئان دىنىغا كىرىشتىكى غۇسۇل - تاھارەت رەسمىيىتىنى ئادا قىلاي، ئارقىدىن بارلىق ئاقسۆڭەكلەرمۇ مېنىڭ قىلغىنىمنى قىلسۇن، ئۇ چاغدا ئاددىي پۇقرالارمۇ بىزدىن ئۆلگە ئېلىشى مۇمكىن، شۇنداق قىلساق، بۇ يەردىكى خرىستىئانلارنىڭ سانى سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ».

بۇ سۆزلەر شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇكى، ئەگەر پاپا ناھايىتى لاياقەتلىك ئادەملەرنى ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتسە، ئۇلۇغ خان جەزمەن خرىستىئان دىنىغا كىرىدۇ. چۈنكى، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ ئەزەلدىنلا

يۇدىنغا كۈچلۈك مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ئەمدى رەسمىي ۋەقەگە ئۆتەيلى، بىز ئەمدى ئۇلۇغ خاننىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن داڭق چىقارغانلارنى مۇكاپاتلاپ، شان - شەرەپ بىلەن تارتۇقلىغانلىقىنى بايان قىلىمىز. ئەمما ئۇ يەردە ھەر كۈنى كۆزدە ئۇتتۇلغىنى ئۇلارغا نىمىنى ئۆگىتىمىز دېگەن مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن قانداق ئۆگىنىمىز دېگەن مەسىلىدۇر.

## يەتتىنچى باب

### خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسى ئۈستۈرۈلگەنلىكى ۋە ئالتۇن دەستەك بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى

ئۇلۇغ خان داڭقا ۋە ئىقتىدارلىق 20 نەپەر ئاقسۆڭەكنى ئۇفتىبىر - جەڭچىلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ياكى خاتالىقلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يىراقتا سەپەر قىلىشتىكى ۋە جەڭلەردىكى نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ نەتىجىسىنى يۇقىرىغا تولۇق مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئادەمنى ئۈستۈرمەكچى ياكى خىزمەت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولدى. مەسىلەن، يۈز بېشىنى مىڭ بېشىلىقتا ئۈستۈرمەكچى ۋە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە كۈمۈش بۇيۇم مۇكاپات بەرمەكچى، تەقدىرلەش دەستىكى ياكى خىزمەتكە تەيىنلەش دەستۇرى تارقاتماقچى بولدى.

يۈز بېشىلار كۈمۈش مۇكاپات دەستىكى. مىڭ بېشىلار ئالتۇن مۇكاپات دەستىكىگە ياكى ئالتۇن قاپلانغان كۈمۈش دەستەككە ئىگە بولدى. بۇ ئىككى خىل دەستەكنىڭ ئېغىرلىقى 20 ساج كېلەتتى. تۆمەن بەگلەرگە تەگكىنى شىر بېشى نەقىشلەنگەن ئالتۇن دەستەك بولۇپ، ئېغىرلىقى 220 ساج كېلەتتى①. بۇ دەستەك ئۈستىگە «تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىگە سېغىنىمەن. ياشىسۇن ئۇلۇغ خان، ئاسىيلىق قىلغانلار كەچۈرۈلمەي ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغانىدى. بۇنداق مۇكاپات دەستىكى ئالغان لەشكەر باشلىقلىرى (گېنراللار) بۇ مۇكاپات دەستىكىگە قوشۇپ بېرىلىدىغان ھەر خىل ئىمتىيازلارغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

يۈزمىڭ كىشىلىك ئارمىيىگە ياكى چوڭ قوشۇنغا قوماندان بولغان باش قوماندانلار ئېغىرلىقى 300 ساج كېلىدىغان ئالتۇن دەستەككە ئىگە بولدى. بۇ دەستەككە يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ سىرتىدا يەنە بىر شىرنىڭ بېشى ۋە ئاي - كۈن سۈرەتلىرىمۇ ئويۇلغانىدى. بۇ كىشى بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازلارمۇ ئالتۇن نۇر چاقناپ كۆزنى چېقىرلىتىدىغان مۇشۇ مۇكاپات دەستىكىگە ئويۇلغانىدى. ئۇ ئات مىنىپ سىرتقا چىقماقچى بولسا، ھامان بىراۋ ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە كۈن چۈشۈرمەي كۈنلۈك تۇتۇپ

---

① بۇ مۇكاپات دەستىكى چەمبەر چوقىلىق تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى مېتال تاختىدىن تەخمىنەن و سانتىمېتىر كەڭلىكتە ياسالغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 18 سەردىن 40 سەرگىچە ياكى 40 نەچچە سەرگىچە كېلىدىكەن. — ئىنگلىزچە تەرجىمانىدىن.

ماڭغاچ، ئۇنىڭ دەرىجىسى ۋە ھوقۇقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. سورۇندا بولسا، ئۇ ھامان بىر كۈمۈش ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

ئۇلۇغ خان بەزىبىر ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ مۇكاپات دەستىگى ئىنئام قىلدى. بۇ دەستەك ئۈستىگە ئاق لاچىن سۈرىتى ۋە بۇ دەستەكنى ئالغانلار كىنەز - بەگلەرنىڭ بارلىق قوشۇنىنى ئۆزىنىڭ شان - شەرەپ قوشۇنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ، خان جەمەتىنىڭ ئاتلىرىنى خالىغانچە ئىشلىتەلەيدۇ، شۇنىڭدەك دەرىجىسى ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان ھەرقانداق ئوفىتسېرنىڭ ئاتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالالايدۇ، دېگەن سۆزلەر ئويۇلغانىدى.

## سەككىزىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ قەددى - قامىتى، ئۇنىڭ تۆت خانىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇنغۇت ئۆلكىسىدىن تاللىۋالىدىغان بىكەلىرى ①

ئۇلۇغ خان ياكى شاھىنشاھ دەپ ئاتالغان قۇبلاي ئوتتۇرا بويلۇق، تەقى - تۇرقى ئەددىھال، قول - پۇتلىرى تەكشى كەلگەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى پۈتۈن گەۋدىسىگە تازا ماسلاشقانىدى. ئۇنىڭ كۆزى چىرايلىق ۋە روشەن بولۇپ، قەھرىمانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چىرايى بەئەينى قىزىلگۈلدەك نۇرلۇق ۋە قىپقىزىل بولۇپ، ئۇنىڭ جامالىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشاتتى. ئۇنىڭ كۆز

① بىكە — پادىشاھنىڭ خوتۇنى، ئۇ خانىكەدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قارىچۇقى قاپقارا، كېلىشىملىك بولۇپ، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە تۈپتۈز تەكشى ئىدى.

ئۇنىڭ تۆت نەپەر قانۇنىي خانىكىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەيلى قايسى بىرىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇل، ئۇلۇغ خان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇ تۆتەيلەننىڭ ھەممىسى خانىكە دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئايرىم — ئايرىم خاس قەسىرلەردە تۇراتتى. ھەر بىر خانىكىنىڭ قولىدا ياش ۋە چىرايلىق ئۈچيۈزدىن كېنىزەك بار ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە ھەرەمخانە (ياتاق) كېنىزەكلىرى، نۇرغۇن ئەر چاكارلار (غۇلاملار) ۋە باشقا ھەرەمبەگى بار ئىدى. دېمەك، ھەر بىر خانىكە تۇرىدىغان قەسىردىكى مۇلازىملار جەمئىي 10 مىڭ كىشىگە يېتەتتى.

ئۇلۇغ خان بۇ تۆت خانىكىدىن قايسى بىرىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى خالىسا ئۇنى چاقىرتماستىن، بەلكى ئۆزى بىۋاسىتە ئۇ تۇرغان ئوردا — قەسىرگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. تۆت خانىكىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ بەھرىمەن قىلىدىغان نۇرغۇن مەخسۇس خانىكىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاتارلارنىڭ ئونغۇت (Ungut) دېگەن ئۆلكىسىدىن تاللاپ كېلىنگەنىدى. بۇ ئۆلكىنىڭ ئاھالىسى چىرايىنىڭ گۈزەللىكى، رەڭگىنىڭ پاكىزلىقى ۋە نۇرانەلىقى بىلەن مەشھۇرئىدى. ئۇلۇغ خان ھەر ئىككى يىلدا ياكى ئىككى يىل توشماي تۇرۇپلا ئۆز خاھىشى بويىچە ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، يارلىقتا بەلگىلەنگەن گۈزەللەر تاللاش ئۆلچىمى بويىچە يۈز ياكى يۈزدىن

ئوشۇق گۈزەل، ياش نۆبەر قىزلارنى تاللاپ كەلتۈرەتتى.
گۈزەللەر تاللاش جەريانى مۇنداق ئىدى: گۈزەللەر تاللىغۇچى ئاكاربىر - ئەشرەپلەر يېتىپ كېلىپلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى بارلىق ياش قىزلارنى يىغدۇراتتى. مۇۋاپىق ساندا ئادەم تەيىنلەپ، ئۇلار ئۈستىدىن سىناق ئېلىپ باراتتى. سىناق ئايرىم - ئايرىم ۋە ناھايىتى ئىنچىكە ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنى ئۇلارنىڭ چېچى، چىرايى، قاش - كىرپىكى، ئېغىز - لەۋلىرى ۋە باشقا ئەزالىرىغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش خۇسۇسىيەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئاندىن ئۇلار قەددى - قامىتى ۋە رەڭگىروينىڭ گۈزەللىك دەرىجىسى بويىچە، 16 ياشلىقلار، 17 ياشلىقلار، 18 ياشلىقلار، 20 ياشلىقلار ياكى 20 دىن ئاشقانلار دېگەندەك بىرقانچە خىلغا ئايرىلاتتى. ئۇلۇغ خاننىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئادەتتە 20 ياشلىق ياكى 20 ياشتىن ئاشقان گۈزەللەر ئىدى. بىر ئاكا بىر - ئەشرەپلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنەتتى. تاللانغانلىكى گۈزەل قىزلار دەرھال ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىغا يوللىناتتى.
ئۇلار ئوردىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ خان يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئايرىم بىر بۆلەك ئادەم تەيىنلەيتتى. ئۇلار ئىچىدىن ئىچكى ھەرەمدە تۇرىدىغان ناھايىتى قەدىرلىك خادىملار، مەسىلەن بېكەلەر سۈپىتىدە 30 — 40 ئادەم تاللىۋېلىناتتى. ئۇلار بەزىبىر ياشانغان ئوردا كېنىزەكلىرى تەرىپىدىن خەۋەر ئېلىناتتى ۋە نازارەت قىلىناتتى. بۇ كېنىزەكلەر كېچىسى بۇ گۈزەل

لەرنىڭ بىرەر يوشۇرۇن ئەيىبى بار - يوقلۇقىنى يەنى ئۇلارنىڭ تىنچ ئۇخلايدىغان - ئۇخلىمايدىغانلىقى ياكى خورەك تارتىدىغانلىقى، نەپەسلەنگەندە بەدىنىدىن لالىگۇلدەك خۇش پۇراق چاچىدىغان - چاچمايدىغانلىقى، بەدەن - ئەزالىرىنىڭ بىرەر يېرىدىن بەدبۇي چىقىدىغان - چىقمايدىغانلىقىنى ئىنچىكىلەپ ئەستايىدىل كۆزىتەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاندىن بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنەتتى. ھەر گۇرۇپپا ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۇلۇغ خانغا ئىچكى ھەرەمدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز مۇلازىمەت قىلاتتى. ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ خاھىشى بويىچە بۇيرىغان ئىشنىڭ ھەرقانداقىنى تولۇق ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىشى شەرت ئىدى.

بىر گۇرۇپپىنىڭ مۇددىتى توشقاندا، باشقا بىر گۇرۇپپىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بۇ ئىش تاكى بەش گۇرۇپپىنىڭ نۆۋەتچىلىكى ئاخىرلاشقۇچە داۋاملىشاتتى. ئاندىن ئۇلار يەنە يېڭىباشتىن ئىشقا كىرىشىپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى بەشىيلەن ئىككىنچى قېتىملىق مۇلازىمىنى باشلايتتى. لېكىن بىر گۇرۇپپىدىكىلەر ئىچكى ھەرەمدە مۇلازىمەت قىلىۋاتقاندا، يەنە بىر گۇرۇپپىدىكىلەر ھەرەمگە يانداش دالان ئۆيدە تۇرۇشى شەرت ئىدى. ئۇلۇغ خانغا يېمەك - ئىچمەككە ئوخشاش بىرەر نەرسە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئىچكى ھەرەمدىكى گۇرۇپپىدىن دالان ئۆيدىكى گۇرۇپپىغا خەۋەر قىلىنىپ لازىملىق نەرسە - كېرەكلەر دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى، دېمەك، ئۇلۇغ خانغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈن-

لەي مۇشۇ ياش قىزلار ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. رەڭگىرويى سەل تۆۋەنرەك دەرىجىدىكى قىزلار خان جەمەتىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىنەز - بەگلەرگە بۆلۈپ بېرىلەتتى. بۇ قىزلار، ئۇلارنىڭ قولىدا تاماق ئېتىش، كىيىم تىكىش ۋە ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا ئىشلارنى ئۆگىنەتتى. شۇڭا ئوردىدىكى ھەرقانداق خادىم ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشنى خالايتتى. شۇڭا ئۇلۇغ خان مۇشۇ ئوردا قىزلىرىنىڭ بەزىبىرلىرىنى تاللاپ ئۇلارغا ئىنئام قىلاتتى ۋە بۇ قىزلارنى خېلى مول تويلۇق بىلەن قوشۇپ يولغا سالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلۇغ خان ئۇلارنى ئاقسۆڭەكلەرگە قوشۇپ قوياتتى.

بەزىلەر، ئېھتىمال، بۇ ئۆلكىنىڭ خەلقى قىزلىرىنىڭ زورلۇق بىلەن ھەرەمگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىگە نارازى بولمامدۇ؟ دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. ياق، ھەرگىز نارازى بولمايتتى. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان ئىلتىپات ۋە ئۆزلىرىگە قونغان شان- شەۋكەت دەپ بىلىدۇ. ھېلىقى گۈزەل قىزلارنىڭ ئاتىلىرى ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆز قىزلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. ئۇلار: «قىزلىرىمىز ئەگەر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، پېشانىسى ئوڭلىنىپ، ئۇلۇغ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ھەمراھى بولۇپ قالسا، بۇ — قىزلىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بەخت - سائادىتى، بۇنداق بەخت - سادەتكە ئېرىشىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ» دېيىشەتتى. ئەھۋال ئەگەر ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، قىزلىرى بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ياكى بىرەر بەختسىز-

لىككە ئۇچراپ، ئۇلۇغ خانغا ياردىماي قالسا، ئاتىلىرى بۇ ئىشنى قىزلىرىنىڭ شۇم پېشانىلىكىگە دۆڭگەيتتى.

## توققۇزىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ تۆت خانىكىسىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ سانى، شاھزادىلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ خانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ۋە چوڭ ئوغۇل چىڭگىز

ئۇلۇغ خاننىڭ تۆت خانىكىسىدىن جەمئىي 22 ئوغۇل تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭى چىڭگىز(Chinghis) دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ، خانلىق تەختىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ، بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ ئاتىسى ھايات چېغىدىلا بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن چىڭگىز ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئاتىسىدىن تېمۇر (Themur) دېگەن يەنە بىر ئوغۇل قالغانىدى. تېمۇر ئاتىسىنىڭ ۋارىسى، قانۇنىي تەخت ۋارىسى بولدى. بۇ شاھزادە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم بولۇپ ئەقىل - پاراسەتتىمۇ، غەيرەت - جاسارەتتىمۇ مۇكەممەل ئىدى. بىرقانچە قېتىمقى غەلىبىلىك جەڭلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ماھارىتىنى كۆرسەتكەنىدى.

ئۇلۇغ خاننىڭ رەسمىي خانىكىلىرىدىن تۇغۇلغان 22 ئوغلىدىن باشقا، بىكەلىرىدىنمۇ 25 ئوغۇل تۇغۇلغانىدى. بۇ ئوغۇللار داۋاملىق تۈردە جەڭ ئۈستىدە چېنىقىپ - تاۋلىنىپ تۇرغاچقا، غەيرەت - جاسارەتلىك ۋە ئۇرۇشقا ماھىر جەڭگىۋارلاردىن بولۇپ يېتىشتى، ئۇلۇغ خان ئۇلارغا ئاق سۆڭەكلىك ئۇنۋانى بەردى. ئۇلۇغ خاننىڭ رەسمىي خانى

كىلىرىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللارنىڭ يەتتىسى كەڭ ئۆلكىلەر ۋە خانلىقلارنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇلار زېرەكلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆز زېمىنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كىشىلەرنىڭ تاتار مىللىتىدىن چىققان چەكسىز ئۇلۇغ، تەڭداشسىز داھىيسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن كۈتكەن بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدى مۇشۇ پەرزەنتلەر تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## ئونىنچى باب

## خانبالىق يېنىدىكى بەھەيۋەت، چىرايلىق ئوردا ـ قەسىرلەر

بىر يىلنىڭ ئۈچ ئېيىدا يەنى 12 ـ، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايلىرىدا ئۇلۇغ خان ئومۇمەن قىتان ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانبالىق① شەھىرىدە تۇراتتى. بۇ يېڭى شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئۇنىڭ كاتتا ئوردا ـ قەسىرلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە كۆلىمىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن سېپىل ۋە چوڭقۇر خەندەك بىلەن قورشالغان كەڭ مەيدان كۆزگە چۈشىدۇ. مەيداننىڭ ھەر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ھەر تەرەپتىن كەلگەنلەر كىرىپ چىقىدىغان بىر دەرۋازا ئورنىتىلغان. بۇ ئىھاتە تام (سېپىل) نىڭ تۆت تەرىپىدە ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى 1·6 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوچۇقچى-

---

① خانبالىق (Kənbalu) يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى، يەنى بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرى بولۇپ، موڭغۇللار ئۇنى «خانبالىق» يەنى «خان شەھىرى» دەپ ئاتايتتى. ـ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

لىق يەر بار بولۇپ، ئۇ يەر ھەربىي قىسىملار جايلاشقان ئورۇن ئىدى. ئۇنىڭغا يانداش ئىككىنچى سېپىل بار بولۇپ، بۇ، ئۇزۇنى ۋە كەڭلىكى ئون كىلومېتىر كېلىدىغان مەيداننى ئىهاتە قىلىپ تۇراتتى. سېپىلنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئۈچتىن دەرۋازا بولۇپ، بۇ دەرۋازىلارنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى قالغانلىرىدىن چوڭ ئىدى. بۇ دەرۋازا خان كىرگەن - چىققان چاغلاردا ئېچىلغاندىن باشقا، يىلبويى ئېچىلماي ئېتىك تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى دەرۋازىلار بولسا كىشلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشى ئۈچۈن كۈنبويى ئوچۇق تۇراتتى.

ئىككىنچى سېپىلنىڭ ئىچىدىكى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار قىلىپ سېلىنغان بەھەيۋەت، گۈزەل سەككىز ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇلار — خاننىڭ ھەربىي لاۋازىمەت ئامبىرى ئىدى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەر بىرىدە پەقەت يۈگەن - ئېغىزدۇرۇق، ئېگەر، ئۈزەڭگە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرگە لازىملىق نەرسىلەرلا ساقلىناتتى. ياي، كىرىچ، ئوقدان، ئوق ۋە ئوقيارچىلىققا كېرەكلىك نەرسىلەر مەخسۇس بىر ئامباردا ساقلىناتتى. ساۋۇت، دۇبۇلغا ۋە كۆن - تېرىدىن ياسالغان ساۋۇتلار بولسا ئۈچىنچى ئامباردا ساقلىناتتى. قالغانلىرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. بۇ ئىهاتە سېپىلنىڭ ئىچىدە ئايرىم ئىهاتىلەنگەن يەنە بىر مەيدان بار ئىدى، بۇ ئىهاتە سېپىل ناھايىتى قېلىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 7·6 مېتىر كېلەتتى. راۋاق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پاكار تام پۈتۈنلەي ئاق ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە ئايلانمىسى 6·5 كىلومېتىر، ھەر تەرىپى 1·6 كىلومېتىر

كېلىدىغان بىر چاسا مەيدان پەيدا بولغانىدى. بۇ يەردىمۇ
يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇ مەيداننىڭ جەنۇب ۋە شىمال
تەرەپلىرىدە ئۇچتىن دەرۋازا بار ئىدى. مەيدان ئىچىدىمۇ
چوڭ - چوڭ سەككىز ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇلار خاننىڭ
كىيىم - كېچەكلىرى ساقلىنىدىغان ئامبارلار ئىدى. ھەر بىر
سىپىل ئارىلىقلىرىدا نۇرغۇن چىرايلىق دەرەخلەر تىكىلگەن
ۋە ئوتلاق ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، چوڭ بۇغا، ئىپار كىيىكى،
سېرىق بۇغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇخىل ياۋايى
ھايۋانلار بېقىلاتتى. ئەگەر سىپىللار ئارىسىغا ئىمارەت سېـ
لىنىماي بۇ يەرلەرمۇ ھېلىقى ئوتلاق بىلەن بىر قاتاردا
بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا، بۇ يەردىكى ئوتلاقلارنىڭ ئوت -
چۆپى ئۆسۈپ كۆپىيىپ، ئوتلاقلار ئارىسىدىكى يوللار ئوتلاقـ
تىن 90 سانتىمېتر ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. يوللارنىڭ
ئۈستىگە خىش يېيىتىلغانلىقتىن، ھۆل - يېغىن بولغان
چاغلاردا يول ئۈستىگە لاي - سۇ يىغىلىپ قالماي، سۇلار
بېلىق سىرتى قىلىپ ياسالغان يولدىن ئىككى تەرەپكە
ئېقىپ، ئوت - چۆپلەرنى سۇغىرىپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

ئەتراپى سىپىل بىلەن ئىھاتىلەنگەن مۇشۇ 6.5 كىلو-
مېتر كەڭلىكتىكى مەيداندا ئۇلۇغ خاننىڭ بەھەيۋەت
ئېگىز ئوردىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى
ۋە زورلۇقى مىسلىسىز بولۇپ، ئۇ تاكى بۇ سىپىلنىڭ شىـ
مالىدىن جەنۇبىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. ئوتتۇرىسىدا پەقەت
بىرلا كارىدور قالدۇرۇلغان بولۇپ، بېكەلەر ۋە ئوردا
قاراۋۇللىرىنىڭ ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشىگە خىزمەت قىلىدۇ.
بۇ ئوردا بىر قەۋەتلا بولسىمۇ لېكىن ئۇ ناھايىتى ئېگىز

كۆتۈرۈپ ياسالغان، ئوردىنىڭ ئۇلى ياكى سۇپىسى يەردىن تەخمىنەن يەتتە گەزدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ قوپۇرۇلغان، ئەتراپىنى ئىككى قەدەمچە كەڭلىكتىكى مەرمەر تام ئىھاتە قىلىپ تۇرىدۇ. سېپىلنىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق تۈۋرۈكلۈك رېشاتكا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ بۇ يەرگە يېقىن كېلىشىگە يول قويۇلىدۇ. چوڭ قەسىرلەر ۋە ئۆيلەرنىڭ ھەممە ئايۋان بۇرجەكلىرى ھەل بېرىلگەن ئەجدىھالار، خىلمۇخىل ئۇچار قۇشلار ۋە جانىۋارلارنىڭ نەقىشلەنگەن سۈرىتى بىلەن زىننەتلەنگەن. شۇنىڭدەك جەڭچىنىڭ ھەيكەللىرى ۋە ئۇرۇش ھەققىدىكى گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن ئايۋان - تۈرۈسلار ۋە تۈۋرۈكلەرگە نەقىشلىنىپ ھەل بېرىلگەن سۈرەتلەر پارقىراپ، جۇلالىنىپ كىشىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. خان ئوردىسىنىڭ تۆت ئەتراپىغا خېلى يەرگىچە ئۇزىرىپ بارىدىغان ئايرىم - ئايرىم مەرمەر پەلەمپەي ئورنىتىلغان بولۇپ، زىيارەتچىلەر ئەتراپتىكى مەيداندىن بۇ پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئوردىنى ئىھاتە قىلىپ تۇرغان مەرمەر تاشلىق تام ئىچىدىكى سۇپىغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئوردىغا كىرىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پەلەمپەي ۋە مەرمەر تاشلىق ئىھاتە تام ئىچىدىكى سۇپىنى بېسىپ ئۆتۈشى شەرت.

خان ئوردىسى ئىچىدىكى چوڭ قەسىر بەھەيۋەت، گۈزەل بولۇپ، زىياپەت بېرىپ چوڭ بىر توپ مېھمانىنى ئۆزدىشقا يارايتتى، ئوردا ئىچىدە بىر - بىرىگە ئوختاشمايدىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق لايىھىلىنىپ، ئۆز لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ناھايىتى چىرايلىق، ئاجايىپ يۈكسەك مىمارچىلىق سەنئىتى

قوللىنىلغان ئورغۇن ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاملارغا ئىشلىتىلگەن ماھارەتنى ئەڭ يۈكسەك ماھارەت دېيىشكە بولاتتى. ئىمارەتنىڭ ئايۋان قىرلىرى قىزىل، يېشىل، كۆك، سۆسۈن رەڭلىك سىر بىلەن بېزەلگەن ۋە ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇزاق يىللىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. پەنجىرىلەرگە ئورنىتىلغان ئەينەكلەرمۇ گويا شامال ئۆتۈپ تۇرىدىغان خرۇستاللاردەك ناھايىتى نەپىس جايلاشتۇرۇلغانىدى.

ئوردىنىڭ ئاساسلىق كەۋدىسىنىڭ كەينىدە بىرنەچچە يۈرۈشلۈك ھۇجرىسى بار بىرنەچچە قاتار ھەيۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ھۇجرىلاردا پادىشاھنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش خىشلار، ئېسىل جاۋاھىراتلار، مەرۋايىتلار، ئالتۇن-كۈمۈش ئەسۋاب، قاچا - قۇچىلارغا ئوخشاش خۇسۇسىي مۈلۈكلىرى ياكى بايلىقى ساقلىناتتى. بۇ يەر يەنە شۇنداقلا پادىشاھنىڭ خانىشى ۋە بېكەلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر ئىدى. غان بۇ يەردە سىرتنىڭ ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچرىماي تىنچ ياشىغاچقا، ئوردا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاسان چۈشەتتى.

خانىنىڭ ئۆزى تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك قەسىرنىڭ ئۇدۇلىدا ھەرقانداق جەھەتتىن چوڭ قەسىرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئايرىم بىر قەسىر بار بولۇپ، ئۇ، چوڭ شاھزادە ۋەلىئەھد چىڭگىز تۇرىدىغان جاي ئىدى. ئۇ، خانلىق تەختىنىڭ ۋارىسى بولغاچقا، بۇ يەردە قوللىنىلىدىغان ھەممە قائىدە-يوسۇنلار ئۇنىڭ ئاتىسى — خان تۇرىدىغان قەسىردىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. خان ئوردىسىنىڭ سەل نېرىسىدىكى شىمالىي يۆنىلىشتە ئىھاتە سېپىلغا بىر ئوق

ئۆزگىدەك ئارىلىقتا بىر سۈنئىي تاغ بار ئىدى. تاغنىڭ ئېگىزلىكى ساپساق يۈز قەدەم بولۇپ، ئايلانمىسى 1·6 كىلومېتىر كېلەتتى. تاغنىڭ ھەممە يېرىگە دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەنىدى. چۈنكى پادىشاھ ھەزرەتلىرى نەدە بىرەر تۈپ گۈزەل دەرەخ بارلىقىنى بىلىپ قالسا، بۇ دەرەخنىڭ قانچىلىك زور ۋە ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى يىلتىزى ۋە تۇپىسى بىلەن قومۇرغۇزۇپ كېلىپ، مۇشۇ تاغقا كۆچۈرگۈزۈش ئارقىلىق، تاغنىڭ يېشىللىقىنى ئاشۇراتتى. شۇڭا بۇ كىچىك تاغ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھامان كۆكىرىپ تۇراتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن كۆكتاغ دەپ نام ئالغانىدى.

تاغ تۆپىسىدە غەلىتە زىننەتلەپ ياسالغان بىر شىپاڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ پۈتۈنلەي يېشىل سىرلانغان بولغاچقا، كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئاجايىپ گۈزەل نۇرمال مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرەتتى. خان ئوردىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى رايوندا مۇشۇ يەرگە تەۋە كەڭ ۋە چوڭقۇر بىر سۈنئىي كۆل بولۇپ، ناھايىتى پۇختا تۈزۈلگەنىدى. مۇشۇ كۆلدىن قېزىپ چىقىرىلغان تۇپا بىلەن سۈنئىي تاغ ياسالغانىدى. كۆلنىڭ سۈيى بىر ئېرىقتىن كېلەتتى. كۆلنىڭ شەكلى بېلىق بېقىلىدىغان كۆلگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ كۆلنىڭ سۈيى ئۆي ھايۋانلىرىنى سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. بۇ سۈنئىي كۆلگە باشلىنىدىغان ئېرىق سۈيى كۆكتاغنىڭ ئېتىكىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق ئارقىلىق خان ئوردىسى بىلەن شاھزادە ئوردىسىنىڭ ئارى-

لىقىدىكى چوڭ ۋە چوڭقۇر قېزىلغان سۈنئىي كۆلگە قۇيۇ-
لاتتى. بۇ كۆلنىڭ توپىسىمۇ ئوخشاشلا يەنە بىر سۈنئىي
تاغ ياساشقا ئىشلىتىلگەنىدى. بۇ كۆلدە خىلمۇخىل بېلىقلار
بېقىلاتتى. خاننىڭ تامىقىغا لازىملىق تىرىك بېلىقلار
مەيلى قانچىلىك بولسۇن، پۈتۈنلەي مۇشۇ كۆلدىن ئېلىناتتى.
ئېرىقنىڭ سۈيى كۆلنىڭ بىر بېشىدىن كىرىپ ئىككىنچى
بېشىدىن چىققاندا بېلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن، ئېرىقنىڭ سۇ كىرىش ئاغزى ۋە چىقىش ئاغ-
زىغا تۆمۈر ياكى مىستىن ياسالغان چاقماق كۆزلۈك
رېشاتكا ئورنىتىلغانىدى. كۆلدە يەنە غاز ۋە باشقا سۇ
قۇشلىرىمۇ بېقىلاتتى. خان ئوردىسى بىلەن شاھزادە ئور-
دىسى ئارىلىقىدا قاتنايدىغانلار ئۈچۈن كۆل ئۈستىگە
بىر ئاسما كۆۋرۈك سېلىنغانىدى. خان ئوردىسى ھەققىدىكى
تەسۋىرىمىز مۇشۇ يەردە ئاياغلىشىدۇ. ئەمدى چوڭ پايتەخت-
نىڭ يەر تۈزۈلۈشى ۋە مۇھىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئون بىرىنچى باب

**خانبالىقنىڭ يېنىغا بىنا قىلىنغان چوڭ پايتەختنىڭ يېڭى شەھىرى، ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش قائىدىلىرى ۋە بۇ شەھەرنىڭ كېچىلىك ئامانلىقىنى ساقلاشقا دائىر تەدبىرلەر**

خانبالىق شەھىرى كىدان ئۆلكىسىدىكى بىر چوڭ
دەريانىڭ ئۈستۈن تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن
بۇيان ئۆزىنىڭ بەھەيۋەت گۈزەللىكى بىلەن يىراق - يېقىنغا
مەشھۇر ئىدى. شەھەر نامى «خان شەھىرى» دېگەن مەنىنى

بىلدۈرەتتى. خان ھەزرەتلىرى مۇنەججىملەرنىڭ قۇرئى
سېلىپ ھېساپلاشلىرىغا ئاساسەن، بۇ شەھەردە كەلگۈسىدە
بىرەر توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ دەريا-
نىڭ قارشى ساھىلىغا ئايرىم بىر يېڭى پايتەخت بىنا
قىلىشنى قارار قىلغانىدى. باشتا بايان قىلىنغان خان
ئوردىسىنىڭ كاتتا قەسرى دەل مۇشۇ يېڭى پايتەختتە
ئىدى. يېڭى پايتەخت بىلەن كونا پايتەختنى پەقەت بىرلا
دەريا ئايرىپ تۇراتتى. يېڭى پايتەختكە چوڭ پايتەخت
دەپ نام بېرىلدى. بارلىق كىدانلار، باشقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا كىدان ئۆلكىسىنىڭ بارلىق ئاھالىسى كونا پاي-
تەختتىن يېڭى پايتەختكە كۆچۈرۈلدى. لېكىن قەتئىي
سادىق، شەك - شۈبھە قىلىنمايدىغان ئاھالىنىڭ كونا
پايتەختتە تۇرۇۋېرىشىگە رۇخسەت قىلىندى. چۈنكى يېڭى
پايتەخت گەرچە بىز بايان قىلىش ئالدىدا تۇرغان دەر-
جىدە كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەڭتاشا كونا پايتەختتىكى
ئۇنچىۋالا نۇرغۇن ئاھالىنى سىغدۇرالمايتتى.

يېڭى پايتەخت كۋادرات شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ،
ئايلانمىسى 38 كىلومېتىر، ھەر تەرىپى ئون كىلومېتىر كېلەت-
تى. ئۇنى توپىدىن ياسالغان سېپىل ئىھاتە قىلىپ
تۇراتتى. سېپىل ئاستى ئون قەدەم كەڭلىكتە بولۇپ، ئېگىز-
لىگەنسىرى تارىيىپ باراتتى. سېپىلنىڭ تۆپىسىنىڭ كەڭ-
لىكى 3 قەدەمدىن ئاشمايتتى. ھەممە راۋاقلىرى ئاق
ئاقارتىلغانىدى. پۈتۈن شەھەر تۈز سىزىق بويىچە لايىھە-
لەنگەن بولۇپ، ئومۇمەن ئالغاندا، بارلىق كوچىلار تاكى
سېپىلنىڭ ئېتىكىگىچە تۈپتۈز قىلىپ سېلىنغان بولۇپ،

بىر كىشى ئەگەر سېپىل ئۈستىدىكى راۋاقتا چىقىپ ئالدىدىكى كوچىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە كۆز يۈگۈرتسە، ئۇدۇلىدىكى سېپىل دەرۋازىسىنى كۆرەلەيتتى. شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا خىلمۇخىل ماگازىنلار ۋە ياپىمچىلار جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە ئۆي سېلىۋېلىش ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرمۇ كىۋادرات شەكىلدە ئىدى ھەمدە تۆپتۈز سىزىق بويىچە ئۆزئارا تەكشى جايلاشقان. ھەربىر پارچە يەر چىرايلىق ئۆي - ئىمارەت، ھويلا ئارام ۋە باغ سېلىشقا تولۇق يېتەرلىك ئىدى. بۆلۈپ بېرىلگەن بۇ يەرلەرنى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى باشقۇراتتى. كېيىنچە بۇ مۈلۈك زېمىنلارنى ئەركىن ئېلىپ ساتسا بولاتتى. شەھەرنىڭ ھەر بىر رايونى خۇددى شاھمات تاختىسىدەك كىۋادرات شەكىلدە ناھايىتى ئېنىق ۋە گۈزەل لايىھىلەنگەن بولۇپ، بۇنى تولۇق تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. شەھەر سېپىلىدىن جەمئىي 12 دەرۋازا ئېچىلغان بولۇپ، ھەر تەرىپىگە ئۈچتىن توغرا كېلەتتى. ھەر سېپىلنىڭ ئۈستىگە ۋە ئىككى دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا بىردىن چىرايلىق بىر ئىمارەت يەنى راۋاق سېلىنغانىدى، يەنە سېپىلنىڭ ھەر تەرىپىدە مۇنداق ئىمارەتتىن جەمئىي بەشى بولۇپ، ھەر بىر ۋاقىتتا شەھەرنى مۇداپىئە قىلىدىغان ئەسكەر ۋە قورال - ياراق تۇرىدىغان چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، ھەر بىر دەرۋازىنى مىڭدىن ئەسكەر مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى. ئەمما شۇنچە نۇرغۇن ئەسكەرنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىنى قانداقتۇر بىرەر دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز

قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈنمىكىن دەپ قالماڭلار.
ئەمەلىيەتتە، بۇ قاراۋۇل قىسىملارنى تۇرغۇزۇشتىن مەقسەت پەقەت خاننى قوغدىغۇچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز-كۆز قىلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەمما بىزنىڭ شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، مۇنەججىملەرنىڭ پەرەزلىرى ئاتۇپەيلىدىن، خاننى كىيدان ئۆلكىسىنىڭ خەلقىدىن زادىلا ئەندىشە قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى.

يېڭى پايتەختنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز بىر ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا يوغان بىر قوڭغۇراق ئېسىلغانىدى. ھەر كېچىسى قوڭغۇراق چېلىنىپ ۋاقىت جاكارلىنىپ تۇراتتى. 3-قېتىملىق قوڭغۇراق چېلىنىپ بولغاندا، ھەرقانداق كىشىنىڭ شەھەر كوچىسىدا مېڭىشىغا يول قويۇلمايتتى. بىرەر ھامىلىدار ئايالنىڭ بوشىنىدىغانلىقى ياكى بىراۋنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن جىددىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن سىرتقا چىقىپ دوختۇر تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ھېلىقى چەكلىمىدىن مۇستەسنا ئىدى. ئەمما شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ سىرتقا چىققۇچىلار بولسا، چىراغ كۆتۈرۈپ يۈرۈشى شەرت ئىدى.

شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا بىردىن شەھەر ئەتراپى رايونى بار بولۇپ، دائىرىسى خېلى كەڭ ئىدى. ئۇ رايون شەھەرنىڭ تۆت - سول تەرەپلىرىدىكى دەرۋازىلىرىغا يېقىن بولۇپ، 7·6 كىلومېتىرغىچە سوزۇلاتتى. شۇڭا شەھەرگە يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىنىڭ سانى پايتەخت ئاھالىسىنىڭ سانىدىن ئېشىپ كېتەتتى. شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا شەھەردىن تەخمىنەن 1·6 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە نۇر-

غۇن سارايلار بار بولۇپ، بۇ سارايلار ياكى كارۋان چۈشىدىغان مېھمانخانىلار ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنى ياتاق بىلەن تەمىنلەيتتى. مېھمانلار ھىلمۇخىل ئىرقلار بويىچە بەلگىلەنگەن ئايرىم - ئايرىم سارايلاردا تۇراتتى. مەسىلەن، لومباردىلىقلار (Lombrds) ئايرىم ياتاقتا، گېر-مانلار ئايرىم ياتاقتا، فرانسۇزلار بولسا يەنە بىر ياتاقتا تۇراتتى.

يېڭى پايتەخت ۋە كونا پايتەختنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋاتقان پاھىشە ئاياللار 25 مىڭ كىشىگە يېتەتتى. ھەر بىر يۈز نەپەر ياكى مىڭ نەپەر پاھىشە ئايالنى ئالاھىدە تەيىنلەنگەن ئاغۋات (ھەرەمبېگى) نازارەت قىلاتتى. بۇ ئاغۋاتلار يەنە باش نازارەتچىگە قارايتتى. پاھىشە ئاياللارنى ئىدارە قىلىشتىن مەقسەت مۇنداق ئىدى: چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن مەخسۇس ئەلچىلەر پايتەختكە يېتىپ كەلگەن، ئۇلار يەنە ئۇلۇغ خانغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ۋەزىپە بىلەن كەلگەن بولسا، قائىدە بويىچە ئوردىدىن كۈتۈلۈپ مېھمان قىلىناتتى. چەت ئەللىك مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، باش نازارەتچىگە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا ھەر كېچىسى بىردىن ئالىي دەرىجىلىك پاھىشە ئايال ئەۋەتىپ بېرىش ۋە ھەر كۈنى ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلەتتى. پاھىشە ئاياللارمۇ بۇ ئالۋاڭنى ئۆزلىرىنىڭ خان ئالدىدا ئۆتەيدىغان بۇرچى دەپ بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار مېھمانلاردىن ھېچقانداق ھەق ئالمايتتى.

كېچىسى 30 — 40 كىشىلىك بىر ئەترەت سەييارە

قاراۋۇللار كېچىلىك جىددىي ھالەتتىن كېيىن — 3 - قېتىملىق قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن — ئۆيىدىن كوچىغا چىققان ئادەملەرنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇراتتى. تەكشۈرۈشتە ئۇچراپ قالغانلار دەرھال قولغا ئېلىنىپ، تاڭ ئاتقاندا مەخسۇس شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل ئوفىتسېرنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ بېرىلەتتى. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ سەل قارىغانلىقتىن كوچىغا چىققانلىقى ئىسپاتلانسا، ۋەقەنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ياكى يېنىك ياكى ئېغىر دەرىجىدە تاياققا بېسىش جازاسى بىلەن جازالىناتتى. مۇشۇ جازا بىلەنمۇ ئۆلۈپ قالىدىغانلار بولاتتى. خەلق بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزسە، بۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈلۈشنى خالىمايتتى، بۇ — دائىم قوللىنىلىدىغان ئادەتتىكى جازا ھېسابلىناتتى. ئەتراپلىق بىلىم ئالغان مۇنەججىملەر ئۇلۇغ خانغا قان تۆكمەيدىغان يۇمشاق سىياسەت قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلغاندى.

بىز چوڭ پايتەختنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇشۇنچىلىكلا توختىلىمىز. ئەمدى كىدانلىق ئاھالىنىڭ ئاسىيلىقلىرى قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

## ئون ئىككىنچى باب

## ئۇلۇغ خاننىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇن

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇلۇغ خان ھۇزۇرىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇن 12 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار كاشتانلار (Kasitan) دەپ يەنى «خان ھەزرەتلى-

رىنىڭ سادىق چەۋەندازلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلۇغ خاننىڭ بۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇننى تۇتۇشى قانداقتۇر بىرەر تەشۋىشتىن ئەمەس بەلكى پەقەت ئوردىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز - كۆز قىلىش ۋە بۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئىدى.

بۇ 12 مىڭ ئەسكەرگە تۆت چوڭ سەركەردە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان بولۇپ، ھەربىر سەركەردە 3000 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلاتتى. ھەر 3000 ئەسكەر خان ئوردىسىدا نۆۋەتمۇ - نۆۋەت ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن ئالمىشىپ دىجورنىلىق قىلاتتى. بىر ئەترەتنىڭ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئەترەت دىجورنىلىق ئالمىشاتتى. تۆت ئەترەتنىڭ نۆۋەتچىلىكى توشقاندا، دىجورنىلىق يېڭىباشتىن باشلىناتتى.

كۈندۈزى، دىجورنىلىق قىلمايدىغان 9000 ئەسكەر پادىشاھنىڭ تەيىنلىگەن بىرەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى ياكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئۇلار پەقەت سەركەردىنىڭ تەستىقى بىلەنلا ئوردىدىن سىرتقا چىقالايتتى. باشقا چاغلاردا ھامان ئوردا ئىچىدە تۇراتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ ئاقسۆڭەكلەرنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلىدىغان چوڭ ئوردا زىياپىتى

ئۇلۇغ خان ھەزرەتلىرى ئوردىدا چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزگەندە زىيارەتكە كەلگەنلەر ئۆز رېتى بويىچە سورۇن

تىزىپ ئولتۇراتتى. چوڭ ئوردا جوزىسى ئېگىزرەك سۇپا ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇلۇغ خان شىمالىي تەرەپتە، جەنۇبقا قاراپ ئولتۇراتتى. خانىكەلەر ئۇنىڭ سول تەرىپىدە، ۋەلىئەھد ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇراتتى. خاننىڭ نەۋرىلىرى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئورنى ئۇلاردىن تۆۋەنرەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن خان-نىڭ پۇتى ئۇدۇل كېلىدىغان يەردە بولۇپ، بىر تۈپتۈز سىزىق ھاسىل قىلاتتى. باشقا شاھزادىلەر ۋە ئاقسۆڭەك-لەرنىڭ ئورنى بولسا يۇقىرىقىلاردىن تېخىمۇ تۆۋەنرەكتە ئىدى. خانىنىڭ كېلىنلىرى، خان نەۋرىلىرىنىڭ كېلىنلىرى ۋە ئۇلۇغ خاننىڭ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سول تەرەپتە سورۇن تۈزەپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورۇنى تېخىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇلاردىن قالسا ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ سورۇنى تۇراتتى. دېمەك، ھەممە مېھمانلار ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئولتۇ-رۇشقا تېگىشلىك بەلگىلىك سورۇننى تېپىپ ئولتۇرۇشى شەرت ئىدى.

قەسىر ئىچىدىكى سورۇنلار تەكشى - رەتلىك ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، ئۇلۇغ خان ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغىنىچە پۈتۈن قەسىردىكى ھەممەيلەنگە يۇقىرىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ تۇرالايتتى. لېكىن ئوردا زىيارىتىگە كەلگەن ھەممەيلەنگە ئورۇن تېگىدىكەنمۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، كۆپچىلىك ئەمەلدارلار ھەتتا ئاقسۆڭەكلەر چوڭ قەسىرنىڭ پەگاسىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ زىياپەتكە ئېغىز تېگەتتى.

چوڭ قەسىرنىڭ سىرتىدا، يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك نادىر سوۋغاتلار ئېلىپ كەلگەن چەت ئەللىكلەر ئۆرە تۇراتتى.

چوڭ قەسىرنىڭ مەركىزىدە، يەنى ئۇلۇغ خاننىڭ جوزىسىنىڭ ئۇدۇلىدا تەرەپ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ قەدەمدىن قىلىپ ياسىلىپ، ئۈستى نەپىس نەقىشلەنگەن ئۇچار جانىۋار ۋە باشقا خىلمۇخىل ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىگە ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن چاسا قۇتا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئىچىگە ساپ ئالتۇندىن بوتۇلكا شەكلىدە ياسالغان قاچا سېلىنغان بولۇپ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن گاللونلۇق ئىچىملىك سىغاتتى. بۇ ساپ ئالتۇن قۇتىنىڭ تۆت تەرىپىگە بىردىن كىچىكرەك قاچا قويۇلغان بولۇپ ئۇنىڭغا 240 لىتىر ئىچىملىك سىغاتتى. بۇ قاچىلارنىڭ بىرىگە ئات قىمىزى، يەنە بىرىگە تۆگە قىمىزى قاچىلانغان، قالغانلىرىغا خىلمۇخىل باشقا ئىچىملىكلەر قاچىلانغانىدى. بۇلارنىڭ سىرتىدا يەنە ئۇلۇغ خان ھەزرەتلىرى ئىشلىتىدىغان قەدەھلەر ۋە ھاراق - شاراب قويۇلىدىغان چەينەك قاتارلىق قاچا - قۇچىلارمۇ تىزىقلىق ئىدى.

سىرتىغا ئالتۇن يالىتىلىپ چىرايلىق ياسالغان بۇ مىتال قاچا - قۇچىلارنىڭ سىغىمچانلىقى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇلارغا لىپمۇلىق ھاراق ياكى باشقا ئىچىملىك قۇيۇپ ئىچىلىدىغان بولسا، ھەر بىرىگە سەككىز ئادەم ياكى ئون ئادەمگە يەتكۈدەك ئىچىملىك سىغاتتى.

سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىردىن ئىچىملىك چەينىكى ۋە خۇددى ساپلىق قەدەھكە ئوخشىشىدىغان بىردىن مىتال قوشۇق ھەمدە

كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار قويۇلغانتى. ئۇلارغا چەينەكتىن ئىچىملىك قۇيۇلۇپ ۋە ئۇلار باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئاندىن ئىچىلەتتى. يەنە باشقا ئالتۇن - كۈمۈش قاچا - قۇچىلارمۇ قويۇلاتتى. ئاياللارنىڭمۇ خۇددى ئەرلەر-گە ئوخشاشلا بۇ يەردىكى قائىدە - يوسۇنلارغا بىردەك رىئايە قىلىشى شەرت ئىدى. پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش قاچا - قۇچىلارغا ئىگە بولغانلىقىغا كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

زىياپەت مەزگىلىدە، زىياپەتكە يىراقتىن كەلگەن ۋە ئوردىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۇقمايدىغان چەت ئەللىك مېھمانلارنى سورۇنغا باشلاپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، يەنە ئالاھىدە تەيىنلەنگەن بەزىبىر ئايرىم ئالىي دەرىجىلىك كۈتكۈچى مۇلازىملار قەسىر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەھۋالنى كۆزىتەتتى. ئۇلار تىنىم تاپماستىن قەسىرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ مېھمان-لاردىن يەنە قانداق نەرسە يېتەرلىك تەييارلانمىغانلىقى ياكى ئۆزلىرىگە ھاراق - شاراب، سۈت - قىمىز، گۆش قاتارلىق نەرسىلەردىن نېمىلەر لازىم ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىپ، دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى.

قەسىرنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىدە ياكى ئۇلۇغ خان كېلىپ قالىدىغان ھەرقانداق بىرەر جايدا قوللىرىغا كالتەك - توقماق ئالغان زەبەردەس ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچى ئايرىم - ئايرىم تۇردە ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ، بىرەر كىشى-نىڭ ئىشىك تاپىسىغا قەدەم قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ،

كۆزىنى ئۈزمەي كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ تۇراتتى. چۈنكى كىشىلەر قەسىرگە كىرىشتە ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى شەرت ئىدى. شۇنداق قىلىسىلا ئەدەپسىزلىك قىلىنغان ھېسابلىناتتى. ئەگەر كىمكى بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، ئىشىك بېقىۋاتقان مۇلازىمەتچىلەر ئۇ كىشىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋالاتتى. ئۇ كىشى ئۆزىگە قويۇلغان جەرىمانىنى تولۇق تۆلەپ بولغاندىلا كىيىمىنى قايتۇرۇۋالالايتتى. ئەگەر قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچى كىيىمىنى مۇھاپىزەتچىلەرگە سالدۇرغۇزمىسا، مۇھاپىزەتچىلەر ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە خىلاپلىق قىلغۇچىنى كالتەكلەيتتى. ئەمما بۇ قائىدە – يوسۇنلارنى بىلمەيدىغان بەزى مېھمانلار ئۇچراپ قالسا، ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم كىشىلەر تەيىنلىنەتتى. بۇنداق ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتىن مەقسەت يامانلىقتىن دېرەك بېرىدىغان ئىشىكنىڭ تاپىسىغا دەسسەش ۋەقەسىدىن ساقلىنىش ئىدى. زىياپەتكە كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى قايتىش ۋاقتىدا مەست بولۇپ قالغان بولسا، بۇنداق كۆتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ تولۇق ئالدىنى ئېلىپ، ھېلىقى قائىدىنى تولۇق ئىجرا قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى.

ئۇلۇغ خاننىڭ ئوڭ – سول تەرەپلىرىدە يۈرۈپ ئۇنى كۈتۈشكە ۋە ئۇنىڭغا يېمەك – ئىچمەك توشۇشقا مەسئۇل بولغان خادىملار ئېغىز – بۇرۇنلىرىنى چىرايلىق داكا ياكى شايى – تاۋارلار بىلەن ئېتىۋېلىپ نەپەسلەنگەن چاغدا چىقارغان پۇراقلىرىنىڭ خاننىڭ يېمەك – ئىچمەك-

لىرىگە تېگىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى شەرت ئىدى. بۇ خادىملار خاننى يېمەك - ئىچمەككە تەكلىپ قىلغان ياكى ئۇنىڭغا يېمەك - ئىچمەك يەتكۈزۈپ بەرگەن چاغلاردا ئارقىغا ئۈچ قەدەم داجىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇشى، نوردا ۋەزىرلىرى ۋە بۇ سورۇندا ھازىر بولغان بارلىق ئادەملەرنىڭمۇ ئوخشاشلا يەرگە دۈم يېتىشى شەرت ئىدى. شۇنىڭدەك، ئورغۇن ئادەمدىن تەركىب تاپقان بىر نەغمىچىلەر ئەترىتى داپ - دۇمباقلىرى ۋە باشقا مۇزىكىلىرىنى خان ھاراق ئىچىپ بولغۇچە توختاتماي تەكشى چېلىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. خان ھەزرەتلىرى ھەر قېتىم ھاراق ئىچكەندە ھېلىقى ھۆرمەت بىلدۈرۈش قائىدىسى بىر قېتىم تەكرارلىنىشى شەرت ئىدى. زىياپەتتىكى نازۇ - نېمەتلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ ھەممە ئۆلچەملەردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى ئالاھىدە بايان قىلىنىشىمۇ ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك.

## ئون تۆتىنچى باب

### ھەر يىلى ئۇلۇغ خاننىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەندە ئۇنىڭ پۈتۈن دۆلەت بويىچە تەبرىكلىنىدىغانلىقى

ئۇلۇغ خاننىڭ تۇغۇلغان كۈنى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ كۈنى بارلىق تاتارلار ۋە ئۇلۇغ خاننىڭ باشقا پۇقرالىرى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈ-

شى شەرت. بىز كېيىنچە تەسۋىرلەيدىغان يېڭى يىل بايە رىمىدىن باشقا، خانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئەڭ تەنتەنىلىك ۋە ئەڭ كاتتا بايرام ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈنى ئۇلۇغ خان چەكسىز كۆركەم زەرتونىنى كىيەتتى. شۇنىڭدەك ساپساق 2000 نەپەر ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدارغا خان تەرىپىدىن رەڭگى ۋە شەكلى بىرخىل-تون - چاپان ئىنئام قىلىناتتى. ئەمما بۇ تون - چاپانلارنىڭ رەختى خانىنىڭكىدەك ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل ئەمەس ئىدى، خالاس.

لېكىن بۇ تون - چاپانلارمۇ ئالتۇن رەڭ يىپەك توقۇلمىلاردىن تىكىلەتتى. بۇ ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدار تون - چاپانىنىڭ سىرتىدا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش رەڭ كەشتە بېسىلغان بىر كىشىلىكتىن كەمەر ۋە بىر كىشىلىكتىن ئۆتۈككىمۇ ئىگە بولاتتى. خان ھەزرەتلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە يەنە ئېسىل جاۋاھىرات ۋە مەرۋايىت بېسىپ زىننەتلەنگەن 10 مىڭ ئالتۇن تىللاغا يارايدىغان مېھمانلىق تون - چاپانلارمۇ تەقدىم قىلىناتتى. شۇنىڭدەك بۇنداق مېھمانلىق تون - چاپان پەقەت ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك 13 بايرام كۈنىلا كىيىلىشى شەرت دەپ بەلگىلىنەتتى. مۇشۇنداق مېھمانلىق كىيىم كىيگەنلەرنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ خانغا ھەقىقىي سادىق ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى شەرت ئىدى. پادىشاھ ھەزرەتلىرى ھەرقانداق بىر خىل ئالاھىدە كىيىم يەڭگۈشلىگەندە، ئوردىدىكى ئاقسۆڭەكلەر شەكلى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمما ئۇنىڭدىن تەرزانىراق كىيىملەرنى كىيىشلىشى لازىم ئىدى. بۇ كىيىم

لەر ئادەتتە كېيىش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. ئەمما بۇنداق كىيىملەر ھەر يىلى يەڭگۈشلىنىۋەرمەي، پەقەت تەخمىنەن ئون يىلدىلا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنەتتى. مۇشۇنداق ئۆزىنى باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىشقا كەلگەندە، ئۇلۇغ خاننىڭ ئىسراپچىلىقى دۇنيادىكى ھەرقانداق پادىشاھلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى كىشىلەر كۆز ئالدىغا كەلتۈر-سە بولاتتى.

ئۇلۇغ خاننىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلىنىڭ بارلىق تاتار پۇقرالىرى ۋە باشقا زېمىنلاردىكى خانلىقلار ۋە ئۆلكىلەردىكى پۇقرالىرى بەلگىلەنگەن قائىدە - رەسمىيەتلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك، نادىر سوۋغات بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىشاتتى. سۇيۇر-غاللىق زېمىن بولۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا لاياقەت-لىك كىشىلەرنىڭ سوۋغات سۇنۇشتىكى مەقسىتى بىرەر سۇيۇرغالغا ئېرىشىش ئىدى. پادىشاھ ھەزرەتلىرى سۇيۇر-غاللىق بېرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ ئىدارە قىلىدىغان 12 نەپەر تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارغا ئىلتىماس سۇنغۇچىلارغا بېرىلىشكە تېگىشلىك زېمىن ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونلىرى بولۇپ بېرىش ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم يارلىق چۈشۈرەتتى.

پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلى-گەندە بارلىق خرىستىئانلار، بۇددىستلار، ساراسىنلار ۋە ھەر خىل رەڭلىك كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم تۈردە ئۆز تەڭرىلىرىگە ياكى بۇتلىرىغا تاۋاپ قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنى پۇقرانىڭ باي، دۆلەت-

نىڭ قۇدرەتلىك بولۇشىنى تىلەيتتى. پادىشاھنىڭ يىلىدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇغۇلغان كۈنى ئەنە شۇنداق كەڭ شاد - خۇراملىق ۋە جاھان ئەھلىنىڭ تەبرىكلەش تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئەمدى بىز باشقا بىر بايرام ئۈستىدە يەنى يېڭى يىل تەبرىكلىنىدىغان ئاق بايرام ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئون بەشىنچى باب

### يېڭى يىل كۈنىدىكى ئاق بايرام ۋە شۇ كۈنى سۇنۇلغان سوۋغاتلارنىڭ سانى

بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، تاتارلار غەرب كالېندارى بويىچە 2 - ئاينى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىدۇ. بۇ كۈنى ئۇلۇغ خان زېمىنىدىكى بارلىق پۇقرالار ئادەت بولۇپ كەتكەن قائىدە بويىچە تامامەن ئاق كىيىم كىيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، بۇ — ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى. ئۇلار بۇنداق قىلىشتا، يىلنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك شاد - خۇراملىق ۋە ساغلاملىق بىلەن ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يېڭى يىل باشلانغان كۈنى ئۇلۇغ خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆلكىلەر ۋە خانلىقلاردا زېمىنغا ۋە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئاكابىرئەشرەپلەر كەينى - كەينىدىن ئۇلۇغ خانغا ئۇلپانلىق ئالتۇن - كۈمۈش قىممەتلىك

جاۋاھىرات قاتارلىق نادىر سوۋغاتلارنى سۇنۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاق رەخت قوشۇپ قويىدۇ. بۇ، پادىشاھنىڭ چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، يېتەرلىك مالىيە مەنبەسىگە ئىگە بولۇشى، بەخت - سائادەتكە مەڭگۈ سازاۋەر بولۇشىنى تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر، شاھزادىلەر ۋە ھەر تەبىقىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ ئارزۇ - تىلەك بىلەن ئۆز ئۆيلىرىدە بىر - بىرىگە ئاق يوللۇق سوۋغات تەقدىم قىلىشىدۇ ۋە بىر - بىرىنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ئۆزئارا تەبرىكلىشىدۇ. «يىل بويى ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولغاي، چەكسىز بەخت - سائادەتكە ئېرىشكەيسىز» دېيىشىپ ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ. سوۋغا - سالاملارنىڭ ھەممىسى ئاق بولمىغان ھالەتتىمۇ كۆپچىلىكى ئاق بولىدۇ. بۇ دۆلەتتە ئاق ئات ھەرگىز كەم ئۇچرايدىغان نەرسە ئەمەس.

بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلۇغ خانغا سوۋغا - سالام يوللاشقا قۇدرىتى يېتىدىغان كىشىلەر ئادەت بولۇپ قالغان قائىدە - رەسمىيەتلەر بويىچە، سوۋغا - سالاملارنىڭ سانىنى قەتئىي ھالدا 9 نى 9 غا كۆپەيتكەندىكى كۆپەيتمىگە تەڭ قىلىشى شەرت. مەسىلەن، بىر ئۆلكە ئات تەقدىم قىلماقچى بولسا، ئاتنىڭ سانى 9 بىلەن 9 نىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولۇشى يەنى 81 بولۇشى شەرت. سوۋغات قىلىنغان ئالتۇننىڭ سانىمۇ، رەختنىڭ سانىمۇ 9 بىلەن 9 نىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولۇشى لازىم. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مۇشۇ بايرام كۈنى قوبۇل قىلغان ئاتلىرى 10 مىڭدىن كەم بولمايدۇ.

بۇ كۈنى خانىنىڭ پىل ئەترىتىدىكى پىللار 5000 غا يېتىدىغان بولۇپ، ھەممىسىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش كالۋۇتۇنلاردىن قۇش ۋە ھايۋاناتلار سۈرىتى كەشتىلەنگەن ئېسىل ھەم چىرايلىق يوپۇقلار يېپىلغان بولۇپ، پىللار رەت ـ رەتى بويىچە تەكشى تىزىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر پىلنىڭ دۈمبىسىگە ئېگىزدىن ساندۇق قويۇلىدۇ. بۇلارغا نورۇزدا ئىشلىتىلىدىغان مېتال قەدەھ تەخسە ـ لېگەنلەر ۋە باشقا قاچا ـ قۇچىلار قاچىلانغان بولىدۇ. پىللارنىڭ كەينىدە تۆگە ئەترىتى تىزىلىپ تۇرىدۇ، بۇلارغىمۇ ئوخشاشلا خىلمۇ ـ خىل زۆرۈر لازىملىق قاچا ـ قۇچىلار قاچىلىنىدۇ. پۈتۈن سەپ رەتلىك تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تەنتەنىلىك رەۋىشتە پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدىن سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۆتىدۇ.

باھار بايرىمى ئەتىگەنلىكى، بايراملىق كاتتا زىياپەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى بارلىق كىنەز ـ بەگلەر، ئاقسۆڭەكلەر، چەۋەندازلار، مۇنەججىملەر، دوختۇر ـ تېۋىپلار، قۇشچى ـ بۈركۈتچىلەر ۋە شۇنىڭدەك بارلىق دۆلەت خادىملىرى، ناھىيە تۆرىلىرى، جاي ـ جايلارنىڭ سەركەردىلىرى، سەپ ـ سەپ ھەربىي ئوفىتسېرلار چوڭ قەسىرگە كىرىپ خاننىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمەت ـ تاۋازۇ بىلەن تىزىلىپ تۇرىدۇ. ئوردا ـ قەسىر ئىچىدە ئورۇن تاپالمىغانلار بولسا خاننىڭ نەزەرى يەتكۈدەك ئارىلىقتىكى قەسىر سىرتىدا ئۆرە تۇرىدۇ.

بۇ يىغىلىشنىڭ ئورنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ: بىرىنچى ئورۇن شاھزادىلەر، خاننىڭ نەۋرىلىرى ۋە

خانلىق جەمەتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورۇنلار ئۆلكىلەردىكى شاھزادىلەرگە ۋە ئىمپېرىيە ئاقسۆڭەكلىرىگە، ئۇلارنىڭ بىرقانچە خىل دەرىجە - ئۇنۋانلىرى بويىچە ئۆز رەتى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. بارلىق كىشىلەر بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىدا تولۇق تىزىلىپ تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەپەر ئالىي مەنسەپدار ياكى بىزنىڭ ئاتايدىغىنىمىز بويىچە بىر نەپەر ئېپىسكوپ ئورنىدىن تۇرۇپ جايىڭلاردا دۇم يېتىپ تاۋاپ قىلىڭلار» دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ. شۇ ھامان ھەممە جامائەت تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق يۈكۈنۈپ تاۋاپ قىلىش تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. تاۋاپ تۈگىگەندە ئېپىسكوپ ھەيۋەتلىك گۈزەل مېھرابقا چىقىدۇ. مېھرابتا بىر قىزىل تاختا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ خاننىڭ نامى يېزىلغان، قىزىل تاختىغا يانداش قىلىپ بىر كۆجەپاي قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سېرىق كۆجە يېنىپ تۇرىدۇ. ئېپىسكوپ بارلىق ئوردا جامائىتى نامىدىن قولىدىكى كۆجىنى قىزىل تاختىغا ۋە مېھرابقا توغرىلاپ، كاتتا ھۆرمەت - تاۋازۇ بىلەن خانغا تەزىم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھەممەيلەن تەڭلا ئېگىلىپ خانغا تەزىم قىلىشى شەرت.

تەزىم تۈگىگەندە، ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ھەر كىم ئۆزىنىڭ سۇنىدىغان سوۋغىتىنى تەقدىم قىلىدۇ. پۈتۈن سوۋغاتلار تەقدىم قىلىنىپ خاننىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا، كىشىلەر سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ زىياپەتنى باشلىۋېتىدۇ. ئەر - ئايال مېھمانلار

ئالدىنقى بىر بابتا بايان قىلىنغان ئەھۋال بويىچە رەت-رەتى بىلەن كەينى - كەينىدىن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. سورۇن تارقىغاندا نەغمە چىلەر ۋە باغۋەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئويۇن نومۇرلىرى كۆرسىتىپ، مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ زىياپەتنىڭ كۆرۈنۈشى باشتا بايان قىلىنغان ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا كۆندۈرۈلگەن ناھايىتى ياۋاش بىر شىر خاننىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كېلىنىدۇ. ئۇ خاننىڭ ئايىغىدا ياتقۇزۇلىدۇ. ئويۇن نومۇرلىرى كۆرسىتىلىپ بولغاندىن جامائەت ئاندىن تارقىلىدۇ.

## ئون ئالتىنچى باب

### ئەتەنلىك بايرام كۈنى ئەتىلا زەر تون ئىنئام ئالىدىغان 12 مىڭ بارون

ئەمدى سىلەر شۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇڭلاركى، ئۇلۇغ خان ئىلگىرى كېشىكان دېگەن نام بىلەن ئون ئىككى مىڭ بارون تاللاپ چىققانىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان 13 يۈرۈش تون ئىنئام قىلىدى. ئىنئام قىلىنغان بىر يۈرۈش 12 مىڭ ياقىلىق توننىڭ ھەممىسى بىر خىل رەڭدە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 13 يۈرۈش توننىڭ رەڭگى بولسا 13 خىل رەڭدە ئىدى. بۇ كىيىملەرگە مەرۋايىت، ئېسىل تاش ۋە باشقا جاۋاھىراتلار تاقىلىپ بېزەك بېرىلگەچكە، ئۇلار ناھايىتى ھەشەمەتلىك

ھەم ئىسىل ئىدى.

خانىمىزۇ ئۆز بارونلىرىنىڭكىدەك ئوخشاشلا مۇشۇن-داق 13 يۇرۇش تونى بار ئىدى، ئەمما ئۇ تونلار بۇ تونلاردىنمۇ ھەشەمەتلىك ۋە ئىسىل ئىدى. خالاس. مۇشۇ ئەھۋاللارغىلا قاراپ، ئۇ تونلارنى تەييارلاپ چىقىش ئۈچۈن، ھېسابلاپ چىققۇسىز دىرىمىدە كۆپ خىراجەت كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايسىلەر.

## ئون يەتتىنچى باب

### قىشتا ئۆۋلانغان ئوۋ غەنىيمەتلىرى ۋە ئۇلۇغ ئوردىغا يەتكۈزۈلۈشى

ئۇلۇغ خان 12 - ئاي، 1 - ئاي ۋە 2 - ئايدىن ئىبارەت ئۈچ ئاي ئىچىدە كىدانلارنىڭ پايتەختىدە تۇردى. بۇ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان ئايلىرى ئىچىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئوۋچى قوشۇنلارغا خان ئوردىسى ئەتراپىغا 40 كۈنلۈك كېلىدىغان جايلاردا ئوۋ قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلگەنىدى.

رايونلارنىڭ ھەربىي ۋالىيلىرى قاۋان، ئەركەك بۇغا، سېرىق بۇغا، قانداغاي ۋە ئېيىققا ئوخشاش كۆپلەپ ئۆۋلىنىدىغان غەنىيمەتلەرنى خان ئوردىغا بېرىشى شەرت. بۇ ياۋايى ھايۋانلار تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا ئۆۋلىنىدۇ:

مۇشۇ رايوندا يەر - زېمىنى بار بولغان ئائىلىنىڭ مۇشۇ جايدىكى ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان يەرلەرنى

ئېلىنىپ يۈرۈپ ئوۋ قىلىشقا قاتنىشىشى شەرت بولۇپ، ئاۋۋال ئادەملەر تارقىلىپ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىنىدۇ، ئاندىن ياۋا ھايۋانلار مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ. بۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمى ئوۋچىلار قويۇپ بەرگەن بۈركۈت ياكى تايغانلار بىلەن تۇتۇلىدۇ؛ لېكىن كۆپچىلىكى ئوقيا بىلەن ئېتىلىدۇ. خانغا ھەدىيە قىلىنىدىغان ئوۋ غەنىي-مەتلىرىنىڭ ئاۋۋال ئىچ - قارنىنى تازىلىنىشى شەرت، ئاندىن ئۇلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ھارۋىغا قاچىلىنىدۇ. بۇ غەنىيمەتلەرنى پايتەختكە 30 بېكەت كېلىدىغان ئارىلىق-تىكى جايلارنىڭ ئاھالىسى توشۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە، پايتەختكە 40 بېكەت كېلىدىغان جايلاردىن ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى توشۇشقا چىققانلار يولنىڭ يىراقلىقىدىن ئوۋ گۆشلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمەي، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنىلا يەتكۈزىدۇ. بۇ تېرى-لەرنىڭ بەزىسى شىلتىرا بىلەن ئاشلانغان بولسىمۇ، بەزىسى خام پېتى توشۇلىدۇ. ئەگەر خان ئالىيلىرى مۇۋاپىق كۆرسە، بۇ نەرسىلەرنى ھەربىي لازىمەتلىك قىلىشقا قالدۇرىدۇ.

## ئون سەككىزىنچى باب

### بۇغا تۇتۇشقا سېلىنىدىغان يىلپىز ۋە مولۇنلار، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا جانىۋارلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن شىر ۋە بۆرە تۇتۇشقا ئۆگىتىلگەن بۈركۈتلەر

ئۇلۇغ خان بۇغا تۇتۇشقا سېلىنىدىغان نۇرغۇن يىلپىز ۋە مولۇنلارنى، شۇنىڭدەك بابىلىنىڭكىدىنىمۇ چوڭ كەلگەن

نۇرغۇن شىرلارنى باقتۇردى. بۇ شىرلارنىڭ تېرىسى پارقىراق، يان بېقىنلىرى قوڭۇر، ئاق، قارا رەڭلىك تاغىل يوللۇق بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ. بۇ شىرلار قاۋان، ياۋا كالا، ئېشەك، ئېيىق، بۇغا، قانداغاي ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جانىۋارلارنى تۇتۇشقا ماھىر ئىدى. ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قەپەستىن قويۇپ بېرىلگەن شىرنىڭ دەھشەتلىك قىياپىتىنى ۋە كۆزلىگەن نەرسىنى تۇتۇشتىكى چەبدەسلىكىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا ھەدەپ ئاپىرىن ئېيتاتتى. خان ئائىلىلىرى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن، قەپەسكە سولاقلىق شىرلارنى ھارۋىلارغا سېلىپ ئوۋ قىلىنىدىغان جايغا ئالاھىدە تۇشۇپ كەلتۈرەتتى. شىرلارنىڭ يېنىدىكى بىردىن پىستە ئىت ئۆزئارا بىللە ياشاپ كۆنۈپ قالغاچقا، شىرلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەيتتى. شىرلار ئوۋلىنىدىغان نەرسىنى كۆرۈشى بىلەنلا چاققان ئېتىلىپ بارغان پېتى شىددەت بىلەن ئۇنى قوغلاپ تۇتاتتى. كىشىلەر بۇ چاغدا شىرنى چەكلەش ۋە تىزگىنلەشكە ئامالسىز بولغاچقا، ئۇنى قەپەسكە سولاشقا مەجبۇر ئىدى. ئوۋلىنىدىغان ھايۋانلارغا شىرنىڭ ھىدىنى پۇراتماسلىق ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق چارە شىرلارنى شامالغا قارشى تەرەپكە باشلاپ مېڭىش ئىدى. ئۇنداق قىلىنمىسا، ئوۋلىنىدىغان ھايۋانلار دەرھال قېچىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى - دە، كۆڭۈل ئېچىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالاتتى.

خان ئائىلىلىرى يەنە نۇرغۇن بۈركۈتمۇ باقتۇرغانىدى. بەستلىك، كۈچلۈك، ئۆتكۈر پەنجىلىك كەلگەن بۇ بۈركۈت-

لەرگە بۆرە تۇتۇش بويىچە مەخسۇس تەلىم بېرىلگەن بولۇپ، بۇنداق بىر بۈركۈتكە دۇچ كەلگەن ھەرقانچە چوڭ بەستلىك بۆرىمۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر پەنجىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى①.

## ئون توققۇزىنچى باب

### ئۇلۇغ خانغا شىكار ئويۇشتۇرۇپ بېرىدىغان ـ ئاكا ـ ئۇكا ئىككى مەنسەپدار

خان ئالىيلىرى ئوۋ قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا مەخسۇس خىزمەت قىلىدىغان ئىككى بارون بار بولۇپ، ئۇلار ئاكا ـ ئۇكىلار ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى بايان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مىڭئان بولۇپ، ئۇلار تاتارچە «چىننۇچى» يەنى «تايغان باققۇچىلار» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تايغان ئىتلارنىڭ ئوۋ قىلىدىغان جانىۋارنى چاپسان ياكى ئاستىراق قوغلىشىغا قوماندا بېرىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى 10 مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلاتتى. بۇ ئادەملەر خانغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قىزىل فورما، يەنە بىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كۆك فورما كىيەتتى.

---

① شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈركۈتلىرى تا ھازىرغىچە ئوۋ قىلىشقا تەربىيىلىنىدۇ. ــ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ ئوۋغا كىرىدىغان ھەر خىل تايغان ئىتلار 5000 دىن كەم بولمايتتى. بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ بىرى بىر تارماق ئەترەتنى باشلاپ خاننىڭ ئوڭ يېنىنى يانداپ ئىلگىرىلەيتتى؛ يەنە بىرى ئۆزىنىڭ تارماق ئەترىتىنى باشلاپ خاننىڭ سول يېنىنى يانداپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار نۆۋەتمۇ نۆۋەت ئىلگىرىلىگەچ ئوۋنى تاكى بىر كۈنلۈك يولدەك ئارىلىق قالغىچە مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاپ باراتتى. بۇ ئۇسۇل بىلەن قورشاپ شىكار قىلغاندا ھەرقانداق يىرتقۇچ بۇ مۇھاسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. خاننىڭ مەيدان ئىچىدە ئوۋچىلارنىڭ غەيرەت-شىجائەت بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقانلىقى، تايغانلارنىڭ ئوۋنى شىددەت بىلەن قوغلاۋاتقانلىقى، توپنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن بۇغا، ئېيىق ۋە باشقا جانىۋارلارنى قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقى، بۇ نەقەدەر چىرايلىق ھەم ھەيۋەتلىك مەنزىرە-ھە!

بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ 10-ئاينىڭ بىرىدىن 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇچار-جانىۋارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خان ئوردىسىغا ھەر كۈنى 1000 دانە ئوۋ ھايۋىنىنى تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە يەنە ئۇرغۇن بېلىق يەتكۈزۈپ بېرىشى شەرت ئىدى. ئۈچ ئادەمنىڭ ئوزۇقلۇق قىلغان بېلىقى بىر ئوۋ ھايۋىنىغا يۇندۇرۇپ ھېسابلىناتتى.

## يىگىرمىنچى باب

### 12 ئۇلۇغ خاننىڭ ئوۋغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ قۇشچىسى ئېلىپ ماڭغان لاچىن - بۈركۈتلەر بىلەن چېدىر ئۆيلەر

خان ئالىيلىرى ئادەتتە خانبالىقتا تۇرۇپ، 3 - ئاي يېتىپ كېلىشى بىلەنلا خانبالىقتىن چىقىشقا باشلاپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، دېڭىزغا پەقەت ئىككى كۈنلۈكلا يول قالغان يەرگىچە باراتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ساپمۇ ساق 10 مىڭ كىشىلىك قۇشچىلار قوشۇنى تۈركۈم - تۈركۈم چوڭ قارا قۇش، قارچىغا ۋە ئۇرغۇن بۈركۈتلەرنى ئېلىپ، دەريا ياقىلاپ كېتىۋاتقاچ ئوۋ قىلىپ كېلەتتى. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغايكى، خان شۇنچىۋالا زور تۈركۈم ئادەمنى توپلاپ ئېلىپ ماڭماستىن، بەلكى ئۇرغۇن كىچىك - كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈپ ئېلىپ ماڭاتتى، ھەر ئەترەتتە بىر - ئىككى يۈز ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئادەم بولاتتى. ئۇلار خىلمۇ خىل يۆنىلىشلەردە ئوۋچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوۋلىغان غەنىيمەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى خان ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا يوللايتتى. ئۇنىڭ يەنە تاشقاۋول (Tascaol) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈركۈم قاراۋۇللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭ ئىدى. ئۇلار قاراۋۇللۇقنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن 2 - 3 تىن بىر كىچىك ئەترەت تەشكىل قىلىپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئارىلىقتا

تارقاق جايلىشىپ يۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلىدىغان بولغاچقا، خېلى كەڭ رايوندىكى قۇش - قارچىغىلار توپىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرالايتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن كۈشكۈرت ۋە بىردىن قۇش قالپىقى بار بولۇپ، بۇ نەرسىلەر زۆرۈر تېپىلغاندا قۇشلارنى چاقىرىۋېلىپ، خەتەرگە ئۇچراشتىن ساقلاشقا يارايتتى. قۇشلارنى قويۇپ بېرىش بۇيرۇقى بېرىلگەندىن كېيىن، قۇشچىلارنىڭ قۇش - قارچىغىلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ كۆزىتىشى ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى بۇ قۇشلارنىڭ ئۈستىدىن تۆجۈپىلەپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ چاقىرىۋالغىلى بولمايدىغان خەۋپلىك رايونلارغا كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان باشقا بىر تۈركۈم ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار ئەگەر ئەلە شۇنداق خەۋپكە دۇچ كېلىپ قالسا، دەرھال ياردەم بېرىپ قۇتقۇزاتتى.

خان ئالىيلىرىغا ياكى ئاقسۆڭەكلەرگە تەئەللۇق بولغان ھەر بىر قۇشنىڭ پاچىقىغا بىردىن كۈمۈش بەلگە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇش ئىگىسىنىڭ ۋە قاراۋۇلنىڭ ئىسمى ئويۇلغانىدى. مۇشۇ تەدبىر قوللىنىلغانلىقتىن، باشقا كىشىلەرنىڭ قۇشلىرى چۈشۈپ قالغان بولسا، پاچىقىغا قاراپلا ئۇنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى بىلىۋېلىنىپ، دەرھال ئىگىسىگە ئەۋەتىپ بېرىلەتتى. ئەگەر قۇشنىڭ پاچىقىدا بەلگە بولسىمۇ، لېكىن قۇشنى تۇتۇۋالغۇچى ئۇنىڭ قانداق ئادەمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسە، قۇشنى بارغاچى دېيىلىدىغان بىر مەنسەپدارغا، يەنى «ئىگىسىز ماللاردىن خەۋەر ئالغۇچى»غا تاپشۇراتتى.

دېمەك، ئەگەر بىراۋ بىر ئات، بىر قىلىچ، بىر قۇش ياكى باشقا بىرەر نەرسە تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ زادى كىمنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسە، تېپىۋالغان نەرسىنى شۇ مەنسەپدارغا تاپشۇراتتى، مەنسەپدار ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ساقلايتتى. ئەگەر بىراۋ بىرسىنىڭ يوقاتقان نەرسىسىنى تېپىۋېلىپ، ئىگىسىز ماللارنى ساقلىغۇچى مەنسەپدارغا تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئۇ ئادەم ئوغرى ھېسابلىنىپ جازالىناتتى. مال - مۈلۈك يوقاتقۇچى ئىگىسىز ماللارنى ساقلىغۇچى مەنسەپدارغا ئىلتىماس قىلغان بولسىلا، يوقاتقان نەرسىسىنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى. بۇ مەنسەپدار تۇرىدىغان جاي ئاھالە تۇرىدىغان مەھەللىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تىكىلگەن بايراق ئېسىپ قويۇش بىلەن، بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. بۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك چارە بولۇپ، يوقالغان ھەرقانداق نەرسىنى ئاخىرقى ھېسابتا تېپىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

خان ئالىيلىرى شۇ رەۋىشتە دېڭىز ياقىسىغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا، ئوۋ - شىكار پائالىيەتلىرىگە دائىر قىزىقارلىق بەزىبىر ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا ئوۋ - شىكار پائالىيەتلىرىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى باشقا ھەرقانداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭكىگە ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇلۇغ خان شىكارغا چىققاندا بېسىپ ئۆتىدىغان يول ئۈستىدىكى بەزى تاغ ئېغىزلىرى بەك تار بولغاچقا، ئىككى پىلغا ئارتىلدۇرۇپ ياسالغان شىرغىغا ئولتۇرۇۋالاتتى. بەزىدە بىر پىلغا ئارتىلغان شىرغىغا ئولتۇراتتى،

چۈنكى بۇ نۇرغۇن پىلغا ئارتىلدۇرۇپ ياسالغان شىرغىدىن
قولايلىقراق ئىدى. باشقا شارائىتلاردا بولسا، خان ئالىيلىرى
تۆت پىلغا قوندۇرۇلغان ياغاچ «تەخت» كە ئولتۇراتتى.
سىرتى چىرايلىق ھەم نەپىس نەقىشلەنگەن تەختنىڭ ئىچـ
گە تەتىللا - كىمخاب كۆرپىلەر سېلىنغان، سىرتىغا شىر
تېرىسى يېپىلغانىدى. خان ئالىيلىرى رىياتىزىم كېسىلىگە
گىرىپتار بولغانلىقتىن، ئۇۋ - شىكار جەريانىدا ئۇنىڭ
ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ياسالغان ئورۇنغا جايلىشىپ مېڭىشى
زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.
«ياغاچ تەخت» تە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان خاننىڭ
ئۇيان بۇ يېنىدا قوللىرىغا ئەڭ ياخشى 12 قارچىغا قوش
قوندۇرۇلغان 12 نەپەر مەنسەپدار ھەمراھ ئىدى. بۇ 12
مەنسەپدار بولسا، خاننىڭ تازا ياقتۇرىدىغان خادىملىرى
ئىچىدىن خانغا ھەمسەپەر بولۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا
تاللانغانلار ئىدى. خاننىڭ ئىككى يېنىدا ئۇنىڭغا ھەمـ
سەپەر بولۇپ كېتىۋاتقان چەۋەندازلار بىرەر تورنا ياكى
باشقا ئۇچار - جانىۋارلارنىڭ يېتىنلاپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈشى بىلەنلا خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلاتتى. خان شۇ
ئان تەختنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئوۋلىنىدىغان نەرسىنى
كۆرۈپلا قارچىغىلارنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇيتتى. قارچىغىلار
بۇ ئۇچار - جانىۋارلار بىلەن ئۇزاقتىمچە ئېلىشىپ ئاخىر
ئۇلارنى قولغا چۈشۈرەتتى ۋە ئۆزىگە بويسۇندۇراتتى.
خان ياغاچ تەختنىڭ سەندەل كۆرسىدا ياتقاچ،
قويۇۋېتىلگەن قارچىغىلار ئارقىلىق تورنا تۇتۇش تاماشىسىنى
كۆرۈپ تازا ھۇزۇرلىناتتى. ئۇنىڭغا ھەمسەپەر بولغان مەنـ

سەپدارلار ۋە خاننى ئالدى- كەينىدە ۋە ئوڭ - سول تەرەپلەردە قوغداپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ شادخۇرام بولاتتى. خان مۇشۇنداق كۆڭۈل ئېچىپ بىرنەچچە سائەت ھۇزۇرلانغىنىدىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىكى قاچار مودۇن (Cachar Modun) دېگەن يەرگە باراتتى. شاھزادىلەر، كىنەزلەر، خانىش - خانىكەلەر، بېكەچلەر ۋە قۇشچىلار تۇرىدىغان ھۇجرىلار ۋە چېدىر ئۆيلەرمۇ شۇ يەرگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر مۇشۇ 10 مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە جايلىشىشى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ كاتتا، ئاۋات تۈسكە كىرگەنىدى. خاننىڭ ئۆز سەلتەنىتىنى جارى قىلىدىغان ناھايىتى كاتتا چېدىرىغا رەت - رەت تىزىلغان 10 مىڭ ئەسكەر سىغىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە، يەنە نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ۋە باشقا ئاكا بىر - ئەشرەپلەرگىمۇ بىر كىشىلىكتىن ئورۇن تېگەتتى. چېدىرنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قاراپ ئېچىلىدىغان بولۇپ، شەرق تەرىپى باشقا بىر چېدىرغا تۇتىشىپ ناھايىتى كەڭ بىر زالنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ چېدىر ئادەتتە خاننىڭ ۋە ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باش قوشۇش ۋە مېھمان قوبۇل قىلىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلەتتى. خان قانداقتۇر بىر كىشى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، ئۇ كىشىنى دەل مۇشۇ يەردە قوبۇل قىلاتتى؛ چېدىرنىڭ ئارقىسىدا چىرايلىق ياسالغان چوڭ بىر ئېغىز ئۆيى بار بولۇپ، بۇ، خاننىڭ ھەرىمى (ياتاق ئۆردىسى) ئىدى. بۇلارنىڭ سىرتىدا، خان جەمەتلىرى ۋە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن

چېدىر ۋە خاس ئۆيلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇ ئۆيلەر چوڭ چېدىرغا بىۋاسىتە تۇتاشمايتتى.

بۇ قەسىر – زاللار ۋە ھەرەمخانىلار مۇشۇنداق تۈزۈلگەن ۋە بېزەلگەنىدى: ھەر بىر زال ياكى ھەرەمخا- نىنى گۈللۈك نەقىشلەپ زەر ھەل بېرىلگەن ئۈچ تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، چېدىرنىڭ سىرتىغا ئاق، قارا ۋە قوڭۇر يوللۇق كەلگەن شىر تېرىسى يېپىپ، مەھكەم تىكىۋېتىلگەنلىكتىن ئۆي ئىچىگە شامال كىرمەيدۇ ھەم يامغۇر ئۆتمەيدۇ. چېدىرنىڭ ئىچى بۆلغۈن تېرىسى ۋە قارا بۆلغۈن تېرىسى بىلەن ئەستەرلەنگەن، بۇ، بارلىق تېرە – موي ماللارنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى ھېسابلىنىدۇ. قارا بۆلغۈن تېرىسىدىن ئۇزۇن تون چاپان تىكتۈرۈشكە توغرا كەلسە، 2000 تىللا خەجلەشكە، تىزغا كەلگۈدەك پەشمەت تىكتۈرۈشكە توغرا كەلسە 1000 تىللا خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. تاتارلار ئۇنى تېرە – موي ماللارنىڭ شاھى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىك تىلىدا روندېس (Rondes) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ھايۋاننىڭ جۈغى بۆلغۈننىڭكىدەك كېلىدۇ. زال بىلەن ھەرەمخانىلار ئەنە شۇنداق ئىككى خىل تېرە بىلەن توسۇۋېتىلگەن ۋە بۇ ئىشقا يۈكسەك ھۈنەر- ماھارەت سىڭدۈرۈلگەن بولغاچقا، كىشىنى خېلى زوقلاندۇ- رىدۇ. چېدىرلارنى باغلاپ چىڭ تارتىپ تۇرىدىغان ئارغامـ چىلار پۈتۈنلەي مەشۇتتىن ئېشىلگەن.

خان ئائىلىلىرىنىڭ چوڭ چېدىرى يېنىغا خانىكە ۋە بېكەچلەرنىڭ چېدىرلىرى تىكىلگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىنتا- يىن ئېسىل – كۆركەم بېزەلگەن. بۇ خانىكە – بېكەچلەر-

لىقىمۇ ئۆز ئالدىغا كۆڭۈل ئاچىدىغان لاچىن - قارچىغا، بۈركۈت ۋە باشقا ئوۋچار - قانات، جانىۋارلىرى بار ئىدى. ئوۋ - شىكارغا چىقىپ بۇ يەرگە جايلاشقان ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلۇقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى گويا نۇرغۇن ئاھالىلىق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنداقتا پۈتۈن ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاھالە بۇ يەرگە توپلانسا، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلۇغ خان بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بارلىق تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ، يەنى ئائىلىسىنى، تېۋىپلارنى، مۇنەججىملەرنى، قۇشچىلارنى ۋە باشقا خىلمۇ خىل مەنسەپدارلارنى باشلاپ، شۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىققانىدى.

خان بۇ يەردە باھار پەسلىگىچە تۇراتتى. باھار كېلىشى بىلەنلا ئۇ بىرمۇنچە دەريا، كۆل جايلاشقان يەرلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، تۇرنا، ئاققۇ، ئاق لەگلەك ۋە باشقا ئوۋچار - جانىۋارلارنى ئوۋلايتتى. ئۇنىڭ مۇلازىملىرى جاي - جايلاردا تارقىلىپ يۈرەتتى، شۇڭا مۇلازىملىرىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوۋلىيالايتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پەسىللىرىنى نەقەدەر چوڭ شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيتتى. ئويۇن - تاماشىنىڭ دائىرىسى ۋە تەنتەنىسىنى ئىپادىلەشكە تىل بەكمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى.

خان ئالىيلىرىنىڭ تەۋەسىدىكى رايونلاردا سودىگەرلەر، ئىشچىلار ياكى دېھقانلارنىڭ ئوۋ - شىكارغا سېلىنىدىغان كۆندۈر قۇش، بۈركۈت - قارچىغا ۋە باشقا قۇشلارنى،

شۇنىڭدەك كۆڭۈل ئېچىپ ئەرەك قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان تايغانلارنى ئۆز ئالدىغا بېقىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ھەتتا ئاقسۆڭەك ياكى رىتسارلاردىن چوڭ تۈشچى يېنىدا ساقلىنىدىغان خاس رويخەتكە ئىسمى تىركەلگەن ياكى ئوۋچىلىق قىلىشقا ئىمتىيازلىق بولغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا كىشىلەرنىڭ خان ئالىيلىرى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئۇچار - جانىۋارلار ۋە باشقا ھايۋاناتلارنى ئوۋلىشىغا پۈتۈنلەي رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئوۋ قىلىش مەنئى قىلىنغان رايوننىڭ بەلگىلىك چېكى بار ئىدى. مەسىلەن، بىرىنچى يۆنىلىش سەككىز كىلومېتىر، ئىككىنچى يۆنىلىش 16 كىلومېتىر بولغان بولسا، ئۈچىنچى يۆنىلىش 24 كىلومېتىر ئىدى. پەقەت مۇشۇ دائىرىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردىلا خەلقنىڭ ئوۋ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. لېكىن ئۇلۇغ خانغا تەۋە دۆلەتلەردىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ ھەر يىلى 3 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئارىلىقتا ياۋا توشقان، كوسۇل بۇغىسى، سىرتىق بۇغا، مارال قاتارلىق ئۈچ خىل ھايۋاننى ياكى باشقا چوڭ قۇشلارنى ئوۋلىشىنى مەنئى قىلىدىغان باشقا بىر بۇيرۇقمۇ بار ئىدى، بۇ بۇيرۇقنىڭ مەقسىتى بولسا قۇش ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تۇغۇپ كۆپىيىشىنى قوغداش ئىدى.

خان ئالىيلىرى ئوۋ قىلىش پەسلى ئۆتۈشى بىلەنلا پايتەختكە قايتىش يولىغا يۈزلىنەتتى. پايتەختكە قايتىپ كېتىۋېتىپمۇ داۋاملىق ئوۋ قىلىپ كۆڭلىنى ئاچاتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ ۋاقىتنى شاد - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى

ئۇلۇغ خان پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كاتتا تەنتەنىلىك ئوردا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى بىللە شىكارغا بارغان خادىملىرىنى ئۈچ كۈنگىچە ئۇدا زىياپەت بېرىپ كۈتەتتى. بۇ ئۈچ كۈنلۈك كۆڭۈل ئېچىشنى كىشى ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز مەدھىيىلەشكە ئەرزىيتتى. ئاندىن ئۇ بۇ ئوردىدىن چىقىپ، ئىلگىرى ياسىتىلغان پايتەختكە يەنى مەن باشتا توختىلىپ ئۆتكەن ئۇستۇن خانبالىققا باراتتى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ كاتتا، ئېسىل باغچىسى، بامبۇكتىن ياساتقان ئوردا - قەسىرلىرى بولۇپ، ئۇرغۇن قارچىغا - لاچىنلار بېقىلاتتى.

ئىسسىقتىن خالى بولۇش ئۈچۈن، ئۇ مۇشۇ سالقىن - سۈرۈن يەردە يازنى ئۆتكۈزەتتى. 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئاندىن خانبالىققا قايتاتتى. تەنتەنىلىك يىغى يىل مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تاكى كېلەر يىلى 2 - ئايغىچە ئىنچىل ھالدا مۇشۇ يەردە تۇراتتى.

دېگىنىز ياقىسىغا بېرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوۋ قىلغاچ كەڭ سەيلە قىلىش 3 -، 4 -، 5 - ئايلار ئىچىدە بولاتتى. ئۇلۇغ خان پۈتۈن بىر يىل ۋاقتىنى، ئۆز ئۆمرىنى ئىنسان ھاياتىدىكى ھەممە شاد - خۇراملىقلاردىن ئەنە شۇنداق يېتەرلىك بەھرىمەن بولۇپ

ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ خالىغان چاغدا بۇ يەرگە ياكى ئۇ يەرگە بېرىپ ئازراق سەيلە - تاماشا قىلىشقا كەلسەك، بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

### ئاھالىسى نۇرغۇن خانبالىق شەھىرى ۋە ئۇنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرى

خانبالىق (Kanbalu، بۈگۈنكى بېيجىڭ) شەھىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ 12 قوۋۇقىغا ئۇدۇل كېلىدىغان يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر - راباتلاردىكى ئاھالىنىڭ نۇرغۇنلۇقى ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەددى - ھېسابسىزلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ. خانبالىققا يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر - راباتلارنىڭ ئاھالىسى شەھەر رايونىنىڭكىدىنمۇ كۆپ، سودىگەرلەر ۋە پايتەختكە ھەردەر ئىش بىلەن كەلگەنلەر شەھەر سىرتىدا قونىدۇ. پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇ كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتىش كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشىدۇ.

شەھەر سىرتى رايونىمۇ شەھەر ئىچىدىكىگە ئوخشاشلا ئاۋات، ئۇ يەردىمۇ شەھەر ئىچىدىكىدەك كاتتا ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە ھەيۋەتلىك، ئېگىز - ئېگىز بىنالار بار، ئەمما پەقەت ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىلا يوق، خالاس. جەسەتلەرنى شەھەر ئىچىدىكى جايلارغا كۆمۈشكە بىردەك رۇخسەت قىلىنى-

مايدۇ. بۇددىستلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۆز ئۆرۈپ - ئادىتى بويىچە كۆيدۈرۈش، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جەسەتلەرنى شەھەر سىرتىدىكى رەتسىز زاراتگاھلىقتا ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ يەر يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان جازا مەيدانى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئىپپەت - نومۇسىنى ساتىدىغان ئاياللارنىڭ (نام - ئەمالى ئاشكارا بولمىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) شەھەر ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى مەنئى قىلىنىپ، شەھەر سىرتىدا تۇرۇشىغىلا يول قويۇلغان. خۇددى بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ يەردە 250 مىڭ پاھىشە ياشايدۇ. پاھىشەلەر شۇنچىۋالا كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردىكى نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى يەنىلا قاندۇرالمايدۇ.

دۇنيادا ئەڭ كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك نەرسىلەر، مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ جاۋاھىراتى، ئۈنچە - مەرۋايىت، دورا ماتېرىياللىرى ۋە خۇش پۇراقلىق بويۇملارغا ئوخشاش ئاۋارلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن تېپىلىدۇ. قىتان ئۆلكىلىرىنىڭ ۋە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىنىڭ پۇلغا يارايدىغانلىكى قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە توشۇپ كېلىنىپ، بۇ دۆلەت تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ ئۇردا ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئاممىنىڭ ئېھتىياجى تەمىن ئېتىلىدۇ. بۇ يەردە سېتىلىدىغان ئاۋارلارنىڭ سانى باشقا ھەرقانداق جايدىكىدىنمۇ كۆپ. ئېلىنغان تىزىملارغا قارىغاندا، خام يىپەكلەر ئات ھارۋىسى ۋە ئاتلار بىلەن پايتەختكە ھەر كۈنى 1000 — 2000 قېتىم توشۇلۇپ تۇرىدىكەن. يىپەك توقۇلمىلار ۋە خىلمۇخىل

مەشۇت يىپلار بۇ يەردە كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلىدىكەن.

پايتەختتىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا سىپىللار بىلەن ئىهاتە قىلىنغان نۇرغۇن شەھەر - راباتلار بار. ئۇ يەرلەرنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى ئوردا بىلەن بولىدىغان سودىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرىنى سېتىپ، ئۆزىگە ئېهتىياجلىق نەرسىلەرگە ئايرىۋاشلايدۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### ئەخمەتنىڭ زۇلۇم - سىتەمى ۋە ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەستلەر

بىز ئەمدى يەنە بىر ئىشتىن يەنى ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىدا ھاكىمىيەت تۇتقان 12 مەنسەپدارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولىمىز. ئۇلار يەرلەرنىڭ تەقسىماتى، ھەرخىل خىزمەت - ۋەزىپىلەرنىڭ ئۈستىۋۇلۇشى، يۆتكىلىشى ۋە باشقا مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەت (Achmat h) دېيىلىدىغان بىر مۇسۇلمان بار ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن، ناھايىتى قۇۋ - ھىيلىگەر ۋە قابىلىيەتلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلۇغ خان ھوزۇرىدا باشقا 11 مەنسەپداردىنمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى.

بۇ ئادەم ئوردا مەنسەپدارلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىۋۇش - يۆتكەش، بىرەر گۇناھكارغا جازا بېكىتىشكە ئوخشاش دۆلەتنىڭ ھەممە مەمۇرىي ئىشلىرى جەھەتتىكى

چوڭ ھوقۇقلارنى مۇستەقىل ھالدا ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان. ئۇ خالىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنى ئۆلۈم گىرداۋىغا كىرگۈزۈپ قوياتتى، سوراق قىلىپ ياكى سوراق قىلماي تۇرۇپلا خانغا «بۇ ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم، ئۇ يۇنداق ياكى ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، خاننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزدى» دەپ ئىلتىماس سۇناتتى، شۇنىڭ بىلەن خان جەزمەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى: «سىزنىڭ پىكرىڭىزچە بولسۇن» دەپ تەستىقلاپ، ھېلىقى ئادەمنى دەرھال ئۆلتۈرگۈزەتتى.

كىشىلەر خاننىڭ ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماي، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئىشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ چەكسىز يوغىناپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمايتتى. ھوقۇقى ھەرقانچە زور كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. ئۇنىڭغا تېگەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ خاننىڭ ھۇزۇرىدا بىراۋنى، ئۆلۈم جازاسىغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزدى، دەپ ئەرز قىلغان بولسا، بۇ كىشى ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك بىرمۇ دەلىل - پاكىتقا ئېرىشەلمەيتتى. چۈنكى ھېچكىم ئەخمەتنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، ھېلىقى كىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەق - ئادالەتنى سۆزلىيەلمەيتتى. شۇڭا بىرمۇنچە كىشىلەر شۇ سەۋەبتىن ناھەقچىلىكتە بىگۇناھ ئۆلۈپ كېتەتتى.

بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ مۇبادا بىرەر چىرايلىق ئايالنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۇ ئايال ھەرگىز ئۇنىڭ پەنجىسىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئايال ئەگەر تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىز بولسا، ئەخمەت ئۇنى زورلۇقچە توقال قىلىۋالاتتى، ئاز

دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلاتتى. ئۇ ئەگەر كىمنىڭ بىرەر چىرايلىق قىزى بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسىلا قول ئاستىدىكى چوماقچىلىرىنى قىزنىڭ ئاتىسىغا ئەۋەتىپ: «چىرايلىق قىزىڭىزنى باشلىقىمىز ئەخمەتكە ياتلىق قىلىڭ! ئۇ سىزنى سۇيۇرغاللىق يەر بىلەن ئۈچ يىل ۋەزىر قىلىدۇ ياكى سىزگە باشقا يۇقىرى مەنسەپ ـ ھەۋرەنلىك ئۇنۋانى بېرىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟» دېگۈزىدۇ. ئۇ ئادەممۇ ھەرگىز ياق دېيەلمەيدۇ ـ دە، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قىزىدىن جۇدالىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەخمەت دەل مۇشۇ چاغدا خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، «ھۆكۈمىتىمىزدە بىر بوش ئورۇن بار ياكى بۇ ئورۇن پالانى كۈنى بوشايدۇ. پالانى كىشى مۇشۇ ۋەزىپىگە تازا لايىق كېلەتتى» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. خان ئۇنىڭغا جەزمەن «سىزنىڭچە شۇ ئادەم لايىق بولسا، شۇنى تەيىنلەڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىزنىڭ ئاتىسى دەرھال ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، بەلگىلەنگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ، بارلىق چىرايلىق قىز ـ خوتۇنلار ياكى ئۆز ئاتىسىنىڭ قارا نىيىتى سەۋەبىدىن ياكى ئەخمەتنىڭ تەھدىتى سەۋەبىدىن، كېيىن ـ كېيىندىن ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئاشنىسى بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم مەنسەپلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تەخمىنەن 25 ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاتىسىنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ـ مەنسەپكە تايىنىپ، ئاتىسىغا ئوخشاش رەزىللىكلەرنى قىلىپ، نومۇسسىزلارچە چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئەخمەتنىڭ ئۆزى بولسا غايەت كۆپ بايلىق

يىغىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تۇرغۇن پارا بېرىشى شەرت ئىدى.

ئۇنىڭ كۈچلۈك ھوقۇق تەسىرى 22 يىلغىچە داۋاملاشتى. ئاخىر دۆلەتتىكى پۇقرالار يەنى قىتان خەلقى بۇ مەلئۇننىڭ خوتۇن - قىزلارغا ياكى ئۆزلىرىگە قىلغان چەكسىز ھاقارىتى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە چىداپ تۇرالماي داد - پەرياد كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر يوشۇرۇن ھالدا ئۇنى يوقىتىشنى پىلانلىدى ۋە ئىسيان كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە جاڭ يى (Chenchu) دېگەن بىر مىڭبېگى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى، خوتۇنى ۋە قىزلىرى ئەخمەت تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغانىدى. ئۇ قاتتىق غەزەپ - نەپرەتكە تولۇپ، ۋاڭ جۇ (Vanchu)① دېگەن تۈمەنبېگى بىلەن بىرلىكتە ئەخمەتنى ئۆلتۈرۈشنى يوشۇرۇن قەستلىدى. ئۇلار ئۇلۇغ خان خانبالىقتا بولمىغان چاغدا ئەخمەتكە قول سېلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى خان پايتەختتە ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، كۆپىنچە ئۈستۈن بالىققا كېتەتتى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇراتتى. شۇنىڭدەك شاھزادە چىڭگىمۇ كۆپىنچە بۇ يەردىن ئايرىلىپ، تاماشا قىلىدىغان يەرلەرگە كېتىپ قالاتتى. پەقەت ئەخمەتلا پايتەختنى ساقلاشقا قالاتتى. ئەگەر بىرەر جىددىي ئىش دۇچ كېلىپ قالسا، ئاندىن ئۈستۈن بالىققا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ۋە يوليورۇق سوراشقا ئادەم ئەۋەتىلەتتى.

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، ۋاڭ جۇ يىدۇ شەھىرىگە مىڭبېگى بولغان. — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ۋاڭجۇ بىلەن جاڭ يى مەسلىھەتلىشىپ نەتىجە ھاسىل قىلغانىدىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىلانىنى قىتانلارنىڭ ئاساسىي باشلىقلىرىغا ئۇقتۇرۇپ ھەدىيەلەن بىر پىكىرگە كېلىشتى ۋە ئاندىن بۇنى ئۇلارنىڭ باشقا شەھەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەن دوستلىرىغا ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا پالانچى كۈنى تۇراغا ئوت يېقىپ بەلگە بېرىلىشى بىلەنلا ساقاللىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىش، تۇراغا يېقىلغان ئوتنى كۆرۈش بىلەنلا ئوبدان تەييارلىنىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش قارارى ئۇقتۇرۇلدى.

ئۇلارنىڭ ساقاللىقلارنى قىرماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىتانلار ئەزەلدىنلا ساقال قويمايتتى، پەقەت تاتارلار، مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىئانلارلا ساقال قويۇشاتتى. شۇنى بىلىشىڭلار لازىمكى، بارلىق قىتانلار ئەمدى ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بىزگەنىدى، چۈنكى قىتانلارنى ئىدارە قىلىدىغان چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى تاتارلاردىن، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەنگەنىدى. بۇ ئىككى خىل ئادەملەر قىتانلارنى قۇل ئورنىدا كۆرەتتى، قىتانلار بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمايتتى. دېمەك، ئۇلۇغ خاننىڭ قىتانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمرانلىقى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ھوقۇققا ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت قورال كۈچىگىلا تايىنىپ قىتانلارنى ئىدارە قىلاتتى. بۇ ھۆكۈمرانلىق يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، بارلىق ھوقۇق تاتارلار، مۇسۇلمانلار ياكى خرىستىئانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇلار پادىشاھقا بېقىناتتى ۋە ئۇنىڭغا

چىن دىلى بىلەن سادىق خىزمەت قىلاتتى، قىستاڭلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇلار تامامەن يات مىللەت كىشىلىرى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بەلگىلەنگەن كۈن يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋاڭ جۇ بىلەن جاڭ يىلار كېچىسى ئۇلۇغ خان ئوردىسىغا كىردى، ۋاڭ جۇ ئوردىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن كىشىلەرنى ئۆز ئالدىغا ناھايىتى نۇرغۇن شام ياندۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۆزىنى شاھزادە چىڭگىز قىياپىتىگە كىرگۈزدى - دە، بىر ئەلچىسىنى كونا پايتەختتە تۇرۇۋاتقان ئەخمەتكە ئەۋەتىپ، شاھزادىنىڭ ئەخمەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەخمەت بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەجەبلەندىيۇ، لېكىن بۇ شاھزادىدىن قورققانلىقىدىن ئاخىر ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقتى. ئۇ شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇنى ئۇچراتقان كۆگتاي دېگەن 12 مىڭ كىشىلىك شەھەر گارنىزونىنىڭ تاتار قوماندانى ئۇنىڭدىن «يېرىم كېچىدە نەگە بارماقچىسىز؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ: «چىڭگىزنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇ يېقىندىلا پايتەختكە قايتىپ كەپتۇدەك» دەپ جاۋاب بەردى. كۆگتاي: «بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇنى نېمىشقا شۇنچە مەخپىي تۇتقاندۇ؟ ھەتتا مەنمۇ خەۋەرسىز قاپتىمەن؟» دەپ ئازراق ئەسكەر ئەگەشتۈرۈپ، بۇ ۋەزىر بىللە بىلەن بىللە ئوردىغا كىرمەكچى بولدى، قىتانلار ئەينى ۋاقىتتا، پەقەت ئەخمەتنىڭ جېنىنى ئالساقلا، قالغان ھەممە ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئەخمەت ئوردىغا قەدەم تاشلىشى بىلەنلا پارقىراپ تۇرغان شام - چىراغلار-

نىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ۋاڭ جۇنى چىڭگىز دەپ بىلىپ،
ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى. بۇ چاغدا قولىغا قىلىچ ئېلىپ
بىر چەتتە تۇرغان جاڭيى بىر قىلىچ بىلەنلا ئەخمەتنىڭ
كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

ئوردا دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان تاتار قوماندان كۆكتاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «خائىن!» دەپ قاتتىق توۋلاپلا دەرھال ئوقياسىدىن ۋاڭ جۇغا قارىتىپ بىرپاي ئوق ئېتىۋېدى، ۋاڭ جۇ شۇئان جان ئۈزدى. كۆكتاي قول ئاستىدىكىلەرنى بۇيرۇپ جاڭيىنى چەمبەرچاس باغلىتىۋەتتى ۋە: كوچىدا ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەم شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈلسۇن، دەپ پۈتۈن شەھەرگە بۇيرۇق تارقاتتى. قىتانلار ھېلىقى مەخپىي پىلاننىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقى، ۋاڭ جۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، جاڭ يى تىرىك قولغا چۈشكەنلىكىدىن ئۆز باشلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيلىرىگە مۆكۈۋالدى، باشقا شەھەرلەرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ئۈچۈن تۇرا يېقىپ سىگنال بېرىشكە تېخىمۇ ئامالسىز قالدى.

كۆكتاي دەرھال ئۇلۇغ خانغا ئىشەنچلىك خادىملارنى ماڭدۇرۇپ، پۈتكۈل ۋەقەنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلدى. ئۇلۇغ خان كۆكتايغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، جىنايەتچىلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىشنى بۇيرۇدى. تاڭ سەھەر ۋاقتىدا كۆكتاي قىتانلارنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغۇچىلاردىن قولغا چۈشكەن چوڭ بىر تۈركۈم كاتتىباشلارنى ئۆلتۈردى. بۇ سۈيىقەستنىڭ باشقا شەھەرلەرگىمۇ كېڭەيگەنلىكىنى سېزىپ، ئۇ يەرلەرگىمۇ بېرىپ كىشىلەرنى

تۇتقۇن قىلىشقا كىرىشتى①.

ئۇلۇغ خان خانبالىققا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى جىددىي سۈرۈشتۈرۈشكە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى شەرمەندە ئەخمەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئېغىر جىنايەتلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئەخمەت ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن يەتتە كىشىنىڭ نۇرغۇن خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلغانلىقى ئىسپاتلانغانلىقى سىرتىدا، يەنە سان - ساناقسىز خوتۇن - قىزلارنى زورلاپ خوتۇن ياكى توقال قىلغانلىقىمۇ ئىسپاتلاندى. ئۇلۇغ خان دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ ئەخمەتنىڭ كونا پايتەختتە توپلىغان بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى ۋە خاننىڭ يېڭى پايتەختتىكى مال - مۈلۈك ئىسكەلاتىغا كىرگۈزدى ھەمدە بۇ مۈلۈكلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ يەنە ئادەملىرى ئارقىلىق ئەخمەتنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدىن چىقاردى ۋە ئىتلارنىڭ تالاش - تارتىش قىلىشى ئۈچۈن كوچىغا تاشلىۋەتتى، ئەخمەتنىڭ ئۆزىنى دوراپ نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغان بىرنەچچە ئوغلىنى بىردەك تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى شىلىۋېلىش جازاسى

---

① بۇ ۋەقە ئەسەرنىڭ فرانسۇزچە نەشرىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ئۇ پەقەت ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىتالىيانچە تەرجىمىسىدىن تېپىلدى. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى، ئېھتىمال، «ماركوپولو ساياھىتى» (Thi Ramusiotext)-نىڭ لاتىنچە ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بىلەن جازالىندى①.

بۇ ئەھۋاللار ئۇلۇغ خاننىڭ ساراسەن دىنىي مەزھەپ-پىدىكىلەرنىڭ لەنەتلىك دىنىي ئەقىدىلىرىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ دىنىي ئەقىدىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى مەيلى قايسى خىلدىكى جىنايەت بولسۇن، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەت بولسىمۇ، ئەگەر بۇ جىنايەت مۇشۇ دىنغا ئىشەنگۈچىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى كۆزلەپ ئۆتكۈزۈلمىگەن بولسىلا، ئۇ كەچۈرۈم قىلىناتتى. ئۇلۇغ خان بۇ دىنىي ئەقىدىنىڭ جىنايەتكار ئەخمەت ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ھېچنېمىدىن تەپتارتمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ھەر خىل ئەسكىلىكلەرنى قىلدۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىش جىنايەتلىرى بىلەن قانائەتلەندۈرگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇنداق دىندىن ئىنتايىن نەپرەتلەندى ۋە نارازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساراسىنلارنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز

① بۇ ھېكايە جۇڭگونىڭ يىلنامىسىدىكى خاتىرىلەرگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، ئۇنىڭغا يەنە بۇنداق بىر مەزمۇننى كىرگۈزۈلگەن: جۇڭگو يىلنامىسىدە ئېيتىلىشىچە، ماركوپولو ئۇنى باتۇر ۋە ئاق كۆڭۈل دەپ ماختىغان. پادىشاھ جاڭ خەننوردىن ئۇستۇن بالىققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوردا باش مەسلىھەتچىسىنىڭ ئورۇنباسارى بولمىش ماركوپولودىن ۋاڭ جۇنىڭ سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبنى سورىغاندا، ماركوپولو يۈرەكلىك ھالدا ئەخمەتنىڭ جىنايەتلىرى ۋە زۇلۇملىرىنى ھېچبىر يوشۇرماستىن - توغرىدىن توغرا ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەت پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەممە نەپرەتلىنىدىغان ئەشەددىي ئەبلەخ بولۇپ قالغان. پادىشاھنىڭ كۆزى روشەنلەشكەن ھەمدە ۋاڭ جۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى ماختىغان. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دىنىدا قانۇنغا مۇۋاپىق دەپ قارالغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى مەنئى قىلدى، ئۇلارغا نىكاھ ئىشلىرىدا تاتارلارنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىشنى چەكلىدى، ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلارنى كېكىردىكىنى ئۈزۈۋېتىپ سويۇپ يېيىش ئادىتىنى مەنئى قىلىپ، تاتارلارنىڭ ئادىتى بويىچە ماللارنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىچ - قارنىنى تۆكۈۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى شەرت قىلدى.

ماركوپولو يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشلار يۈز بەرگەندە دەل شۇ يەردە ئىدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

### ئۇلۇغ خان تارقاتقان بىر خىل قەغەز پۇل ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىندا ئېقىشى

خانبالىق شەھىرىدە بىر قەغەز پۇل چىقىرىش زاۋۇتى بار ئىدى. ئۇ زاۋۇتنىڭ تۆۋەندىكى ئىش تەرتىپلىرى بويىچە پۇل ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ھەقىقەتەنمۇ كىمياگەرلەرنىڭ سىرى دېيىشكە بولاتتى.

ئۇ كىشىلەرنى ئۈجمە (ئۈت) دەرىخىنىڭ — ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدا يىپەك قۇرتى (تېكەن) باققىلى بولىدۇ — پوستىنى سويۇپ، ئۇنىڭ قوۋزىقى بىلەن غولى ئوتتۇرىسىدىكى نېپىز بىر قەۋەت ئىنچىكە پوستىنى ئايرىۋېلىش، ئاندىن ئۇنى سۇدا يۇمشىتىپ كىلىيغا سېلىپ يانجىپ شىلىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن قەغەز ياساشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ تېگى پاختىدىن

ياسالغان قەغەزگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن بەكرەك قارا ئىدى. قەغەز ئىشلىنىپ تەييار بولغاندا، ئۇنى چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان چاسا ياكى تىك تۆتبۇلۇڭلۇق شەكىلدە كېسىپ پۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكى يېرىم تورنوي (tournois)؛ سەل چوڭراقى ۋېنىتسىيىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىدەك كېلەتتى، يەنە ئايرىم ھالدا ئىككى تەڭگىلىك، بەش تەڭگىلىك ۋە ئون تەڭگىلىك پۇللارمۇ بار ئىدى. ھەتتا بەزىلىرىنى ۋېزانتىيىنىڭ 1، 2، 3 تىللاسى ھەتتا ئون تىللاسى ئورنىدا خەجلەشكىمۇ بولاتتى. بۇنداق قەغەز پۇلنىڭ ياسىلىشى مەيلى، ئۇنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئېتىراپ قىلىنىش رەسمىيەتلىرى جەھەتتە بولسۇن، ھەقىقىي ساپ ئالتۇن ياكى ساپ كۈمۈش پۇللاردەك ئىناۋەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ئىدى، چۈنكى ئالاھىدە تەيىنلەنگەن بىرمۇنچە مەنسەپدارلار ھەر بىر قەغەز پۇل ئۈستىگە ئۆز ئىمزاسىنى قويۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى تامغىسىنىمۇ باساتتى. ئۇلار مۇشۇ رەسمىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خانئالىيلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن باش مەمۇرىي خادىم ئۆز يېنىدا ساقلايدىغان خاننىڭ مۆھرىنى كۈمۈش قاپتىكى سىرۇققا تەگكۈزۈپ قەغەز پۇل ئۈستىگە بېسىپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ، سىرۇققا تەگكۈزۈپ بېسىلغان مۆھۈرنىڭ شەكلى قەغەز پۇل ئۈستىگە چۈشۈپ، مەڭگۈ ئۆچمەيتتى. قەغەز پۇل مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەتتە ئاقىدىغان تولۇق نوپۇزغا ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولاتتى. ساختا قەغەز پۇل ياساش ئەڭ ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىپ، قاتتىق جازالىناتتى.

بۇ قەغەز پۇل كۆپلەپ ياسىلىپ، ئۇلۇغ خانغا قاراشلىق زېمىنلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئاقىدىغان بولدى. بارلىق پۇقرالاردىن ھېچكىم ئۆز ھاياتىغا كېلىدىغان خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىپ ئۇنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىشقا پېتىنالمايتتى. خاننىڭ بارلىق پۇقرالىرى قىلچە ئىككىلەنمەستىن مۇشۇ قەغەز پۇلنى ئىشلىتەتتى. چۈنكى پۇقرالار مەيلى ھەرقانداق يەرگە بېرىپ تىجارەت قىلسۇن، بۇ پۇل بىلەن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئۈنچە - مارجان، جاۋاھىرات، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تاۋارلارنى سېتىۋالالايتتى. قىسقىسى، بۇ قەغەز پۇل بىلەن ھەرقانداق بۇيۇمنى ئېلىش - سېتىشقا بولاتتى①.

بىر يىل ئىچىدە ھامان تۆگىلىك كاتتا سودا كارۋانلىرى ھېلىراقتا تىلغا ئېلىنغان ھەرخىل بۇيۇملارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، تەتلا - كىمخابلارنى ئالغاچ بىرنەچچە قېتىم بۇ يەرگە كېلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغ خاننىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، زېرەك، چىبەر، تەجرىبىلىك 12 ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا بۇ ماللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاتقۇزىدۇ ۋە سېتىۋېلىشقا تاللىغان ماللىرىغا باھا قويغۇزىدۇ. خان ھۇزۇرىدا ئادىللىق بىلەن مۆلچەرلەنگەن باھا پۇلنىڭ سىرتىدا، بۇ ماللارنىڭ باھاسىغا ئەقىلگە

① X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا پېرېۋوت چېكى ئىشقا باشلىدى. XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قەغەز پۇل ئوبوروتى ناھايىتى ئومۇملىشىپ، تا بۈگۈنگىچە جۇڭگودا ئېقىپ كەلمەكتە. بەزى جايلاردا تارقىتىلغان پۇللارنىڭ ئايرىم قىسمىتى ھەتتا بىر شىللىڭمۇ يەتمەيدۇ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مۇۋاپىق مىقداردا پايدا قوشۇلىدۇ، ئاندىن بۇ ماللارغا مۇشۇ پۇل بىلەن پۇل تۆلىنىدۇ. سودىگەرلەر بۇ پۇلغا باشقىچە پىكىردە بولماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى بۇلنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىدەك مۇشۇ پۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سودىلىشىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئۇلار چەت ئەللىك بولغانلىقى ۋە بۇ پۇلنى ئىشلىتەلمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ پۇلغا ئۆز بازارلىرىغا لايىق كېلىدىغان باشقا تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇۋالسىمۇ بولىدۇ.

مەيلى كىم بولسۇن، قولىغا چۈشكەن پۇل ئۇزاق ئىشلىتىلىۋېرىپ بىزەپ بولغان بولسا، ئۇنى پۇل ياساش زاۋۇتىغا ئاپىرىپ 3% ھەق تۆلەپلا يېڭى پۇلغا تېگىشىۋا-لالايدۇ. ئەگەر بىراۋ ئازراق ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قەدەھ، كەمەر ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ياسات-ماقچى بولسا، ئوخشاشلا پۇل ياساش زاۋۇتىغا قەغەز پۇل ئالغاچ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن ياكى كۈمۈش زىخچە تېگىشىۋالالايدۇ.

خان ئالىيلىرىنىڭ ھەممە ھەربىيلىرىگە مۇشۇ قەغەز پۇل بىلەن مائاش بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ پۇل خۇددى ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك قىممەتلىك. مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلۇغ خان مالىيە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا دۇنيادىكى ھەرقانداق پادىشاھتىنمۇ كەڭ ھوقۇققا ئىگە.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## 12 باروندىن تەيىنلەنگەن سول قول دىۋانبېگى ۋازارىتى ۋە باشقا 12 باروندىن تەيىنلەنگەن ئوڭ قول دىۋانبېگى ۋازارىتى

ئۇلۇغ خان ئالاھىدە مەرتىۋىلىك ئاقسۆڭەكلەردىن 12 كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى ھەربىي قوشۇننىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە ئاخىرقى قارار چىقىرىش ۋەزىپىسىگە قويدى. بۇ قارار قىسىملارنى يۆتكەش، ھەربىي مەنسەپدارلارنى يەڭگۈشلەش، ھەربىي كۈچلەرنى سەپلەش ۋە ئىشلىتىش، ھەممە مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە كېتىدىغان ھەربىي كۈچنىڭ سانىنى بەلگىلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇلار يەنە جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ياكى قورقۇنچاقلىق قىلغان ئىككى خىل ھەربىي مەنسەپدارلارنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش ياكى پەسەيتىشكىمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. ئەگەر بىرەر مىڭبېگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى نامۇۋاپىق بولغانلىقى سېزىلسە، سول قول دىۋان ۋازارىتى ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىگە نالايىق دەپ بىلسە، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈز بېشىلىققا تەيىنلەيتتى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىپادىلىسە، مەنسىپى ئۆستۈرۈلۈپ، تۈمەن بېشىلىققا تەيىنلىنىشى لازىم بولاتتى. ئەمما دىۋان ۋازارىتىدىكىلەر ئالدى بىلەن بۇ ھەربىي مەنسەپدارلارنىڭ

كۆرسەتكەن خىزمىتى ياكى ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى جەدۋەلگە تولدۇرۇپ خان ئالدىلىرىغا مەلۇم قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى شەرت ئىدى. ئۆستۈرۈشكە مەلۇم قىلىنغان كىشى مۇۋاپىق كۆرۈلسە، ئۇ دەرھال تۆۋەنكى مەنسەپكە ئۆستۈرۈلەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىگە لايىق كېلىدىغان تارتۇقنامە ياكى گۇۋاھنامە بېرىلەتتى. بۇ ئىش باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك بىر تەرەپ قىلىناتتى. شۇڭا بارلىق مەنسەپ ئۆستۈرۈلگەن ياكى چۈشۈرۈلگەن مەنسەپدارلارنىڭ ئەھۋالى پادىشاھقا بەش قولدەك ئايان ئىدى، مەنسەپ ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي مەنسەپدارلارغا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ئىنئام قىلىنىپ، ئىلھام بېرىلەتتى. بۇ 12 نەپەر ئاقسۆڭەكتىن تەشكىللەنگەن دىۋانبېگى ۋازارىتى تەي (Thai) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پادىشاھقىلا مەسئۇل بولىدىغان ئەڭ ئالىي ئورگان ھېسابلىناتتى①.

بۇنىڭ سىرتىدا، يەنە ئوخشاشلا 12 ئاقسۆڭەكتىن

---

① «تەي» يەنى بۇشتەي (تەپتىش بېگى مەھكىمىسى)، دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ نامى. غەربىي خەن دەۋرىدە تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭ باشلىقى تەپتىش بېگى دەپ ئاتىلاتتى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن گۇاڭ ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، تەپتىش بېگى تەيىنلىمەي، تەپتىش ۋەزىرىنى يەنى تەپتىش بېگىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلدى. بۇ فېئوداللىق دۆلەتنىڭ تەپتىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا بۇ ئىش ئۆزگەرتىلمەي ئۇزاق داۋام قىلدى (شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان «سىخەي» نىڭ 1842 - بېتىدىن)، لېكىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىي ھوقۇقنى باشقۇرغۇچى ئورگان ئوردا كېڭىشى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جەھەتتە ئىنگلىزچە تەرجىمىدە خاتالىق بار. — خەنزۇچە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تەشكىللەنگەن ئۇلۇغ قول، دىۋان ۋازارىتىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىمپېرىيەدىكى 34 ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر بىر ئىشىغا نازارەت قىلىش ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ خان بالىقتا بىر ئازادە قەسرىسى ياكى ھويلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن زال ۋە ھۇجرا ئۆيلەر بار ئىدى. ئۆلكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر مۇدىر سوتچى ۋە بىرقانچە مىرزا باشقۇرىدىغان بولۇپ، قەسرە ئىچىدە ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئىشخانىلىرى بار ئىدى. ئۇلار دىۋان ۋازارىتىدىن بېرىلگەن يوليورۇقلارغا ئاساسەن، ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئۆلكىلەرنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. بۇ ئىشلارغا تاللانغان ئادەملەرنىڭ ئىسمى جەدۋەلگە تولدۇرۇلۇپ ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىناتتى. تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئۆز ۋەزىپىسى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالتۇن ياكى كۈمۈش دەستەك بېرىلەتتى. بۇ 12 كىشى ئېلىنىدىغان باج پۇل، غەللە - پاراق ۋە چېگرا بېجىنى يىغىۋېلىش، بۇ كىرىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ھەربىي قىسىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار دۆلەتنىڭ ھەرقانداق بىر ئورگىنىنى ئىدارە قىلالايتتى. بۇ دىۋانبېگى ۋازارىتىنىڭ ۋازارەت دېيىلگەنلىكى ئۇنىڭ 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ئورگان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئورگانمۇ خۇددى سول قول دىۋانبېگى ۋازارىتىگە ئوخشاشلا پەقەت ئۇلۇغ خان ھۇزۇرىغىلا مەسئۇل ئىدى. لېكىن ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ھېلىقى باشتا ئېيتىلىپ ئۆتكەن سول قول

دىۋان ۋازارىتى دەرىجە ۋە ھۆرمەت جەھەتتە ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت كېڭەشمىسىدىنمۇ ئەۋزەل ئىدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

### بارلىق چوڭ يوللارغا قۇرۇلغان يەمخانا ـ جاملار، پىيادە پوچتىكەشلەر ۋە ئۇلارغا خىراجەت بېرىش ئۇسۇلى

خانبالىق شەھىرىدىن ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان يوللار بار، ھەر بىر يولدا يەنى ھەربىر چوڭ يول ئۈستىدە، شەھەر ـ راباتلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىغا ئاساسەن، ھەر 40 كىلومېتر ياكى 50 كىلومېتر ئارىلىقتا بىردىن يەمخانا ـ جام قۇرۇلغان بولۇپ، مېھمانخانا ـ سارايلار سېلىنغان، بۇ مېھمانخانىلار ئۆتكەن ـ كەچكەن كارۋان ـ سودىگەرلەرنى ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، يەمخانا ياكى پوچتىخانا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىمارەتلەر ناھايىتى ھەشەمەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، ئىچى ياسىداق بېزەلگەن ئىشىك ۋە دېرىزىلىرىگە يىپەك پەردىلەر تارتىلغان ئۆيلەر چوڭ ئەمەلدارلارغا ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلىدۇ. بۇنداق يەمخانا ـ جاملارغا كىنەز ـ بەگلەر چۈشسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەرگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىلەر يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر ـ راباتلار ۋە قورغانلاردىن ئېلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى يەمخانا ـ جاملارنى ھەتتا ئوردىمۇ دائىم تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

ھەربىر يەمخانا ـ جامدا، ئۇلۇغ خاننىڭ
ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھەمىشە
400 دانە ياخشى ئات تەييار تۇرىدۇ. بارلىق مەخسۇس
ئەلچىلەرگە ئۇ يەرلەردە نۆۋەتمۇ نۆۋەت يەڭگۈشلەپ مىنى-
دىغان ئات تېپىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مېڭىپ
چارچاپ ھالسىزلانغان ئاتلىرىنى يەمخانىلاردا قالدۇرۇپ،
ئۇ يەردىن قابىل ـ ساغلام ئاتلارنى يەڭگۈشلەيدۇ. چوڭ
يولدىن چەترەك بولغان تاغلىق جايلاردا كەنت ـ قىشلاق
بولمىغانلىقى ھەم ئۇ يەرلەرنىڭ شەھەر ـ راباتلاردىن
يىراق بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خان ئالىيلىرى ئۇ جاي-
لارغىمۇ ئوخشاشلا قەۋەتلىك بىنالار سېلىپ ئۇلارنى ھەر-
خىل زۆرۈر لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش، قەرەللىك
مۇددەتتە لازىمەتلىك ئات يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە
يوليورۇق بەرگەن.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاھالىلەر بۇ يەرگە
كۆچۈپ كېلىپ، بوز يەرلەرنى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەن، پوچتا
ئاپپاراتلىرىنى يولغا قويۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭ
بىلەن، كەنت ـ قىشلاقلار كەينى ـ كەينىدىن ۋۇجۇدقا
كەلگەن. مۇشۇنداق پىلانلىق ئىشلەش نەتىجىسىدە، خان
ئوردىسىنىڭ مەخسۇس ئەلچىلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەر
ۋە دۆلەتلەر ئارا ئۇيان ـ بۇيان قاتناپ تۇرىدىغان پوچ-
تىكەشلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاسانلىق تۇغۇلغان. ئۇلۇغ
خاننىڭ بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن
تۆھپىسى باشقا پادىشاھ ـ ئەمىرلەر، خانلار ـ سۇلتانلار
ياكى ئاددىي ئادەملەرنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئۇلۇغ خاننىڭ ئېلكىدىكى پۈتكۈل زېمىندىكى پوچتا تارماقلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاتلار 200 مىڭدىن كەم ئەمەس، بۇ جەھەتتە ئۇسكۇنىلىرى ئۆز لايىقىدا بولغان ئىمارەتلەرمۇ 10 مىڭغا يېتىدۇ، بۇ، ھەقىقەتەنمۇ تىل بىلەن سۈپەتلەش قىيىن بىر ئىش. ئەگەر بىراۋ، بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى دۆلەتنى قانداق قىلىپ شۇنچە نۇرغۇن نەرسە بىلەن تەمىنلەپ، قانداق قىلىپ دۆلەت ئۈچۈن شۇنچە كۆپ بۇرچىنى ئادا قىلغان؟ ئۇلار شۇ ھالدا قانداق قىلىپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالىغان؟ دەپ سورىسا، بىز ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى، بارلىق بۇددىستلار ۋە ساراسىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئالتىدىن، سەككىزدىن ياكى ئوندىن خوتۇن ئالىدىغان بولغاچقا نۇرغۇن پەرزەنت كۆرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەتتا 30 ئوغلى بار بولۇپ، ئاتىسى بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە كىرىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە كەلسەك، ھەربىرىمىز بىردىنلا خوتۇنغا ئۆيلىنىمىز، بۇ خوتۇن تۇغمىسىمۇ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرۋايەت ئۆي تۇتۇپ ئۆتتۈۋېرىدۇ-دە، پەرزەنت كۆرۈپ ئەۋلادىنى ئاۋۇتۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ نوپۇسىمىز ئۇلارنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس.

ئۇزۇق-تۈلۈككە كەلسەك، بۇ جەھەتتىمۇ غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇ ئادەملەر، بولۇپمۇ تاتارلار، قىتانلار ۋە جەنۇبىي جۇڭگونىڭ بەدۆۋلەر ئۆلكىسىدە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى گۈرۈچ، كۆممىقوناق ۋە تېرىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن يىلىغا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ، مەھسۇلاتىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇلار ھەجىم مىقدارىدا دانىنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىدۇ. بۇغداي-

دىن ئۇنچىۋالا كۆپ ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلار بۇنى بولكا نان قىلىپ يېمەي، ئەشكەن چۆپ ياكى پوشكال قىلىپ يەيدۇ. گۈرۈچ، تېرىقتەك ئاشلىقلارنى بولسا بەزىدە سۈت بىلەن قاينىتىپ ياكى گۆش بىلەن بىللە پىشۇرۇپ يەيدۇ. ئۇلار تېرىغىلى بولىدىغانلىكى يەرلىرىنى ئاق قالدۇرماي تېرىيدۇ. ھەرخىل مال - چارۋىلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆغۈپ كۆپىيىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھېچىر جەڭگە چىقسا ھەركىم ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالتىدىن، سەككىزدىن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئات ئېلىپ يۈرىدۇ. بۇلاردىن ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ نۇرغۇن بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ھاياتىنى قامدايدىغان شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىنلەشتىكى خىلمۇ خىل ئەھۋاللارنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ھەرقايسى يەمخانىلار - جاملار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر بەش كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن كىچىك كەنت جايلاشقان بولۇپ، بۇنداق كەنتلەردە تەخمىنەن 40 ئائىلە ياشايدۇ. بۇ يەردە پىيادە قاتنايدىغان پوچتىكەچلەر تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا پادىشاھ ئالىيلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار بېلىگە كەمەر باغلىۋالغان ۋە كەمىرىگە بىرنەچچە تال كىچىك قوڭغۇراق ئېسىۋالغان. ئۇلار كەنتكە يېتىپ كېلىشكە يەنە خېلى ئارىلىق بار چاغدىلا قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ كېلەي دەپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت بەش كىلومېتىرلا يول يۈرىدىغان يەنى بىر پىيادە پوچتا يەمخانىسىدىن يەنە بىر يەمخانىغىچە قاتنايدىغان بولغاچقا، قوڭغۇرلىق

ئاۋازى ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلەي دەپ قالغانلىقىنى بىلدۈ-رىدۇ - دە، ئالدىنقى يەمخانىدا تۇرۇۋاتقان پوچتىكەچنى ئالدىنئالا تەييار قىلىپ قويىدۇ. پوچتىكەچ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پوچتا خالتىسىنى ئېلىپلا يولغا چىقىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. دېمەك، خەت - چەكلەر يەمخانىدىن-يەمخانىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىش ناھايىتى تېز ۋە ئۈنۈملۈك ئورۇندىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ ئالىيلىرى يىراق - يىراق جايلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئىككى كېچە - كۈندۈز ئىچىدىلا ئېلىپ بولالايدۇ. ئەگەر ئادەتتىكى ئۇسۇل قوللىنىلىدىغان بولسا، بۇ ئۇچۇر ئون كۈنسىز يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر پوچتا دەل مېۋە - چېۋە يېتىش مەۋسۇمىغا توغرا كېلىپ قالسا، خانبالىقنىڭ ئەتىمگەن ئۈزۈلگەن ئالمىسى بۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى گەرچە ئون كۈنلۈك بولسىمۇ، لېكىن 2 - كۈنى كېچىسىلا ئۇستۇن بالىقتىكى خاننىڭ قولىغا تېگەتتى.

ئارىلىقى بەش كىلومېتر كېلىدىغان ھەربىر يەمخانىدا بىردىن مىرزا بولۇپ، ئۇ بىر پوچتىكەچنىڭ خەت ئېلىپ كەلگەن ۋە باشقا بىر پوچتىكەشنىڭ خەت توشۇپ ماڭغان كۈن - ۋاقتىنى ئۇدۇللۇقچە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ، بۇ ئىش خاندانلىقنىڭ ھەممە يەمخانا - جاملىرىدا بىردەك ئىشلە-نىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، يەنە ھەرقايسى يەمخانا - جاملارنى ئارىلاپ يۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشقا مەنسەپدار ئەۋەتىلىپ، يەمخانىلارنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە نازارەت يۈرگۈزۈلىدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان پوچتىكەچلەر جازالىنىپ تۇرىدۇ. بارلىق پوچتىكەچلەردىن باج كەچۈرۈم

قىلىنغانلىقى سىرتىدا، ئۇلار يەنە پادىشاھ ئائىلىلىرىدىن
ئورغۇن مائاش ئېلىپ تۇرىدۇ.

يەمخانا ـ جامالار يەمخانىدا بىقىلىپ ئىشلىتىلىدىغان
ئاتلارغا كېتىدىغان خىراجەتلەرنى بىۋاسىتە ئۆز ئۈستىگە
ئالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئاتلار يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر ـ را-
باتلار، يېزا ـ كەنتلەردىن ئەۋەتىلىدۇ، ئاتلار ئادەتتىكى
چاغلاردا جايلارنىڭ ئۆزىدە بېقىلىدۇ، لازىم بولغاندىلا
يەمخانىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا
ئاساسەن، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىشنىڭ
يولىنى بىلىدىغان يارامىلىق خادىملارنى ئەۋەتىپ، ئاھالە
شەخسلەرنىڭ يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئات سانىنى تەكشۈ-
رۈپ بېكىتىشى لازىم. ھەرقايسى شەھەر ـ رابات، يېزا ـ
كەنتلەر مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇ ۋەزىپە ئاھالىنىڭ
ئىقتىسادىي كۈچىگە قاراپ مەجبۇرىي تەقسىم قىلىنىدۇ.
يەمخانا ـ جامالارنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇراقلاشقان كىشى-
لەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك بۇرچىنى
ئادا قىلىشى لازىم. يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئاتلارغا كېتىدىـ
غان خىراجەتلەر كېيىنچە ھەرقايسى شەھەرلەردىن ئۇلۇغ
خانغا تاپشۇرۇلىدىغان يىللىق سېلىق كىرىمىدىن تۇتۇپ
قېلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

لېكىن شۇنى بىلىش لازىمكى، بۇ 400 ئاتنىڭ
ھەممىسىلا يەمخانا ـ جامالاردا تۇرغۇزۇلۇپ ئىشلىتىلمەيتتى.
ئۇنىڭدىن 200 ئات يەمخانا ـ جامالاردا بىر ئاي ئىشلىتىشكە
قالدۇرۇلاتتى. قالغان 200 ئات ئوتلاقلاردا بېقىلىپ تۇراتتى.
بېقىلىپ كۈچىگە تولغان ئاتلار ھەر ئاينىڭ بېشىدا يەم-

خانا ـ جاملارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئەۋەتىپ بېرىلەتتى. كېيىنچە ھېلىقى 200 ئات ئۇتلاقتا بېقىشقا قايتۇرۇۋلۇپ، سەمرىتىلىدىغان بولدى. يەمخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار ئەنە شۇنداق نۆۋەتمۇ نۆۋەت يەڭگۈشلەپ ئىشلىتىلىپ كەلدى.

پىيادە پوچتىكەچىلەر ياكى يەمخانا خادىملىرى بىسىپ ئۆتىدىغان يوللار ئۈستىدە دەريا ياكى كۆللەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان بولسا، يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر ـ راباتلار ئۆچ ـ تۆت قېيىق تەييارلاپ، ئۇلارنى ئۇدۇللۇقچە ئۆتكۈزۈپ قويۇشى لازىم. ئەگەر بىرنەچچە كۈندە بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان ئادەم ياشىمايدىغان قۇملۇق چۆللەر دۇچ كېلىپ قالسا، بۇ چۆلنىڭ چېتىدىكى شەھەرلەر ئوردىنىڭ ئۇ يەرلەردىن ئۆتكەن ـ كەچكەن مەخسۇس ئەلچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى قۇملۇق چۆللەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ قويۇشى شەرت. پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇنداق شەھەرلەرگە بەلگىلىك دەرىجىدە قوشۇمچە ھەق تۆلەيدۇ. چوڭ يولدىن ناھايىتى يىراققا جايلاشقان يەمخانا ـ جاملارغا كەلسەك، ئۇلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلارنىڭ بىر قىسمى خان ئوردىسى تەرىپىدىن، يەنە بىر قىسمى شۇ رايوندىكى شەھەرلەر ۋە شەھەر ـ راباتلاردىن يەتكۈزۈلۈپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر مەلۇم بىر جايدا! قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن ياكى مەلۇم بىر باشلىق ئىسيان كۆتۈرگەن ياكى باشقا بىرەر چوڭ ۋەقە كېلىپ چىققانلىقىدىن، ئۇچۇر ـ خەۋەرلەرنى ناھايىتى تېز يەتكۈزۈش زۆرۈر بولۇپ قالغان بولسا، يەمخانا خادىملىرى ئۇچۇن كۈنىگە 320 كىلومېتىر، بەزىدە

ھەتتا 400 كىلومېتىر يول بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرەر جىددىي ۋە ئالدىراش ئىش بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە ئۈستىگە لاچىن سۈرەتلىك دەستەك تاقىۋالاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىللە يولغا چىققان بولسا، ھەر ئىككىسى بىر يەردە ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنىپ بىرلا ۋاقىتتا يولغا ئاتلىناتتى. ئۇلار چاققان كىيىنىپ، باشلىرىغا ياغلىق چېگىپ قامچىلىرىنى ئويناتقان پېتى ناھايىتى تېز ماڭاتتى. ئۇلار شۇ ماڭغان پېتى تاكى 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باشقا بىر يەمخانىغا يېتىپ بارغۇچە توختىماستىن ماڭاتتى. ئاندىن خىزمەتكە ئاللىقاچان تەييار تۇرغان ئىككى قابىل ئاتنى يەڭگۈشلەپ ھېچبىر دەم ئالماستىن ئالدىنقى يەمخانىغىچە توختىماي ماڭاتتى. ئۇلار تاڭ سەھەردىن تاكى كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر ھەربىر يەمخانىدىن ئات يەڭگۈشلەپ توختىماي مېڭىۋېرىپ 425 كىلومېتىر يولنى بېسىپ بولاتتى.

ئىنتايىن جىددىي پەيتلەردە ئۇلار ھەتتا كېچىسىمۇ ئات چاپتۇرۇپ يول ماڭاتتى. ئەگەر ئايدىڭ بولمىسا، قوللىرىغا چىراغ ئالغان پېتى سوكۇلداپ پىيادە يول يۈرەتتى. چىراغ كۆتۈرۈپ پىيادە ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېچىسى مېڭىش سۈرئىتى، ئەلۋەتتە، كۈندۈزدىكىدەك تېز بولمايتتى. مۇشۇنداق قاتتىق چارچاشقا بەرداشلىق بېرەلىگەن پوچتىكەچلەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەردۇر.

ئەمدى سۆھبىتىمىزنى باشقا بىر تېمىغا يۆتكەيمىز.

بىز سىلەرگە ئۇلۇغ خاننىڭ ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئىئانە پۇل يىغىشتەك ساۋابلىق ئىشىنى سۆزلەپ بېرىمىز.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ ئىمپېرىيىگە قاراشلىق ئۆلكىلەردە بوزبەرگەن ئاچارچىلىقتىن خەلقنى ۋە مال - چارۋىلارنى قىرىلىشتىن قۇتقۇزغانلىقى

ئۇلۇغ خان ھەر يىلى ئۆز ئەلچىلىرىنى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ پۇقرالارنىڭ زىرائەتلىرىنىڭ ناچار ھاۋا ئىقلىم ۋە بوران - چاپقۇن ياكى چېكەتكە ھەم باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر يۈزىسىدىن ھوسۇلى كېمەيگەن - كېمەيمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاتتى. ئەگەر شۇنداق بالايىئاپەتلەر يۈز بەرسە، شۇ يىلى تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خاندانلىقنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىن يېتەرلىك ئاشلىق چىقىرىپ خەلققە ياردەم بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ۋە ئۇرۇق قىيىنچىلىقىنىمۇ ھەل قىلىپ بېرەتتى.

شۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئۇ ئالاھىدە مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى پۇقرالارنىڭ تازا مۇۋاپىق كېلىدىغان دانلىق ئاشلىقلىرىنى ئالاھىدە بۇيرۇق بىلەن كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى خاندانلىق ئىسكىلاتلىرىدا ساقلايتتى. دانلىق ئاشلىقلارنى ناھايىتى

ئەستايىدىللىق بىلەن سېتىۋېلىپ ساقلىغانلىقتىن، ئاشلىقلار ئۈچ - تۆت يىلغىچە ساقلىنىپ تۇرسىمۇ بۇزۇلمايتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، خاندانلىقنىڭ بۇ ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىدا باشتىن - ئاخىر تولۇق ئاشلىق ساقلىنىپ قەھەتچىلىك يىللىرىدا بولىدىغان جىددىي ئېھتىياجلارنى قامداشقا كاپالەت بېرىلدى. ئەگەر شۇنداق ئاپەت يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىقىنىڭ باھاسى پەقەت بازار باھاسىنىڭ تۆتتىن بىرىگىلا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر مەيلى قانداقلا بىر جايدا مال - چارۋىلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتسە، خەلقنىڭ تارتقان زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، باشقا ئۆلكىلەردىن زاكات بېجى ئالاتتى. بۇ زاكات بېجى ئەسلىدە خاننىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل يۈرەك قەلبى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى تىرىكچىلىك قىلالايدىغان قىلىشقا ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا بەند ئىدى، ئۇنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكىمۇ بار ئىدىكى، ئەگەر يىلقىلار، قويلار ياكى باشقا پادىلارنى چاقماق سوقۇۋەتسە، ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارىماستىن، ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ چارۋىلاردىن ئېلىنىدىغان زاكات بېجىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتەتتى. ئەگەر بىر كىشىدىكى ماللارنى چاقماق سوقۇۋەتكەن بولسىمۇ، شۇ كىشىدىكى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەردىكى ماللاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا

بېجىنىمۇ ئوخشاشلا كەچۈرۈم قىلىۋېتەتتى. چۈنكى ئۇلۇغ خاننىڭ نەزەرىچە، بۇنداق ۋەقەلەر يامانلىقنىڭ ئالدىنئالا ئالامىتى ھېسابلىناتتى. ئۇ: خۇدا مال دۇنيا ئېگىسىگە لەنەت ياغدۇردى، مەن بۇنداق خۇدا لەنەت ياغدۇرغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ خاندانلىق ئىسكىلاتىغا كىرگۈزۈلۈشىنى خالىمايمەن، دەيتتى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

### خاننىڭ ئەمرى بويىچە يوللارنىڭ ئىككى چېتىگە دەرەخ تىكىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى

ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى ئىچىدە ھەم مۇھىت مەنزىرىسىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ھەم ئەمەلىي مەنپەئەت بېرىدىغان بىر خىل پىلان بار ئىدى. ئۇ چوڭ يوللارنىڭ ئىككى چېتىگە ناھايىتى ئېگىز ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ تىكىش، ھەربىر قۇر دەرەخنىڭ توپ ئارىلىقىنى ئىككى قەدەمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى بۇيرۇغانىدى. بۇ دەرەخلەر ياز پەسلىدە سايە چۈشۈرۈپ كىشىلەرنى سالقىنلىتىشقا مەنپەئەت بەرسە، قىشلىقى يوللارنى قار بېسىپ كەتكەندە، يول بەلگىسىلىك رول ئوينايتتى. بۇ تەدبىرلەر يولۇچىلارنىڭ يول ئۈستىدىكى تۇرمۇشىغا نۇرغۇن ئاسانلىق يەتكۈزدى ۋە ئۇلارنى راھەتلەندۈردى. توپىسى مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەردىكى چوڭ يوللارنىڭ ھەممىسىگە دەرەخ تىكىلدى. يوللار ئەگەر

قۇملۇق چۆللەر ياكى تاشلىق تاغلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ، دەرەخ تىكىشكە مۇمكىن بولمىسا، ئۇ، تاشلارنى يوللارنىڭ چېتىگە دۆۋىلەپ يول بەلگىسى قىلىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ مۇۋاپىق يولغا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىنى، ھەر خىل يوللارنىڭ مۇۋاپىق ۋە ياخشى ئاسرالغان - ئاسرالمىغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتتى.

ئۇلۇغ خاننىڭ دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشىغا ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەقسەتلىرى سەۋەب بولغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە قوشۇمچە قىلىپ تولۇقلاشقا زۆرۈر بولغىنى شۇكى، مۇنەججىملەرنىڭ ئۇنىڭغا، دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلغان ئادەم ئۆمرى ئۇزىراپ ئۇزاق ياشاش ساۋابىغا ئىگە بولىدۇ، دېگەنلىكىمۇ سەۋەب بولغانىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

### قىتان ئۆلكىسىدە ئىشلەنگەن ھاراق - شاراب

قىتان ئۆلكىسىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئىستېمال قىلىدىغان ھاراق - شارابلار گۈرۈچكە ھەر خىل خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە دورا - دەرمان قوشۇش بىلەن ئېچىتىپ ياسىلىدۇ. بۇ ئىچىملىك ياكى ھاراق ناھايىتى تەملىك ۋە خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ. ئۇلار ھەتتا، كىشىنى

قانائەتلەندۈرىدىغان ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، دەپ قارايدۇ. خۇش پۇرىقى كىشىگە پۇراپ تۇرىدىغان، بۇنداق تاتلىق ۋە خۇش پۇراق ھاراق بىرئاز ئىسسىتىلىشى بىلەنلا كىشىنى باشقا ھاراق ـ شارابلاردىنمۇ ئاسانراق، قاتتىق مەست قىلىۋېتىدۇ.

## ئوتتۇزىنچى باب

### قىتاندىن قېزىپ چىقىرىلغان قارا تاشنى يېقىلغۇ قىلغىلى بولىدۇ

پۈتكۈل قىتانىڭ ھەممىلا يېرىدىن بىر خىل قارا تاش تېپىلىدۇ، تاغدىن قېزىۋېلىنىدىغان بۇنداق تاشلار يەر ئاستىدا تومۇرلاردەك سوزۇلۇپ جايلاشقان. ئوت تۇتاشتۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۇ ئوتۇن كۆمۈرىدەك كۆيىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئوتى ئوتۇن كۆمۈرىنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ھەتتا كېچىسى ياندۇرۇلغان ئوت تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ ئۆچمەي يېنىۋېرىدۇ. بۇنداق تاشنى ياندۇرۇشتا ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۇششاق پارچىلىرىنى ياندۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق قىلىنمىسا ئۇ ئادەتتە كۆيمەيدۇ. ئوت تۇتىشىپ كەتسىلا، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئىسسىقلىق بېرىدۇ①.

① جۇڭگونىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە، كۆمۈرنى تۇنجى قېتىم تىلغا ئالغان كىشى لىيۇئەن بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 122 - يىلى ئۆلگەن. ئۇ ئەينى زاماندا كۆمۈرنى «مۇزدەك كاللەك كۆمۈر» دەپ ئاتىغانىدى. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ھالبۇكى، بۇ دۆلەتتە ياغاچ كەمچىل ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ئامالىسى بەك نۇرغۇن. ئوت ئۆچۈرۈلمەي يېقىلىپ تۇرىدىغان مەش - ئوچاقلارمۇ نۇرغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر پات - پات يۇيۇنۇپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنىڭدا جەزمەن ياغاچ ماتېرىياللىرى ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. كىشىلەر ھەر ھەپتىسى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىمدىن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنىدۇ. قىش پەسلىدە قۇربى يەتسىلا كۈنىگە بىر قېتىمدىن يۇيۇنىدۇ. زىمىنىدە بىرەر مەنسىپى بار، ياكى ئائىلىسى ھاللىقراق كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن بىردىن مەش بولىدۇ. شۇنچىۋالا كۆپ يېقىلغۇ سەرپىياتىنى ياغاچ مەنبەلىرى بىلەن قاندۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن. ئەمما بۇ قارا تاشلار پۈتمەس - تۈگىمەس دەرىجىدە كۆپ، بەلكى ئۇنىڭ باھاسىمۇ بەك ئەرزان.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ كەمبەغەللەرگە مەردلىك بىلەن سەدىقە بېرىشى

بىز باشتا، خاننىڭ پۇقرالارغا نۇرغۇن خەزىنە ئاشلىقى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى بىز ئۇنىڭ خانبالىق (بېيجىڭ) شەھرىدە كەمبەغەللەرگە مەردلىك بىلەن سەدىقە بەرگەنلىكىنى تەسۋىرلەيمىز. ئەگەر ئۇ، قايسى بىر نوپۇزلۇق ئائىلىنىڭ بىرەر بەختسىز-

لىككە ئۇچراپ، باي ـ باياشاتلىقتىن كەمبەغەللىككە چۈشۈپ
قالغانلىقى ياكى بىركىمنىڭ بەدىنى ئاجىزلىق ياكى قېرى-
لىق سەۋەبىدىن ياشاشقا ئامالسىز قالغانلىقى ياكى
ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز قالغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات
ئالسىلا، ئۇلارغا بىر يىلغا يەتكۈدەك ئىستېمال بۇيۇملىرى
سەدىقە قىلاتتى. ئۇلۇغ خاننىڭ بۇ بىر قىسىم خىراجىتىنى
مەخسۇس بىر تۈركۈم مەنسەپدارلار باشقۇراتتى ۋە ئۇردىدا
مۇشۇ ۋەزىپىنى بېجىرىشكە مەسئۇل ئىدى. قۇتقۇزۇشقا
ئىگە بولغانلار ئادەتتە ئايلىنىپ قالغان قائىدە بويىچە،
بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ھېلىقى مەنسەپدارلارنىڭ
ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۈستىگە بولتۇر ئالغان قۇتقۇزۇش بۇيۇم-
لىرىنىڭ سانى ئەسكەرتىلگەن بىر خىل گۇۋاھنامىنى
كۆرسىتەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ يىلمۇ بولتۇر
بېرىلگەن بۇيۇملارنىڭ سانىغا باراۋەر كېلىدىغان بۇيۇم-
ىغا ئىگە بولاتتى.

ئۇلۇغ خان ئالىيلىرى يەنە شۇنداقلا كەمبەغەللەرنى
كىيىم ـ كېچەك بىلەنمۇ تەمىنلەيتتى. بۇ، ئۇنىڭ قوي
تېرىسى، يىپەك ـ شايى ۋە كەندىردىن ئېلىنغان باجدىن
قىلغان كىرىمىدىن ئاجرىتىلاتتى. ئۇ ئۆز كىشىلىرىگە
خانلىق زاۋۇتتا بۇ ماتېرىياللاردىن خىلمۇ خىل رەخت
توقۇشنى بۇيرۇغانىدى. ھەربىر ئۇستا بەلگىلىمە بويىچە
خانلىق زاۋۇتتا ھەپتىسىگە بىر كۈن ئىشلەپ، خان ئالىي-
لىرىغا ئىشلەپ بېرىدىغان خالىس ئەمگىكىنى ئادا قىلاتتى.
خان بۇ خىل ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن رەختلەردىن
كىيىم تىكتۈرۈپ، ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەمبەغەل ئائىلى-

لەرنىڭ قىشلىق - يازلىق كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىنى قامداشقا سەدىقە قىلاتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى ئۈچۈن كىيىم - كېچەك تەييارلاشقا كىرىشىپ، ھەربىر شەھەردە ھەربىي قوشۇنلار ئۈچۈن نۇرغۇن ھەربىي كىيىم ئىشلەپ چىقاردى. بۇنىڭغا كېتىدىغان بارلىق خىراجەتلەر جايلارنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان باجلاردىن چىقىم قىلىناتتى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

### خانلىقتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى

ھەممىگە مەلۇم بولغايكى، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن، تېخى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاتىلار سەدىقە قىلىش دېگەن ئىشنى قىلمايدۇ. ئەگەر بىر كەمبەغەل ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىلەپ بارسا، ئۇلار ئۇنى ھەيدىۋېتىدۇ ۋە: «كۆزۈمدىن يوقال، بۇنى پەسىلنىڭ ياخشى كەلمىگەنلىكىدىن كۆرمە، بۇ — تەڭرىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغىنى. ئەگەر تەڭرى سېنىمۇ مېنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن بولسا، ئۇ جەزمەن ساڭا ھەممىنى بەرگەن بولاتتى» دەپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ.

لېكىن بۇتقا تېۋىنىدىغانلار ئىچىدىكى ھەقىقەتنى چوڭقۇر بىلىدىغانلار، بولۇپمۇ باشتا بىز تىلغا ئېلىپ

ئۆتكەن باخشىلار (Bacsis) خان ئالىيلىرىغا، كەمبەغەل-
لەرگە سەدىقە بېرىش — بىر خىل ياخشى ئىش، بۇ،
پۈتۈنلەي بىزنىڭ تەڭرىمىزنىڭ ئۈمىدىگە ئۇيغۇن، دەپ
تەبىر بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خان يۇقىرىقىدەك
ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىپ،
ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزغان. خانلىقتىن ئوزۇق تىلى-
گەنلەرنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنمىغان. ئوردىدىكى مەخسۇس
مۇشۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان مەنسەپدارلار كەمبەغەل-
لەرگە ھەر كۈنى 20 مىڭ قاپ گۈرۈچ، سۆك ۋە تېرىق
بېرىپ تۇرغان. ئۇلۇغ خان كەمبەغەل پۇقرالارغا ئەنە
شۇنداق ھۆرمەتلەشكە لايىق ئىنساپ - دىيانەت كۆرسەت-
كەنلىكى ئۈچۈن، پۇقرالىرىنىڭ چەكسىز ھىمايىسى ۋە
مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

### خانبالىق شەھىرىدىكى مۇنەججىملەر

خانبالىق شەھىرىدىكى خرىستىئانلار، مۇسۇلمانلار
ۋە قىتانلار ئارىسىدا تەخمىنەن 5000 مۇنەججىم ۋە
پالچى بار. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە يېمەك - ئىچ-
مىكىنى خۇددى كەمبەغەل ئائىلىلەرگە سەدىقە قىلغاندى-
كىدەك، خان يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ
كۈچ - غەيرىتىنى ھەمىشە سېھىرگەرلىككە سەرپ قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان، ئۈستىگە يۇلتۇز-

لار تۇركۈمىنىڭ بەلگىلىرى، ۋاقىت ۋە ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ پۈتۈن يىللىق بىرقانچە ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن مىسۋاك-لىرى بار. ھەرقايسى گۇرۇھلارغا مەنسۇپ بولغان مۇنەججىملەر ئۆزلىرىنىڭ دىئاگراممىلىرىنى ھەر يىلى كۆز-دىن كەچۈرۈپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئوربىتىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئورنىنى بەلگىلەيدۇ.① ئۇلار ھەر خىل بەلگىلىك يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئوربىتى-دىكى ھەرىكىتىنىڭ گرافىكىسىدىن ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىش-لىرىنى بايقايدۇ ھەمدە، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھەر ئايدا كۆرۈلىدىغان ئالامەت، ھاۋارايى ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ. مەسىلەن، پالانچى ئايدا گۈلدۈرمامىلىق چاقماق چاقىدۇ، بوران - چاپقۇن بولىدۇ، يەر تەۋرەيدۇ، پالانچى ئايدا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ قارا يامغۇر ياغىدۇ، پالانچى ئايدا كېسەللىك تارقىلىدۇ، ئۆلۈم، ئۇرۇش، توقۇنۇش ۋە سۇيىقەستكە ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىدۇ، دەپ ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلىدۇ.

مۇنەججىملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇستۇرلاپلىرىدىن مەلۇم بىر خىل ھادىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى تېپىشى بىلەنلا بۇ

① 1901 - يىلدىكى يېغىتۇەن قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا قۇبلاي خان مىستىن ناھايىتى نازۇك قىلىپ ياساتقان ئىككى دانە پىسوگراف بېرلىنغا ئېلىپ كېتىلگەن. «ماڭا مەلۇمكى، ۋېرسال ئەھدە-نامىسىنىڭ بىر ماددىسىغا ئاساسەن بۇ نەرسە ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى لازىم. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىنسا، بۇ ئەھدىنامە ئېھتىمال دۇنياغا ئەڭ چوڭ مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن.» روسسونىڭ «جۇڭگو مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ھادىسىنىڭ پات يېقىندا يۈز بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.
لېكىن ئۇلار ئۆز ھۆكۈمىگە ھامان مۇنداق بىر جۈملە
سۆزنى قوشۇپ قويىدۇ: تەڭرى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە،
بىز خاتىرىلىۋالغان ھادىسىلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر تۈزىتىش
كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلغان ھەر
خىل ھادىسىلەرنى تاجۇيىن (Tacuin) دەپ ئاتىلىدىغان
كىچىككىنە چاسا بۇلۇڭلۇق تاختايغا يېزىپ، ئۇنى كەل-
گۈسىنى كۆزەتمەكچى بولغان كىشىلەرگە بىر كۈمۈش
تەڭگىگە ساتىدۇ. ئېنىقراق پال سالىدىغان ئادەملەر جاما-
ئەت ئىچىدە شۇ كەسىپنىڭ ماھىرى دەپ قارىلىدۇ ۋە
شۇنىڭلىق بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئىززەت - ھۆر-
مىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ئەگەر كىمكى كۆڭلىدە چوڭ بىر ئىرادىگە كېلىپ،
داغدۇغىلىق چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى ياكى 1000
چاقىرىملاپ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ تىجارەت قىلماقچى
بولسا ياكى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ پىلانىنى
تۈزۈپ چىققان، ئەمما ئۇنىڭ كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىدىغان ياكى مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، پايدا - زىيىنىنى
بىلمەكچى بولسا، ئۇ كىشى مۇنەججىملەردىن ياردەم
سورايتتى. مۇنەججىملەرگە ئۆزىنىڭ يىراق سەپەرگە ئاتلىنى-
دىغانلىقىنى ئېيتىپ، پەلەكنىڭ بۇ ئىشقا قانداق
قارايدىغانلىقىنى سورايتتى. بۇ چاغدا مۇنەججىم ئۇنىڭغا
بۇ مەسىلىگە جاۋاب ئېلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ قايسى
يىل، ئاي ۋە قايسى چاغدا تۇغۇلغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ

بىرلىك، دەيتتى. مۇنەججىم مۇشۇ تەپسىلىي ئەھۋاللارنى سوراپ بىلىۋېلىپ ئاندىن ئەھۋالنى ئېخىمۇ ئېچكىرىلەپ كۆزىتىشكە كىرىشىپ، پال ئاچقۇزغۇچىنىڭ يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ ئورنى بىلەن ئۇ سورىغان چاغدىكى ئۇنىڭ قايسى جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا قارايتتى. مۇنەججىملەر مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق، پال ئاچقۇزغۇچى تەۋەككۇل قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىغا ھۆكۈم قىلاتتى.

كىتابخانلار يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلغايكى، تاتارلار 12 يىلنى بىر دەۋر (قەرنە) قىلغان ھالدا ۋاقىت ھېسابلايدۇ. بىرىنچى يىلنى ئارسلان، ئىككىنچى يىلنى كالا، ئۈچىنچى يىلنى ئەجدىھا، تۆتىنچى يىلنى ئىت يىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ 12 يىلنىڭ ھەر بىرىگە بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئات قويۇپ، يىللارنى ئۆز رەتى بىلەن تىزىپ چىقىدۇ①. دېمەك، بىر كىشىدىن ئۇنىڭ قايسى يىلى، قايسى چاغدا تۇغۇلغانلىقى سورالسا، ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئارسلان يىلى پالانچى كۈنى، پالانچى، مەھەل ۋە پالانچى پەيتتە تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتلار ئۇ كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن بىر دەپتەرگە تەپسىلىي يېزىپ قويۇلىدۇ. 12 يىللىق بىر دەۋر پۈتۈنلەي نۆۋەتلىشىپ تۈگىگەندە، يىللار يەنە بىرىنچى يىلدىن باشلاپ ھېساب-

① بۇ دەۋرنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ. 1 چاشقان؛ 2 - كالا؛ 3 - يولۋاس؛ 4 - توشقان؛ 5 - ئەجدىھا؛ 6 يىلان؛ 7 - ئات؛ 8 قوي؛ 9 مايمۇن؛ 10 توخۇ؛ 11 - ئىت؛ 12 - تۇڭگۇز. —— ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

لىنىدۇ. يىللار ئەنە شۇنداق دەۋرمۇدەۋر ئۆۋەتلىشىپ - يېڭىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

### تاتارلارنىڭ دىنى ۋە ئۇلارنىڭ روھ - ئەرۋاھلار توغرىسىدىكى قاراشلىرى، شۇنىڭدەك بەزىبىر ئۆرپ - ئادەتلىرى

ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغانلىقى باشتا سۆزلەپ ئۆتۈلگەنىدى. چوقۇنۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن بۇت سۈرىتى بولىدۇ، ئۇلار بۇ سۈرەتنى ئۆز ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېگىز ئېسىپ قويىدۇ. سۈرەتكە بىرىسىنىڭ نامى يېزىلغان بولۇپ، بۇ نام پاراسەتلىك تەڭرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كۈجە يېقىپ، بۇ تەڭرىسىگە چوقۇنىدۇ. قوللىرىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرىدۇ - دە، ئاندىن بېشىنى يەرگە قويۇپ ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ. تەڭرىسىدىن ئەقىل - ئىدراك ۋە سالامەتلىك تىلەيدۇ. ئۇلار تەڭرىسىدىن مۇشۇنىڭدىن باشقىنى تىلىمەيدۇ. ئۇلار ئاسمان تەڭرىسىنىڭ ئاستىدىكى پول تاختاي ئۈستىگە ناتىگەي (Natigay) دېگەن بىر بۇتنى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئۇلار ناتىگەينى يەر ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلىدىغان ياكى يەردىن ئىشلىنىپ چىققان نەرسىلەرنى باشقۇرىدىغان تەڭرى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ناتىگەيگە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ھەمراھ قىلىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ

ئوخشاشلا كۆچە يېقىپ، قول قوشتۇرۇپ، تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ تەڭرىدىن ھاۋارايىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئاشلىقلارنىڭ مول ھوسۇل بېرىشىگە، ئائىلىسىنىڭ جان سانى ۋە بايلىقىنىڭ كۆپىيىشىگە ئوخشاش ئىشلارنى تىلەيدۇ.

ئۇلار روھنىڭ ئۆلمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ: بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ روھى دەرھال باشقىدىن تۇغۇلۇپ دۇنياغا قايتىدىن كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئادەمنىڭ كەلگۈسى ئەھۋالى ئۇنىڭ ھايات چېغىدا قىلغان ياخشى - يامانلىقلىرىغا قاراپ ياخشى ياكى يامان بولىدۇ. ئۇ ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئالىيجاناب، قائىدە - يوسۇنلۇق بولسا، ئۇ بىرىنچى قېتىمدىلا يۈز - ئابرويلۇق بىر ئائىلىنىڭ قورسىقىدا ھامىلە بولىدۇ، تۇغۇلغىنىدىن كېيىن ئۇ يۈز - ئابرويلۇق ئادەم بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىنىڭ قورسىقىدا ھامىلە بولۇپ، بىر ئاقسۆڭەككە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ تۇغۇلىدىغان تەبىقىسى شۇنداق قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەپ تاكى تەڭرىلەرگە قوشۇلۇشقىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئەگەر بىر كىشى يۈز - ئابرويلۇق بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلمىشى قەبىھ بولسا، ئۇ ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا كېلىشىدە چاكىنا ئادەمگە ئايلىنىدۇ، ئاخىر ھەتتا ئىت بولۇپ قالىدۇ ھەمدە مەرتىۋىسى داۋاملىق پەسىيىۋېرىپ، بارغانسېرى تېخىمۇ پەسلەپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئۆزئارا سۆھبەت ئۈستىدە كەمتەر ۋە تاۋازۇلۇق بولىدۇ، بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىشتا قائىدە -

يوشۇرۇنلۇق كېلىدۇ، كىشىلەرگە تەبەسسۇملۇق ئوچۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى تەربىيىلىك تۇتىدۇ. شۇنىڭدەك يېمەك - ئىچمەكتىمۇ تازىلىق - پاكىزلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەگەر ئوغۇللاردىن بىرى ئاتا - ئانىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلسا ياكى زورلۇق تېپىلغاندا ئاتا - ئانىسىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا، بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھۆكۈمەت مەھكىمىسى ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلماسلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى قاتتىق جازالايدۇ.

ھەر خىل جىنايەت ئۆتكۈزگەن يامان ئادەملەر قولغا ئېلىنىپ زىندانغا سېلىنىدۇ، ئاندىن دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. لېكىن ئۈچ يىل قامالغان - خان ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئادەتتىكى قاماقتىن قويۇپ بېرىلىش مۇددىتى توشقانلارغا قويۇپ بېرىلىش ۋاقتىدا باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن يۈزىنىڭ بىر تەرىپىگە ئەن تامغا بېسىپ بەلگە قويۇلىدۇ.

بۇ دۆلەتنىڭ خەلقى قىمار ئويناشقا ئادەتلەنگەن، قىمار ئويناش ئادىتى دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەتتىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك. ھازىر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئۇلۇغ خان خىلمۇ خىل قىمار ئويۇنلىرى ۋە ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى مەنئى قىلغان. ئۇنىڭ خەلقىنى مۇشۇنداق جىنايەتتىن توسۇش ھەققىدىكى يارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ قىلىچىمىنىڭ كۈچى سىلەرنى بويسۇندۇردى. شۇڭا سىلەرنىڭ

بارلىق مال ـ مۈلكۈڭلار قانۇن بويىچە ماڭا تەئەللۇق.
ئەگەر قىمار ئوينىساڭلار، بۇ، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم
بىلەن كۆڭۈل ئاچقانلىق» دەيدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىز
مۇشۇ ھوقۇقىغا تايىنىپ خەلقنى خالىغانچە تالان ـ
تاراج قىلمايدۇ.

ھەرقايسى تەبەقىدىكى كىشىلەرنىڭ خانىنى تاۋاپ
قىلىشتا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇن تۈزۈملىرى
ئۈستىدە توختالماي ئۆتەلمەيمىز. ئۇلار پادىشاھ تۇرغان
يەرگە يېتىپ كېلىشكە يەنە يىرىم چاقىرىم يول قالغاندا،
پادىشاھقا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۈكۈناتتا
ئاۋازلۇق پوزىتسىيىدە بولۇشى، ھەرقانداق ئۈنلۈك ئاۋاز
چىقارماي، جىمجىت تۇرۇشى لازىم. ھەربىر ۋەزىپىدار
ئادەم تۈكۈرۈش ئۈچۈن كىچىك بىر تاپا ئېلىۋېلىشى كېرەك،
پادىشاھنىڭ قەسرىدە ھېچكىم ئۆينىڭ تاختايلىق يېرىگە
تۈكۈرمەيدۇ. تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى تۈگىگەندە، پادىشاھ
زىيابەت بېرىپ تەبرىكلەيدۇ. تاۋاپ قىلىش مۇراسىمغا
قاتنىشىدىغانلار قائىدە ـ ئادەت بويىچە ئاق تېرىدىن
سىرتە تىشلەنگەن قىسقا قونچىلۇق ئۆتۈك ئېلىۋېلىشى
كېرەك. ئۇلار چوڭ قەسىرگە كىرىشتىن ئاۋۋال، يول
ماڭغاندا كىيگەن ھېلىقى قىسقا قونچلۇق ئۆتۈكلىرىنى
سېلىۋېتىپ، خادىملىرىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا بېرىدۇ ـ دە،
ئاق تېرىدىن تىشلەنگەن قىسقا قونچىلىق ئۆتۈكنى
يەڭگۈشلىۋالىدۇ. بۇ ئادەتنى ساقلاپ قېلىشتىكى سەۋەب
بولسا، قەسىردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش كالۋۇتۇندا رەڭگارەڭ

ھەم سىپتە ئىشلەنگەن، چەكسىز چىرايلىق گىلەمنى پاسكىنا قىلىپ قويماسلىقتۇر.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

### قىتاننىڭ باشقا يەرلىرى، يۇڭدىڭخې دەرياسى ۋە ئۇنىڭ كۆۋرۈكى

بىز قىتان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى، خانبالىق شەھىرى ۋە ئۇلۇغ خاننىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

سىلەرگە مەلۇم بولغايكى، ئۇ چاغدا ئۇلۇغ خان ماركوپولونى غەربكە بېرىپ كېلىدىغان مەخسۇس ئەلچىلىككە تەيىنلىگەنىدى. ئۇ خانبالىقتىن چىقىپ سەككىز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ تولۇق تۆت ئاي ماڭدى. ئەمدى بىزنىڭ سىلەرگە ئېيتىدىغىنىمىز ئۇنىڭ قايتىپ كېلىش يولىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدۇر.

ئۇ پايتەختتىن چىقىپ غەربكە قاراپ 16 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، بىر دەرياغا يېتىپ كەلدى. يۇڭدىڭخې (Pulisangan بىلساڭگەنخې) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دەريا ئەگرى - توقاي يول بېسىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. كېمىلەر دەريادىن موكىدەك ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇ كېمىلەردە نۇرغۇن تاۋارلار توشۇلىدۇ، دەرياغا گۈزەل تاش

كۆۋرۈك سېلىنغان①، بۇمۇ دۇنيا بويىچە تەڭداشسىز چوڭ تاش كۆۋرۈك بولۇشى مۇمكىن. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 قەدەم، كەڭلىكى سەككىز قەدەم كېلىدىغان بولۇپ، ئون نەچچە ئادەم ئات مىنىپ كۆۋرۈكتىن يانمۇ يان ئۆتسىمۇ تارلىق قىلمايدۇ. كۆۋرۈكنىڭ 24 شالاسۇنى بولۇپ، ئۇنى كۆۋرۈك ئاستىدىكى 25 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شالاسۇنلار يايسىمان تاشلاردىن ئوپۇرۇلغان بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسىنىڭ چەكسىز يۇقىرىلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە مەرمەر تاختا ۋە تۈۋرۈكلەردىن قوپۇرۇلغان كۆۋرۈك رىشاتكىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قوپۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. كۆۋرۈكنىڭ ياشلىنىش قىسمىدا كۆۋرۈك يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلگەن يانتۇ كۆتۈرمىسى بار بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدىن كۆتۈرمىنىڭ ئۈستىگىچە تۈز سىزىق بىلەن

① بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى لۇگوچياۋ كۆۋرۈكى. بېيجىڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىدە بولۇپ، يۇڭدىڭخې دەرياسىدىن ئۆتىدۇ (جىن دەۋرىدە بۇ دەريا لۇگوخې دەرياسى دەپ ئاتالغان). جىن بەگلىكىنىڭ دادىڭ 29 - يىلى (مىلادى 1189 - يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلاپ، مىڭچاڭ 3 - يىلى (1192 - يىلى) چىن دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە پۈتكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 265 مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 مېتر بولۇپ، كۆۋرۈك 11 سالادىن تەركىب تاپقان. كۆۋرۈكنىڭ 2 يېنىدا رىشاتكا قويۇلۇپ، ئۈستىگە خىلمۇخىل شەكىلدە جانلىق ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ تاشتىن ياسالغان جەمئىي 485 دانە شىر ھەيكىلى ئورنىتىلغان. شۇڭا ئۇ دۆلەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي ئاسار-ئەتىقە ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (خەنزۇچە «سىخەي» [ئوكيانۇس] نىڭ 1283 - بېتىدىن پايدىلىنىلدى. — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئەگشى سوزۇلۇپ باردۇ. كۆۋرۈك ئەگمىسىنىڭ ئۈستىكى چوققىسىدا ئىگىز بىر تاش تۈۋرۈك بولۇپ، مەرمەر تاشتىن ئويۇپ ياسالغان تاشپاقىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلغان، بۇ تۈۋرۈكنىڭ ئېتىكىگە چوڭ بىر شىر ھەيكىلى ئورنىتىلغان، تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغىمۇ بىر شىرنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان كۆۋرۈك يۈزىنىڭ يانتۇ كۆتۈرمىسى جايلاشقان يېرىگىمۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك شىر ھەيكىلى ئورنىتىلغان بىر تاش تۈۋرۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، باشتىكى تۈۋرۈكتىن بىر يېرىم قەدەم نېرىراق تۇرىدۇ. كۆۋرۈكتىكى ھەممە تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىغا مەرمەر تاختا جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى نەپىس نەقىش ئىشلەنگەن، ئۇ پۈتۈن كۆۋرۈكنى گوياكى ھەسەن - ھۈسەندەك ناھايىتى ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ رىشاتكا كۆۋرۈكتىن ئۆيان - بۇيان ئۆتىدىغان يولۇچىلارنى تاسادىپىي تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ياسالغان.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## گوزا شەھىرى

بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ 48 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ھەممە يېرى ئۈزۈملۈك، يەرلىرى مۇنبەت، ھەيۋەتلىك قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلىرى بار بىر جايدىن ئۆتىمىز. ئاندىن گوزا دەپ ئاتىلىدىغان

(Gouza 涿州) گۆزەل بىر شەھەرگە يېتىپ بارىسىز. ئۇ يەردە بۇتقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ نۇرغۇن ئىبادەتخانىلىرى بار.

بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن سودىگەرچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار كالۋۇتون ۋە بىر خىل ئەڭ ئېسىل ھىبلىلىنى توقۇيالايدۇ. ئۇ يەردە بىرمۇنچە سارايلار يولۇچىلارنى ياتاق ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شەھەرنىڭ بىر پۈتۈن ئىككىدىن بىر چاقىرىم نېرىسىدا چوڭ يول ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بىر يول غەربكە، بىر يول شەرقىي جەنۇبقا كېتىدۇ. غەربكە سوزۇلغان يول قىتان ئۆلكىسىدىن ئۆتىدۇ، شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان يول ئۇدۇل مەنزى ئۆلكىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. گوزا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، قىتان ئۆلكىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ جەمئىي ئون كۈندە تەييۈەنفۇ (太原府) بەگلىكىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. يول ئۈستىدە چىرايلىق شەھەرلەر ۋە قورغانلار ئۇچرايدۇ. بۇ جايلارنىڭ سانائىتى ۋە سودا - تىجارىتى خېلى تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن، بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئۈزۈمزارلىقلار ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قىتان ئۆلكىسىدە ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلمىغاچقا، قىتانغا لازىملىق ئۈزۈملەر پۈتۈنلەي مۇشۇ يەردىن توشۇپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئاھالە ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن يىپەك قۇرتى (تەگەن) بېقىپ، نۇرغۇن يىپەك ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ

دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئۆز ئەتراپىدىكى ئارىلىقى ئىنچە يىراق بولمىغان نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ئارىسىدا نۇرغۇن قېتىم قاتناپ يۈرۈپ، خەلق ئىچىدە مەدەنىيەتنى كەڭ تارقىتىدۇ. سودىگەرلەر بۇ شەھەر - راباتلار ئارىسىدا داۋاملىق تۈردە موكىدەك قاتناپ يۈرىدۇ. شەھەر - راباتلاردا ئۆز قەرەلى بىلەن بازار بولىدىغان كۈنلىرى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە توشۇپ بېرىپ ساتىدۇ.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

### تەييۋەنفۇ بەگلىكى

باشتا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن ئون كۈنلۈك يولنىڭ سىرتىدا، يەنە بەش كۈن يول مېڭىلسا، ناھايىتى چوڭ ھەم گۈزەل بىر شەھەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ شەھەر ئاچە بالىق (大[illegible] ،Ach—baluch) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ شىكار قىلىش دائىرىسى تاكى مۇشۇ يەركىچە سوزۇلىدۇ. مۇشۇ دائىرە ئىچىدە خانلىقتىكى كىنەز - بارونلار ۋە چوڭ قۇشچىنىڭ دەپتىرىگە تىزىملان- غان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قارامىلىق بىلەن ئوۋ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. مۇشۇ دائىرىنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا، مەنسەپ - مەرتىۋىسى بار ھەممە ئادەم ئەركىن ئوۋ قىلىۋېرىدۇ.

لېكىن ئۇلۇغ خان ئوۋ قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن

بۇ جايلارغا ناھايىتى كەم كېلىدۇ. نەتىجىدە بۇ جايلاردا نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار، بولۇپمۇ ياۋايى توشقانلار ناھايىتى كۆپ تۇغۇلۇپ كۆپىيىپ كەتتى. بەزىدە ئۇلار ھەتتا مۇشۇ ئۆلكە دائىرىسىدە ئۆسۈۋاتقان ھەممە دانلىق زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. ئۇلۇغ خان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئوردا خادىملىرىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، سان - ساناقسىز نۇرغۇن ھايۋاننى تۇتۇپ قايتىدىغان بولدى.

بۇ يەرنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە خىلمۇخىل بۇيۇملار ياسىلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ئىشلەنگەن قورال - ياراق ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەر تېخىمۇ داڭلىق. بۇ قورال - ياراقلار مەخسۇس خانلىقنىڭ ھەربىي قىسىملىرىدىلا ئىشلىتىشكە يەتكۈزۈپ بېرىلىپ ئىش ناھايىتى ئاسانلاشتى. بۇ يەردە ئۈزۈمزارلىقلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتىمۇ ناھايىتى زور. باشقا مېۋە - چېۋىلەرمۇ ناھايىتى مول. ئۈجمە دەرىخى كۆپ ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، پىلىچىلىكمۇ ئىنتايىن راۋاجلانغان.

تەيىۋەنفۇدىن چىقىپ غەربكە قاراپ يەتتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، گۈزەل بىر رايوننى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرگە نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەر جايلاشقان. ئۇنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن. بۇ يەرنىڭ سودىگەرلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن پايدا - دارامەت تېپىپ تۇرىدۇ. بۇ رايوندىن ئۆتۈپ، ناھايىتى مۇھىم بىر چوڭ

شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر پىڭياڭخۇ (پايىنفۇ Painfu)، بۇگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنخىبىڭ شەھىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەردىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن سودىگەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ياشايدۇ. بۇ يەردىن خام يىپەك چىقىدۇ. بۇ يەرلەر ھەققىدە بىز ئەمدى كۆپ توختالمايمىز. ئەمما داۋاملىق تۆردە مەشھۇر شەھەر كەيچاڭفۇ (Kachanfu) نى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋۋال، تەيجىن (Thaigin) دەپ ئاتالغان ھەيۋەتلىك قەلئە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

### تەيجىن قەلئەسى

پىڭياڭخۇنىڭ غەربىگە، نامى تەيجىن (جىنجۇ) دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل بىر چوڭ قەلئە جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە، ئۇنى يىراق قەدىم زاماندا جىن بېگى دەپ ئاتالغان بىر پادىشاھ ياساتقانمىش. بۇ قەلئەنىڭ سېپىلى ئىچىدە كەڭتاشا، ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئوردا - قەسىر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەسىر ئىچىدە مۇشۇ قەلئەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر بەگ - كىنەزلەرنىڭ سۈرەتلىرى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەر مۇرەتلەيدىغان بىر كۆرگەزمىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇ پادىشاھنىڭ كېيىن چىقىشى ھەققىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ۋەقە بولۇپ، تونۇشتۇرۇپ

ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى زور تەسىر كۈچكە ئىگە پادىشاھ بولۇپ، ھەرىمىدە نۇرغۇن ساھىبجامال قىز - ئاياللارنى بېقىپ، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سالىدىكەن. پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلغۇسى كەلسە، ئۇ ھارۋىغا ئولتۇرىدىكەن. ھارۋىنى بولسا مۇشۇ قىز - ئاياللار سۆرەپ ماڭىدىكەن. ھارۋا ناھايىتى چاققان ۋە ئەپچىل ياسالغاچقا، ھارۋا سۆرەش ئاياللارغا ئېغىر بىلىنمەيدىكەن. بۇ قىز - ئاياللار مەخسۇس پادىشاھنىڭلا خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىكەن. پادىشاھنىڭ ھۆكۈمەتتىكى تەسىر كۈچى زور، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى مېھىر - شەپقىتى ۋە ھەيۋىتى كىشىگە كۆرۈنەرلىك ئىكەن.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قەلئە ناھايىتى مۇستەھكەم ئىكەن. لېكىن جىن بېگى ئاقساقال يۇھان تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەنىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەلۋىلەرچە تەكەببۇرلۇقى بىلەن يۇھاندىن يۈز ئۆرىگەنكەن. ئاقساقال بۇ بەگنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ناھايىتى بىئارام بوپتۇ، لېكىن بۇ قەلئە مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ ئىشنى بىرئاز ۋاقىت كېيىنگە سوزۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ خادىملىرىدىن 17 نەپەر رىتسار ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، جىن

بېگىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىپ پادىشاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاقساقال يۇھان ئۇلارنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئىش مۇۋەپپەقىيەت-لىك چىقسا ئۇلارنى جەزمەن نۇرغۇن نەرسە بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ، بۇ گەپ ئۇلارنى خۇرسەن قىپتۇ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئاقساقال يۇھان بىلەن خەيرلىشىپ جىن بېگىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا، ئۆزلىرىنىڭ يىراق بىر دۆلەتتىن كەلگەنلىكى ۋە جىن بېگىگە خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار خىزمەت قىلىش مەزگىلىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، قابىلىيىتى ۋە تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، بېگى خوجايىنغا ياراپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتلارنى كۆرۈپتۇ.

بىر كۈنى جىن بېگى ئۇۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەستانە بولۇپ كېتىپ بىر دەريادىن ئۆتۈپتۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇۋغا چىقماي دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قېپقالغان مۇلازىملىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ھېلىقى رىتسارلار پىلاننى تاپشۇرىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ ۋە ئۇنى زورلاپ ئاقساقال يۇھاننىڭ زېمىنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. جىن بېگى ئۆز خەلقىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېگە بولالماي نائىلاج ئۇلارغا تۇتقۇن بوپتۇ.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

### ئاقساقال يۇھاننىڭ ئۆز ئەسىرى جىن بېگىگە قىلغان مۇئامىلىسى

ئۇلار ئاقساقال يۇھاننىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە ئەڭ پەسكەش كىيىملەرنى كىيدۈرۈشنى ۋە ئۇنى قەستەن ھاقارەتلەش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆي ھايۋانلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا سۈرگۈن قىلىشنى بۇيرىدى.

جىن بېگى مۇشۇنداق بىچارە ھالەتتە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ھامان قاتتىق نازارەتتە تۇرغانلىقتىن قېچىپ كېتەلمىدى. جازا مۇددىتى توشقاندا، ئاقساقال يۇھان ئادەملىرىگە جىن بېگىنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغانىدى. جىن بېگى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئەمدى ھاياتىم ئامان قالمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، ئاقساقال يۇھان ئۇنىڭغا، ئەمدى تەكەببۇرلىشىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىۋەرمە، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، گۇناھىنى كەچۈردى ۋە ئۇنىڭغا پادىشاھلىق ئۇستىباشلىرىنى كىيىۋېلىشنى بۇيرىدى ھەمدە ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قوغداپ دۆلىتىگە يەتكۈزۈپ قويدى. يۇقىرىقىلار بولسا خەلقنىڭ ماڭا جىن بېگى ھەققىدە ئېيتقانلىرى.

# قىرىقىنچى باب

## گۈزەل ۋە كەڭ خۇاڭخې دەرياسى

تەيجىن (جىجۇ) قەلئەسىدىن چىقىپ 32 چاقىرىم مېڭىپ خۇاڭخې دەرياسىغا (Yellw River ·Karamoran) يېتىپ كەلدۇق. دەريانىڭ چوڭتۇرلۇقى ۋە دەريا يۈزىنىڭ كەڭلىكىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەھكەم بىر كۆۋرۈك سېلىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. بۇ دەريانىڭ سۈيى شەرققە قاراپ گۈلدۈرلەپ ئاققان پېتى چوڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قېشىغا نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەر جايلاشقان بولۇپ، ئۇلاردا ياشايدىغان نۇرغۇن سودىگەرلەر كەڭ سودا - سېتىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەريا ۋادىلىرىدىن زەنجىۋىل ۋە نۇرغۇن تاۋار - دۇردۇنلار چىقىدۇ.

بۇ يەردىكى ئۇچار - قاناتلارنىڭ كۆپلۈكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ قىرغولنى ئالساق، بىر ۋېنېتسىيە تەڭگىسىگە ئۈچ قىرغول ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، بۇ يەردىن يەنە بىر خىل چوڭ بامبۇك ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. بەزى بامبۇكلارنىڭ دىئامېتىرى بىر چى كېلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بىر يېرىم چى كېلىدۇ. يەرلىك ئاھالە بۇ بامبۇكلارنى خىلمۇخىل ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ.

بۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كەيچاڭفۇ (Ka—chanfu) دېگەن بىر شەھەرگە يېتىپ

كەلدۇق، بۇ شەھەرنىڭ ھەممە ئاھالىسى بۇددىستلار ئىكەن، ئۇلار سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن خېلى كەڭ شۇغۇللىنىدىكەن ھەمدە ھەر خىل سانائەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ ئەتراپتىن يىپەك، خام زەنجىۋىل ۋە نۇرغۇن دورا - دەرمانلار چىقىدىكەن. بۇ دورا - دەرمانلاردىن بىز ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۇنيادىكىلەر پۈتۈنلەي خەۋەرسىز دېيەرلىك. بۇ يەردىكىلەرمۇ ئەتللا ۋە ھەر خىل يىپەك توقۇلمىلارنى توقۇيدىكەن. تۆۋەندە بىز ئەمدى شىئەنفۇ (Kənzanfu، كىنجاپ — بۈگۈنكى شىئەن شەھىرى) نى، خانلىق زېمىندا ئۆزىنىڭ كاتتا ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان شىئەنفۇ شەھىرىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۆتىمىز.

## قىرىق بىرىنچى باب

### شىئەنفۇ شەھىرى

بىز كەيچاڭفۇدىن ئايرىلىپ غەربكە قاراپ سەككىز كۈن يول باستۇق، داۋاملىق تۈردە نۇرغۇن شەھەرلەر ۋە سودا بازارلىرىنى ئۇچراتتۇق ھەمدە نۇرغۇن باغلار ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرلەردە ئۆستۈرۈلگەن نۇرغۇن ئۈجمە دەرەخلىرى يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بوپتۇ. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. لېكىن يەنە نېستورىئان (Nestorian) مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدى-

انلار، تۈركمەنلەر ۋە مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىكەن.

بۇ رايوندىكى ياۋايى ھايۋانلار كىشىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئۇۋچىلىق بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ھەر تۈرلۈك ئۇچار - قاناتلارمۇ ئۇۋچىلارنىڭ ئوۋ قىلىشىغا يېتەرلىك ئىكەن.

سەككىز كۈن يول يۈرگىنىمىزدىن كېيىنلا شىئەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. قەدىمكى زاماندا بۇ زېمىنى كەڭ ۋە ناھايىتى قۇدرەتلىك پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى بولغان شەھەر. ئەجدادلىرىنىڭ ۋارىسى بولغان نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ئۆزئاقىچە تۇرىدىغان ماكانى بولغان ۋە ھەربىي قورال - ياراق ياساش بىلەن داڭق چىقارغان. بۇ شەھەر ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ ئوغلى مۆڭكۈگە قاراشلىق. ئۇنىڭ دادىسى بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان.

بۇ — چوڭ بىر سودا رايونى، ئۇ ئۆزىنىڭ سانائىتى بىلەن يىراق - يىراق جايلارغا مەشھۇر. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن خام يىپەك، ئەتلەسلا ۋە باشقا خىلمۇخىل تاۋار - دۇردۇنلار چىقىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا خىلمۇخىل ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، خىلمۇخىل يېمەكلىكلەرمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، باھاسى مۇۋاپىق. ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددىستلار، لېكىن بەزىبىر خىرىستىئانلار، تۈركمەنلەر ۋە مۇسۇلمانلارمۇ بار.

بۇ شەھەردىن تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر نېرىدىكى بىر تۈزلەڭلىكتە مۆڭكۈگە تەئەللۇق بولغان چىرايلىق بىر ئوردا بار. ئوردا ئىچى تۈرغۈن فونتانلىق بۇلاق ۋە ئېرىقلار بىلەن زىننەتلەنگەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە چىرايلىق بىر باغمۇ بار، ئۇ ئېگىز تام بىلەن ئىھاتىلەنگەن بولۇپ،

ئۈستىگە راۋاق سېلىنغان، ئۇنىڭ چوڭلۇقى 8 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، بۇ باغدا ھەر خىل ئۇچار - قاناتلار ۋە باشقا ھايۋانلار بېقىلىپ، خان جەمەتىنىڭ ئازغىنە كۆڭۈل ئېچىشىنى تەمىنلەيدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا خان ئوردىسى جايلاشقان، قۇرۇلۇشىنىڭ تەكشى مۇۋازىنەتلىك ئىشلىنىشى، ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەللىكىنى ماختاشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئوردا ئىچىگە مەرمەر تاشلاردىن ياسالغان قەسىرلەر، بىنالار ۋە شىپائىلارغا گۈل نەقىشلىنىپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ۋە تېگى ئەڭ چىرايلىق ھاۋارەڭ كۆك سىر بىلەن سىرلانغان. مانگالۇ شاھ ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ دۆلەتنى ئادىل ئۇسۇللار بىلەن ئىدارە قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن. ئۇمۇ ئوۋ ئوۋلاشقا خۇمار بولۇپ، قارچىغا - بۈركۈتلەر بىلەن ئوۋ قىلىدۇ.

## قىرىق ئىككىنچى باب

### قىتانلار بىلەن مەنزىلەرنىڭ① زېمىن چېگرىسى

مۆڭكۆلۈ تۇرغان جايدىن غەربكە قاراپ ئۈچ كۈن

---

① مەنزى (蛮子) — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابلىرىدا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر كەمسىتىلىپ «مەنزىلەر» (ۋەھشىيلەر ياكى ياۋايىلار) دەپ ئاتالغان. ئاپتورمۇ ئۇنى شۇ پېتى ئېلىپ قوللانغان — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مېڭىپ، يول ئۈستىدە نۇرغۇن گۈزەل شەھەرلەر ۋە قەلئە-لەرنى ئۇچراتتۇق ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى سودا-سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، شۇنداقلا نۇرغۇن يىپەك ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ئۈچ كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتۈپ تاغلىق ۋە جىرا - جىلغىلىق رايونغا كىردۇق. بۇ يەر دەل گۇەنجۇڭ ئايمىقى (kun-kin) يەنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى) ئىكەن.

ئەمما بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى ئاز ئەمەسكەن، كىشى-لەر بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىكەن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇل-لىنىدىكەن. ئورمانلار قويۇق بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەر يەنە ئوۋچىلىق بىلەنمۇ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئورمان ئىچىدە يولۋاس، ئېيىق، مولۇن، سېرىق بۇغا، بۆكەن، مارالغا ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا خىلمۇخىل ھايۋانلار ياشايدىكەن. ئوۋچىلىقتىمۇ ئوبدان كىرىم قىلغىلى بولىدىغان بىر خىل كەسىپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ يەرنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن 20 كۈنلۈك يولنى مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ يول تاغلارنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان جىلغىلار ۋە قېلىن ئورمان ئىچىگە جايلاشقانىكەن. شۇنىڭدەك يولۇچىلارنى تاماق ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا ئاسانلىق تۇغ-دۇرۇپ بېرىدىغان نۇرغۇن شەھەر - راباتلارمۇ بار ئى-كەن.

## قىرىق ئۈچىنچى باب

### مەنزىلەر① ئۆلكىسى

غەربكە قاراپ 20 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، نامى خەن-جۇڭخۇ (Ack baluch Manji) ئاق بالىق مەنزى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ يەنە بىر نامى «لىجۇ مەنزىسى» يەنى «مەنزىلەر زېمىنىدىكى بېيچېك (ئاق شەھەر)» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاھالىسى ناھايىتى زىچ جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار سودا ۋە قول سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ يەردىن خام زەنجىۋىل جىق چىقىدىكەن، سودىگەرلەر زەنجىۋىلنى قىتان ئۆلكىسىنىڭ جاي - جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ يۇقىرى پايدا ئالىدىكەن. بۇ يەردىن چىقىدىغان بۇغداي، گۈرۈچ ۋە باشقا دانلىق زىرائەتلەرمۇ مول ئىكەن، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىكەن.

ئاھالە قويۇق جايلاشقان بۇ تۈزلەڭلىك ئىككى يەمخانىچە يىراقلىققا سوزۇلۇپ بارىدىكەن. ئاندىن كېيىن يەنە ئېگىز تاغ، جىلغا - جىرا ۋە ئورمان باشلىنىدىكەن. ئاندىن غەربكە قاراپ ئاتلىق 20 كۈن يول باسقاندىن كېيىن، بۇ رايوندا يەنىلا ئادەم ياشايدىغانلىقى كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئۇلارمۇ بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇلار

---

① 272 - بەتتىكى ئىزاھقا قارالسۇن.

ئېتىزلاردىكى زىرائەتلىرگە ۋە تاغلاردىكى ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى تۇتۇشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ جايدا يوقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سىرتىدا، يەنە كۆپلىگەن ئېپار كىيىكىگە ئوخشاش ھايۋانلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

## قىرىق تۆتىنچى باب

### چىڭدۇفۇ ۋە توۋجياڭ دەرياسى

تاغلاردىن ئېشىپ ئۆتۈپ 20 يەمخانىلىق يول باسقاندىن كېيىن، مەنزىلەر ئۆلكىسىنىڭ زېمىنى ئىچىدىكى كەڭ بىر تۈزلەڭلىككە چىقتۇق. بۇ يەرگە چىڭدۇفۇ (Sindinfu) دەپ ئاتىلىدىغان بىر رايون جايلاشقان. ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى گۈزەل چوڭ بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ شەھەرمۇ چىڭدۇ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەر باي ۋە ھوقۇقدار بەگ - كىنەزلەر تۇرىدىغان جاي بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ دائىرىسى 30 كىلومېتر كېلىدۇ. ھازىر بۇ شەھەر تۆۋەندىكى شەكىلدە بۆلۈنىدۇ:

مەرھۇم بەگنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇ، ئۆزى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئۈچ ئوغلىنىڭ ھاكىمىيەت تۇتالايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل شەھەرنى ئۈچ رايونغا بۆلۈپتۇ. پۈتكۈل شەھەر تامامەن بىر سېپىل بىلەن ئوراتە قىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بۆلۈنمە تاملار بىلەن بۆلۈنۈپ

تۇرىدىكەن،

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا ۋالىي بوپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ زېمىنى ئەسلىدىلا كەڭ ۋە مۇنبەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە خېلى كەڭ يەر تەگكەنىكەن. لېكىن ئۇلۇغ خان بۇ شەھەرنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرغاندىن كېيىن بۇ ئۈچ ۋالىينى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىراس زېمىنلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ.

بۇ شەھەردىكى چوڭ - كىچىك نۇرغۇن دەريالار شەھەردىن يىراقتا جايلاشقان ئېگىز تاغلاردىن كېلىدىغان بولۇپ، دەريالارنىڭ سۇلىرى ھەر تەرەپلەردىن كېلىپ مۇشۇ چوڭ شەھەردىن ئۆتكەچ ئۇنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدىكەن. بەزى دەريالارنىڭ كەڭلىكى 800 مېترغا يېتىدىكەن. بەزىلىرىنىڭ كەڭلىكى 200 قەدەم كەلگەنىنىڭ ئۈستىگە، ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. شەھەر ئىچىدىكى كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرى مۇشۇ شەھەردىكى بىر دەريانىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە ھەر ئىككى قېشىدا ئورنىتىلغان ئىككى قاتار مەرمەر تۈۋرۈكلەر كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى ياغاچتىن قۇرۇلغان بولۇپ، قىزىل رەڭلىك سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن ۋە ئۈستىگە كاھىش ئورنىتىلغانىكەن. پۈتكۈل كۆۋرۈك ئۈستىگە تەرتىپلىك قىلىپ رەت - رەت تىزىلغان ئۆي ۋە دۇكانلاردا ھەر خىل سودا - سېتىق بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ئۆيلەر ئىچىدىكى چوڭراق بىر ئېغىز ئۆي باج ئالغۇچى مەنسەپدارنىڭ ئۆيى

ئىكەن. مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدىغانلىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا
بىر خىل باج تاپشۇرىدىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، پادىشاھ ھەر
كۈنى مۇشۇ كۆۋرۈكتىن 100 تىللا (ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ
تىللاسى) كىرىم قىلىدىكەن.

چوڭ دەريا ھەم ئۇنىڭ تارماقلىرى ۋە شەھەردىكى
باشقا ئۇششاق - چۇششەك تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇ-
شىدىن بىر چوڭ دەريا (چاڭجىياڭ) ھاسىل بولىدىكەن.
بۇ دەريا شەرققە قاراپ ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن. بۇ
دەريانى بويلاپ قاتناپ چىقىشقا 100 كۈن كېتىدىكەن.
دەريانىڭ ئىككى قېشىدا ۋە ئۇنىڭغا يانداش يەرلەردە
نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ۋە قەلئەلەر جايلاشقان بولۇپ،
دەريادا كېمە - قېيىقلار ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ يۈرگەچ،
نۇرغۇن ماللارنى توشۇپ مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ - كېتىپ
تۇرىدىكەن. بۇ ئۆلكىنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدىكەن. بىز بۇ يەردىن ئايرىلىپ، قىسمەن يولىمىزدا
تۈزلەڭلىكلەرنى ياقىلاپ، قىسمەن يولىمىزدا تاغ - جىلغى-
لاردىن ئېشىپ، ئاتلىق بەش كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن،
خېلى چوڭ ياسالغان نۇرغۇن ئۆي - ئىمارەتلەرنى،
نۇرغۇن شەھەر - رابات ۋە قەلئەلەرنى كۆردۇق. بۇ يەرلەر-
نىڭ ئاھالىسى دېھقانچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرى-
دىكەن. شەھەرلەردە يەنە نۇرغۇن سانائەت كارخانىلىرى
بار بولۇپ، ئۇلاردا بولۇپمۇ نەپىس ۋە چىرايلىق كەزلى-
مىلەر، شايى - ئەتلەس يايكى تاۋار - دۇردۇنلار ئىشلەپ-
چىقىرىلىدىكەن. بۇ رايوننىمۇ باشتا تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتكەن
رايونغا ئوخشاش شىر، ئېيىق ۋە باشقا يىرتقۇچلار كۆپ

قىلغان يەر ئىكەن. سەپەرنىڭ 5 - كۈنى ئاخىرلاش- قاندا شىزاڭنىڭ قاقاس چۆللۈك رايونىغا يېتىپ كەلدۇق.

## قىرىق بەشىنچى باب

## شىزاڭ ئۆلكىسى

مۆڭگۈخان (Mongoukhan) ئۇرۇش قىلىپ شىزاڭ ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەرنىڭ پۈتۈنلەي قاقاس چۆل ئىكەنلىكىنى كۆردى. 20 كۈنلۈك ئۇزاق سەپەر داۋا- مىدا، سان - ساناقسىز شەھەر - راباتلار ۋە قەلئەلەرنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى شالاڭ، يىرتقۇچ ھايۋانلار بولۇپمۇ توپ - توپ يۈرگەن يولۋاسلار كۆپ بولغاچقا، سودىگەر، كارۋانلار كېچىسى ئۆزلىرىنى ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندەك سېزىدۇ.

سودىگەر - كارۋانلار ئۆزىگە كېرەكلىك ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تولۇق ئېلىپ يۈرۈشى، قونالغۇغا يېتىپ كەل- گەندىلا ئىنچىكىلىك بىلەن مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قول- لىنىپ، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇشىدىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ رايوندا، بولۇپمۇ دەريا- لارغا يېقىن جايلاردا ئۇرغۇن بامبۇك ئۆسىدۇ. بامبۇكلار- نىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئون قەدەمچە، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچچە بولۇپ، بەلدەم بىلەن بەلدەمنىڭ ئارىلىقىمۇ ئۈچ غېرىچچە كېلىدۇ. يولۇچىلار بىرنەچچە تال ياش بام-

بۇكلارنى بىر باغلام - بىر باغلام قىلىپ باغلاپ، قونالغۇ ئەتراپىدىكى بەلگىلىك جايلارغا ئايرىم - ئايرىم تاشلاپ قويىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا گۈلخان ياقىدۇ، ياش بامبۇكلارنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. بامبۇكلارنىڭ كاۋاكلىرىغا تولغان يەللەر ئوتتا كېڭىيىپ پارتلىشى بىلەن، 3 كىلومېتر يەرگىچە ئاڭلىنىدىغان كۈچلۈك ئاۋاز چىقىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىشى بىلەنلا قورققىنىدىن قېچىپ تارقىلىپ كېتىدۇ.

سودىگەر - كارۋانلار ئاتلارنىڭ پۇتىنى چېتىپ قويىدىغان ئىشكەللىرىنىمۇ تەييارلاپ قويىدۇ. ئەگەر ئاتلارنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالمىسا ئاتلار ھېلىقى پارتلاش ئاۋازىدىن ھۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا سەل قاراپ ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۆرمىگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى يوقىتىپ قويۇشقاندى. ئاتلىق 20 كۈن يول مېڭىش جەريانىدا بىر قاقاس چۆل رايونىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ رايوندا يا ساراي، يا ئويۇق - تۆلۈك تېپىلمايدۇ. بەزىدە ئۈچ - تۆت كۈن ئارىلاپ تاسادىپىي ئازراق نەرسە غەملىۋېلىش پۇرسىتى كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. 20 كۈنلۈك سەپەر ئاياغلاشقاندىلا بىرنەچچە قەلئە ۋە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار شەھەر - راباتلار كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. بۇ قورۇلۇشلار تاشلىق تاغلارنىڭ ئېگىز يەرلىرىگە سېلىنغان ياكى تاغلارنىڭ چوققىسىغا سېلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەدرىجىي ھالدا ئادەم ياشايدىغان ۋە تېرىلغۇ قىلىنىدىغان رايونغا كىرگىلى بولىدۇ. بۇ رايونلاردا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش خەۋپى بولمايدۇ.

بۇ يەردىن بىر خىل ئىپار كىيىكى كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل رايون ئىپارنىڭ خۇش پۇرىقىغا تولغان. ئىپار كىيىكى ئايدا بىر قېتىم ئىپار ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، خۇددى بىر باشتا ئىپىتىپ ئۆتكەندەك. كىيىكنىڭ كىندىكىگە يېقىن يېرىدە ئىچى قانغا تولغان بىر ئىششىق ياكى قاقاچ پەيدا بولىدۇ. بۇ هايۋان بۇ رايوندا ناهايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ①. شۇڭا ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى پۈتكۈل رايونغا تارقىلىپ كېتىدۇ.

بۇ هايۋان ئۆز جايىنىڭ يەرلىك تىلىدا گۇددېرى (Gudderi) دەپ ئاتىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئىت ئارقىلىق ئوۋلايدۇ.

بۇ يەردىكى كىشىلەر مېتال پۇل ئىشلەتمەيدۇ، ئۇلۇغ خاننىڭ قەغەز پۇلىمۇ بۇ يەردە تېپىلمايدۇ. ئۇلار تۇزنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى پىششىق، خام تېرىلەر ياكى بىرزېنتتىن تىكىلگەن ئاددىي كىيىملەر. ئۇلار مەنزىلەرگە يانداش جايلاشقان شىزاڭنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل يەرلىك تىلىنى قوللىنىدۇ.

## قىرىق ئالتىنچى باب

## شىزاڭنى تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش

شىزاڭ ئىلگىرى ناهايىتى مۇھىم بىر دۆلەت بولغان.

① يېقىندىن بۇيان پارىژنىڭ ئەتىر زاۋۇتلىرى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىن ئىپار سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. 1902 - يىلدىلا سېتىۋالغىنى 1 مىليون ئېنۇسقا يەتتى.— ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

شۇڭا ئۇ سەككىز بەلگىككە ئايرىلىپ، بەلگىلەر ئۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەرگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭدا سان ـ ساناقسىز دەريا، كۆل ۋە تاغلار بار. ھەممە دەريالىرىدا ئۇرغۇنلىغان كېپەك ئالتۇنلار ساقلىنىدۇ. ئۇلاردا ئاياللار زىننەت بۇيۇمى قىلىـدىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى بېزەيدىغانلىقى ئۈچۈن، مارجانغا ئېھتىياج ۋە تەلەپ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ يەردە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلىدىغان رەخت ۋە تەتىللا ئىشلەپـچىقىرىلىدۇ. بۇ رايوندىن يەنە ئۇرغۇن دورا ـ دەرمانلار چىقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەرسىلەر تېخى بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە كەلتۈرۈلۈپ سېتىلغىنى يوق.

يەرلىك ئاھالە ئىچىدىن ئەڭ مەشھۇر سېھىرگەرلەر تېـپىلىدۇ. ئۇلار شامال ـ بوران پەيدا قىلىدىغان ۋە كۈلدۈر ـ ماملىق چاقماق چىقىرىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سېھىرسى خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆرۈنۈش ۋە مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. بۇنداق مۆجـزىلەر ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان مۆجىزىلەر.

قىسقىسى، ئۇلار كەمبەغەل مىللەت. ئۇلارنىڭ ئىتلىرى ئېشەكتەك زور، ناھايىتى كۈچلۈك ۋە دەھشەتلىك بولۇپ، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنى، بولۇپمۇ ياۋا كالىلارنى ئوۋلىيالايدۇ. بۇ يەردە يەنە ئەڭ ياخشى لەئلى لاچىنى بېقىپ كۆپەيتىلىدۇ. يەنە ساكار دېيىلىدىغان ۋە تېز ئۇچىـدىغان يەنە بىر خىل لاچىنمۇ بار، يەرلىك ئادەملەر ئۇلار-نى تېلىپ يۇرۇپ ئوۋ قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بارلىق بەگلىكلەر ۋە ئۆلكىلەرمۇ ئۇلۇغ خانغا تەۋە بولغانىنىڭ سىرتىدا، شىزاڭ ئۆلكىسىمۇ ئۇلۇغ خانغا تەۋە. شىزاڭغا چېگرىداش بولغىنى يۈننەن (Kain - du) ئۆلكىسىدۇر.

## قىرىق يەتتىنچى باب

## يۈننەن ئۆلكىسى

يۈننەن — ئورنى غەربكە جايلاشقان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى. بۇ يەر ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ بەگ - كىنەزلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن. لېكىن ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ خان تەيىنلىگەن ئالىي مەنسەپدار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. ئەمما يۈننەن ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى دەپ چۈشىنىپ قېلىنمىسۇن، بىز پەقەت شەرقىي شىمالدىن كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا شۇ نۇقتىدا تۇرۇپ ئۇنى، غەربكە جايلاشقان دەۋاتىمىز، خالاس. بۇ ئۆلكىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى ۋە قەلئەلىرى بار. ئۆلكىنىڭ مەركىزى ئۆلكىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ جىيەندۇ (يۈننەن Kaindu) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۇزلۇق كۆل بار بولۇپ، بۇ كۆلدىن رەڭگى ئاپئاق كەلگەن ئەمما يۇمىلاق بولمىغان مەرۋايىت كۆپ چىقىدۇ. مەرۋايىتنىڭ مەھسۇلاتى ھەقىقەتەن مول. ئەگەر پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ يىغىشىغا رۇخسەت قىلغان

بولسا، ئۇ ھالدا ئۆلىلىق باھاسى جەزمەن ئەرزىمەس دەرى-
جىدە تۆۋەن بولغان بولاتتى. ئەمما ئۇلۇغ خانىنىڭ ئالا-
ھىدە رۇخسىتى بولمىسا، ھەرقانداق ئادەم بىلىق تۇتۇش
ئىشى بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ.

شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يېشىل ياقۇت چىقىدى-
غان بىر تاغ بار، لېكىن ئۇلۇغ خانىنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ
تاغدىكى كانىنىڭمۇ ئېچىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئۇلار ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئالتۇن پۇل ياكى ئاقچىنى
مۇنداق ياسايدۇ: ئالتۇننى كىچىك - كىچىك زىقچە كې-
سىپ، ھېچقانداق شەكىلگە كىرگۈزمەستىنلا ئۆز ئېغىرلىقى-
غا قاراپ ئىشلىتىش — بۇ، ئۇلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ مىق-
داردىكى پۇل. سانى ئازراق بولغان پۇل مۇنداق ياسىلىدۇ:
بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان تۇز قۇدۇقلىرى بولۇپ، ئۇلار قۇدۇق-
نىڭ سۈيىنى كىچىك قازاندا قاينىتىپ تۇز قىلىدۇ. سۇ
بىر سائەت قايىنىتىلسا ئۇماچ ھالىتىگە كېلىدۇ، بۇنىڭدىن
كىچىك - كىچىك تۇز پوشكال ياسايدۇ، ھەر بىرى 2 پېنى-
سكە يارايدۇ. بۇنداق تۇز پوشكالنىڭ تېگى تۈز ئۈستى
كۆپۈنكى شەكىلدە بولۇپ، ئوت ئۈستىدىكى كاھىشقا قويۇپ
قىزىتىش ئارقىلىق قاتتىق ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق تۇز
پۇلغا ئۇلۇغ خانىنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا
مەنسەپدارلارنىڭ بۇنداق تۇز پۇل ياسىشىغا يول قويۇل-
مايدۇ. 80 تۇز پۇل بىر ئالتۇن تىللا ھېسابلىنىدۇ.
سودىگەرلەر بۇنداق تۇز پوشكاللى تاغلىق رايونغا ياكى
ئادەم كەمدىن - كەم ئاياغ باسىدىغان رايونلارغا ئېلىپ
بارسا، شۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ قالاقلىقى ۋە ئۇ يەرنىڭ

شەھەردىن يىراقلىقى ھەممە تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 60 تۇز پۇلغا ياكى 50 تۇز پۇل ھەتتا 40 تۇز پۇلغا بىر تىللا تېگىشىدۇ.

بۇ سودىگەرلەر ئوخشاشلا يۇقىرىدا ئېيتىلغان شىزاڭ ئۆلكىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ياكى باشقا جايلارغىمۇ سوكۇلداپ بارىدۇ. ئۇ يەرلەردىمۇ تۇز پۇل ئاقىدۇ. بۇ جايلاردىكى يەرلىك خەلق تامىقىغا تۇز ئىشلىتىدىغانلىقى ھەممە تاماققا تۇز ئىشلەتمەي قەتئىي بولمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر ئاھالىسى تۇز پۇلنىڭ پارچە - پۇراتلىرىنى تاماققا ئىشلىتىپ، پۈتۈنلىرىنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سودىگەرلەر بۇ جايلاردا ناھايىتى كۆپ پايدا ئالىدۇ.

بۇ يەردە تۈركۈم - تۈركۈم ئىپار كىيىكلىرى ياشايدۇ ھەممە ئىپار كىيىكلىرى كۆپلەپ ئوۋلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن ئىشلىنىپ چىقىدىغان ئىپارمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپرەك بولىدۇ. كۆلدىن خىلمۇخىل بېلىق چىقىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا بۇ يەردە يەنە يولۋاس، ئېيىق، بۇغا، چوڭ مۈڭگۈزلۈك بۇغا، بۆكەن ۋە باشقا نۇرغۇن خىللىق ئۇچار - قاناتلار ياشايدۇ. بۇ يەردە ھاراق ئۈزۈمدىن ياسالمايدۇ. بەلكى بۇغداي ۋە گۈرۈچتىن ياسىلىدۇ ھەممە ئۇنىڭغا خۇش پۇراقلىق بۇيۇملار ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالىي دەرىجىلىك ئىچىملىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۆلكىدىن قەلەمپۇرمۇ چىقىدۇ. قەلەمپۇر دەرىخى كىچىكرەك بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرى دارچىن دەرىخىنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ لېكىن يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇنراق

كېلىدۇ. قەلەمپۇرنىڭ چېچىكى ئاق ۋە كىچىك بولۇپ قە-
لەمپۇرنىڭ ئۆزىگە ئوخشىسىمۇ لېكىن پىشىپ يېتىلىشى
بىلەنلا قېنىق رەڭ ئالىدۇ. بۇ يەردە باشقا دورا - دەرمان-
لارنىڭ سىرتىدا خام زەنجىۋىل ۋە گۈل دارچىن ناھايىتى
كۆپ چىقىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى خىل دورا ماتېرىيالىنىڭ
ھېچقايسى ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىلمىدى.

بىز جېيەندۇ شەھىرىدىن چىقىپ، بۇ ئۆلكىنىڭ چېگرا
رايونلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئاتلىق ئون كۈن يۈرۈپ،
ناھايىتى گۈزەل ئۆيلەرنى، نۇرغۇن مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى
ۋە ئوۋ قىلىشقا يارايدىغان جايلارنى كۆردۇق. بۇ يەرنىڭ
مەنزىرىسى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى باشتا تەسۋىرلىگەنلىرى-
مىزگە ئوخشاش ئىكەن. ئون كۈنلۈك سەپەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ،
برىيۇس (Brius) دېگەن بىر چوڭ دەرياغا دۇچ كەلدۇق.
بۇ دەريا ئۈستىدە بىز ئارتۇقچە توختالمايمىز. چۈنكى بىز-
گە بۇنىڭدىن باشقا كۆزىتىشكە ئەرزىيدىغان باشقا شەيئى-
لەر ئۇچرىمىدى. بىز ئەمدى قاراجان (Karazan)
ئۆلكىسى (يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمى) ئۈستىدە
توختىلىمىز.

## قىرىق سەككىزىنچى باب

## قاراجان ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى شەھىرى دالى

ھېلىقى دەريادىن ئۆتۈپ، قاراجان ئۆلكىسىگە كىردۇق.
بۇ ئۆلكىنىڭ كۆلىمى چوڭ. شۇڭا ئۇ يەتتە رايونغا بۆلۈن-

كەن. بۇ ئۆلكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى بۇددىستلار بولۇپ، بۇ يەر ئۇلۇغ خانىنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە، ئۇلۇغ خان ئۆز ئوغلى چىن تېمۇر (CenTemur) نى بۇ يەرنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلىگەن. ئۇ بايلىق، ئېسىللىك ۋە ھوقۇقدارلىق جەھەتلەردە تەڭ روناق تاپقان شاھزادە، ئەزەلدىنلا چەكسىز زېرەك، ئەخلاق - پەزىلىتى يۈكسەك بولغاچقا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئادالەتلىكتە مەشھۇر نام ئالغان. دەريا بويلاپ غەربكە بەش كۈن ماڭغاندا ئاھالىسى زىچ جايلاشقان نۇرغۇن شەھەر - قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئاھالىسى گۆش ۋە مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تورمۇش كەچۈرىدىكەن، ئاھالىنىڭ چەتتىن كەلگەنلەر ئۆگىنەلمەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل تىلى بار ئىكەن. بۇ ئۆلكىدە ئەڭ ياخشى ئاتلار نۇرغۇن يېتىلىدىكەن.

بەشىنچى كۈنى بىز ئۆلكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ياچى (دالى) غا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ناھايىتى كاتتا، گۈزەل شەھەر ئىكەن. شەھەردە سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر تۇرىدىكەن. بۇ يەردە بۇددىستلار، نېستورىئانلار، ساراسىنلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. لېكىن بۇددىستلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىكەن. بۇ جاينىڭ يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، ئۇ يەرلەردىن شال ۋە بۇغداي كۆپ چىقىدىكەن. بۇ يەرنىڭ خەلقى، بۇغداي كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن نان يېمەي گۈرۈچ تاماقى يەيدىكەن. ئۇلار باشقا دانلىق ئاشلىقلاردىن خۇش بۇي ماتېرىيال قوشۇپ ئېچىتىش بىلەن خۇش پۇراقلىق ۋە مەززىلىك ھاراق ياسايدىكەن. ئۇلار دېگىزدىن بىر خىل

ئاق قۇلۇلىنى سۇزۇۋېلىپ پۇل قىلىدىكەن ھەم زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىدىكەن. بۇ يەردە نۇرغۇن تۇز قۇدۇقلىرى بار بولۇپ، ئاھالە ئىستېمال قىلىدىغان تۇزلار مۇشۇ قۇدۇقلاردىن ئېلىنىدىكەن. تۇز بېجى پادىشاھنىڭ چوڭ بىر خىل كىرىمى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ يەردە ئايلانمىسى تەخمىنەن 160 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر كۆل (ئېرخەي) بولۇپ، بۇ كۆلدىن كۆپ مىقداردا ھەر خىل بېلىقلار تۇتۇلىدىكەن.

بەزى بېلىقلارنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن. بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئۇچار ـ قاناتلار، قويلار، سېرىق كالىلار ۋە سۇ كالىلىرىنىڭ گۆشلىرىنى خام يېيىش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. ئۇلار گۆشلەرنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ساقلايدىكەن: ئۇلار گۆشلەرنى ئۇششاقراق پارچە ـ پارچە توغراپ، تۇز سۈيىگە چىلاپ ئاندىن ئۇنىڭغا بىرنەچچە خىل خۇش پۇراق دورا ئارىلاشتۇرىدىكەن. بۇ — يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ گۆش ساقلاش ئۇسۇلى. كەمبەغەلرەك كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار گۆشنى ئۇششاق چاناپ ئاندىن سامساق سۈيىگە چىلاپ چىقىرىۋېلىپلا يەيدىكەن، بۇ گۆشنىڭ تەمى خۇددى پىشۇرغان گۆشتەك بولىدىكەن.

## قىرىق توققۇزىنچى باب

## قاراجان ئۆلكىسىنىڭ يىراق ـ چەت رايونلىرى

دالى شەھىرى (Yachi) دىن چىقىپ ئون كۈن يول يۈرۈپ قاراجان (Karazan) ئۆلكىسىنىڭ مۇھىم بىر شەھ

يونگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرمۇ ئۇلۇغ خانغا قارايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى كوگاتىن (Kogatin) بۇ يەردە خاننىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدىمۇ ئالتۇن كانلىرى بار بولغاچقا، خەلقنىڭ قولىدا ئالتۇن كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بىر ئالتۇن ساكنى① ئالتە كۈمۈش ساككا تېگىشىدىكەن. ئاھالە يەنە قۇلۇلىنىمۇ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن، ئەمما بۇنداق قۇلۇلە بۇ يەردىن چىقمايدىكەن، بەلكى ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىنىدىكەن. خۇددى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەرنىڭ ئەرلىرى قىزلارنى ئۆز نىكاھىغا ئالمايدىكەن.

بۇ يەردىن يەنە كاتتا يىلان (تىمساھ) مۇ چىقىدىكەن، بۇ تىمساھنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون قەدەم، بەدىنىنىڭ ئايلانمىسى ئون غېرىچ كېلىدىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ باشقا يېقىن قىسمىدا قىسقا - قىسقا ئىككى پۇتى، پۇتىدا ئۈچتىن بارمىقى بار بولۇپ، تۆت تەڭگىدەك كېلىدىغان ئىككى كۆزى پارقىراپ تۇرىدىكەن. جاۋغىيى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ بىر ئادەمنى يۇتۇۋېتىشكىمۇ ئىمكان بېرىدىكەن. چىشلىرى ھەم يوغان، ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، پۈتكۈل قىياپىتى ناھايىتى قورقۇنچلۇق كېلىدىكەن. ئادەم ياكى باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشتىن قورقىدىكەن. بىز ئۇچراتقان باشقا يىلانلارنىڭ جۇغى كىچىكرەك بولۇپ، ئۇزۇن-

① بۇ كىتابنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا نەشر قىلىنغان موڭغۇلچە نۇسخىسىغا قارىغاندا. ساك — رىم ئۆلچىمى بولۇشى مۇمكىن. بىر ساك تەخمىنەن 4.5 گرامغا توغرا كېلىدىكەن. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

لۇقى ئالتە ــ يەتتە قەدەم ياكى بەش قەدەمچە كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ تىمساھ تۇتۇش ئۇسۇلى مۇنداق: كۈندۈزى ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا تىمساھلار تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋېلىپ، كەچ كىرگەندىلا چىقىپ ئوزۇق ئىزدەيدىكەن. بىرەر ھايۋانغا ئۇچراپ قالسىلا، مەيلى ئۇنىڭ قانداق يىرتقۇچ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۇتۇۋېلىپ يەيدىكەن. قورسىقى تويغاندىن كېيىن، كۆلنىڭ قىرغىقى، بۇلاقنىڭ قىرغىقى ياكى دەريا بويىغا بېرىپ سۇ ئىچىدىكەن. تېنى بەك ئېغىر بولغاچقا تىمساھلار قىرغاق ياقىلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ، گويا بىراۋ بىر تال ئېغىر ياغاچنى قومالاپ يەردىن سۆرەپ ماڭغاندەك، چوڭقۇر ئىز قالدۇرغاچقا، تىمساھ تۇتقۇچىلار ئۇنىڭ دائىم كېلىپ تۇرىدىغان يېرىنى كۆزىتىپ يۈرۈپ، ئۇچىغا تۆمۈر نەيزە كىيگۈزۈلگەن قوزۇقلارنى يەرگە قېقىپ، ئۈستىنى قۇم بىلەن يېپىپ قويىدىكەن ــ دە، بىرەر ئىز قالدۇرمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، تىمساھ ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىگە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ئەسۋاپ بىلەن زەخىملىنىدىكەن ۋە ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ قالىدىكەن.

قاغىلار تىمساھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپلا قاقىلدىشىپ غەۋغا كۆتۈرىدىكەن. بۇ تىمساھ تۇتقۇچىلارغا بېرىلگەن بەلگە بولۇپ قالىدىكەن، ئۇلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كېلىپلا تىمساھنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۆتىنى چىقىرىۋالىدىكەن. تىمساھنىڭ ئۆتى تېببىي دورىلار ئىچىدە ناھايىتى قىممەتلىك دورا ھېسابلىنىدىكەن. ئەگەر بىراۋنى غالجىر ئىت چىشلىۋالسا، بىر بىنۇت

(ھىنگىلىرچە مېتاللارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى: ئۇ 1.555 گرامغا ياكى ئىككىدىن بىر پېنىسقا باراۋەر) تىمساھ ئۆتى سۈيۈقلۇقىنى مارافقا ئارىلاشتۇرۇپ، كېسەل ئادەمگە ئىچكۈزۈۋېتىلسىلا دەرھال ساقىيىدۇ. ھامىلىدار ئايالنى تولغاق تۇتقاندا مۇشۇ نەرسە تۇغۇت دورىسى قىلىنىدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ يۈزىگە يىرىڭلىق يارا ياكى باشقا بىرەر ئەسۋە چىقسا، ئۇ يەرگە ئازراق تىمساھ ئۆتى سۈيۈقلۇقى تەگكۈزۈپ قويۇلسىلا، دەرھال ئىششىقى يېنىپ، شىپا بېرىدۇ، باشقا كېسەللەرنى داۋالىشىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

شۇنىڭدەك تىمساھنىڭ گۆشىمۇ قىممەت باھادا سېتىلىدۇ، چۈنكى كىشىلەر ئۇنى باشقا گۆشلەردىنمۇ مەززىلىك بولغان ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك دەپ قارايدۇ. بۇ ئۆلكىنىڭ ئاتلىرى ئېگىز كېلىدۇ. ئات مېڭىۋاتقاندا ئات قۇيرۇقىنىڭ ئۇيان — بۇيان سىلكىنىشىنى ئۇلار يامان كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى ئازراق كېسىۋېتىدۇ.

بۇ يەرلىكلەر ئات مىنگەندە خۇددى فرانسۇزلارغا ئوخشاش، ئۈزەڭگىنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىۋالىدۇ. تاتارلار باشقا ھەممە خەلقلەردىكىگە ئوخشاشلا ئۈزەڭگىنى قىسقارتىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئوقيا ئاتقاندا، ئاسانلا ئۆرە تۇرالايدۇ. بۇ يەرلىكلەر پۈتۈنلەي بۇ كالىسىنىڭ يەھمىدە ئىشلەنگەن ساۋۇت — دوبۇلغا كىيىۋالىدۇ. ئۇزۇن نەيزە، قالقان ۋە ئوقيا قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتىدۇ، ئۇلار پۈتۈنلەي زەھەرلەنگەن ئوق ئىشلىتىدۇ.

ئەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەقىقەتەن مۇنداق بىر ئىش

بولغانىكەن: بىر مۇنچە كىشىلەر، بولۇپمۇ دىلىغا ھىيلە-
مىكىر يوشۇرۇنغان، نىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەر
ھامان يېنىدا زەھەرلىك دورا ساقلاپ يۈرىدۇ. قولغا ئېلىنى-
غاندا ياكى ئازابلىنىش خەۋپى ئۆز بېشىغا كەلگەندە، مۇ-
شۇنداق زەھەرلىك دورىنى يېۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى
ئۆلتۈرۈۋېلىشقا رازىكى، ئازابلىنىشنى خالىمايدۇ. لېكىن
ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى سېزىپلا قالسا، دائىم تەي-
يار تۇرىدىغان ئىت تېزىكىنى زەھەر يېۋالغان جىنايەتچى-
گە مەجبۇرىي يېگۈزۈپ قۇستۇرۇش بىلەن ئۇنى زەھەرسىز-
لەندۈرىدۇ. دېمەك، ھېلىقىدەك بىچارىلەرچە ئەھۋالغا چۈشۈپ
قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇنداق زەھەرلىك
دورىنى ھامان ئۆز يېنىدا ساقلايدۇ.

بۇ يەرلىكلەر ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇ-
نۇشتىن ئىلگىرى، مۇنداق بىر خىل رەھىمسىز ئادەتنى
قوللىنىشقا بېرىلىپ كەتكەنىكەن. مەرتىۋىسى يۇقىرى، چىر-
رايلىق ۋە باتۇرلۇقى كۆرۈنەرلىك بولغان يات ئادەملەر
تاساددىپىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالسا، كېچىسى
ئۇلارنى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. بۇنداق قىلىش
ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى كۆزلەپ قاتىللىق قىلىش ئەمەس،
بەلكى ئەقىل - ئىقتىدارى ئۇلۇغ يېتىلگەن مەرھۇملارنىڭ
روھىنى ئۆز ئۆيىدە ساقلاپ قېلىپ، ھەممە ئىشلىرىنى رو-
ناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن قىلىنغان قاتىللىق ئىكەن. شۇڭا
مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىرەر ئالىيجانابنىڭ روھىنى ئېگى-
لىگەنلەر ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىكەن، ئەمما شۇنىڭ-
لىق بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدى-

كەن ئېلىكنىڭ پادىشاھ ئائىلىلىرى مۇشۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، خىلمۇخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق قىلىقلارنى باستۇرۇپتۇ؛ خاننىڭ قاتتىق جازالىشى نەتىجىسىدە، ھېلىقىدەك قىلىقلار قايتا يۈز بەرمەيدىغان بوپتۇ.

## ئەللىكىنچى باب

### قاردانىدان ئۆلكىسى ۋە يۇڭچاڭ شەھىرى

بىز قاراجاڭدىن غەربكە قاراپ بەش كۈن يول بېسىپ، قاردانىدان (Kardəndan) ئۆلكىسىنىڭ جىنچى (ئالتۇن چىش) دېگەن يېرىگە (يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ باشقا بىر قىسمىغا) يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئۆلكىنىڭ مەركىزى شەھىرى يۇڭچاڭ (Yochang) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئالتۇن ئومۇمىيۈزلۈك ئاقىدىغان پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ئېغىرلىقى بېرىلىك قىلىنىدۇ. قۇلۇلىمۇ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، بىر پېنس ئالتۇن بەش پېنس كۈمۈشكە، بىر ساك ئالتۇن بەش ساك كۈمۈشكە تېگىشىلىدۇ. بۇ يەردىن ئالتۇن كۆپ چىقىدىغان، كۈمۈش چىقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرگە كۈمۈش ئىمپورت قىلغان سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ پايدا ئالىدۇ.

بۇ ئۆلكىنىڭ ئەر ـ ئاياللىرى چىشلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاشنى ئادەت قىلغان، ئۇلار ئالتۇن پارچىلىرىنى

چىشلىرىنىڭ شەكلىگە قاراپ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن چىشلىرىغا قاپلىۋېلىپ، ئۇزاققىچە ئېلىۋەتمەي ساقلايدۇ. ئۇلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلەكلىرى ۋە پۇتلىرىغا يول - يول قىلىپ قارا سىزىق چېكىۋالىدۇ. ئۇلار بەش تال يىڭنىنى بىر - بىرىگە يېقىن چېپلەپ، ئاندىن ئۇنى شۇ ئەزالىرىنىڭ گۆشىگە قان چىققۇدەك چوڭقۇر سانجىيدۇ ۋە ئۇ يىڭنە سانجىلغان تۆشۈكلەرگە بىر خىل قارا سىياھ سۈۋاپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئىز قالدۇرىدۇ. ئۇلار بەدىنىگە بۇنداق قارا سىزىق چېكىۋېلىشنى، بىر خىل پەرداز ۋە يۈز-ئابرۇيىنىڭ بەلگىسى، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئات مىنىش تېخنىكىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئالاھىدە مەشق قىلىپ ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ۋە ھەربىي قورال - ياراق ئىشلىتىش ھەم ھەربىي تۇرمۇش كەچۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، باشقا ئىشلار بىلەن زادىلا كارى بولمايدۇ. ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كەلسەك، بۇنى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئاياللىرى مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، سېتىۋېلىنغان ياكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە ئېلىپ كېلىنگەن ئەسىرلەرنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى قىلىۋالىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق ناھايىتى غەلىتە بىر خىل ئادەت ئومۇملاشقانكى، ھامىلىدار ئاياللار تۇغۇپ بوشىنىۋالغاندىن كېيىنلا كارىۋاتتىن چۈشىدۇ - دە، بوۋاقنى يۇيۇپ پاكىزلاپ يۆگەككە ئوراپلا ئېرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئېرى دەرھال كارىۋاتقا چىقىپ، ئايالىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ - دە، بوۋاق بالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ ۋە بوۋاققا جەمئىي 40 كۈن قارايدۇ. بالا تۇغۇلۇپ

بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا بۇ ئائىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - يارانلىرى بۇ ئۆيگە كېلىپ ئەرنى مۇبارەكلەيدۇ. ئەرنىڭ ئايالى بولسا ئۆي ئىشلىرىنى ئادەتتىكىدەكلا بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە يېمەك - ئىچمەكنى كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئەرگە يېگۈزىدۇ ھەم ئۇنىڭ يېنىدىكى بوۋاقنى ئېمىتىدۇ①.

كىشىلەر گۆشنى خام ياكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئۇسۇلدا باشقا نەرسىلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ، گۈرۈچ ئاش بىلەن بىللە يەيدۇ. ئۇلار ھاراقنى گۈرۈچتىن ياسايدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىلمۇخىل خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھاراق ئالىي دەرىجىلىك ھاراق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ رايوندا يا بۇتخانا، يا بۇتمۇ بولمايدۇ. كىشىلەر پەقەت ئۆز ئۆيىدىكى چوڭلار ۋە ئەجدادلارغىلا چوقۇنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى، ئەجدادلىرىمىز بەرگەن، دەپ بىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى ھەممە نەرسىسىنى، ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئاتا قىلغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتىغا

① ھىندىستان، كالىمانتاد، تايلاند، ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ مۇشۇنداق غەلىتە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بار ئىكەنلىكى ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان. ئاتا تەرەپتىن بولىدىغان بۇنداق خەۋە ئېلىش، ئۇ ھۆججەتتە «كوۋادە» دېيىلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا سىزىلغان بىر پارچە سۈرىتىدە مۇشۇ ئەھۋال تەسۋىرلەنگەن، بۇ سۈرەت ھازىر لوندوندىكى «ۋىكتورىيە ۋە ئالبېرت مۇزېيى» دا ساقلانماقتا ۋە ئۇ سۈرەت «جۇڭگو سەنئىتى» دېگەن ئىستونلۇق مۇزېي خۇندەرىجىسىگە ئۆز ئەينى ئىشلەپ كىرگۈزۈلگەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

رەھمەت ئېيتىش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۇلاردا ھېچقانداق يېزىق بولمايدۇ. بۇ رايوننىڭ چوڭقۇر ئورمان ئىچىگە جايلىشىپ، ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرغانلىقىغا قارىساقلا، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ئاجەبلىنىشكە قىلچە ئورۇن قالمايدۇ. يان پەسىدە، بۇ تاغلىق رايون نەم ئىسسىق گازغا تولغان بولۇپ، دىمىقتى ھەم پاسكىنا بولىدۇ. شۇڭا سودىگەرلەر ۋە باشقا جاي-لاردىن كەلگەنلەر ئورۇنسىز ئۆلۈمدىن قېچىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يەرلىك ئادەملەر ئۆزئارا سودا - سېتىق قىلغانىدا ئالغۇ - بەرگۈ پاكى ئىناۋەت ئۈچۈن مەلۇم بىر مەجبۇرى-يەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىر دانە تۆت بۇرجەكلىك تاختاينى تېپىپ ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەر ئىككى تەرەپ مەسلى-ھەتلىشىپ كېلىشكەن نەرسىنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان ئوخشاش سىزىقلارنى پىچاق بىلەن ئويۇپ چىقىرىدۇ - دە تاختاينى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپكە بىردىن بېرىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىزنىڭ قەدىمكى زاماندا ياغاچتا بەلگە ئويۇش ئۇسۇلىمىزغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كېلىشىمنىڭ مۇددىتى توشقاندا، قەرزدار قەرزنى ئۆز ئەينى بويىچە قايتۇرىدۇ، قەرز ئىگىسى بولغان تەرەپ تاختاينىڭ ئۆزى-دىكى قىسمىنى قارشى تەرەپكە بېرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن بولىدۇ.

بۇ ئۆلكىدىن ۋەنچىيەندۇ (Kain)، يۇڭچاڭ (Yochang)

ياكى دالى قاتارلىق شەھەرلەردىن تىببىي مەكتەپلەردىن
خەۋەردار بولغان بىرەر ئادەم تېپىلمايدۇ. مۇھىم ئادەملەرنىڭ
دىن بىرەرى ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى
ئادەم ئەۋەتىپ باخشى چاقىرىپ كېلىشىدۇ. بۇ باخشىلار بۇتلارغا
نەزىر - چىراق قىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئاغرىقنىڭ
ئۆيىدىكىلەر باخشىلارغا ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، باخشىلار ئۆزلىرىنىڭ شاگىرتلىرىنى
ھەر خىل تارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىپ ۋاراڭ -
چۇرۇڭ قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزلىرى مۇزىكا ئاۋازىغا تەڭكەش
ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ ۋە بۇتلارغا مەدھىيە ئوقۇپ،
ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇنىدۇ. بۇ ھەرىكەت تاكى جىن -
ئالۋاستىلار ئۇلار ئىچىدىكى بىر ئادەمگە يېپىشقانغا قەدەر
داۋاملىشىدۇ، مۇزىكا ئاۋازلىرىمۇ شۇ چاغدا بېسىقىدۇ.
ئاندىن ئۇلار ھېلىقى جىن يېپىشقان ئادەمدىن ئاغرىق-
نىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاغرىقنى قانداق ئۇسۇل بىلەن داۋالاش
كېرەكلىكىنى سورايدۇ. جىن - ئالۋاستى دەل مۇشۇ ئادەم-
نىڭ ئاغزى بىلەن، بۇ كېسەل مەلۇم تەڭرىنىڭ چېقىشىغا
تەگكەنلىكتىن پەيدا بولغان، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. باخشى-
لار ئاندىن شۇ تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن
ئاغرىقنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ ۋە كېسەل
ساقايسا، ئاغرىق ئۆزىنىڭ قېنىنى تەڭرىگە تەقدىم قىلىپ
رەھمەت ئېيتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. ئالۋاستى
ئەگەر ئاغرىقنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى
كۆرۈپ قالسا، ئاغرىق مەلۇم تەڭرىنى قاتتىق رەنجىتىپتۇ،
بۇنىڭغا ھېچقانداق نەزىر - چىراقمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ،

دەپ ھۆكۈمنى ئۈچۈق ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئاغرىقنىڭ ساقىيىپ قېلىشى ئېھتىمال دەپ بىلسە، تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن دەپ ئاغرىق ئىگىسىدىن مەلۇم ساندا قارا قوي ئالىدۇ ۋە بەزى باخشىلارنى ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن بىللە بولۇشقا ۋە نەزىر - چىراق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ، مۇشۇنداق قىلىنسا، تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

ئاغرىقنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دەرھال مۇشۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ، قويلارنى سويىدۇ، قويلارنىڭ قېنىنى ئاسمانغا چاچىدۇ. ئەر - ئايال باخشىلار كۆجە يىقىپ، شام ياندۇرۇپ، ئالۇينى كۆيدۈرۈپ، ئاغرىق ياتقان ئۆينى ئىس - تۈتەككە تولدۇرىدۇ. ئۇلار پىشۇرۇلغان گۆشنىڭ شورپىسىنى خۇش پۇراق دورا - دەرمانلارنىڭ سۈيى بىلەن بىللە ھاۋاغا پۈركۈيدۇ. بۇتلارغا يەنى تەڭرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. نەزىر - چىراق ئاخىرلاشقاندا ئۇلار نەزىر - چىراغقا ئىشلىتىلگەن گۆشنى يەپ ۋە تەڭرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئاشقان خۇش پۇراق دورا - دەرمانلارنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ئۆزلىرىنىڭ شاد - خۇراملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

باخشىلار تويغۇچە يەپ - ئىچىپ، ھەققىنى ئالغاندىن كېيىنلا پەشلىرىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەگەر تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئاغرىق كىشى ساقىيىپ قالسا، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتقانلىقىدىن كۆرىدۇ. ئاغرىق كىشى ئۆلۈپ قالسا، ئۇلار نەزىر - چىراق

تەييارلىغۇچىلار نەرسە - كېرەكلەرنى نەزىر قىلىشتىن ئاۋۋال ئېغىز تېگىپ يەپ قويغانلىقتىن، تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىملار پۈتۈنلەي ئۈنۈمسىز بولۇپ چىقتى، دەپ جاكارلايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنداق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش ھەرقانداق ئاغرىق ئادەمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، بۇ پەقەت ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپدار ئالىيجانابلار ياكى بايلارلا ئايدا بىر - ئىككى قېتىم ئۆتكۈزەلەيدىغان مۇراسىم. لېكىن قىتان، مەنزى ئۆلكىلىرىدە تېۋىپلار كەمچىل بولغاچقا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق ئائىلە ئىچىدە بۇنداق مۇراسىملار ناھايىتى ئومۇملاشقان. شۇڭا جىن - ئالۋاستىلار مۇشۇ ئويۇنلار ئارقىلىق ھېلىقى بىلىمسىز نادان، كول بىچارىلەرنىلا ئەخمەق قىلىدۇ.

## ئەللىك بىرىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ بىرما ۋە بېنگال دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلى

بىز ئەمدى بۇ خاندانلىق ئېلىپ بارغان ۋە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئۇرۇش ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. 1272 - يىلى ئۇلۇغ خان يۈنچاڭ ۋە قاراجان بەگلىكلىرىنى قوغداپ، چەت ئەل قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن چىقارغانىدى.

لېكىن بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ شاھزادىلىرىنى بۇ دۆلەتلەرنى ئىدارە قىلىشقا تېخى ئەۋەتمىگەنىدى.

ھىندىستاننىڭ مىيەن (mien) (بىرما) ۋە بېنگال (Bangala) كىنەزلىكلىرى ئاھالىسى نۇرغۇن، بايلىقى مول جايلاردۇر. بۇ كىنەزلەر. تاتارلار قوشۇنى يۇڭچاڭغا يېتىپ كەپتۇدەك، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ھۇجۇمغا ئەسكەر چىقىرىپ، ھېلىقى قوشۇننى يوقاتماقچى بولىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلۇغ خاننى ئۆزلىرىنىڭ چېگرىسىدا تۇرغۇزۇشقا ئەسكەر ئەۋەتەلمەيدىغان قىلىشقا ئۇرۇندى.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار نۇرغۇن تۇركۈم پىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى كاتتا بىر قوشۇن توپلىدى. پىلنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن راۋاق ئورنىتىلغان بولۇپ، راۋاقتا 12 ياكى 15 ئەسكەر سىغاتتى. ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن ساندىكى ئاتلىق قىسىم، پىيادە قىسىملارنىمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنى جايلاشقان يۇڭچاڭغا ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭدەك ئۆز قوشۇنلىرىنى بىرنەچچە كۈن دەم ئالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، يۇڭچاڭغا يېقىن بىرقانچە جايغا بارگاھ قۇرۇپ، پىستىرما جايلاشتۇرغانىدى.

## ئەللىك ئىككىنچى باب

## ئۇلۇغ خان قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگە كىرىشى

ئۇلۇغ خان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى نەستەردىن (Nestardin) گەرچە قەھرىمان ۋە ئىقتىدارلىق سىپاھگەر

بولسىمۇ، لېكىن مېيەن كىنەزلىكى (بىرما) نىڭ كىنەزى شۇنچىۋالا زور قوشۇننى باشلاپ كېلىۋاتقۇدەك، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇمۇ چۆچۈمەي قالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى سىپاھگەرلەر بىلەن ئەسكەرلەر 12 مىڭغىمۇ يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن قوشۇنىدا تۈركۈم - تۈركۈم پىللاردىن باشقا، 60 مىڭ ئەسكەرمۇ بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ چۆچۈپ تەمتىرەپ قالغانلىقىنى قىلچە بىلدۈرمىدى، شۇنىڭدەك ئۇ پەقەت ئۆز قوشۇنلىرىنى تاغدىن يۇڭچاڭ تۈزلەڭلىككە يۆتكەپ، بىر يازنى ئىگىلەش بىلەنلا قانائەتلەندى. ئۇنىڭ يان تەرىپى قوشۇن يوشۇرغۇدەك قويۇق ئورمان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەگەر پىلچى قوشۇننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، قوشۇننى ئورمان ئىچىگە چېكىندۈرەلەيتتى ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ بىخەتەر ھالدا دۈشمەن قوشۇننى ئوقيا بىلەن شىكەستلەندۈرەتتى.

ئۇ پۈتۈن قوشۇننىڭ سەركەردىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ماھىرلىق بىلەن ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئۆتكەنكى ئۇرۇشلاردىكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان غەيرەت - جاسارەت كۆرسىتىشكە بۇيرۇدى. ئۇرۇشنىڭ بىسى ئەسكەر سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق ئەمەس. بەلكى قوشۇننىڭ قەھرىمانلىقى ۋە ئىنتىزامچانلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئەسكەرتتى. ئۇلارغا بىرما ۋە بېنگال كىنەزلىكلىرىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا يېتەرلىك مەشىق قىلدۇرۇلمىغانلىقى، زادىلا جەڭگە كىرىپ باقمىغانلىقتىن ئۇرۇش قىلىشتا تەجرىبىسىزلىكىنى

ئېيتتى. جەڭچىلەرگە يەنە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەسكەر سانى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈپلا روھسىزلانماي، ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشەنچ باغلاش لازىملىقىنى، پەقەت ئۆز ئىمپېرىيىسىنىڭ ناملا دۈشمەننى قورقىتىشقا كۇپايە قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىمۇ زىلزىلىگە سالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىردا ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇرۇشتا جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دۈشمەنلەر تاتارلارنىڭ تۇيۇقسىزلىككە چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئاتلىقلار باركامىغا ئالتە كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەرگە ئىلگىرىلەپ كەلدى.

بىرما كىنەزى پۈتۈن قوشۇنىنىڭ تاتارلار قوشۇنى ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىشى ھەققىدە بەرگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەمما تاتارلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۆز سېپىگە يېقىنلاپ كېلىشىنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن كۈتكىنىچە قوزغالماي تۇرۇۋەردى. بۇ چاغدا تاتارلار جەڭگە كىرىشكە بەك قىزىققانلىقتىن، تازا غەيرەتكە كېلىپ ئاكوپلاردىن ئېتىلىپ چىقتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئۈستىگە راۋاق ئارتىۋالغان بۇ غايەت زور مەخلۇقلارنى زادىلا كۆرمىگەنلىكتىن، قورقۇپ كېتىپ تەمتىرىگىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئاتلىق ئىسىملار ئاتلىرىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ھېچ ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنىڭدەك بىرما كىنەزى پۈتۈن قوشۇنىنى باشلاپ تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋەردى. تاتارلارنىڭ ئېھتىياتچان قوماندانى بۇنىڭ كۈتۈلمىگەن تاسادىپىي

قالايمىقانلىق ئىكەنلىكىنى دەرھال سېزىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى – دە، كەسكىنلىك بىلەن ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسكەرلەرگە دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلارنى ئورمان ئىچىگە ئەكىرىپ باغلاشنى بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپلا پىلچى قوشۇن سېپىگە پىيادە ئېتىلىپ كىردى ۋە چەبدەسلىك بىلەن يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزۈشكە كىرىشتى.

ئەمما پىل ئۈستىدىكى راۋاقلاردا ئولتۇرغان دۈشمەنلەر ۋە كىنەزنىڭ باشقا ئەسكەرلىرىمۇ بارلىق كۈچى بىلەن ھۇجۇمغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوقيالىرىدىن ئۈزۈلگەن ئوقلار ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئۈستىگە يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ ئوقلىرى بىلەكلىرى كۈچلۈك تاتارلارنىڭكىدەك شىددەتلىك ئەمەس ئىدى. تاتارلار ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ياغدۇردى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ باشقا قوراللىرىمۇ پۈتۈنلەي پىلچى قوشۇن ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەنىدى. نەتىجىدە ھەممە يېرىگە ئوق تېگىپ يارىلانغان پىللار بىر دەمدىلا توساتتىن قېچىشقا باشلاپ ئۆز قوشۇنىدىكى ئەسكەر ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سېپى پاتىپاراقچىلىقتا قېلىپ، ئوڭشىۋالغۇسىز ئەھۋالغا چۈشتى. پىل ئۈستىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پىللىرىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

يارىلىنىپ قېينالغان ۋە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۇر – چاپ سادالىرىدىن چۈچۈگەن پىللار ئەمدى قوماندانغا بويسۇنماي، بېشى قايغان تەرەپكە قېچىۋاتاتتى.

باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشتىن مەھرۇم بولغان پىللار
ئىلغىر قەھرى - غەزەپ ۋە بېشىغا كەلگەن ۋەھىمىنىڭ
زورى بىلەن تىرىپىرەن بولىدى - دە، تاتارلار ئىش-
غال قىلمىغان بىر ئورمان ئىچىگە ئۆسۈپ كىرىپ كەتتى.
نەتىجىدە، يوغان - يوغان دەرەخ شاخلىرى پىللار ئۈس-
تىدىكى راۋاقلارنى ئۆگىتەي - تۆكتەي قىلىۋەتتى،
راۋاقتىكى ئادەملەرمۇ شۇ پاتىپاراقچىلىقتا جېنىدىن جۇدا
بولدى. پىلچى قوشۇنىنىڭ تىرىپىرەن بولغانلىقىنى
كۆرگەن تاتارلار تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ ئۆز سېپىنى يېڭى-
باشتىن ئوڭشىۋالدى - دە، ئاتلىرىغا مىنىشىپ دۈشمەن
سېپىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ سەپلىرى رەتلىك ۋە
تەرتىپلىك ھەم بىر پۈتۈن كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقانلىقتىن،
شىددەتلىك جەڭ قايتىدىن باشلىنىپ كەتتى.

بىرما تەرەپنىڭ قوشۇنىمۇ ئۆز قەھرىمانلىقىنى
يوقاتمىغانىدى. شۇنىڭدەك، بىرما كىنەزى بىۋاسىتە جەڭگە
كىرگەنلىكتىن، بۇ جەڭ پىلچى قوشۇنىنىڭ سەرگۈزەشتىسى
سەۋەبىدىن ئەسكەرلەرنىڭ تەمتىرەپ قېلىپ ئۆزىنى يو-
قاتماي، تەكشى ھەرىكەت قىلىشىنى كەسكىن تەلەپ قى-
لاتتى. ئەمما تاتارلارنىڭ ئوقيا ئېتىش تېخنىكىسى
ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، بىرما قوشۇنلىرى ئۇلاردىن
ئۆزىنى ساقلاپ قالالمىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن
سان - ساناقسىز ئوقلار ئېتىلىپ، قوللاردىكى نەيزە -
گۈرزىلار پەرۋاز قىلىپ، كەسكىن ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى.
پارقىراپ تۇرغان قىلىچ - شەمشەرلەرنىڭ شارت -
شۇرت ئىشقا سېلىنىشى بىلەن گەۋدىلەر تىلىنىپ، قانلار

ئېقىپ، جەڭگاھ بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئەدەدسىز كۆپ ئۆلۈك-لەرگە تولدى. قول - پۇتلىرى ئۈزۈلگەن، بېشىدىن جۇدا بولغان گەۋدىلەرگە كىشى دەھشەتلىنىپ قارىيالمايتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن «ئۇر، چاپ!» چۇقان-لىرىنىڭ ساداسى، ئاتلارنىڭ ۋارقىراش - كىشنەشلىرى جەڭگاھنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى.

بىر مىنىڭ كىنەزى قوشۇن باشلىقى بولۇش سۈپىتىدە ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسىتىپ سەپنىڭ بېشىدا تۇرۇپ جەڭ قىلدى ۋە ھەممىشە جەڭنىڭ ئەڭ خەتەرلىك جايلىرىغا بېرىپ قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بەردى. ئۇ ئۆز قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئۆز پوزىتسىيىلىرىنى چىڭ ساقلىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە زاپاس ئاتلىق قىسىملارنىڭ ئۇرۇشۇپ ھالىدىن كەتكەن قىسىملارغا ياردەمگە بېرىشىنى بۇيرۇدى. ئەمما ئاخىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەل-مەيدىغانلىقىغا، تاتارلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، جەڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قالغان - قاتقان قىسىملىرىنى باشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادىمى ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئەتىگەندىن چۈشكىچە داۋام قىلغان بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. لېكىن تاتارلار ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇرۇشتا يەنە بۇنداق بىر ئىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىمۇ ئايان بولدىكى، تاتارلار سېپىنىڭ سول قانىتىنى ئورمان قوغداپ تۇرغان-لىقتىن، بىرمۇ قوشۇنغا بۇ يەردىن ھۇجۇم باشلىماي،

تاتارلارنى بىر ئامال بىلەن ئوچۇق تۈزلەڭلىككە ئالداپ چىقىشى لازىم ئىدى. چۈنكى تاتارلار بۇ يەردە پىلچى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئاندىن ئاتلىق قوشۇن ئوڭ - سول تەرەپلەردىن قىستاپ كېلىپ، تاتار قوشۇنىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالالايتتى.

تاتارلار جەڭگاھنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپلا، قوشۇنلىرىنى پىلچى قوشۇن قېچىپ كىرگەن ئورمانغا يىغىپ، پىللارنى تۇتۇۋېلىشقا كىرىشتى. بۇ قوشۇن ئۇ يەردە پىل ئۈستىدىكى راۋاقلاردا ئۆلمەي ئامان قالغانلارنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن چوڭ - چوڭ دەرەخلەرنى كېسىپ يىقىتىپ، يوللارنى توسۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى - دە، ئورغۇن دۈشمەننى قىرىپ تاشلاپ، پىللارنى باشقۇرۇپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرنى ئامان قالدۇردى ھەمدە شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن 200 ياكى 200 دىن ئوشۇقراق پىلنى تىرىك تۇتۇۋالدى.

شۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىنلا ئۇلۇغ خان قوشۇنى ھەمىشە پىل مىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدىغان بولدى. بۇ غەلىبىلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ بىنگال ۋە بىرما كىنەزلىكلىرىنىڭ ھەممە زېمىنلىرىنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنى ئۆز زېمىنى ئىچىگە كىرگۈزدى.

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

## ئادەمسىز رايون ۋە بىرما كىنەزلىكى

قارداندان ئۆلكىسىدىن چىقىپلا بىر تاغنىڭ كەڭ سوزۇلغان يانباغرىغا قەدەم قويدۇق، بۇ يەردىن يەنە

داۋاملىق ئىككى يېرىم كۈن ماڭغان بولساقمۇ يول ئۈستىدە قىلچە ئۆزگىرىش ئۇچراتمىدۇق. بۇ يەرلەر يەنىلا ئادەمسىز رايون ئىدى. كېيىن كەڭ بىر تۈزلەڭلىككە چىقتۇق. نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچ كۈنىدە مۇشۇ يەرگە كېلىپ بازار قىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇنىغا كۆمۈش تېگىشىدىكەن. بۇ كۆمۈشلەرنى سودىگەرلەر يىراق-يىراق يەرلەردىن ئالتۇن-كۆمۈش سودىسى قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇشۇ تاغلىق رايونغا ئېلىپ كەلگەن. بىر ساك ئالتۇنغا بەش ساك كۆمۈش تېگىشىدىكەن.

ئاھالە ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى ئالتۇننى بىۋاستە ئېكسپورت قىلالمىغانلىقتىن، سودىگەرلەر بىلەن مال ئالماشتۇرۇپ ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرىدى-كەن. يەرلىك ئاھالە ئېگىز تاغ دالىرىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر شارائىتى خەتەرلىك بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئادەملەر ئۇلار تۇرغان يەرگە چىقالمايدىكەن. شۇڭا ئۇلار پەقەت تۈزلەڭلىكلەردىلا سودا-سېتىق قىلىشىدىكەن.

بىز بۇ تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ، ھىندىستان چېگرىسىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى ياقىلاپ ئىلگىرىلىدۇق. بۇ يەرگە بىرما كىنەزلىكى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن 15 كۈنلۈك يول بېسىشقا توغرا كېلىدىكەن. بىز بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ ئۈستىدىكى جايلاردا ئادەم ياشىمايدىكەن. قونالغۇ قىلغۇدەك يەرمۇ تېپىلمايدىكەن. بۇ يەرنىڭ

ئورمانلىرىدا پىل، كەركىدانغا ئوخشاش باشقا ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىكەن.

## ئەللىك تۆتىنچى باب

### مىيىن شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن ــ كۈمۈش مۇنارلىرى

15 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىيىن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەر مەزكۇر دۆلەتنىڭ پايتەختى بولۇپ، كاتتا ۋە گۈزەل، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل تىلىنى قوللىنىدۇ.

ئاڭلىشىمىزچە، بۇ دۆلەتكە ئىلگىرى باي ۋە ھوقۇقدار بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ قەبرىسى يېنىغا رومبىسىمان كونۇس شەكىللىك ئىككى مۇنار ياساشنى بۇيرۇغانىكەن. بىر مۇنارنىڭ ھەممە يېرى 2.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئالتۇن تاختا بىلەن قاپلانغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ئالتۇن رەڭدىن باشقا ھېچقانداق رەڭ كۆزگە چېلىقمايدىكەن. يەنە بىر مۇنارمۇ ئوخشاش قېلىنلىقتىكى كۈمۈش تاختا بىلەن قاپلانغانىكەن. بۇ چەمبەرسىمان مۇنارلارنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ئالتۇن قوڭغۇراق ۋە كۈمۈش قوڭغۇراقلار شامالدا جىرىڭلاپ تۇرىدىكەن. ھەر ئىككى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى ئون قەدەمگە يېتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پارقىرىغان جۇلالىسى بۇ ئەتراپقا ھەي-

ۋەتلىك گۈزەل بىر تۇس بېرىپ تۇرىدىكەن.

پادىشاھنىڭ قەبرىسىگىمۇ يېرىمى ئالتۇن، يېرىمى كۈمۈش مېتال قاپلانغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ روھىنى كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان قىلىش مەقسىتىدە، پادىشاھ كىشىلەرگە شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغانىكەن.

ئۇلۇغ خان بۇ شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈش قارارىغا كېلىپ، شۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن باتۇر بىر سىپاھگەرنى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شۇ يەرگە ئەۋەتتى. قوشۇن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بىرقانچە مۇنەججىم ۋە باخشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقتى. بۇنداق ئادەملەر خان ئوردىسىدا ناھايىتى كۆپ ئىدى. قوشۇن شەھەرگە كىرىۋېتىپ رومبىسىمان كونۇس شەكىللىك چىرايلىق ياسالغان ئىككى مۇنارنىڭ نۇر چاقنىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. لېكىن پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغۇچە ئۇلار بۇنىڭغا چېقىلمىدى. بىراۋ بۇ ئىككى مۇنارنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھنى تەۋازۇر بىلەن خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغانلىقىنى خانغا مەلۇم قىلغانىدى، خان ئۇنىڭغا تېگىشكە رۇخسەت قىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا قىلچە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكىمۇ يول قويمىدى. چۈنكى تاتارلار ئۆلگەن ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىپ ئادەتلەنگەنىدى. بۇ ئەلدە نۇرغۇن پىل ۋە چىرايلىق ياۋا كالىلار، قىزىل بۇغا، سېرىق بۇغا ۋە باشقا ھايۋانلار ياشايدىكەن.

## ئەللىك بەشىنچى باب

## بېنگال ئۆلكىسى

بېنگال (لائوس، Bengal، Bəngala) ئۆلكىسى جەنۇبقا جايلاشقان. ماركوپولو ئۇلۇغ خان ئوردىسىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغىنىدا، بۇ يەر باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، تېخى ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى. چۈنكى بۇ دۆلەت ناھايىتى قۇدرەتلىك، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پادىشاھىمۇ تەسىرى ناھايىتى چوڭ ھوقۇقدار ئىدى. شۇڭا ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنى بۇ دۆلەتنى بويسۇندۇرۇش يولىدا خېلى ئۇزاق ۋاقىت ھەرىكەت قىلدى.

بۇ دۆلەتتە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىل قوللىنىلىدۇ. خەلقى پۈتۈنلەي بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ كاللىرى پىلدەك زور بولمىسىمۇ، لېكىن پىلدەك ئېگىز كېلىدۇ. ئاھالىسى گۆش، سۈت ۋە گۈرۈچ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بۇنداق زىرائەت بۇ يەردە ناھايىتى مول. شۇنىڭدەك بۇ يەردە يەنە كۆپلەپ كېۋەزمۇ تېرىلىدۇ. سودىمۇ خېلى گۈللەنگەن. يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن جۇڭگو سۇمبۇلى، ئېگىر، زەنجىۋىل، شېكەر ۋە ھەر خىل دورا-دەرمانلار چىقىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، سودىگەرلەر ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە كېلىدۇ.

بۇ دۆلەتتە يەنە نۇرغۇنلىغان ئاختا قىلىنغان ئادەم-

لەرمۇ ئۇچرايدۇ، سودىگەرلەر بۇ ئاختا قىلىنغان ئادەملەرنىمۇ① قۇللار قاتارىدا سېتىۋالىدۇ. پادىشاھلار ۋە مەرتىۋىلىك ئادەملەر ئۆز خوتۇنلىرىغا مۇشۇ ئادەملەر ئارقىلىق نازارەت قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن، سودىگەر ئۇ ئادەملەرنى باشقا كىنەزلىكلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. بۇ ئۆلكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كۈنلۈك يولدەك كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ھىندىچىنى(بۈگۈنكى ۋيېتنام (Kang-gu) دېگەن بىر دۆلەتكە تۇتىشىدۇ.

## ئەللىك ئالتىنچى باب

## ھىندىچىنى دۆلىتى

ھىندىچىنى دۆلىتى شەرقتە جايلاشقان بىر ئۆلكە بولۇپ، ئۇنى بىر كىنەز ئىدارە قىلىدۇ. خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قوللىنىدىغان ئالاھىدە تىلى بولۇپ، ئۇلۇغ خانغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بويسۇنغان، ئۇلار خانغا ھەر يىلى خىراج تۆلەپ تۇرىدۇ. بۇ كىنەز شەھۋەتپەرەسلىكتە بەكمۇ ئېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، تەخمىنەن 300 چە بېكەچ ساقلايدۇ ھەمدە نەدە بىرەر چىرايلىق خوتۇن بارلىقىنى ئاڭلىغان ھامان، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى بېكەچلىككە ئالىدۇ.

بۇ ئەلدىن ئالتۇن كۆپ چىقىدۇ، خىلمۇخىل دورا-دەرمانلارمۇ چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاش-

① ھەرەم بېگى، ھەرەم ئاغىسى — تەرجىماندىن.

قان ھەم دېڭىزغا يىراق بولغاچقا بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ
باھاسى ناھايىتى ئەرزان. بۇ يەردە پىل ناھايىتى كۆپ،
باشقا خىلمۇخىل ھايۋانلارمۇ نۇرغۇن. ئاھالە گۈرۈچ ۋە
سۆتنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇلار ئۈزۈمدىن ھاراق
چىقارماي بەلكى گۈرۈچتىن ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلغان بىر
خىل دورا - دەرماندىن ھاراق چىقىرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەممە
ئەر - ئاياللىرى بەدىنىگە سىزىقلىق سۈرەت چۈشۈرۈشكە
ئادەتلەنگەن بولۇپ، بەدىنىگە يىڭنە سانجىپ، ئۇچار -
قانات ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇلار
ئىچىدە بەدەنگە سۈرەت چۈشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
نۇرغۇن ئادەملەر بار بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ قول -
بىلەكلىرى، پۇت - پاچاقلىرى، ۋە كۆكسىنى مۇشۇنداق
سۈرەتلەر بىلەن بېزەيدۇ ۋە بۇنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر
كەسپى دەپ بىلىدۇ. يىڭنە سانجىپ چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەر
ئۈستىگە بىر خىل قارا رەڭ سۈرتۈلسە، ئۇ سۈرەتلەرنى سۇ
ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسە بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى
بولمايدۇ. بەدىنىگە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەرنىڭ تۈرى ئەڭ
كۆپ ئادەملەر ئەڭ چىرايلىق ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ.

## ئەللىك يەتتىنچى باب

### ئامو ۋىلايىتى

ئامۇ (Amu) ۋىلايىتىمۇ شەرققە جايلاشقان بولۇپ،
ئۇنىڭ خەلقى ئۇلۇغ خانغا تەۋە. ئۇلار ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ

گۆشنى ۋە مېۋىلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە خاس بىر خىل ئالاھىدە تىلنى قوللىنىدۇ. بۇ يەردىن تۇركۇم ـ تۇركۇم ئات، كالاچىقىدۇ. سودىگەرلەر ئۇنى سېتىۋېلىپ، ھىندىستانغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. بۇ يەردە ئوتلىرى بولۇق ئۆسكەن ئوتلاقلار جايلاشقان. شۇڭا بۇ يەرنىڭ سۈپىتى سېرىق كالىلارغا ئوخشاش ئۇرغۇن.

ئەر ـ ئاياللار قول بېغىشلىرىغا، بىلەكلىرىگە ئالتۇن ـ كۆمۈش ھالقىلار ئېسىۋالىدۇ، لېكىن خوتۇن ـ قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئېغىمۇ قىممەتكە توختايدۇ.

بۇ ئۆلكە ھىندىچىنى دۆلىتىدىن 25 كۈنلۈك يول ئارىلىقىدىكى يىراقتا جايلاشقان. بۇ يەردىن بېنگال ئۆلكىسىگە بېرىش ئۈچۈن 20 كۈن يول بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئەمدى تولومان (Tholuman) دېگەن ئاتالغان بىر ئۆلكە ئۈستىدە توختىلىمىز. بېنگالدىن بۇ ئۆلكىگە بېرىش ئۈچۈن سەككىز كۈنلۈك يول بېسىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئەللىك سەككىزىنچى باب

## تولومان ۋىلايىتى

تولومان (Tholuman) ۋىلايىتى شەرققە جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى بۇددىست، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىلنى قوللىنىدۇ. ئۇلارمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقرالىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار زەبەردەست، كۆركەم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتى ئانچە ئاق كەلمەيدۇ، قارامتۇل قىزىلغا

مايىلراق كېلىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە ئادىل، ئۇرۇشتا قەھرىمان كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە قەلئەلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا جايلاشقان. ئۇلار ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، كۆيۈپ بولمىغان ئۇستىخانلىرىنى ياغاچ ساندۇق بىلەن تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن تاش غارلارنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىدۇ.

بۇ يەردىن ئالتۇن ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. ئۇلار پۇل ئورنىدا ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن قۇلۇلە قاپلىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇنداق پۇللار باشتا بايان قىلىنغان كاڭگۇي ۋە ئامۇ ئۆلكىلىرىدە ئاقىدۇ. ئۇلار گۆش، گۈرۈچ ۋە سۈتنى يېمەك - ئىچمەك قىلىدۇ.

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

### چىنتىگۇي، چىڭدۇ، جوجۇ (Gingui) ۋە خاخەنفۇ

ھەر ئىككى قېشىغا نۇرغۇن شەھەر - راباتلار جايلاشقان دەريانى ياقىلاپ 12 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر چوڭ گۈزەل شەھەر چىنتىگۇي (Chintigui) گە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى سودىگەرلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار مەلۇم بىر خىل دەرەخ قوۋزىقىدىن ئەر - ئاياللار كىيىدىغان ئاددىي يازلىق كىيىم تەييارلايدىكەن — قارىماققا كىشىنى خېلى قانائەتلەندۈرىدۇ. ئەرلىرى باتۇر ئەسكەرلىككە يارايدۇ.

ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ تامغىسى بېسىلغان قەغەز پۇلدىن باشقا ھېچقانداق پۇلنى ئىشلەتمەيدۇ.

بۇ ئۆلكىدىن چىقىدىغان يولۋاسنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. يەرلىك خەلق يولۋاستىن قورقىدىغان بولغاچقا، كېچىلىرى شەھەر-راباتلارنىڭ سىرتىدا يېتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كېمىدە قاتنايدىغانلارمۇ كېمىلىرىنى دەريالارغا يېقىن ياندىش جايلاردا توختىتىشقا پېتىنالمايدۇ. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، يولۋاس سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ كېمىگە چىقىدۇ-دە، ئادەمنى سۆرەپ چىقىپ يالماۋىتىدۇ.

بۇ ئۆلكىدىن يەنە دۇنيا بويىچە ئەڭ دەھشەتلىك ئىتمۇ چىقىدۇ. بۇنداق ئىت ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك ۋە كۈچلۈك. بىر ئادەمنىڭ ئەگەر مۇشۇنداق ئىككى ئىتى بولسا، ئۇ بىر يولۋاسنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدۇ. بىر ئادەم قولىغا ئوقيا ئالغاچ، بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈۋالسا، يولۋاس ئۇچراپ قالغان تەقدىردە قورقماس ئىتلىرىنى قويۇۋېتىپ يولۋاسنى تالىتىدۇ. بۇنداق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان يولۋاس تەبىئىي ھالدا بىر دەرەخنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. دەرەخكە ئارقىسىنى قىلىپ زوڭزىيىۋالىدۇ-دە، ئىتنى ئارقىسىغا يولاتماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدۇ. يولۋاستا مۇشۇنداق ئاڭ بولغاچقا، ئىتنى كۆرگەن ھامان دەرەخ تەرەپكە ماڭىدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىز يۈگۈرمەي ھېچنېمىدىن قورقمىغاندەك ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭىدۇ. لېكىن يولۋاسنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانغان ئىت، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئالغا كېتىۋاتقان يولۋاسقا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئادەممۇ ئارقىدىن

ئۇنىڭغا ئوقيا ئۈزىدۇ. يولۋاس ئىتنى تۇتۇۋېلىشقا تەمشەت
لىدۇ، ئەمما ئىت ئۇنىڭدىن چاققان كېلىپ دەرھال ئۆزىنى
دالدىغا ئالىدۇ. ئاڭغىچە يولۋاس نۇرغۇن ئوق تېگىپ ۋە
ئىتنىڭ ھەدەپ تالىشى بىلەن زەخىملىنىپ قانسىرىغانلىقتىن
ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يولۋاس
ئاخىر قولغا چۈشىدۇ.
بۇ يەرنىڭ تاۋار - دۇردۇن توقۇمىچىلىقى ناھايىتى
تەرەققىي قىلغانلىقتىن، مەھسۇلاتلىرى نۇرغۇن شەھەر -
راباتلار ۋە قورغانلارنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ئارقىلىق
جاي - جايلارغا كۆپلەپ توشۇپ بېرىلىپ سېتىلىدۇ. بۇ
يەرنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي سودا - سېتىققا تايىنىپ تۇرمۇش
كەچۈرىدۇ. بىز سەپىرىمىزنىڭ 12 - كۈنى كەچقۇرۇن
چېڭدۇ (Sindiu - fu) شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنىدۇق. بۇ،
تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. بۇ يەردىن چىقىپ يەنە 20 كۈن
يول مېڭىپ جوجۇ (Gin - gui) غا ئاندىن يەنە داۋاملىق
تۆت كۈن مېڭىپ خاخەنفۇ (Panzanfu) ۋىلايىتىگە يېتىپ
كەلدۇق. بۇ يەر كىدان ئۆلكىسىگە تەۋە بولۇپ، ئورنى
جەنۇبقا جايلاشقان. بۇ قېتىم مۇشۇ ئۆلكىنىڭ باشقا بىر
تەرىپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يەنە شۇ يەرگە قايتىپ كەلدۇق.
بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۆلگەن
ئادەملەرنى ئوتقا دەپنە قىلىدۇ. ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ
پۇقراسى بولۇپ، ئۇلۇغ خاننىڭ قەغەز پۇلىنى خەجلەيدۇ.
ئاھالە سودىغا ۋە سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.
بۇ يەردىن ناھايىتى كۆپ يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، يىپەك
تىن ۋە كالۋۇتوندىن ئېسىل رەخت ۋە چىرايلىق رومال

توقۇلىدۇ، بۇ شەھەر نۇرغۇن شەھەر-راباتلارنى ۋە قورغانلارنى قانۇنىي جەھەتتە ئىدارە قىلىدىغان ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، چوڭ بىر دەريا مۇشۇ شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. نۇرغۇن تاۋارلار مۇشۇ سۇ يولى ئارقىلىق خانبالىققا توشۇلىدۇ. بۇ يەرگە نۇرغۇن قانال قېزىلغاچقا، بۇ شەھەر پايتەختنىڭ دەريالىرىغا تۇتىشىپ، قاتناش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. لېكىن بىز بۇ شەھەردىن چىقىپ داۋاملىق ئۈچ كۈن يول باسقاندىن كېيىن باشقا بىر مەشھۇر شەھەرگە — جىنجۇ (Chan - glu) غا يېتىپ كەلدۇق.

## ئاتمىشىنچى باب

### جىنجۇ

جىنجۇ — جەنۇبقا جايلاشقان، چوڭ بىر شەھەر، ئۇ كىمدان ئۆلكىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۆلگەنلەر ئوتقا دەپنە قىلىنىدۇ. پادىشاھنىڭ تامغىسى بېسىلغان پۇل ئاھالە ئىچىدە ئاقىدۇ.

بۇ شەھەردىن ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن نۇرغۇن تۇز ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: بۇ يەرنىڭ توپىسى تۇزلۇق كېلىدۇ. ئاھالە بۇ توپىنى دۆۋىلەپ ئۈستىگە سۇ تۆكىدۇ. سۇ توپىغا سىڭىپ كىرىپ تۇزنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ؛ ئاندىن سۇ بىر ئوقۇردا تىندۇرۇلۇپ، چوڭقۇرلۇقى 12 سانتىمېتىردىن ئاشمايدىغان چوڭ قازانغا

باشلىنىدۇ. سۇ قازاندا پۈتۈنلەي پارغا ئايلىنىپ بولغۇچە قاينىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كرىستاللغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنداق تەييارلانغان تۇز ئاق ھەم سۈپەتلىك بولۇپ، جاي - جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. تۇزچى سودىگەرلەر ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. ئۇلۇغ خانمۇ ئۇنىڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن باج پۇلى كىرىم قىلىدۇ.

بۇ جايدىن يەنە مېۋىسى چوڭ، تەملىك كەلگەن بىر خىل شاپتۇل كۆپ چىقىدۇ. بىر شاپتۇلنىڭ ئېغىرلىقى 0.9 كىلوگرام كېلىدۇ. ئەمدى بىز لىنچىڭ (Chan - gli) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر شەھەرنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئاتمىش بىرىنچى باب

### لىنگچىڭ، جىنەن ۋىلايەتلىرىدە بولغان بىر قىممەتلىك تۇپراق

لىنگچىڭ (Chan - gli) مۇ كىدانىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، جەنۇبقا جايلاشقان. ئۇ ئۇلۇغ خانغا تەۋە. ئاھالىسىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ خاننىڭ قەغەز پۇلىنى ئىشلىتىدۇ. جىنجۇدىن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى بەش كۈنلۈك يولغا تەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بارغۇچە بېسىپ ئۆتۈلىدىغان نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ۋە قورغانلارمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنى، بۇ يەرلەر سودا تازا گۈللەنگەن جايلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن باج كىرىمى يىغىۋېلىنىدۇ.

بۇ يەرنى ھەم چوڭقۇر ھەم كەڭ بىر دەريا كېسىپ

ئۆتىدۇ، بۇ يەرنىڭ يىپەك، دورا - دەرمان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا توشۇش قىممىتى بار ماللىرىنى توشۇشقا ئامانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمدى بىز بۇ يەرنى تاشلاپ قويۇپ، جىنەن (Tŭdin – fŭ) دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر شەھەرنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

لىنگچيڭ شەھىرىدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ ئالتە كۈن يول بېسىپ، نۇرغۇن مۇھىم ۋە چىرايلىق شەھەر - راباتلار ھەم ھەيۋەتلىك قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۆلۈكلەرنى ئوتقا دەپ قىلىدۇ. ئۇلار سانائەت ۋە سودىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يىپەك - ئىچمىكى ئىنتايىن مول. بىز مۇشۇنداق ئالتە كۈن مېڭىپ كەچتە جىنەن ۋىلايىتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئىلگىرى بۇ يەر كاتتا، گۈزەل بىر پايتەخت بولغانىكەن، ئۇلۇغ خان ئۇنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپى باغ بولۇپ، شەھەرنى گۈزەل ئورمانلار ۋە مول بىلىشات مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز چىقىدىغان باغلار ئىھاتە قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ يەر ئوۋ ئوۋلاپ ئولتۇرۇشقا تازا لايىق جاي ئىكەن. بۇ يەردىن چىقىدىغان يىپەك مەھسۇلاتى ئاجايىپ جىق ئىكەن. ئەدلىيە جىنەنتە، بۇ شەھەر ئىمپېرىيىنىڭ 11- شەھىرىنى ۋە خېلى نۇرغۇن يېزىلىرىنى ئىدارە قىلىدىكەن. بۇ، سودىگەرلىك، بولۇپمۇ يىپەكچىلىك تازا تەرەققىي قىلغان جاي ئىكەن. بۇ يەر ئۇلۇغ خان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۆز كىنەزىنىڭ ھۆكۈمىتى جايلاشقان يەر

يەتكەن.

1273-يىلى ئۇلۇغ خان پادىشاھ لى چەن (Lucansor) دېگەن ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك سانغۇننى بۇ شەھەرنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىگەن ۋە ئۇنى 70 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن مۇشۇ زېمىننى قوغداشقا بۇيرۇغان. لى چەن ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتقا باي مۇشۇنداق بىر رايونغا ھۆكۈمران بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىچىۋالا زور ھەربىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلماي ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇلۇغ خاندىن يۈز ئۆرۈش قەستىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ مۇشۇ قارانىيىتى بىلەن شەھەردىكى مۇھىم ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئاسىيلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇرۇپتۇ. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەممە شەھەر-راباتلىرى ۋە قەلئەلىرى بىردىنلا قوزغىلىپ ئۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپتۇ.

ئۇلۇغ خان بۇ ھەرىكەتلەر ھەققىدە مەلۇمات ئالغىنىدىن كېيىن، ئىككى سەركەردىنى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ بىرى ئاشۇ (Angul)، يەنە بىرى مۆڭگۈتاي (Mongatai) ئىدى. لى چەن ئۇلۇغ خان قوشۇنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، سان جەھەتتە دۈشمەن قوشۇنىدىن قېلىشمايدىغان بىر قوشۇن توپلىدى ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۇلارنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. لېكىن لى چەن ئاخىر ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈ-

روۋلۇپ، قوشۇن تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەتتى. قالغان قاتتان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوغلاپ كېتىۋېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندى. بەزىسى تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى. بارلىق ئەسىرلەر سوراققا تارتىش ئۈچۈن ئۇلۇغ خان ھۇزۇرىغا ھەيدەپ بېرىلدى. ئۇلۇغ خان باش جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش، باشقا ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلىشنى بۇيرۇدى ھەمدە ئۇلارغا داۋاملىق خىزمەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلارمۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلۇغ خانغا ساداقەت كۆرسەتتى.

## ئاتمىش ئىككىنچى باب

### دۇگېپىك ۋىلايىتى

جىنەن ۋىلايىتىدىن چىقىپ جەنۇبقا ئۈچ كۈن مېڭىپ، يول ئۈستىدە سودا ـ سانائىتى گۈللەنگەن نۇرغۇن چوڭ شەھەر ـ بازارلار ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولغان قەلئەلەر بېسىپ ئۆتۈلدى. بۇ يەرلەردە ئۇچار ـ قانات ۋە باشقا ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. كۈندىلىك تۇرمۇشقا زۆرۈر بۇيۇملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە تەمىنلەش ئىشلىرىمۇ مول ئىكەن.

بىز سەپەرنىڭ 3 ـ كۈنى كېچىسى دۇگىپىك (Singuimatu) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ، ھەيۋەت ۋە گۈزەل چوڭ شەھەردە تاۋارلار ۋە ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارمۇ ناھايىتى مول ئىكەن. بارلىق ئاھالە

بۇددىستلاردىن بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى ئىكەن، ئۇلۇغ خان چىقارغان قەغەز پۇلنى ئىشلىتىدىكەن. بۇ شەھەرنى سۈيى چوڭقۇر ۋە كەڭ بىر دەريا كېسىپ ئۆتىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇ دەريانى ئىككى ئاناتقا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى شەرققە باشلاپ كىداندىن ئۆتىدىغان، يەنە بىر قىسمىنى غەربكە باشلاپ، مەنزىلەر ئۆلكىسىگە بارىدىغان قىلىپتۇ. دەريا يۈزىدىن كېمە ـ قېيىقلار ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىكەن. كېمە ـ قېيىقلارنىڭ كۆپلۈكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ دەريا مۇشۇ ئەتراپتىكى ئىككى ئۆلكىنىڭ دەريا قاتنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپتۇ. كىشى دەريا ئۈستىدىن موكىدەك ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغان كېمە ـ قېيىقلارنى كۆزەتسە ئۇلار توشۇۋاتقان قىممەتلىك تاۋارلارنىڭ سانى ۋە تونناژىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالىدۇ.

## ئاتمىش ئۈچىنچى باب

### لىڭجۇ ۋىلايىتى ۋە پىجۇ شەھىرى

دۇڭپىڭ ۋىلايىتىدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ 16 كۈن يول يۈرۈپ، يول ئۈستىدە سان ـ ساناقسىز سودا شەھەرلىرى ۋە قەلئە ـ قورغانلارنى بېسىپ ئۆتتۇق. سەپىرىمىزنىڭ 8 ـ كۈنى كەچقۇرۇن لىڭجۇ (Lingui) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنى كۆردۇق. بۇ ھەيۋەتلىك گۈزەل چوڭ شەھەرنىڭ سانائىتى ۋە سودا ئىشلىرى بار بولۇپ، خەلقى ئۇرۇشقاق كېلىدىكەن.

بۇ يەردىن نۇرغۇن مىليۆنلار چىقىدىكەن، ئۇنىڭدىكى يېمەك - ئىچمەكلەرمۇ ناھايىتى مول ئىكەن. بىز لىنگجۇدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ سەپىرىمىز داۋامىدا ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ۋە شەھەر - قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۆلۈكلەرنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن. سەپىرىمىزنىڭ 3 - كۈنى كەچقۇرۇندا ئالىي دەرىجىلىك بىر شەھەرگە يەنى پىجۇ (Pingui) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردە تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەممە بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئۇلۇغ خانغا نۇرغۇن باج تاپشۇرۇلىدىكەن. بۇ يەردىن چىقىپ ئىككى كۈن يول مېڭىپ بەزىبىر باياشات جايلارنى بېسىپ ئۆتكىنىمىزدىن كېيىن شىجۇ (Cingui) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ، بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىكەن. ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغانلار بولۇپ، ئۆلگەن ئادەملەرنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن. ئۇلارمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ قەغەز پۇلنى ئىشلىتىدىغان پۇقرالار ئىكەن. ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان دانلىق زىرائەتلەر ۋە بۇغداينىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. كېيىن بېسىپ ئۆتكەن جايلاردىمۇ نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ۋە قەلئە - قورغانلارنى ھەمدە چىرايلىق ۋە كىشىگە ئەسقاتىدىغان ياخشى ئىشلارنى كۆردۇق. بۇ يەردىن بۇغداي جىق چىقىدىكەن، بۇ جايلارنىڭ خەلقىمۇ ھېلىقى تەسۋىرلەنگەن خەلقلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

## ئاتمىش تۆتىنچى باب

### خۇاڭخې دەرياسى، خۇەيئەن ۋىلايىتى ۋە خەيجۇ شەھرى

ئىككى كۈن يول يۈرگىنىمىزدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم خۇاڭخې (Kara - moran) دەرياسىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ مەنبەسى ئاقساقال يۇھانىنىڭ زېمىنىدا ئىكەن. دەريا يۈزى 1.6 كىلومېتىر، ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر. چوڭ كېمىلەر لىققىدە مال بېسىپ خۇاڭخې دەرياسىدا بىمالال يۈرەلەيدۇ. كىشىلەر دەريادىن ناھايىتى كۆپ بېلىق تۇتىدۇ.

بۇ دەريا ـ دېڭىزدىن تەخمىنەن 1.4 كىلومېتىر يىراق يەرگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە 15 مىڭ كېمە توختايدىغان پىرىستان بار. ھەربىر كېمىگە كېمىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ زۆرۈر لازىمەتلىك نەرسە ـ كېرەكلىرى سىغقانىنىڭ سىرتىدا، يەنە 15 ئات ۋە 20 ئادەممۇ سىغىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەمىشە تەييار تۇرىدۇ. مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ ھەرقانداق بىر ئارىلىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلسە، كېمىلەر دەرھال قوشۇننى شۇ يەرگە توشۇپ، بارىدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق بولغان جازالاش رايونىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ كېمىلەر دەريا ياقىسىغا ياندىش يەردە توختاپ تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ قارشىسى قىرغىقىغا بولسا خەيجۇ (Kuan-zu) شەھرى

جايلاشقان. ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلاردا ۋە قارشى تەرەپنىڭ يەرلىرى ھەم ئارىلىقتىكى جايلار ئۈستىدە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى ئۇنى بايان قىلمۇۋەرسەك كىتابىمىزنىڭ بابلىرى ئۇزىراپ كېتىپ كىتابخانلىرىمىزنى بەزدۈرىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەرلەر ئۈستىدە توختالمىدۇق. بىز داۋاملىق تۈردە ئۇلۇغ خاننىڭ مەنزىلەر ئۆلكىسىنى قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈستىدە ئاندىن ئۇنىڭغا قاراشلىق شەھەرلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ شەھەرلەرنىڭ كاتتىلىقى ۋە باياشاتلىقى ئۈستىدە بولسا، كىتابىمىزنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا توختىلىمىز.

## ئاتمىش بەشىنچى باب

### كاتتا ھەم گۈزەل مەنزى ئۆلكىسى ۋە ئۇلۇغ خاننىڭ بۇ ئۆلكىنى بويسۇندۇرۇش ئەھۋالى

مەنزى (Manji) ئۆلكىسى بولسا شەرقىي دۇنيانىڭ كۆپچىلىككە ئايان بولغان ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ باي رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا پەغفۇر (بۇ مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەر ۋە باشقا شەرق ئەللىرىنىڭ جۇڭگو پادىشاھىغا قويغان نامى. ئۇلار جۇڭگو پادىشاھىنى تاتار پادىشاھىدىن ئاشۇ نام ئارقىلىق پەرقلەندۈرىدۇ. ئەينى زاماندا جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دۇزۇڭ ) دەپ ئاتالغان بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە بايلىقى ئۇلۇغ

خانلىقىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، باشقا ھەممە پادىشاھلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇ مۇلايىم، رەھىمدىل ۋە مېھرىبان بولۇپ، خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئۇنىڭ خاندانلىقىنى ئەڭ كەڭ بىر دەريا (چاڭجياڭ دەرياسى) ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، مۇداپىئەسى قۇدرەتلىك ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، بۇ دەريا تەبىئىي توسىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ بىرەر سىرتقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقمايتتى، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. شۇڭا ھېچقانداق ئاتلىق قوشۇن تۇتماي، كۆنبويى ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ چەكسىز كەيپ - ساپا سۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىدا مىڭلىغان نازىنىنلار ئۇنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. ئۇ تىنچلىق ۋە ئادالەتنى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ، تىنچلىق ۋە ئادالەت مەيداندا چىڭ تۇراتتى. بىر ئادەم باشقا بىر كىشىگە سەللا زۇلۇم قىلسا ياكى ھەرقانداق دەخلى - تەرۇز قىلسا، ئۇنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە جازاسىغا ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئادىللىقى كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئىچى لىقمۇ لىق مالغا تولغان دۇكانىنىڭ ئىشىكى ئەگەر خوجايىنىنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئېتىلمەي ئوچۇق قالسىمۇ، ھېچكىم بۇ دۇكانغا كىرىپ ئەڭ كىچىك بىر نەرسىنىمۇ ئېلىپ ياكى ئوغرىلاپ كەتمەيتتى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سەيياھلار بۇ خاندانلىقنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن كېچە - كۈندۈز ئايىغى ئۈزۈلمەي ئەركىن ئۆتۈپ تۇراتتى. لېكىن

ئۇلار قانداقتۇر بىر خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كېلىشتىن ئەنسىرىمەيتتى. بۇ پادىشاھ دىنىي ئىشلارغا قىزغىن ۋە ناھايىتى رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئىدى. ئانىسى بېقىشقا قۇربى يەتمەي تاشلىۋەتكەن ئىگە - چاقىسىز بالىلارنى قۇتقۇزۇپ بېقىشقا بۇيرۇيتتى. بېقىلىدىغان بالىلار ھەر يىلى 20 نەچچە مىڭغا يېتەتتى. بۇنداق ئوغۇل بالىلار ياش - قۇرامىغا يەتكەندە ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگىتىشكە مەخسۇس كىشىلەرنى تەيىنلەيتتى ۋە بېقىلىۋاتقان ياش قىزلار ئىچىدىن لايىق تېپىپ ئۇلارنى ئۆيلەپ قوياتتى.

تاتارلار پادىشاھى قۇبىلاينىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە ئادىتى پەغفۇرنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ھەۋىسى ھەربىي ئىشلار، شەھەر - زېمىنلارنى ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ داڭقىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىلغانىدى. ئۇ نۇرغۇن ئۆلكىلەر ۋە كىنەزلىكلەرنى يۇتۇپ، زېمىنىنى كۈنسايىن كېڭەيتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ، ئۆزىنىڭ نەزىرىنى مەنزى خانلىقىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى بېسىۋېلىشنى قەستلەيتتى. شۇڭا ئۇ ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى زور بىر قوشۇن يىغىپ، بايان (Chin-san Bay-an) دەپ ئاتالغان بىر سانغۇننى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ، جەنۇبتا يۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ سانغۇننىڭ «بايان» دېگەن نامى بىزنىڭ تىلىمىزدا «يۈز - كۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ۋەقە 1268 - يىلى يۈز بەردى.

سانغۇن بايان نۇرغۇن ئۇرۇش كېمىلىرىنى باشلاپ، دەريا يولى ئارقىلىق دەبدەبە بىلەن مەنزى خانلىقىغا

باستۇرۇپ كەلدى. بايانىنىڭ قوشۇنى ۋە ۋۇرۇق مۇقىلىپ چىقىپ بولۇپلا خۇۋېيېن ۋىلايىتى (Koi - gan - zu) نىڭ ئاھالىسىگە ئاخىرقى باياناتىنى تاپشۇرغان. ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇپ، تاتار پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن شەھەر ئاھالىسى تەسلىم بولۇشنى خالىمىدى. بايان ئوت قويۇپ شەھەردىن ئۆتتى. ئەمما شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى تارقاتماي تۇرۇپلا داۋاملىق تۆردە ئىككىنچى بىر شەھەرگە باستۇرۇپ كىلىپ، يەنىلا ئوخشاش تەلەپنى قويدى. نەتىجىدە شەھەر ئاھالىسىنىڭ بەرگەن جاۋابىمۇ خۇددى باشتىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ بەرگەن جاۋابىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ چىقتى. ئۇلۇغ خان گەرچە ئىچكى جايلاردىن شۇ قەدەر نۇرغۇن ساندا ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ، بۇ قوشۇننىڭ ئۇزاق ئۆتمەي دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئېلىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، شۇنچىۋالا نۇرغۇن تەسلىم بولمىغان شەھەرنىڭ ئىشىنىڭ كېيىن ھەل قىلىشقا قالدۇرۇلۇشىنى نامۇۋاپىق دەپ بىلدى-دە، بۇ شەھەرلەردىن بىرنى بويسۇندۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ۋە يۈكسەك تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، ئاخىر ئۇ شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. شەھەرگە بۆسۈپ كىرگەن تاتار قوشۇنلىرى ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمنى ساق قويماي قىرىپ تاشلىدى.

بۇ يامان خەۋەر تېزلىكتە ئەتراپقا تارقىلىپ، باشقا شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغانلىقتىن، ئۇلار كەينى-كەينىدىن تەسلىم بولۇپ پۇقرا بولىدىغان-

لىقىنى جاكارلىدى. ئۇلۇغ خاننىڭ بۇ ستراتېگىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققانلىقتىن، ئۇ دەرھال كونا - يېڭى قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەتتى ۋە پەغفۇرنىڭ پايتەختىگە (ھازىرقى خاڭجۇ—Kinsai)-غا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ پادىشاھ زادىلا ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان ۋە ھېچقانداق جەڭ سېپى تۈزمىگەنلىكتىن قاتتىق سارا سىمىگە چۈشۈپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇلغان ئۇرۇش كېمىسىگە قېچىپ كىرىۋېلىپ، پايتەختنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى خانىشقا تاشلاپ بەردى - دە، ئۇنى بارلىق كۈچى بىلەن شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ، ئەگەر خانىش دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ئايال بولغانلىقتىن ئۆلمەي ساق قالىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كېمە بىلەن دېڭىزدىن ئۆتتى - دە، قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن بىر ئارالغا يېرىۋالدى ۋە ئۆلگەنگە قەدەر شۇ يەردىن چىقماي يېتىۋەردى①.

شۇنداق قىلىپ، خانىش خەۋپ ئىچىدە قالغان پايتەختنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغانىدى. ئاڭلىشىمىزچە، خانىش مۇنەججىملەرنىڭ پادىشاھقا: پەقەت يۈز كۆزلۈك سەركەردىدىن باشقا ھېچكىم بۇ پايتەختنى ئالالمايدۇ، دېگىنىنى

① بۇ مۇجەتتە ئېيتىلغىنى شېنجۇڭ دەپ ئاتالغان سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دۇزۇڭ بولۇپ (1365 — 1374 - يىللار)، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندىلا ئۆلگەنىدى. كېيىنچە ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغىنى بولسا كېنەز ۋېي ۋاڭ. — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئاڭلىغانىكەن. بۇ چاغدا پايتەخت ئېغىر خەۋپ ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خانىش ھېلىقى بېشارەت بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، پايتەختنىڭ ھەرگىزمۇ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ ئۆزىچە: ئاددىي بىر ئادەمنىڭ نەدە يۈز كۆزى بولسۇن؟ دەپ ئويلايدىكەن. ئەمما ئۇ دۈشمەن قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان سەركەردىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرگەنىدە، كىشىلەر ئۇنىڭغا: ئۇ ئادەم بولسا بايان، ئۇنىڭ نامى «يۈز كۆزلۈك ئادەم» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىنلا خانىشنىڭ قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالماپتۇ. چۈنكى ئۇ، مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتقان سۆزى بويىچە «بۇ ئادەم دەل پادىشاھنى تەختتىن ھەيدىۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ» دەپ ئىشىنىدىكەن. ئۇ ئامەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، دەرھال قورالىنى تاشلاپ، شەھەردىن چىقىپلا تەسلىم بوپتۇ.

تاتارلار پايتەختنى ھۇجۇم بىلەن ئالغىنىدىن كېيىنلا، تەرەپ ـ تەرەپكە يۈلۈنۈپ، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ھەممە زېمىنىنى بويسۇندۇرۇپتۇ. خانىش ئاخىر قۇبلاي خانىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندە، خاننىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭدەك ئۇلۇغ خان بۇ خانىشقا بەلگىلىك پۇل بېرىپ، ئۇنىڭ خانىشلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپتۇ. بىز قۇبلاي خانىنىڭ مەنزىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ بولدۇق. ئەمدى بىز بۇ كىنەزلىكنىڭ باشقا شەھەرلىرىنى ئالدى بىلەن خۇەيئەن شەھىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشقا ئۆتىمىز.

## ئاتمىش ئالتىنچى باب

### خۇەيئەن شەھرى

خۇەيئەن شەھرى ناھايىتى گۈزەل ۋە باياشات شەھەر بولۇپ، ئۇ شەرقىي جەنۇب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە جايلاشقانىكەن. ئۇ مەنزىلەر دۆلىتىنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ جۇغراپىيەۋى ئورنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا جايلاشقانلىقتىن، خۇاڭخې دەرياسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغان كېمە - قېيىقلار موكىدەك ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. خۇەيئەن شەھرى تۈركۈم - تۈركۈم تاۋارلار زور مىقداردا توپلىنىدىغان جاي بولۇپ، ماللار بۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە توشۇلۇپ سېتىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردىن چىقىدىغان تۇزنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ تۇز بىلەن مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى تەمىنلىنىش بىلەنلا قالماي، يىراق - يېقىن جايلارغىمۇ ئاپىرىلىپ سېتىلىدىكەن. ئۇلۇغ خان مۇشۇ تۇز سودىسىدىن ناھايىتى زور مىقداردا باج ئېلىپ كىرىم قىلىدىكەن.

## ئاتمىش يەتتىنچى باب

### باۋيىڭ ۋىلايىتى ۋە گاۋيۇ

خۇەيئەن شەھرىدىن چىقىپ مەنزى ئۆلكىسىگە بارىدىغان ئاسما يول ئارقىلىق شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە

قاراپ بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن مەنزى ئۆلكىسىگە بارغىلى بولىدۇ. ئاسما يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە چەكسىز كەڭ كەتكەن كۆللەر جايلاشقان بولۇپ، بۇ كۆللەرنىڭ چوڭقۇر سۈيى كېمە ئارقىلىق قاتناشقا ئىمكان بېرىدۇ. كېمە ۋە چىغىر يوللاردىن باشقا، مەنزى ئۆلكىسىگە بارىدىغان يول يوق. ئۇلۇغ خاننىڭ كاتتا قوشۇنىنى باشلاپ ماڭغان سەركەردە دەل سۇ يولى ئارقىلىق مۇشۇ ئۆلكىگە بېسىپ كىرگەنىدى.

بىر كۈن يول يۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا، باۋيىنىڭ (Paughin) دېگەن چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۆلۈكلەرنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن، ئاھالە ئىشلىتىۋاتقان پۇلدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى ئىكەن. ئۇلار سودا ـ سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن، بۇ يەردىن ناھايىتى نۇرغۇن يىپەك چىقىدىكەن ھەمدە بۇ يىپەكلەردىن كالۋۇتون باستۇرۇلغان تەتىللار توقۇلىدىكەن. تۇرمۇشقا زۆرۈر لازىمەتلىك بۇيۇملار ناھايىتى مول ئىكەن.

باۋيىنىڭ ۋىلايىتىدىن بىر كۈنلۈك يول بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسىڭىز، قۇرۇلۇشلىرى ناھايىتى ئېسىل ھەم دائىرىسى كەڭ بولغان گىلۋىيۇ (City of Kain) دېگەن يەرگە بارسىز. بۇ يەرنىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، يىپەك كۆپ چىقىدىكەن، ئوۋ قىلىشقا يارايدىغان ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ ناھايىتى مول

ئىكەن. بولۇپمۇ قىرغاۋۇل ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر ۋېنىتسىيە كۈمۈش تەڭگىسىگە چوڭلۇقى توزدەك - توزدەك كېلىدىغان ئۈچ قىرغاۋۇل ئالغىلى بولىدىكەن.

## ئاتمىش سەككىزىنچى باب

## تىڭجۇ ۋە جىنجۇ ۋىلايەتلىرى ھەم ماركوپولو ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭجۇ شەھىرى

يۇقىرىقى جايلاردىن چىقىپ بىر كۈن يول ماڭغاچ، نۇرغۇن - يېزا كەنتلەر ۋە ئېتىزلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. كەچقۇرۇن تىڭجۇ (Tin-gui) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى ئانچە زور بولمىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشقا زۆرۈر ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ناھايىتى مول ئىكەن. ئاھالىسى سودىگەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن كېمىلىرى بولىدىكەن. ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ جىق چىقىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا — ئۇنىڭ سول تەرىپىدە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، ئۈچ كۈنلۈك يولنىڭ ئارىلىقىدەك يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دېڭىز بار. بۇ شەھەر بىلەن دېڭىز ياقىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى رايوندا نۇرغۇن تۇز چىقىدىغان مەيدانلار بولۇپ، بۇ يەرلەردىن نۇرغۇن تۇز ئېلىنىدۇ.

ئاندىن قۇرۇلۇشلىرى كۆركەم ۋە مۇكەممەل بولغان چوڭ بىر شەھەرگە — جىنجۇ (Chin-gui) غا يېتىپ

كەلدۇق. بۇ يەردىن ئېكسپورت قىلىنغان تۇزلار يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا يېتىدىكەن. ئۇلۇغ خاننىڭ بۇنداق دېڭىز تۇزىدىن كىرىم قىلغان باج پۇلىنىڭ كۆپلۈكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، قەغەز پۇل ئىشلىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پۇقراسى.

جېنجۇدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ داۋاملىق مېڭىۋەرسەك، مۇھىم شەھەر — ياڭجۇ (Yan-gui يەنى Yang-chau) شەھىرىگە يېتىپ بارىمىز. ئەدلىيە ئىشلىرى جەھەتتە ياڭجۇ 24 شەھەر - راباتنى ئىدارە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى خېلى مۇھىم شەھەر دەپ قاراش لازىم. ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا تەۋە. خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، سودا ۋە قول سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كىشىلەر ھەربىي قورال - ياراغ ۋە ھەربىيگە لازىملىق ھەرخىل بويۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن قوشۇنلار مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ.

بۇ شەھەر باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان 12 ئاقسۆڭەكنىڭ بىرى تۇرىدىغان جاي. ماركوپولو ئۇلۇغ خاننىڭ ئالاھىدە بۇيرۇقى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى بولۇپ بۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرغان.

## ئاتمىش توققۇزىنچى باب

### نەنجىڭ ئۆلكىسى

نەنجىڭ (Nan-king ،NAN-GHIN) — مەنزى لەرنىڭ مەشھۇر ئۆلكىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. ئۇ شەرقىي جەنۇبقا جايلاشقان. ئاھالىسى بۇددىستلاردىن بولۇپ، قەغەز پۇل ئىشلىتىدۇ، ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك كىشىلەر سودىگەرلىك قىلىدۇ. بۇ يەردىن خام يىپەك چىقىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئالتۇن - كۈمۈش، كالۋۇتۇن بېسىلغان توقۇلمىلار — ئەتىللا توقۇلىدۇ، مىقدارى ناھايىتى زور، تۈرلىرى خىلمۇ خىل. بۇ يەرنىڭ شال - گۈرۈچى مول، ئۆي ھايۋانلىرى كۆپ. ئوۋ قىلىنىدىغان ئۇچار قانات ۋە بىلىقا ھايۋانلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ يولۋاس تېخىمۇ كۆپ. ئۇلۇغ خاننىڭ بۇ ئۆلكىدىن ئالىدىغان باج كىرىمى ئاساسلىقى سودىگەرلەرنىڭ ئېسىل تاۋارلىرىغا قويۇلغان باجلاردىن كېلىدۇ. ئەمدى بىز گۈزەل ئاۋات شەھەر شاڭياڭ (Sa-yan-fu) ۋىلايىتىنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

## يەتمىشىنچى باب

### نىكولوپولو بىلەن مافېئوپولونىڭ ھىيلىسى بىلەن ئالىنغان شاڭياڭ ۋىلايىتى

شاڭياڭ ۋىلايىتى — (SA—YAN—FU) مەنزى ئۆلكىسىدىكى خېلى چوڭ بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ باي -

باياشات چوڭ - چوڭ 12 شەھەر - راباتنى ئىدارە قىلىدۇ، خېلى چوڭ مۇھىم بىر سودا شەھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىسى ئۆلگەنلەرنى ئوتقا دەپنە قىلىدۇ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقرالىرى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ چىقارغان قەغەز پۇلنى ئىشلىتىدۇ. ئۇ يەردىن چىقىدىغان خام يىپەكنىڭ مەھسۇلاتى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن كالۋۇتۇن بېسىلغان ئەڭ ئېسىل تەتىللالار توقۇلىدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان ئوۋغا ياراملىق ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ. بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئىچكى كۈچىگە تايىنىپ ئۈچ يىلغىچە يۈرگۈزۈلگەن مۇھاسىرىگە بەرداشلىق بەردى ھەتتا ئۇلۇغ خان مەنزى ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا تەسلىم بولۇشنى خالىمىدى.

بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپى سۇنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇرىدۇ، پەقەت شىمالىي تەرىپىلا قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدۇ. قوشۇن شىمالدىنلا ھۇجۇم قىلالايدۇ، ئەمما باشقا تەرەپلەردىن ئەقەللىيسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ. شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىي قىيىنلىقىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. كىشىلەر ئۇرۇش ھەرىكىتىنى خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلغاندا، خان ئالىيلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا جايلارنىڭ ئالالماچان بويسۇنغانلىقى، پەقەت مۇشۇ شەھەرنىڭلا قەيسەرلىك بىلەن قاتتىق تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە ناھايىتى ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا خان ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان نىكولو ۋە مافېئولار بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلاندى - دە، خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن غەربلىكلەر ئىشلىتىدىغان بىر خىل ماشىنا

(پالاخمان) ياساشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.
بۇ ماشىنا بىلەن ئېغىرلىقى 112 كىلوگرام كېلىدىغان تاشنى
ئاتقىلى بولاتتى. ئەگەر مۇشۇ ماشىنا ئىشلىتىلسە، بۇ شە-
ھەرنىڭ قورۇلۇشلىرىنى بۇزۇپ ئاھالىسىنى ۋەيران قىلغىلى
بولاتتى. ئۇلۇغ خان بۇ خەۋەردىن بەك خۇشال بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى. خان ئەڭ ياخشى
تۆمۈرچى ۋە ياغاچچى ئۇستىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇشۇ
ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشنى
جېكىلىدى. بۇ ئۇستىلارنىڭ بەزىلىرى نېستورىئان مەزھە-
پىدىكى خرىستىئانلاردىن بولۇپ، ئۇلار قولى ئەپچىل،
قابىلىيەتلىك ئۇستىلار ئىدى.

ئۇستىلار ئاكا - ئۇكا پولولارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە
بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھېلىقى ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان
ماشىنىنى ياساپ چىقتى ۋە ئۇلۇغ خان ھەم پۈتكۈل
ئوردا ۋەزىرلىرى ھۇزۇرىدا ئۇنى سىناپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى
بۇ ماشىنىنىڭ تاش ئېتىش ئەھۋالىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە
ئىگە قىلدى. ئېتىلغان ھەربىر تاشنىڭ ئېغىرلىقى
112 كىلوگرام كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ماشىنىلار
قوشۇننىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن كېمىلەرگە قاچىلىنىپ
توشۇپ كېتىلدى.

بۇ ماشىنىلار شائياڭ شەھىرىنىڭ ئالدىغا قۇرۇلۇپ
تەق قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىدىن
تۇنجى تاش ئېتىلغاندا، بىر بىناغا شىددەت بىلەن قاتتىق
تېگىپ، بۇ بىنانىڭ كۆپىنچە قىسمىنى ئۆرۈۋەتتى. ئاھالە
بۇ غەلىتە ئاجايىپ قورالدىن قاتتىق قورققىنىدىن ئۇنى

گۈلدۈرمامىنىڭ كۆرسەتكەن ھۈنىرى دەپ بىلدى ـ دە، دەرھال تەسلىم بولدى. ئۆزلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىنى شەھەر سىرتىغا چىقىرىپ، ئەل بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇش شەرتلىرى ئىلگىرى تەسلىم بولغان باشقا جايلارنىڭ شەرتلىرى بىلەن تامامەن بىردەك بولدى.

ۋېنتسىيلىك ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئالاھىدە ماھارەت سىڭدۈرگەن ئىجادىي كېچىنىڭ شۇنداق تېز ئۈنۈم بەرگەنلىكى ئۇلۇغ خان ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئوردا مەھرەملىرىنىڭ قەلبىدە ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە شان ـ شۆھرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

## يەتمىش بىرىنچى باب

### جۇجياڭ شەھىرى ۋە چوڭ دەريا (چاڭجياڭ دەرياسى)

شاڭياڭ دېگەن شەھەردىن چىقىپ، شەرققە قاراپ داۋاملىق 15 كۈن يول يۈرگىنىمىزدىن كېيىن، جۇجياڭ (Singui) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

بۇ شەھەر گەرچە ئانچە چوڭ شەھەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سودا ئىشلىرى تازا تەرەققىي تاپقان بىر يەر ئىكەن. جۇجياڭ شەھىرى دەريانىڭ (چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ) بويىغا جايلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭدا كېمىلەر ناھايىتى جىق ئىكەن. بۇ دەريا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى يەرلىرىنىڭ كەڭلىكى 16 كى-

لومېتىرغا، بەزى يەرلىرىنىڭ 13 كىلومېتىرغا ۋە بەزى يەرلىرىنىڭ ئون كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تالكى باشلانغان يېرىدىن دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزغىچە، يۈز نەچچە كۈنلۈك يولغا تەڭ كېلىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە كېمە قاتنايدىغان نۇرغۇن تارماقلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ چوڭ - كىچىك تارماق ئېقىنلىرى ناھايىتى يىراقتىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار چوڭ دەرياغا قۇيۇلىدىكەن. بۇ دەريانىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن سۈيى كۆپىنچە مۇشۇ تارماق ئېقىنلارنىڭ قۇيۇلۇشى بىلەن ئۇلغىيىپ ھاسىل بولغانىكەن.

سان - ساناقسىز شەھەر - راباتلار ۋە يېزا - كەنتلەر دەريانىڭ ئىككى قېشىغا جايلاشقان بولۇپ، 16 ئۆلكە ۋە 200 نەچچە شەھەر - رابات بۇ دەريادا بولۇۋاتقان قاتناشتىن ئېلىم - ئېرىم نەپ ئالىدىكەن. دەريادا توشۇلىدىغان تاۋارلار مىقدارىنىڭ كۆپلۈكىگە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش پۈرسىتىگە ئىگە بولمىغانلارنىڭ ئىشىنىشىمۇ قىيىن، ئەمما بىز ئۇنىڭدىكى قاتناش مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تارماق - ئېقىنلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، جاي - جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ماللارنىڭ مىقدارى ۋە قىممىتىنىڭ سانسىز - كۆپلۈكىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم تاۋار تۇز بولۇپ، بۇ تۇزلار ئاۋۋال مۇشۇ دەريا ۋە ئۇنىڭ باشقا تارماق ئېقىنلىرى ئارقىلىق ئىككى قاشتىكى شەھەر - راباتلارغا، ئاندىن بۇ شەھەر - راباتلاردىن ئىچكىرىدىكى جاي - جايلارغا توشۇلىدىكەن.

ماركوپولو بىر مەزگىل جۇجياڭ شەھىرىدە تۇرۇپ، كېمىلەرنىڭ 15 مىڭدىن كەم ئەمەسلىكىنى كۆردى. كېيىن دەريا - ئېقىنلارنىڭ بويىغا جايلاشقان باشقا شەھەر - راباتلاردىكى كېمىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىنى كۆردى. بۇ كېمىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ماچتىلىق بولۇپ، كېمىلەرنىڭ ئۈستىگە (پالوبىسىغا) تامامەن تاختاي يېپىلغان. كېمىلەرنىڭ يۈك كۆتۈرۈش مىقدارى ئومۇمەن ۋېنىتسىيە ئۆلچىمى بويىچە 4000 كانتول ياكى 400 مىڭ كىلوگرام كېلىدىكەن، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا 12 مىڭ كانتول (500 توننا) غا يېتىدىكەن. ئۇلار ماچتا ۋە يەلكەنلەرگە كەندىر ئارغامچا ئىشلەتكەندىن باشقا، كېمىنىڭ باشقا جايلىرىغا كەندىر ئارغامچا ئىشلەتمەي، بەلكى باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇزۇنلۇقى 15 قەدەم كېلىدىغان بامبۇكلارنى ئىشلىتىدىكەن. ئۇلار بۇ بامبۇكلارنى ئۇششاق تالا قىلىپ يېرىپ، ئاندىن بۇ بامبۇك تالالىرىدىن 300 قەدەم ئۇزۇنلۇقتا ئارغامچا ئېشىدىكەن. بۇنداق ئارغامچىلار ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئېشىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى كەندىر ئارغامچىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن.

بۇ كېمىلەرنى ئارغامچىلارغا قېتىلغان ئاتلار دەريا ياقىلاپ سۆرەپ ماڭىدۇ. بىر كېمىنى ئوندىن 14 كىچە ئات سۆرەيدۇ. دەريانىڭ ئىككى قېشىدا نۇرغۇن جايلار ئېگىز - پەس ئېدىرلىق جايلار بولۇپ، ئېدىرلار ئۇزاققىچە ئۈزۈلمەيدۇ. تاغلارغا سېلىنغان نۇرغۇن بۇتخانا ۋە باشقا ئېگىز - ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتسىڭىز، يەنە باش - ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان نۇرغۇن يېزا - كەنتلەر ۋە ئۆيلەرنى كۆرىسىز.

## يەتمىش ئىككىنچى باب

## گۇاجۇ شەھرى

گۇاجۇ (Kayn—gui) شەھرى — چوڭ دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كىچىك رابات. بۇ يەرگە ھەر يىلى تۈركۈم - تۈركۈم بۇغداي ۋە شال توپلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ كۆپى خانبالىققا (بۇگۈنكى بېيجىڭغا) توشۇلۇپ، پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى تەمىنلىنىدۇ. گۇاجۇ شەھرى كىدان ئۆلكىسىنىڭ قاتناش لىنىيىسى ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ قاتناش لىنىيىسى نۇرغۇن دەريالار، كۆللەر ۋە ھەم كەڭرى، ھەم چوڭقۇر بولغان قانالدىن تەركىب تاپقان. بۇ قانال ئۇلۇغ خاننىڭ خاھىشى بويىچە چېپىلغان بولۇپ، خاننىڭ مەقسىتى كېمىلەرنى دېڭىزدىن ماڭماي، بىر دەريادىن ئىككىنچى بىر دەرياغا ئۆتۈپ، مەنزى ئۆلكىسىدىن بىۋاستە خانبالىققا بارالايدىغان قىلىش ئىدى.

بۇ ھەشمەت كاتتا قۇرۇلۇش تازا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغىنى بۇ قانالنىڭ جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرغانلىقى ياكى ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئۇزۇن بولغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىككى قاشتىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە ياشىغۇچى خەلققە چەكسىز بەخت - سائادەت كەلتۈرگەنلىكى. بۇ قانالنىڭ ھەر ئىككى قېشىغا يەنە مۇستەھكەم ھەم كەڭرى قاش ياسىلىپ، قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش ئىشلىرىمۇ ناھايىتى

ئاساسلاشتۇرۇلغان.

كۇاجۇ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشتىن ھاسىل بولغان بىر ئارال (يەنى جىنشەن ئارىلى) قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئارالدا چوڭ بىر ئىبادەتخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا 200 نەچچە شەيخ بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. بۇ چوڭ ئىبادەتخانا باشقا ئورغۇنلىغان بۇتخانىلارغا نىسبەتەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز ئەمدى جىڭجياڭ (Chan - ghian - fu) شەھىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## يەتمىش ئۈچىنچى باب

## جىڭجياڭ شەھىرى

جىڭجياڭ (CHAN—GHIAN—FU) شەھىرى — مەنزى ئۆلكىسىدىكى بىر شەھەر. ئۇنىڭ ئاھالىسى بۇددىستلار، ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارمۇ قەغەز پۇل ئىشلىتىدۇ. ئۇلار سودا ـ سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بولۇپ، خېلى باي كېلىدۇ. ئۇلار يىپەك ـ شايى ۋە كالۇۋتۇنلۇق تەتىللارنى توقۇيدۇ. ھەرخىل ئوۋ پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بۇ يەردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان. بۇ يەردە ھەرخىل يېمەكلىكلەرمۇ ئىنتايىن مول.

شەھەر ئىچىدە، نېستورىئان مەزھىپىگە كىرىدىغان ئۈچ خرىستىئان ئىبادەتخانىسى بار بولۇپ، ئۇلار 1278 -

يىلى ياسالغان. ئۇ چاغدا پادىشاھ ئالىيلىرى مۇشۇ مەزھەپتىكى مارساچىس (Mat - chis) دېگەن بىر خرىستىئاننى مۇشۇ شەھەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ مۇشۇ مەنسەپكە چىقىشتىن ئاۋۋال بۇ يەردە خرىستىئان چېركاۋى بولمىغان. مارچىس بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا مۇشۇ چېركاۋلارنى ياساتقان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە ساق - بېجىرىم تۇرماقتا. بىز بۇ يەردىن چىقىپ، چاڭجۇ (Tin - gui - gui) شەھىرىگە باردۇق. بىز ئەمدى شۇ شەھەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## يەتمىش تۆتىنچى باب

## چاڭجۇ شەھىرى

بىز جېڭجياڭدىن چىقىپ، شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشكە قاراپ تۆت كۈن ماڭدۇق، يول ئۈستىدە نۇرغۇن شەھەر - راباتلارنى ۋە قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇددىستلار بولۇپ، ھۈنەر - سەنئەت ۋە سودا بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. ئۇلارمۇ ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قەغەز پۇلىنى ئىشلىتىدۇ. بىز سەپىرىمىزنىڭ 4 - كۈنى كەچقۇرۇن گۇگۇم ۋاقتىدا چاڭجۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ، گۈزەل بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردىن خام يىپەك چىقىدىكەن، ئاھالە ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل رەڭدار تاۋار - دۇردۇن توقۇيدىكەن. بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ناھايىتى مول ئىكەن. ئوۋ

قىلىشقا يارايدىغان خىلمۇخىل ھايۋانلار كىشىلەرنى ناھا-
يىتى ياخشى ئۇۋ قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىپتۇ.

ئەمما بۇ يەرنىڭ خەلقى سىجەز - خۇلقى يامان ھەم
رەھىمسىز كېلىدىكەن، بايان مەنزى دۆلىتىنى ئۆزىگە بوي-
سۇندۇرۇش ۋاقتىدا، خىرىستىئانلاردىن بولغان بەزىبىر
ئالپىلارنى ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە قوشۇپ مۇشۇ شەھەرگە
ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار تاكى شەھەرگە باستۇرۇپ
كىرگۈچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، ئاخىر شەھەرگە
باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئەمما بۇ شەھەرنىڭ ئىچكى - تاشقى
ئىككى قەۋەت سېپىلى بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئالپىلار
سىرتقى سېپىلنى ئېلىپ بولغاندا ئۇ يەردە نۇرغۇن ھاراق
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇزاق يول مېڭىپ قاتتىق چارچى-
غان ھەم قاتتىق ئۇسسىغان ئالپىلار نېرى - بېرى ئويلاپ
تۇرماستىنلا بۇ ھاراقنى قانغۇچە ئىچىپتۇ. نەتىجىدە
ھەممىسى قاتتىق مەست بولۇپ يىقىلىپتۇ - دە، خورەك
تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئىچكى سېپىل ئىچىدىكىلەر دۈشمەننىڭ ھىيلىگە ئال-
دىنىپ يەردە مەست بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، پۇر-
سەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارنى قىرىشقا كىرىشىپتۇ،
بىرسىمۇ قېچىپ كېتەلمەپتۇ. بايان ئالدىن ئەۋەتىلگەن
قىسمىنىڭ ھېلىقىدەك قىسمەتكە يولۇققانلىقىنى ئاڭلاپ،
ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم
قوشۇنىنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. شەھەر ئېلىن-
غاندىن كېيىن، ئۇ شەھەردىكىلەرنى قىرىشقا بۇيرۇق
بېرىپ شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىنى ئەر - ئايال، ياش -

قىبرى دەپ ئايرىمىناستىن پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلاپ، قانىنى قان بىلەن يۇيۇش دېگەندەك
قىساس ئېلىش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈپتۇ.

## يەتمىش بەشىنچى باب

### سۇجۇ شەھرى ۋە ۋۇجۇ شەھرى

دائىرىسى 32 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇجۇ
(SIN - GUI Soochow) شەھرى كىشى ھەيران قا-
لارلىق دەرىجىدە چىرايلىق شەھەر. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالى-
سى نۇرغۇن مىقداردا خام يىپەكتە توقۇغان تاۋار - دۇر-
دۇنلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، ھەممە ئا-
دەمنى تاۋار - دۇردۇن كىيەلەيدىغان قىلىپلا قالماستىن،
بەلكى ئۇنى باشقا بازارلارغىمۇ ئاپىرىپ ساتىدۇ. بۇ ئاھا-
لىنىڭ ئىچىدە بەزىلەر كاتتا باي بولۇپ كەتكەن. بۇ يەر-
نىڭ ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ زىچ ئولتۇراق-
لاشقانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ناھا-
يىتى ئاق كۆڭۈل ۋە قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئۇلار پەقەت
سودا - سانائەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇلار
خېلى ئىقتىدارلىق كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىمۇ
ئۆزلىرىنىڭ پەم - پاراسىتىدەك ئەۋزەل بولىدىغان بولسا،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىگە تايىنىپ پۈتۈن
ئۆلكىنىلا ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ-

ھىنمۇ يىراق يەرلەرنىمۇ كۆزلىيەلەيدۇ①.

ئاھالە ئىچىدە تىبابەتچىلىك ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان نۇرغۇن تېۋىپلار ياشايدۇ. ئۇلار ئاغرىقنىڭ يىلتىزىنى تېپىش ۋە ئاغرىققا لايىق دورا بېرىشكە ماھىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭقۇر بىلىمى بىلەن داڭقى چىققان پروفېسسورلار ياكى بىزدە ئاتىلىپ كېلىۋاتقاندەك، پەيلاسوپلار. يەنە بەزىلىرى، ئېھتىمال، سېھىرگەرلەر يىلكى باخشىلار بولۇشى مۇمكىن.

شەھەركە يېقىن يەرگە جايلاشقان تاغدا رەۋەن كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بولۇق ئۆسىدۇ ۋە بۇ يەردىن پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىدۇ. بۇ يەردىن يەنە زەنجىۋىلمۇ جىق چىقىدۇ، باھاسىمۇ ئەرزان. بىر ۋېنىتسىيە تەڭگىسىگە 18 كىلوگرام خام زەنجىۋىل سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە باي ـ باياشات چوڭ ـ چوڭ 16 شەھەر ـ راياتمۇ سۇجۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ يەرنىڭ سودا ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلىرى ناھايىتى گۈللەنگەن. خۇددى جىڭشى (خاڭجۇ) نىڭ نامى «ئاسماندىكى شەھەر» دېگەن مەنىنى بەرگەنىدەك، سۇجۇنىڭ نامى «زېمىندىكى شەھەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ②. بىز سۇجۇدىن

① ھازىر سۇجۇ يەنىلا يىپەكچىلىك مەركىزى. بۇ يەردىكى توقۇمىچى ئىشچىلار خېلى زور تەسىرىي كۈچكە ئىگە بولغان باشقا ـ باشقا ئىككى گۇرۇھقا يەنى ئەنجىلىق گۇرۇھقا ۋە سۇجۇ گۇرۇھىغا بۆلۈنىدۇ. ــ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② «ئاسماندا جەننەت بولسا، زېمىندا سۇجۇ بىلەن خاڭجۇ بار» دېگەن جۇڭگو تەمسىلىنىڭ مەنىسىنى ئاپتور بۇ يەردە باشقىچىرەك چۈشىنىپ قالغان. ــ تەرجىماندىن.

چىققىنىمىزدىن كېيىن، بۇ يەرگە ئارىلىقى پەقەت بىر كۈنلۈكلا كېلىدىغان باشقا بىر شەھەرنى — ۋۇجۇنى (Va - giu يەنى ۋۇجياڭ ۋىلايىتىنى) تونۇشتۇرىمىز. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن خام يىپەك چىقىدۇ ھەمدە نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ياشايدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان تاۋار - دۇردۇننىڭ سۈپىتى ئەڭ ئېسىل بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىدە سېتىلىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ بايان قىلغۇدەك باشقا يېرىمۇ يوق. بىز ئەمدى مەنزى ئۆلكىسىنىڭ مۇھىم شەھىرى ۋە ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغان جىڭشى (خاڭجۇ) شەھىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## يەتمىش ئالتىنچى باب

### ھەيۋەتلىك، گۈزەل جىڭشى (خاڭجۇ) شەھىرى

ۋۇجۇ شەھىرىدىن چىقىپ ئۈچ كۈن يول مېڭىش جەريانىدا ئاھالىسى نۇرغۇن ۋە باياشات شەھەر - راباتلارنى، قەلئەلەر ۋە يېزىلارنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ كېيىمى تەل، ئوزۇق - تۈلۈكى مول ئىكەن. سەپىرىمىزنىڭ 3 - كۈنى كەشتە بۇ ھەيۋەتلىك، گۈزەل خاڭجۇ (Kin - Sai) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ نامى «ئاسماندىكى شەھەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، چۈنكى بۇ شەھەر ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا شەھەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. داڭلىق ئاسار-ئەتىقىلەر بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ، ئۇ كىشىنى گويا ئۆزى

جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك ھېسسىياتقا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ «ئاسمان شەھىرى» دېگەن نامغا ئىگە.

ماركوپولو ھەممىشە بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى، ئۇ يەنە بۇ يەردىكى ھەممە ئىشلارنى ئىنچىكىلەپ تەپسىلىي كۆزىتەتتى ۋە بىر - بىرلەپ خاتىرىسىگە يېزىۋالاتتى. تۆۋەندىكى تەپسىلىي خاتىرىلەر ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن كۆچۈرۈۋېلىندى. ئادەتتىكى مۆلچەر بويىچە ئېيتقاندا، بۇ شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 170 نەچچە كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ كوچىلىرى، قانالLىرى كەڭتاشا بولۇپ، يەنە كەڭرى كەتكەن نۇرغۇن مەيدان ۋە بازارلىرىمۇ بار. چۈنكى بۇ كوچىلار ۋە بازار - مەيدانلارنىڭ چوڭلۇقى دائىم بۇ يەرگە كېلىپ بازار قىلىپ تۇرىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سانىغا ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ شەھەر سۈيى ناھايىتى تىنىق ھەم سۈزۈك ۋە تاتلىق بولغان كۆل، شۇنىڭدەك ئېقىنى ناھايىتى كەڭ بولغان دەريالارنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. دەريالارنىڭ سۈيى نۇرغۇن چوڭ - كىچىك قانال - ئېقىنلار ئارقىلىق شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئېقىپ بارىدۇ ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ كۆلگە، ئاندىن دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. شەھەرنىڭ قاتناش لىنىيىلىرى تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، سۇ بىلەنمۇ، قۇرۇقلۇق بىلەنمۇ قاتناشقا ئەپلىك. قانالLارنىڭ تارماقلىرى ۋە شەھەر ئىچىدىكى كوچىلار ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، كېمىلەر ۋە ھارۋا - مەپىلەر ئاھالىگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى ھېچبىر توسالغۇسىز توشۇپ يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە ھەر خىل چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەر ئومۇمەن 12 مىڭغا يېتىدۇ. مۇھىم قانال، دەريالارغا سېلىنىپ، كوچىلار بىلەن كوچىلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بۇ كۆۋرۈكلەر ناھايىتى ئېگىز ۋە نەپىس ياسالغان. بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئېگىز ماچتىلىق نۇرغۇن كېمىلەر توسالغۇسىز قاتناپ تۇرىدۇ. كۆۋرۈك ئۈستىدە بولسا ئات - ھارۋىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. كوچىلار بىلەن كۆۋرۈك ئۈستىگىچە بولغان يانتۇلۇق ئۆز لايىقىدا قىلىپ ياخشى لايىھىلەنگەنلىكتىن، شۇنچىۋالا نۇرغۇن كۆۋرۈكلەر بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدىغان يول ئېغىزلىرىنى شەكىللەندۈرمەيدۇ.

شەھەر سىرتىنىڭ دەرياغا يانداش تەرىپىگە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 64 كىلومېتىر كېلىدىغان خەندەك سېلىنغان. بۇ خەندەكنىڭ ئۈستى كەڭ، سۈيى چوڭقۇر بولۇپ، بۇ سۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دەريانىڭ سۈيى بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خەندەك بۇ ئۆلكىدە قەدىمكى زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھلار تەرىپىدىن قېزىلغان بولۇپ، دەرياغا تاشقىن كەلگەندە تېشىپ چىققان ئارتۇقچە سۇلارنى باشلاشقا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ ۋە سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىر خىل تەدبىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. خەندەكتىن قېزىپ چىقىرىلغان لاي - لاتقىلار خۇددى ئۇششاق - ئۇششاق تۆپىلىكلەردەك، خەندەك بويىغا دۆۋىلىنىدۇ.

شەھەرنىڭ كوچا - كوچىلىرىدا ھەددى - ھېسابسىز دۇكان - ماگىزىنلاردىن باشقا، يەنە كەڭ - كەڭ ئون مەي-

دان پاكى بازارمۇ بار. بۇ مەيدانلارنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 نەچچە مېتر كېلىدۇ. كوچىلار بۇ مەيدانلارنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولۇپ، كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 40 قەدەم كېلىدۇ. بۇ كوچىلار شەھەرنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگىچە بىر - بىرىگە تۈپتۈز تۇتىشىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىغان پاكار - پاكار ھەم ئەپچىل كۆۋرۈكلەر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ بازارلار بىر - بىرىدىن ئالتە كىلومېتردىن ئارتۇقراق ئارىلىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما مەيدانلارنىڭ قارشى تەرىپىگە كوچىلارغا پاراللېل كەلگەن يۆنىلىشتە چوڭ بىر قانال جايلاشقان. قانالغا يېقىنراق كەلگەن يەنە بىر قىرغاقتا تاشتىن قوپۇرۇلغان ھەجىمى ناھايىتى زور ئامبار سېلىنغان بولۇپ، ھىندىستان ۋە باشقا شەرق ئەللىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ تاۋارلىرى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاشقا خىزمەت قىلىدۇ. بازار نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئامبارلارنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇۋاپىق تاللانغان. ھەپتە ئىچىدە ھەر بىر بازاردا ئۈچ كۈن بازار بولۇپ، بازارغا ھەر تەرەپتىن 50 مىڭچە ئادەم كېلىدۇ. كىشىلەر ھەممىگە ئېھتىياجلىق بولغان خىلمۇ خىل بۇيۇملار بىلەن بۇ بازارلارنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

بازاردا ئەركەك بۇغا، چوڭ قىزىل بۇغا، سېرىق بۇغا، ياۋا توشقان، ئۆي توشقىنى ۋە تورولغۇ، قىرغاۋۇل، قىرغاۋۇلسىمان تورۇلغۇ، بۆدنە قاتارلىق ئۇۋ ھايۋانلىرى ناھايىتى مول، پىچىلغان خورازلار بولۇپمۇ ئۆردەك، غازلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ. چۈنكى

ئۆردەكنىڭ غازلار كۆللەردە ئاسان بېقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر ۋېنىتسىيە تەڭگىسىگە بىر جۈپ غاز ياكى ئىككى جۈپ ئۆردەك سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

شەھەر ئىچىدىمۇ تۇرغۇن قۇشخانىلار بار بولۇپ، ئۇلاردا كالا، موزاي، ئوغلاق ۋە پاخلان قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى سويۇلۇپ، بايلار ۋە چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ تاماق ئېتىش ئېھتىياجى قامدىلىپ تۇرىدۇ. تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە كەلسەك، ئۇلار ئۇدۇل كەلگەن گۆشلەرنى تاللىماي يەۋېرىدۇ.

بازارغا يىلنىڭ تۆت پەسلىدە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ كۆكتاتلار ۋە مېۋىلەر كىرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ نەشپۈتلەر ئادەم ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، ھەر بىرى تەخمىنەن تۆت پۇتۇن ئۇنىدىن بەش كىلو كېلىدۇ. نەشپۈتلەرنىڭ گۆشى ئاق سۈزۈك، ھالۋىدەك تاتلىق ۋە خۇش بۇي كېلىدۇ. شاپتۇل پىشقان مەزگىلدە بازارغا نۇرغۇن شاپتۇل كىرىدۇ، رەڭگى ئاق - سېرىق ئىككى خىلدا بولۇپ، مەززىلىك كېلىدۇ، بۇ يەردىن ئۈزۈم چىقمايدۇ. لېكىن بۇ يەرگە باشقا يەرلەردىن كەلتۈرۈلگەن قۇرۇق ئۈزۈملەرنىڭ تەمىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە چەتتىن كەلتۈرۈلگەن ھاراقلارمۇ ئۇچرايدۇ. يەرلىك خەلق گۈرۈچ بىلەن خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ھاراقنى ئىچىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھېلىقىدەك ھاراقلارغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ يەردىن 24 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دېڭىز بويىدىن ھەر كۈنى نۇرغۇن بېلىق بۇ شەھەرگە توشۇلىدۇ. كۆللەردىنمۇ كۆپلەپ بېلىق تۇتۇ-

لۇپ، مەخسۇس بېلىق تۇتىدىغان يىلبويى بېلىق تۇتۇپ
يەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجى قامدىلىدۇ. بېلىقلارنىڭ
تۈرى پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پەرقلىنىدۇ. سىز
تۇشۇپ كەلتۈرۈلگەن بېلىقلارنىڭ شۇنچىۋالا كۆپلىكىنى
كۆرۈپ، ئۇنى سېتىپ بولغىلى بولماس، دەپ قارىشىڭىز
مۇمكىن. ئەمما بۇ بېلىقلار بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا سې-
تىلىپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن
كۆپ بولغاچقا، تاماق خىللايدىغان، ھەر قېتىملىق غىزاسى-
دا بېلىق يېمەي قالمايدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ بولىدۇ،
ئەلۋەتتە.

بۇ يەردىكى چاسا شەكىللىك ئون بازارنىڭ ھەم-
مىسى ئېگىز - ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرىدۇ.
ئىمارەتلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى ماگىزىن بولۇپ، ئۇنىڭدا
ھەر خىل مەھسۇلاتلار، تۈرلىرى تولۇق بولغان ھەر خىل
خۇش پۇي بۇيۇملار، دورا - دەرمانلار، ئۇششاق - چۈششەك
زىننەت بۇيۇملىرى ۋە مەرۋايىتلار سېتىلىدۇ. بەزى ماگى-
زىنلارغا ھاراقتىن باشقا ھېچقانداق تاۋار سېلىنمايدۇ،
ئۇلار داۋاملىق ھاراق - شاراپ ئىشلەپچىقىرىپ، يېڭى -
يېڭى تاۋارلارنى مۇۋاپىق باھادا خېرىدارلارغا سېتىپ
تۇرىدۇ. نۇرغۇن كوچىلار بازارلارغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بە-
زى كوچىلاردا سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش مۇنچىلىرى بولۇپ،
ئۇلاردىكى ئەر - ئايال خادىملار سىزگە مۇلازىمەت قىلىدۇ.
بۇ مۇنچىلاردا يۇيۇنىدىغان ئەر - ئايال خېرىدارلار تاكى
بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە دائىم
سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار بۇنداق قىلىشنى

سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارايدۇ. بۇ مۇنچى-
لاردا يەنە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشقا ئادەتلەنمىگەنلەر ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنىدىغان بۆلۈم-
لەرمۇ بار. بۇ يەرنىڭ ھەممە ئاھالىسى ھەر كۈنى مۇن-
چىدا يۇيۇنۇشقا، بولۇپمۇ تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال يۇيۇ-
نۇشقا ئادەتلەنگەن. باشقا كوچىلاردا پاھىشە ئاياللارمۇ
بار، ئۇلارنىڭ سانىنى قارىسىغا ئېيتىش ماڭا بىئەپ.
ئۇلار چاسا بازارلارنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان، — بۇ، پا-
ھىشە ئاياللارنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا تۇرىدىغان يېرى. —
شۇنىڭدەك شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىمۇ
ئۇلار تۇرىدىغان جايلار بار. ئۇلار زىبۇ - زىننەت ۋە پەرداز
بىلەن يۈرىدۇ، ئۇلاردىن ئەتىر پۇراقلىرى تارقىلىپ تۇ-
رىدۇ. ئۇلار ئېسىل بېزەلگەن كاتتا ئۆيلەردە تۇرىدىغان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا نۇرغۇن ئايال خادىملار پايپېتەك
بولۇپ يۈرىدۇ. بۇ ئاياللار مېھمان جەلپ قىلىشقا بەكمۇ
ماھىر بولۇپ، كىشلەرگە ناز - كەرەشمە بىلەن خىلمۇ خىل
خۇلقلىرىنى كۆرسىتىپ، تاماشا قىلغۇچى ئەرلەرنىڭ رو-
ھىي ھالىتىگە ماسلىشىدۇ. تاماشىچىلار ئەگەر ئۇلارغا سەل
يېقىنلىشىپلا قالسا، ئۇلارنىڭ ھىيلە - نەيرىڭىگە
پېتىپ قالىدۇ - دە، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ئۆزلىرىنى
ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ، قۇتۇلالماي قالىدۇ. ئاخىر
ئۇلار كەيىپ - ساپانىڭ ھەلەكچىلىكىدە، پۇشايمان قىلىش-
قىمۇ ئۈلگۈرمەيدۇ. لېكىن ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەلگىنىدە،
ئۆزلىرىنىڭ خانجۇنى ساياھەت قىلغانلىقىنى ياكى جەن-
نەتنى ساياھەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ ھەممە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى جەننەتنى يې-
ڭىباشتىن ساياھەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

باشقا بىر كوچىدا تېۋىپلار ۋە مۇنەججىملەر تۇرىدۇ.
ئۇلار كىشىلەرگە مەدەنىيەتنى ۋە باشقا نۇرغۇن - نۇرغۇن
ھۈنەر - سەنئەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. چاسا شەكىللىك بازار-
لارنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلاردا ئۇلارنىڭمۇ ھويلا - ئارام-
لىرى بار. ھەر بىر چاسا شەكىللىك بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئۇلۇغ خان مەنسەپكە تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار تۇرىدىغان
چوڭ بىر بىنا بار. ئۇلار چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن
يەرلىك ئاھالە ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان
ھەرقانداق بىرەر ماجىرانى بىۋاسىتە كۆزىتىپ تۇرىدۇ.
ئۇلارنىڭ يەنە يېقىن ئەتراپتىكى كۆۋرۈكلەرنىڭ مۇھاپى-
زەتچىلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولغان - بولمىغان-
لىقىغا نازارەت قىلىش ھەمدە ئۆز ۋەزىپىسىگە بىپەرۋالىق
قىلغانلارنى جازالاش ۋەزىپىسىمۇ بار.

باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەھەرنىڭ مۇھىم كو-
چىلىرى بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغىچە پۈتۈن شەھەرگە
ئۆتۈشۈپ كەتكەن. كوچىلارنىڭ ئىككى چېتىگە بىر - بىرى-
گە يانداش نۇرغۇن ھويلا ۋە باغلار جايلاشقان بولۇپ،
ئۇلار بىر پۈتۈن بىر مەھەللىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھۈنەرۋەن-
لەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىمۇ مۇشۇ ئەتراپقا جايلاشقان،
ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ياكى دوكانلىرىدا ئۆزىنىڭ كەسپىي
ھۈنەرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۈركۈم - تۈركۈم ئادەملەر
ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇ-
ياق - بۇياق قاتراپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئۈززۈلدۈرمەستىن يې-

تېزلىك ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە، ئېھتىمال، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر، ئەمما كىشىلەر شۇنى كۆرىدۇكى، مىڭ - مىڭ ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار ھەر بىر بازار كوچىلىرى قىستا - قىستاڭچىلىقتا كېمىدە توشۇپ كېلىنگەن ھەر خىل ماللارنى پەۋەست تىزىۋېتىدۇ. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىگە خېرىدار تېپىلىدۇ. پەقەت ئاز مىقداردىكى قارامۇچنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپلا سىز خانجۇ ئاھالىسىنىڭ گۆش، تۈرلۈك مال ۋە باشقا خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش مىقدارى ھەققىدە مەلۇم بىر خىل چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسىز. ماركوپولو ئۇلۇغ خاننىڭ تاموژنا خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىر مەنسەپداردىن بۇ يەردە ھەر كۈنى سېتىلىدىغان قارامۇچنىڭ مىقدارىلا 43 سىنتېنېرغا يېتىدىغانلىقىنى ئۇققان. ھەر بىر سىنتېنېرنىڭ ئېغىرلىقى 90 كىلوگرام كېلىدۇ.

بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئومۇمىي يۈزلۈك قەغەز پۇل ئىشلىتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئەرلىرىنىڭ تەقى - تۇرقى، چىرايى خۇددى ئاياللىرىنىڭكىگە ئوخشاش چىرايلىق، ئاق سۈزۈك ھەم يارىشىملىق كېلىدۇ. خانجۇدىن ئۇرغۇن يىپەك، شايى چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىگەرلەر باشقا جايلاردىنمۇ تاۋار - دۇردۇن توشۇپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى پۈتۈنلەي يىپەك كىيىم كىيىپ، ئېسىل ياسىنىپ يۈرىدۇ.

بۇ يەردىكى يەرلىك قول سانائەتنىڭ 12 خىلى

باشقا سانائەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى بىر قەدەر كەڭ ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. ھەربىر تۈرلۈك قول سانائەت بويىچە مەخسۇس دۇكانلار ئېچىلغان. ھەر بىر دۇكاندا 10، 15 تىن ياكى 20 دىن خادىم ياللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا بىر دۇكان 40 ئىشچىنى ياللاپ ئىشقا سالالايدۇ ۋە ئۇلارنى خوجايىنلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ. بۇ دۇكانلارنىڭ ئىگىسى بولغان خوجايىنلار ئۆز تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزلىرى ئەمگەك قىلمايدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئاقساقاللارچە تەكەببۇر ۋە سۈنئىي ھالدا مەغرۇر تۇتىدۇ. باي خوجايىنلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئەمگەك قىلمايدۇ. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار خېلى چىرايلىق كىيىنىدۇ ھەمدە كىچىكىدىنلا ئەركە ـ نازىناق ياشاپ ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىدىكى كىيىم ـ كېچەك ۋە ئېسىلغان جاۋاھىراتلارنىڭ قىممىتىنى كىشى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ قانۇنى بويىچە ھەممە ئادەم مەڭگۈ ئۆز ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك، ئەمما ئۇلار بېيىپ، كىشى ياللاپ ئىشلىتىشكە پۇلى يەتسىلا خوجايىن بولالايدۇ، ئۆز ئاتىسىنىڭ كەسپى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ئۆزى ئەمگەك قىلمايدۇ.

خاڭجۇدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇشى كاتتا ـ ئېسىل بولۇپ، لىم تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن ۋە سىرلانغان. كىشىلەرمۇ شۇنداق زىننەتلەنگەن، رەسىم سىزىلغان ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىگە تولغان بۇ قۇرۇلۇشلارنى ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتلەرگە سەرپ قىلىدىغان

تېرىلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە، ئېھتىمال، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەمما كىشىلەر شۇنى كۆرىدۇكى، مىڭ ـ مىڭ ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار ھەر بىر بازار كۈنلىرى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا كېمىدە توشۇپ كېلىنگەن ھەر خىل ماللارنى پەۋەست تىزىۋېتىدۇ. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىگە خېرىدار تېپىلىدۇ. پەقەت ئاز مىقداردىكى قارىمۇچنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپلا سىز خاڭجۇ ئاھالىسىنىڭ گۆش، تۈرلۈك مال ۋە باشقا خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش مىقدارى ھەققىدە مەلۇم بىر خىل چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسىز. ماركوپولو ئۇلۇغ خاننىڭ تاموژنا خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىر مەنسەپداردىن بۇ يەردە ھەر كۈنى سېتىلىدىغان قارامۇچنىڭ مىقدارىلا 43 سىنتىنېرغا يېتىدىغانلىقىنى ئۇققان. ھەر بىر سىنتىنېرنىڭ ئېغىرلىقى 90 كىلوگرام كېلىدۇ.

بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇمۇمىي يۈزلۈك قەغەز پۇل ئىشلىتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئەرلىرىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىرايى خۇددى ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاش چىرايلىق، ئاق سۈزۈك ھەم يارىشىملىق كېلىدۇ. خاڭجۇدىن ئۇرغۇن يىپەك، شايى چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىگەرلەر باشقا جايلاردىنمۇ تاۋار ـ دۇردۇن توشۇپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى پۈتۈنلەي يىپەك كىيىم كىيىپ، ئېسىل ياسىنىپ يۈرىدۇ.

بۇ يەردىكى يەرلىك قول سانائەتنىڭ 12 خىلى

باشقا سانائەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ
مەھسۇلاتى بىر قەدەر كەڭ ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتى-
لىدۇ. ھەربىر تۈزلۈك قول سانائەت بويىچە مىڭلاپ دۇ-
كانلار ئېچىلغان. ھەر بىر دۇكاندا 10، 15 تىن ياكى
20 دىن خادىم ياللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا
بىر دۇكان 40 ئىشچىنى ياللاپ ئىشقا سالالايدۇ ۋە ئۇ-
لارنى خوجايىنلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ. بۇ دۇكانلارنىڭ
ئىگىسى بولغان خوجايىنلار ئۆز تۇرمۇشىنى باياشات ئۆت-
كۈزىدۇ، ئۆزلىرى ئەمگەك قىلمايدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئاق-
ساقاللارچە تەكەببۇر ۋە سۈنئىي ھالدا مەغرۇر تۇتىدۇ.
باي خوجايىنلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئەمگەك قىلمايدۇ. باشتا
ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار خېلى چىرايلىق كىيىدۇ ھەم-
دە كىچىككىدىنلا ئەركە - ئاينىق ياشاپ ئادەتلەنگەن. ئۇ-
لارنىڭ ئۈستىبېشىدىكى كىيىم - كېچەك ۋە ئېسىۋالغان
جاۋاھىراتلارنىڭ قىممىتىنى كىشى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئا-
مالسىز قالىدۇ. قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ قانۇنى بويىچە
ھەممە ئادەم مەڭگۈ ئۆز ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قى-
لىشى كېرەك. ئەمما ئۇلار بېيىپ، كىشى ياللاپ ئىشلىتىش-
كە پۇلى يەتسىلا خوجايىن بولالايدۇ، ئۆز ئاتىسىنىڭ كەسپى
بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ئۆزى ئەمگەك قىلمايدۇ.

خاڭجۇدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇشى كاتتا -
ئېسىل بولۇپ، لىم تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن ۋە سىرلانغان.
كىشىلەرمۇ شۇنداق زىننەتلەنگەن، رەسىم سىزىلغان ۋە تە-
سەۋۋۇر كۆچىگە تولغان بۇ قۇرۇلۇشلارنى ئىنتايىن ياقتۇ-
رىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتلەرگە سەرپ قىلىدىغان

پۇل - مېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ.

خاڭجۇنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ مىجەز خۇلقى ئېغىر بېسىق كېلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پادىشاھلار ھەربىي ماھارەتنى ئانچە قەدىرلىمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئۇلاردىن تەلىم ئېلىپ، شۇ ئەھۋالنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرغان، شۇڭا خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقى تىنچ، نازاكەتلىك بولۇپ، ئۇلار ھەربىي قورال - ياراق ئىشلىتىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، شۇنىڭدەك ئۆيلىرىدە زادىلا قورال - ياراق ساقلىمايدۇ. ئۇلار تولۇق ئادىللىق ۋە سادىقلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سودا - سانائەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا ناھايىتى ئىناق ۋە يېقىن ئۆتىدۇ. بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەر - ئاياللارمۇ خۇددى بىر ئائىلىدە تۇرۇۋاتقاندەك يېقىن ئۆتۈشىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى قائىدە - نىزاملىرىغا كەلسەك، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارنى كۈنلىمەيدۇ ۋە ئۇلارغا گۇمان بىلەن قارىمايدۇ. مەيلى كىم بولسۇن، نىكاھلىق ئايالغا بىرەر نامۇۋاپىق سۆز قىلىشنى ئۇياتلىق ئىش دەپ بىلىدۇ. بۇ يەرگە سودىگەرلىك قىلىشقا كەلگەن يات يۇرتلۇق ئادەملەرگىمۇ ئوخشاش كۆزدە قاراپ، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى خالىغان چاغدا ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، دوستانىلىك بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سودا - سېتىق جەھەتتىكى ئىشلىرى ئۈستىدە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مەسلىھەت ۋە ياردەم بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار ھەربىيلەردىن بەكمۇ بىزار، ئۇلۇغ

خانىنىڭ قورۇقچىلار ئەترىتىدىكىلەرگىمۇ شۇنداق قارايدۇ. چۈنكى ئۇلارنى كۆرسە كونا ئىشلار ئېسىگە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇم پادىشاھى ۋە ياخشى زېمىنلىرىنىڭ يات مىللەت تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ۋەتىنىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىدىن پەرىشان بولىدۇ.

شىخۇ كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ئورغۇنلىغان كەڭتاشا، گۈزەل ئىمارەتلەر بولۇپ، ئۇلار كۆلنىڭ قىرغىقىدا سېلىنغان. بۇ ئۆيلەر — ئالىي مەنسەپدار تۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسى. يەنە ئورغۇنلىغان ئىبادەتخانىلارمۇ بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق ئەر - ئايال راھىبلار كېچە - كۈندۈزلەپ بۇتلارغا چوقۇنۇپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ مەركىزىگە يېقىن يېرىگە كىچىك - كىچىك ئىككى ئارال جايلاشقان بولۇپ، ئۇلاردا ھەيۋەت بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ بىنالار يەنە ئورغۇنلىغان ياسىداق ھۇجرىلارغا بۆلۈنگەن. ئاراللاردىكى شىپاڭ، سايىۋەنلەر ئارالغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئوغۇل ئۆيلەش، قىز ياتلىق قىلىش ياكى كاتتا چاي - بەزمە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە بۇ ئاراللارغا كېلىشىدۇ. بۇنداق مەرىكىلەردە ئۇلارغا كېرەكلىك بولىدىغان قاچا - قۇچا، داستىخانغا ئوخشاش بۇيۇملار بۇ ئاراللاردا تەل - تۆكۈس بولۇپ، ھەمىشە تەييار تۇرىدۇ. بۇ سايمان ۋە جاھازلار ھەتتا شىپاڭ، سايىۋەنلەرنىمۇ شەھەر خەلقى ئۆزلىرى پۇل يىغىش قىلىپ تەييارلىغان. بەزىدە بىرەر يۈز قېتىمچە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم زىياپەتلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈ-

زىلشكە توغرا كېلىپمۇ قالىدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ بۇ مەنزى-
كىلەر ھېچبىر قالايمىقانسىز ئۆز تەرتىپى بىلەن
ئۆتكۈزۈلۈۋېرىدۇ. توي - مەرىكە ئىگىلىرىگە ھېچقانداق
ئاۋارىچىلىقسىزلا ئۆي ياكى شىپاڭلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ،
ئىشلار بىر - بىرىگە دەخلى يەتكۈزمەي تەرتىپلىك ئۆتىدۇ.

بۇلارنىڭ سىرتىدا، كۆل ئۈستىدە يەنە ئورغۇنلىغان
نايابەت كېمىلىرى ۋە ئۇزۇنلۇقى 15 قەدەمدىن 20 قە-
دەمگىچە كېلىدىغان، 10 — 15 ياكى 20 ئادەم سىغىدىغان
ياسداق كېمىلەرمۇ بار. بۇ كېمىلەرنىڭ ئاستى تۈز، كەڭ-
رى ۋە تەكشى بولۇپ، كېمە ماڭغاندا ئوڭ - سولغا ئىر-
غاڭلىمايدۇ ۋە يانتىيىنىپمۇ كەتمەيدۇ. كېمە ھەيدەپ يۈرۈپ
سايابەت قىلىشقا قىزىقىدىغانلار ياكى ئۆز ئائىلىسىنى
ئېلىپ ياكى دوستلىرىنى چاقىرىپ، بىرەر ياسداق كېمىنى
ئىجارە ئېلىپ ئەينەكتەك تەكشى چايقىلىپ تۇرغان كۆل
ئۈستىدە سەيلە قىلىدۇ. ياسداق كېمىلەر ئۈستىدە ئورۇن-
دۇق - جوزىلار، زىياپەت بۇيۇملىرى پاكىز - رەتلىك
ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە راھەت ۋە ئاراملىق بې-
رىدۇ. كېمە ئۈستىگە تەكشى تاختاي يېپىلغان بولۇپ،
كېمىچىلەر ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرۇپ ئۇزۇن پالاق بىلەن
كېمە ھەيدەيدۇ. كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 — 4 مېتىر بولۇپ،
كېمىچىلەر كېمىنى ناھايىتى سىلىق ھەيدەپ كۆزلىگەن
نىشانغا يەتكۈزىدۇ. پۈتكۈل كېمە رەڭگارەڭ سىرلانغان ۋە
ئۇنىڭغا سانسىز رەسىملەر سىزىلغان بولغاچقا، ئۇ كىشىگە
تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. كېمىلەرنىڭ ئىككى يېنىدا خالت-
خانىچە ئاچقىلى ۋە ياپقىلى بولىدىغان دېرىزىلىرى بولۇپ،

جوزا ياقىلاپ ئولتۇرغان ساياھەتچىلەرنىڭ كۆل ئەتراپىدى-
كى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشىغا ئىمكانىيەت بې-
رىدۇ. كېمە ياكى قېيىققا ئولتۇرۇپ، كۆل ئۈستىدە سەيلە
قىلىش ھەقىقەتەنمۇ قۇرۇقلۇقتىكى ھەرقانداق تاماشادىن
كۆڭۈللۈك بولىدۇ. چۈنكى كۆل خېلى كەڭ، ئۈزۈتى پۈتۈن
شەھەرنىڭ ئۈزۈتىغا تەڭ بولغاچقا، كېمىنى قىرغاقتىن مە-
لۇم ئارىلىقتىكى يىراقلىققا توختىتىسىڭىز ئاجايىپ كاتتا
گۈزەل شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرى، بۇتخانا ـ
ئىبادەتخانىلىرى، باغلىرى ھەم ئاسمانغا تاقاشقان يوغان-
يوغان دەرەخلىرى نەزەرىڭىزگە چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك سىز يەنە
باشقا ئۇياق ـ بۇياققا كېتىۋاتقان كېمىلەردە ئولتۇرۇپ
كۆلنى سەيلە قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەر ـ ئايال تاماشىچىلار-
نىمۇ تاماشا قىلىسىز. كېمىدە يېنىك ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ
ئاشۇ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىسىز، كۆڭلىڭىز شادلىققا
تولۇپ، قەلبىڭىز يايراپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ
بۇنىڭغا خېلى ھەۋىسى بار ئىكەن. ئۇلار بىر كۈنلۈك خىز-
مىتىدىن ياكى بىر كۈنلۈك سودا ـ سېتىقتىن قولىنى بو-
شاتقىنىدا ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ياكى دوست ـ
يارەنلىرىنى ئېلىپ بىرەر ياسداق كېمىدە ياكى كىرا ھار-
ۋىسىدا ئولتۇرۇپ، بوش ۋاقتىنى ئاشۇنداق سەيلە ـ تاماشا
بىلەن ئۆتكۈزگەچ كۆڭلىنى ئېچىشتىن باشقا يەنە نېمىگە قى-
زىقسۇن دەيسىز؟ بۇنداق كىرا ھارۋىلىرى قانداقسىگە كى-
شىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولۇپ قالغانلىقىنى
يەنە ئايرىم ھالدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇ.

# يەتمىش يەتتىنچى باب

## چوڭ شەھەر خاڭجۇنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرى ھەققىدە يەنە بىر پاراڭ

ھەممىدىن ئاۋۋال دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى خاڭجۇ (جىڭشى Kin - Sai) نىڭ بارلىق كوچا يوللىرىنىڭ ھەممىسىگە تاش ۋە خىش ياتقۇزۇلغانلىقى، بۇ يەردە مەنزى ئۆلكىسىگە قاتنايدىغان بارلىق مۇھىم يوللارمۇ ئەنە شۇنداق ياسالغان. شۇڭا جاي - جايلارغا ساياھەتكە بارغانلارنىڭ پۇتلىرىغا توپا ياكى لاي يۇقمايدۇ. لېكىن ئۇلۇغ خاننىڭ پوچتىكەشلىرى ئات مىنىۋېلىپ تېز ماڭىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا تاشيوللار ئانچە ئەپلىشىپ بەرمەيدۇ. شۇڭا يوللارنىڭ چېتىگە تاش ياتقۇزۇلماي ئازراق توپا يول قالدۇرۇپ قويۇلغان.

بۇ شەھەردىكى كوچىلارنىڭ يوللىرى تاش ۋە خىش ياتقۇزۇپ ياسالغان. يوللارنىڭ ئىككى چېتىنىڭ كەڭلىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئون مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا قۇم ۋە شېغىل تاش ياتقۇزۇلغان ۋە ئۇنىڭغا يامغۇر سۈيىنى يېقىن ئەتراپتىكى دەرياغا باشلىنىۋېتىدىغان ئەگمىلىك ئەپچىل يۇندا ئاققۇزۇش ئۆسكۈنىسى ئورنىتىلغان. شۇڭا كوچىلارنىڭ يوللىرى ھامان قۇرۇق تۇرىدۇ. كوچىلاردىكى كىرا ھارۋىلىرى مۇشۇنداق قۇم - شېغىللىق يولدا ئۇيان - بۇيان قاتناپ تۇرىدۇ. بۇ ھارۋىلار تىك تۆت-

بۇلۇڭلۇق سايىۋەنلىك بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا تاۋار پەردىلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ھارۋىدا يەنە تاۋاردىن ياسالغان كىچىك كۆرپىلەر بار بولۇپ، ھارۋىغا ئالتە ئادەم سىغىدۇ. سەيلە قىلغۇسى كەلگەن ئەر-ئاياللار ئادەتتە مۇشۇنداق ھارۋىلارنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا تۈركۈم-تۈركۈم ھارۋىلار ھەر مىنۇت-ھەر سېكۇنتتا قۇم-شېغىللىق يولدىن تېز چېپىپ ئۆتىدۇ. سەيلىچىلەرنىڭ بەزىسى باغلارغا بارىدۇ. باغ باشقۇرغۇچىلار سەيلىچىلەرنى سۈنئىي تاغلارنىڭ سۆرۈن غارلىرىغا باشلاپ بېرىپ سەگىتىدۇ. بۇ باغۋەنلەر مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا تەيىنلەنگەن. ئەرلەر ئاياللارنى باشلاپ يۈرۈپ مۇشۇ يەردە سەيلە قىلغاچ كەچكىرگۈچە ئويۇن-تاماشا قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ھارۋا بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ.

خاڭجۇ ئاھالىسىنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار: ئاتا-ئانىلار ئوغۇل-قىز پەرزەنت كۆرگەندە دەرھال ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنى ھەم ۋاقتىنى خاتىرىلىۋالىدۇ، ئاندىن بىر مۇنەججىمنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ بالىنىڭ يۇلتۇزىنى ھېسابلىتىدۇ؛ مۇنەججىمنىڭ جاۋابىنىمۇ ئەينى ۋاقىتتا بىر پارچە قەغەزگە تەپسىلىي خاتىرىلەپ، ساقلاپ قويىدۇ. بالا ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا ئەگەر ئۇنىڭ سودا - سېتىق دېڭىز ساياھىتى، نىكاھلىنىدىغان قىزغا چاي ئىچكۈزۈش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلىشنى لايىق تاپسا، بالىنىڭ مۇشۇ تۇغۇلغان كۈنى ۋە يۇلتۇزىغا ئاساسەن مۇنەججىمنى تەكلىپ قىلىپ تەپسىلىي ھېسابلىتىدۇ - دە، ئۇ، تۈرلۈك ئەھۋاللارنى

ھىمايىغا ئېلىپ، بېشارەتكە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ.
كىشىلەر بەزىدە بۇ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلان-
غانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تېخىمۇ كىشىلەر
مۇنەججىملەرنىڭ سۆزىنى گويا «ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى»
قىلىۋالىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ھىمايىلايدىغان ئەنە
شۇنداق پالچىلار ياكى سېھىرگەرلەر بۇ شەھەرنىڭ ھەممە
بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تولۇپ كەتكەن. ھەر قانداق بىر
نىكاھ ئىشى پالچىلارنىڭ ئەنە شۇنداق مەسلىھەت پىكىرلى-
رىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

ئالىي مەنسەپدارلار ۋە باي ئاقسۆڭەكلەر ئۆلگەندىن
كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارمۇ تۆۋەندىكى قائىدىلەر
بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم. بۇمۇ ئۇلارنىڭ بىر خىل
ئۆرپ - ئادىتى. ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
ۋە دوستلىرى قارا باغلاپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى بەلگى-
لەنگەن جايغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىشى شەرت. مېيىت ئۇزات-
قۇچىلار قوشۇنىدا داقا دۇمباق بار بولۇپ، مېيىتنى گۆر-
لۈككە يەتكۈزگۈچە چېلىنىپ تۇرىدۇ. شەيخ - راھىبلار
دىنىي ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ ماڭىدۇ. گۆرلۈككە
يەتكەندىن كېيىن، ئالدىنئالا قەغەزدىن ياساپ تەييارلانغان
ئەر - ئايال چاكارلار، ئاتلار، تۆگىلەر، كالۋۇتۇندىن توقۇل-
غان كىمخاب - تەتىللا كىيىملەر ۋە ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك
پۇللار ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنىشىچە،
ئۆلگۈچى ئاخىرەتتە مۇشۇ نەرسىلەر ۋە چاكارلاردىن
پايدىلىنارمىش، ياسالغان سۈنئىي ئادەملەر ۋە ھەم دەپنە
قىلىنغان بۇيۇملارمۇ ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدىكىدەك تەبىئىي؛

راست نەرسىلەرگە ئايلىنارمىش. مۇشۇنچىۋالا ئۇرغۇن نەرسىلەر كۆيدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن. ئۇلار داقا دۇمباقلىرىنى دارالغىلىتىپ ئۇزاققىچە بېسىماي شوۋغا - سۈرەن سالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلسە تەڭرى بۇدساتۋالار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى قوبۇل قىلارمىش.

بۇ شەھەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان بەزىبىر بىنا ۋە راۋاقلار بار. كوچىلارنىڭكى باشتا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغان بولغاچقا، ھەمىشە ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن ھامان ئاھالە ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بىخەتەر تۇرسۇن دەپ ھېلىقى تاش ئۆيلەرگە يۆتكىۋېتىدىكەن.

پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قارارى بويىچە، مۇھىم كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىگە سايىۋەنلىك قاراۋۇلخانا سېلىنغان بولۇپ، بۇ قاراۋۇلخانىلاردا ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان مۇھاپىزەتچىلەر تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەشى كۈندۈزى، بەشى كېچىسى نۆۋەتلىشىپ بۇ كۆۋرۈكلەرنى ساقلايدۇ. ھەر بىر مۇھاپىزەتچىگە بىردىن ياغاچ تاكتاك، بىردىن مېتال جاڭ تەييارلاپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلاردا يەنە كېچە - كۈندۈزلۈك ۋاقىتنى ھېسابلاپ تۇرىدىغان ۋاقىت ھېسابلىغۇچىمۇ بار. كېچىسى بىرىنچى جاڭ ئۆتكەندە مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرى تاكتاك سوقسا، يەنە بىرى جاڭ ئۇرىدۇ. بۇ - يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلاردا تۇرۇشلۇق ئاھالىگە ئەمدى بىرىنچى جاڭ بولدى دەپ جاكارلىغانلىق. ئىككىنچى جاڭ توشقاندا تاكتاكلار ئىككى قېتىم ئۇرۇلىدۇ. جاڭ-

لارنىڭمۇ ئۇرۇلۇش سانى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېشىپ تۇرىدۇ. مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەر زامان ھوشيار تۇرۇشى شەرت. ئۇخلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. كۈنچىقىشنى بىلەنلا خۇددى كېچىدىكىدەك 1 - تاكتاك ئۇرۇش باشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاكتاك ۋە جاڭلار ھەربىر ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئۇدا سوقۇلۇپ تۇرىدۇ.

ئادەتتىكى چاغلاردا، شەھەر قوغداش قىسمىنىڭ بىر ئەسكىرى كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈشكە چىقىدۇ، بەلگىلەنگەن چىراغ ئۆچۈرۈش ۋاقتىدا چىراغ ئۆچۈرمىگەن كىشى بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرىدۇ. چىراغ ئۆچۈرمىگەن كىشى بىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىشىكىگە بىر بەلگە سىزىپ قويۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى ئادەمنى يەرلىك مەنسەپدارنىڭ ھوزۇرىغا سوراق قىلىشقا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا ئەقىلگە مۇۋاپىق سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر كېچىلىك جىددىي ھالەت ۋاقتىدا كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنى دەرھال قولغا ئالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى سوراققا تارتىش ئۈچۈن بىر مەھكىمىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر بىراۋنىڭ مېيىپلىكى ياكى باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئىشلىيەلمەي قالغانلىقىنى سەزسە، ئۇ ئادەمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇنداق دوختۇرخانىلاردىن بۇ شەھەرنىڭ ھەر بىر رايونىدا بىر نەچچىسى بولىدۇ. بۇ دوختۇرخانىلار قەدىم زاماندىكى پادىشاھلار تەرىپىدىن

قۇرۇلغان بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئەركىن ئىئانىسى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. ئاغرىق كىشى داۋالىنىپ ساقايغاندا، ئۇ مەجبۇرىي يوسۇندا مەلۇم بىر خىل كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرسە، كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرگۈچى ئەسكەرلەر ياغاچ تاكتاكنى سوقۇپ سىگنال بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەلگىلىك ئارىلىقتىكى شەھەر قوغدىغۇچى قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرى دەرھال توپلىنىپ كېلىپ، كىشىلەرنى ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك سودىگەرلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىخەتەر بىناغا يۆتكەپ، ئۇنى زىياندىن ساقلايدۇ. بەزىدە بۇ نەرسىلەر كېمە ئارقىلىق كۆلدىكى ئاراللارغا توشۇلىدۇ. ئاھالە ئەگەر كېچىسى بىرەر ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىسا، ئۆز ئۆيىدىن خالىغانچە سىرتقا چىقالمايدۇ. پەقەت نەرسە-كېرەكلىرىنى توشۇپ بېرىۋاتقان كىشىلەر ۋە ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە چاقىرىلغان شەھەر قوغدىغۇچى قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرىلا ئوت كەتكەن مەيداندا تۇرالايدۇ. بەلگىلىمە گەرچە شۇنداق قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن ئوت مەيدانىغا ھازىر بولغان كىشىلەر 1 — 2 مىڭدىن كەم بولمايدۇ.

ئەگەر شەھەر ئاھالىسى ئىچىدىن قالايمىقانچىلىق ياكى توپىلاڭ يۈز بەرسە، شەھەر قوغدىغۇچى قىسىمنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى ناھايىتى زۆرۈر بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سىرتىدا، پادىشاھ ئائىلىلىرى تۇرغان شەھەردە ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلاردا زور تۈركۈم پىيادە قىسىم ۋە ئاتلىق قىسىملار جايلاشقان

بولۇپ، ئۇلارغا ئەڭ قابىلىيەتلىك ئوفىتسېرلار قوماندانلىق قىلىدۇ.

كېچىلىك ئېھتىيات ئۈچۈن، ئارىلىقى تەخمىنەن ھەر 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا بىردىن تۇر ياسالغان، تۇرغا ئاۋاز چىقىرىدىغان تاختاي ئېسىقلىق بىر جازا ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ تۇرلاردا تۇرغۇچى ئەسكەرلەر ھېلىقى تاختاينى سوقسا، ئۇنىڭ ئاۋازى خېلى يىراققا بارىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئېھتىيات تەدبىرلىرى قوللىنىلماي ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ قالسا، شەھەرنىڭ يېرىمى كۆيۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلۇشى مۇمكىن. خەلق توپىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا، بۇنداق قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغان ئېھتىيات تەدبىرلىرىنىڭ كۆرسىتىدىغان ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بۇ تۇرلاردىن سىگنال بېرىلىشى بىلەنلا بارلىق كۆۋرۈكلەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر دەرھال قوراللىنىپ، زۆرۈر تېپىلغان ھەرقانداق جايغا بېرىشقا تەييار تۇرىدۇ.

ئۇلۇغ خان دەنزى ئۆلكىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى مەنزى ئۆلكىسى بىر خانلىق ئىدى. ئۇلۇغ خان مەنزى ئۆلكىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى توققۇز رايونغا بۆلۈشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ھەر بىر رايونغا بىردىن خان ياكى باش ۋالىي تەيىنلەپ، ئۇنى بۇ رايوننىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى قىلدى، خەلققە رەھىمدىللىك سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇ باشلىقلار پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەخسۇس ئەلچىسىگە ئۆز رايونىدىن ئېلىنغان باجنىڭ ئومۇمىي سانىنى ۋە مەۋرىي ئىدارە قىلىشقا دائىر ھەممە ئىشلارنى دوكلات قىلىپ تۇردى. ۋەزىپە ئۆ-

تەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، مۇددىتى توشۇشى بىلەنلا ھەممىسى بىردەك ئالماشتۇرۇلدى. ئۇلۇغ خاننىڭ باشقا مەنسەپدارلىرىمۇ مۇشۇنداق ئالماشتۇرۇلاتتى.

توققۇز باشلىقتىن بىرى خاڭجۇدا تۇراتتى ۋە ئۇ بۇ يەردە مەھكىمە قۇرۇپ 140 نەچچە چوڭ باي شەھەرنى ۋە راباتلارنى ئىدارە قىلدى. پۇتكۈل مەنزى ئۆلكىسىگە قاراشلىق شەھەر ۋە راباتلار 1200 دىن كەم ئەمەس ئىدى. كىتابخانلارنىڭ بۇ سانلاردىن ئەجەبلىنىشى ھاجەتسىز، چۈنكى بۇ ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمگەكچان ۋە باي كىشىلەردۇر. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەر بىر شەھەر ـ راباتقا ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىغا قاراپ، قوغداش قىسىملىرى تۇرغۇزغان. بەزى شەھەرلەردە 1000 ئەسكەر، بەزى شەھەرلەردە 10 مىڭ ياكى 20 مىڭ ئەسكەر تۇرغۇزغان. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانى ھەر بىر جايدىكى ئاھالىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىگە قاراپ بەلگىلەنگەن. ئەمما بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تاتارلارمىكىن دەپ قالماڭلار. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى كىدان ئۆلكىسىدىكى يەرلىك خەلقتىن ئېلىنغان. تاتارلار ئاتلىق قىسىم، ئۇلار بۇنداق ئويمان ۋە كۆل ـ سازلىقلارغا يېقىن شەھەرلەردە تۇرماي، بەلكى يېرى قاتتىق ۋە قۇرغاق يەرلەردە تۇرالايدۇ، چۈنكى مۇشۇنداق يەرلەرلا ئۇلارنىڭ مەشىق قىلىشىغا لايىق. ئالدىنقى بىر خىل يەرلەرنى كىدانلىقلار ۋە مەنزى ئۆلكىسىدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەر قوغدايدۇ. چۈنكى پۇقرالار ئىچىدىن ھەر يىلى مۇۋاپىق ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىش — ئۇلۇغ خاننىڭ

ئادىتى. ئەمما ئۇ مەنزى ئۆلكىسىدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى بۇ يەردىن 20 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايلاردا تۇرغۇزۇپ، تۆت يىلدىن بەش يىلغىچە ھەربىي خىزمەتكە سالىدۇ. خىزمەت ئۆتەش قەرەلى توشقاندىلا ئۇلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەملەرنى ئالماشتۇرىدۇ. بۇ قائىدە كىدانلىقلارغىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ھەر قايسى شەھەرلەردىن خانىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان باج پۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ھېلىقىدەك شەھەر قوغدىغۇچى قىسمىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىگە مۇۋاپىق ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. ئاھالە ئەگەر مەلۇم بىر خىل غەزەپ بىلەن تاسادىپىي توپىلاڭ كۆتۈرسە ياكى مەستلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ باش ۋالىيسىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، — بۇنداق ۋەقەلەرنى ئاز ئۇچرايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. — يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان قىسىملار بۇيرۇق بويىچە دەرھال ۋەقە قوزغالغان جايغا بېرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرىدۇ. مۇشۇ مەقسەت كۆزدە تۇتۇلغاچقا، خاڭجۇ شەھىرىدە تۇرىدىغان مۇھاپىزەتچى قىسىم 30 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. باشقا جايلارنىڭ ھەر بىرىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارمۇ ئاز دېگەندە 1000 كىشىگە يېتىدۇ.

ئەمدى بايان قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشنى يەنى بۇرۇنقى پەغفۇر تۇرغان ناھايىتى كاتتا ئوردىنى بايان قىلىمىز. ئۇنىڭ ئەجدادى ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرنى ئىھاتىلەپ، 3 قىسىمغا بۆلگەن. ئوردىنىڭ مەركىزىگە كىشىلەر ھەم ئېگىز ھەم يوغان بىر رەسمىي ئىشىكتىن كىرىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئايرىم-

ئايرىم ھالدا بىردىن تۆۋرۈكلۈك كارىدور ياسالغان بولۇپ، بۇ كارىدورلار ئۈستى تۈپتۈز كەلگەن تەكشى ئېگىزلىككە جايلاشقان. كارىدورلارنىڭ ئۆگزىسىنى بىرنەچچە رەت تۆۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تۆۋرۈكلەر ھاۋارەڭ ۋە ئالتۇن رەڭ سىرلار بىلەن بېزەلگەن. ئوردىنىڭ رەسمىي ئىشىككە ئۇدۇل كېلىدىغان يەردە ئوردىنىڭ تېخىمۇ يىراق بىر چېتىدىمۇ تۆۋرۈك بولۇپ بۇ تۆۋرۈكلەر كارىدورنىڭ باشقا تۆۋرۈكلىرىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك، تورۇسىنىڭ بېزىلىشىمۇ باشقا جايلاردىن گۈزەلرەك. تۆۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە زەر رەڭ ھەل بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئىچىگە بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ تارىخى ئىپادىلىنىدىغان ئىنتايىن گۈزەل سۈرەتلەر سىزىلغان.

پەغفۇر① قائىدە بويىچە ھەر يىلى بۇ يەردە ئوردا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم ئاقسۆڭەكلەرگە، ئاكا بىر - ئەشرەپلەرگە ۋە پايتەختنىڭ مەشھۇر ئادەملىرىگە كاتتا زىياپەت بېرىدۇ. بۇ تۆۋرۈكلۈك كارىدورلۇق قەسىرلەردە بىرلا قېتىمدا 10 مىڭ كىشىگە زىياپەت بەرگىلى بولىدۇ. بۇنداق يىغىلىشلار كۆپ ھاللاردا 10 كۈنگە ياكى 12 كۈنگە سوزۇلىدۇ. بۇ سورۇنلاردا تاۋار - دۇردۇنلار، ئالتۇن، قاشتېشى جابدۇقلارنىڭ جۇلالىرى بىلەن كۆز - كۆز قىلىنغان بايلىق ۋە ئېسىللىك ھەرقانداق تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى ھەر بىر مېھمان ئۆزىنىڭ ئېسىللىكى ۋە بايلىقىنى بۇ سورۇندا

① بۇ يەردە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — تەرجىماندىن.

كاتتا كىيىملىرى ۋە باشقا زىبۇ زىننەتلىرى بىلەن قولىدىن كېلىشىچە ئېپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

باشتا ئېيتىلغان دۆگىلەك تۇۋرۇكلۇك كارىدورلۇق قەسىرنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر كاتتا قەسىر بار بولۇپ، ئۇنىڭ تۇۋرۇكلۇك كارىدورى ئارقىسىدا ئىچكى ئوردىغا كىرگىلى بولىدىغان بىر تام بار. بۇ تام ئىچكى ئوردا بىلەن سىرتقى ئوردىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىچكى ئوردا چوڭ بىر ھويلا شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بۇ يەردىن پادىشاھنىڭ ۋە خانىشنىڭ ئىختىيارىدىكى مەخسۇس ئۆيلەرگە كىرگىلى بولىدۇ. چوڭ ھويلىدىن ئۆتكەندە ئۈستى يېپىلغان پېشايۋان ياكى كارىدورغا چىققىلى بولىدۇ، بۇ كارىدورنىڭ كەڭلىكى ئالتە قەدەم بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تاكى كۆلنىڭ قىرغىقىغا يېتىدۇ. چوڭ ھويلىنىڭ ھەر بىر تەرىپىدە ئۇزۇنچاق ھويلىلارغا چىقىدىغان ئون كارىدور بار، بۇ ھويلىلارنىڭ ھەر بىرىدە 50 ئېغىزدىن ئۆي بار بولۇپ، ھەر بىر ھويلىغا ئايرىم-ئايرىم باغچا ياسالغان. بۇ يەردە پادىشاھقا خىزمەت قىلىدىغان 1000 كېنىزەك تۇرىدۇ.

پادىشاھ بەزىدە ئۈستىگە تاۋار-دۇردۇن سايىۋەن يېپىلغان، رەسىملىك ساياھەت كېمىسىگە چۈشۈپ كۆلنى ۋە كۆل ئەتراپىدىكى بۇتخانىلارنى تاماشا قىلىدۇ. پادىشاھقا بەزىدە خانىش ھەمراھ بولىدۇ، بەزىدە بىر توپ كېنىزەكلەر ھەمراھ بولىدۇ. كۆلدە تاماشا قىلغاچ كۆڭۈل ئېچىش — ئۇنىڭ ئادىتى. ئەتراپى ئېھاتىلەنگەن بۇ مەيداننىڭ باشقا ئىككى قىسمى كىچىك ئورمان، كىچىك كۆللەر ۋە مېۋە ھەم گۈللەرگە تولغان

باغلار بولۇپ، بۇ باغلاردا خىلمۇخىل ھايۋانلار بېقىلىدۇ. بۇ باغلاردىكى بۆكەن، بۇغا، قىزىل بۇغا، ياۋا توشقان ۋە ئۆي توشقانلىرى قاتارلىق ھايۋانلار پەقەت تاماشا قىلغۇچىلار ئۈچۈنلا بېقىلىدۇ. پادىشاھ بەزىدە ئۆزىنىڭ كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ يۈرۈپ تاماشا قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى ھارۋىغا ئولتۇرسا، بەزىسى ئات مىنىۋالغان بولۇپ، بۇنداق تاماشا سورۇنلىرىغا ئەرلەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ كېنىزەكلەر باشتا ئېيتىلغان ھەر تۈرلۈك ئوۋ ھايۋانلىرىنى قوغلاشقا تايغان قويۇپ بېرىشتەك ھەر خىل ئوۋ تېخنىكىسىدىن پۇختا خەۋەردار. ئۇلار بۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن چارچىغاندا، كۆل بويىدىكى ئورمانغا كىرىپ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىدۇ - دە، قىپيالىڭاچ ھالدا سۇغا چۈشۈپ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن سۇ ئۈزىدۇ. بەزىلىرى بۇ ياققا قاراپ ئۈزسە، بەزىلىرى ئۇ ياققا قاراپ ئۈزىدۇ. پادىشاھ بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۇلارنى قانغۇچە تاماشا قىلىدۇ. كېنىزەكلەر كۆلدە ئۈزۈپ يۈرۈپ يۇيۇنغاندىن كېيىن ئورمانغا قايتىپ كېتىدۇ.

پادىشاھ بەزىدە خادىملىرىغا كىچىك ئورماندا غىزالىنىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ چاغلاردا ئاسمانپەلەك ئېگىز دەرەخلەرنىڭ قويۇق ئۆسكەن شاخلىرى سايە چۈشۈرۈپ تۇرغاچقا بۇ يەر ناھايىتى سالقىن ئىدى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بىر توپ كېنىزەكلەرنىڭ ناز - كەرەشمىلىك قىلىقلىرىغا غەرق مەست بولۇپ، بوش ۋاقتىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن زادىلا كارى بولمايتتى. سۇڭ پادىشاھىنىڭ كەيپ - ساپالىق

بېرىپ تۇرمۇشى ئاخىر دۆلەتنى مۇنقەرز بولۇش ئاقىۋىتىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ خانغا ئۇنىڭ تاج-تەختىنى تارتىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىپ قويدى. خۇددى باشتا تونۇشتۇرغىنىمىزدەك، ئۇلۇغ خان ئۇنى پادىشاھلىق تەختىدىن ھەيدىۋەتتى.

بۇ ئەھۋاللارنىڭ بارلىق تەپسىلاتىنى خاڭجۇدا تۇرۇۋاتقىنىمدا خېلى ھاللىق بىر سودىگەر ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى. بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدا خېلى ياشىنىپ قالغان بولۇپ، ئىلگىرى سۇڭ پادىشاھىنىڭ ئىشەنچلىك يېقىن خادىمى بولغاچقا، پادىشاھ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى بەش قولدەك پۇختا بىلەتتى. ئۇ پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى بىلگەچكە مېنى باشلاپ بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرماقچى بولدى. ئۇ ئوردا ئەمدىلىكتە ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسى بولۇپ، تۈۋرۈكلۈك كارىدور يەنىلا ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. ئەمما خوتۇن-قىزلار تۇرىدىغان بىنالار جۇدۇن-چاپقۇنلارنىڭ تەسىرىدىن بۇزۇلۇپ ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئۇنى خارابىسىغا قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بۇ بىنالارنى ئىھاتە قىلىپ تۇرغان مېۋىلىك ھەم گۈللۈك باغلارمۇ ۋەيران بولۇپ كارىدىن چىققان، ھايۋانات ۋە دەرەخلەرنىڭمۇ ئىز-تىزى يوقالغان.

بۇ شەھەردىن 42 كىلومېتىر نېرىدا، شەرقىي شىمال يۆنىلىشتە دېڭىز بار، بۇ يەر ياخشى پورت بولۇپ، ھىندىستاندىن كەلگەن بارلىق سودا كېمىلىرى كۆپىنچە مۇشۇ يەردە توختايدۇ.

ماركوپولو خاڭجۇ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقىنىدا، ئۇ يەردە بۇ شەھەرنىڭ باج كىرىمى ۋە ئاھالە سانىنى ئۈلۈغ خانغا دوكلات قىلىۋاتقان مەخسۇس تەيىنلەنگەن ۋەزىرگە ئۇچراپ قېلىپ، شۇ پۇرسەتتە خاڭجۇ شەھىرىنىڭ ئاھالە سانىنى بىلىۋالغانىدى، ئۇ چاغدا بۇ شەھەردە 160 تۈمەن ئاھالە تىزىملانغانىكەن. ئاھالە دېگەندە، بىر ئائىلە بولۇپ تۇرىدىغان ئاھالىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇ چاغدا پۈتۈن شەھەر بويىچە 1 مىليون 600 مىڭ ئائىلە ياشايتتى.

ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئاتىسى يەنى ئائىلە باشلىقى شۇ ئائىلىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى مەلۇم قىلىپ، بىر پارچە قەغەزگە تىزىملىتىشى ۋە ئۇنى ئىشىككە چاپلاپ قويۇشى شەرت ئىدى. ئاتلارنىڭ سانىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر شۇ ئائىلىدە بىراۋ ئۆلسە ياكى بۇ ئۆيدىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئادەم سانى قوشۇلسا، ئۇنى تىزىمغا قوشۇپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆلكىنىڭ كاتتىلىرى ۋە شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ئاھالىنىڭ ئېنىق سانىنى ھەر قاچان بىلىپ تۇرالايتتى. قىتان ئۆلكىسىمۇ، مەنزى ئۆلكىسىمۇ بۇ بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلاتتى. بارلىق مېھمانخانىلار ۋە سارايلارنىڭ خوجايىنلىرىمۇ شۇ يەردە قونغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى بىر دەپتەرگە تىزىملاپ، ئۇلارنىڭ كەلگەن - كەتكەن ۋاقتىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قوياتتى. بۇنداق تىزىم دەپتەرلىرى ھەر كۈنى

يېگىلىنىپ تۇراتتى، بۇ دەپتەرلەر باشتا ئېيتىلغان چاسا بازاردا تۇرۇشلۇق مەنسەپدارلارغا تاپشۇرۇلاتتى. مەنزى ئۆلكىسىدە كەمبەغەل ئائىلىلەردە ياشايدىغان ۋە كەمبەغەل- لىكىدىن تۇرمۇش كەچۈرەلمەي قالغانلار ئۆزىنىڭ ئوغۇل- قىز پەرزەنتلىرىنى بايلارغا سېتىپ پەرزەنتلىرىنى ياخشىراق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىك شارائىتىدا پەرزەنتلى- رىنى ئۇنداق پۇرسەتكە ئىگە قىلالمايتتى.

## يەتمىش سەككىزىنچى باب

## ئۇلۇغ خاننىڭ باج كىرىملىرى

ئەمدى بىز ئۇلۇغ خاننىڭ خاڭجۇ شەھىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋە رايونلاردىن يەنى مەنزىلەر دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان رايونلاردىن قىلىدىغان باج كىرىملىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. بىرىنچىسى تۇز بېجى، ئۇلۇغ خان بۇ يەردىن ئەڭ كۆپ چىقىدىغان مۇشۇ مەھسۇلاتتىن ھەر يىلى 80 ئالتۇن تۈمەن (كونا پىرسىيە تىللاسى) باج كىرىم قىلىدۇ. ھەربىر تۈمەن سەككىز تۈمەن ساك بولۇپ، ھەر بىر ساك دەل بىر ئالتۇن فلورىن (ئالتۇن تىللا)غا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنىڭ ئومۇمىي سانى 6 مىليون 400 مىڭ دىيك (تىللا)غا يېتىدۇ. تۇز مەھسۇ- لاتىنىڭ ئەنە شۇنداق زور بولۇشى، ئۇنىڭ دېڭىزغا بەك

يېقىن بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭدەك بۇ يەردە تۇزلۇق كۆل ۋە شورتاڭلىقلارنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ. بۇلاردىنمۇ ئوخشاش ساندا باج ئېلىنىدۇ. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن 1000 ئىش مەيدانىغا ئىگە 12 ئۇستىخانىغا ۋە ماللىرىنى شەھەرگە توشۇپ كېلىدىغان سودىگەرلەرگە، ماللىرىنى شەھەرلەردىن ئىچكى بازارلارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان سودىگەرلەرگە ياكى ماللىرىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىدىغان سودىگەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارمۇ بىردەك 3% ياكى ئۇچتىن بىر نىسبەتتە باج تاپشۇرىدۇ، يىراق دۆلەتلەر ياكى رايونلاردىن، مەسىلەن، ھىندىستاندىن دېڭىز يولى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن ماللاردىن بولسا 10% باج ئېلىنىدۇ، مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان بارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار، مەسىلەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە تاۋار - دۇردۇنغا ئوخشاش ماللاردىنمۇ باج ئېلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ سانى ماركوپولونىڭ كۆز ئالدىدا ھېسابلانغان بولغاچقا، ئۇ ئەلۋەتتە، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ باج كىرىمىنى بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە. دېمەك، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ باج كىرىمى باشتا ئېيتىلغان تۇز بېجىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر يىلى 2 مىليون 100 مىڭ ياكى 16 مىليون 800 مىڭ دېكقا (تىللاغا) يېتىدۇ.

## يەتمىش توققۇزىنچى باب

## تەيپىڭفۇ شەھىرى ۋە باشقا شەھەر ـ راباتلار

بىز خاڭجۇدىن چىقىپ، شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشكە قاراپ بىر كۈن ئاتلىق سەپەر قىلىش داۋامىدا، ئۆي ـ ئىمارەتلەر، داچىلار ۋە كىشىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى زوقلاندۇرىدىغان باغ ـ ئېتىزلارنى داۋاملىق كۆرۈپ ماڭدۇق، بۇ يەردە خىلمۇخىل كۆكتاتلار ناھايىتى مول ئىكەن. ئاخىر تەيپىڭفۇ (Tə-pin-zu) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ ــ خاڭجۇغا قاراشلىق گۈزەل چوڭ شەھەر. ئۇنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، قەغەز پۇل خەجلەيدىكەن. ئۆلگەنلەرنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن. ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى بولۇپ، سودا ـ سېتىق ۋە قول سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ شەھەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، ئىمىز، شۇڭا بىز داۋاملىق ھالدا خۇجۇ (Uguiu) شەھىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

تەيپىڭفۇدىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق ئۈچ كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن، خۇجۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئوخشاش بىر يۆنىلىشكە قاراپ يەنە ئىككى كۈن مېڭىپ، داۋاملىق تۈردە نۇرغۇن شەھەر ـ راباتلار، قەلئەلەر ۋە ئادەم ياشايدىغان جايلارنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ تۇراتتى، بۇ

جايلار بىلەن تونۇشمايدىغان ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ جايلار خۇددى كەڭ بىر شەھەرنىڭ كېڭىيىپ بېرىۋاتقىنىدەك بىلىنەتتى. ئۇلار - تامامەن خاڭجۇغا قاراشلىق بولۇپ، ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئىشىنەتتى. بۇ جايلارنىڭ مەھسۇلاتى مول، ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىدى. بۇ يەردىن چىقىدىغان بامبۇكنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تۆت بارماقتەك بولۇپ، ئېگىزلىكى 15 قەدەمگە يېتەتتى. باشقا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بامبۇكلاردىنمۇ چوڭ ۋە ئۇزۇن ئىدى.

يەنە ئوخشاش يۆنىلىشنى بويلاپ، ئاتلىق ئۈچ كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن، چۈيجۇ (Gen - gui) شەھرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئەگەر ئوخشاش يۆنىلىشنى بويلاپ شەرقىي جەنۇبقا مېڭىۋەرگەن بولساق، يەنە ئاھالىسى زىچ بولغان نۇرغۇن شەھەر - راباتلارنى كۆرەتتۇق. ئۇلار سودىگەرلىك ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. مەنزى ئۆلكىسىنىڭ بۇ رايونلىرىدا قوي ئۇچرىمايدىكەن، لېكىن، بۇقا، سىيىر، سۇ كالىسى ۋە ئۆچكىلەر كۆپ ئىكەن، تۇڭگۇزغا كەلسەك، ئۇنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. سەپىرىمىزنىڭ 4 - كۈنى كەچقۇرۇن بىز يەنجۇ (Zen - Gian) شەھرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇملۇققا جايلاشقان بولغاچقا، يەنجۇ شەھرى گويا بۇ دەريانى بىرنەچچە تارماققا بۆلۈۋەتكەندەك، چوڭ دەريا ئۆز ئەتراپىدىكى تاغلارنى مەھكەم قىسىپ تۇرغاندەك بىلىنىدىكەن. دەريانىڭ ئىككى تارمىقى باشقا - باشقا تەرەپلەرگە قاراپ، يەنى بىر تارمىقى

شەرقىي جەنۇبقا، يەنە بىر تارمىقى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن شەھەرلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنى بولۇپ، ئۇلارنى خاڭجۇ ئىدارە قىلىدىكەن. ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، سودىگەرلىك بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. بۇ جايلارنىڭ يېزىلىرىدا ئۇچار - قاناتلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. يەنە ئىلگىرىلەپ ئۈچ كۈن ماڭغىنىمىزدىن كېيىن شىنجۇ (Gie - za) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ، ھەيۋەتلىك چوڭ شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرمۇ خاڭجۇ ئىدارە قىلىدىغان جايلارنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر شەھەر ئىكەن. شىنجۇ شەھىرىدىن چىقىپ، مەنزى ئۆلكىسىدىكى يەنە بىر كىنەزلىككە ياكى باش ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىي ئىدارە قىلىدىغان رايون — فۇجيەن (Kon - cha) گە كىردۇق.

## سەككىزىنچى باب

### چۇجيا كىنەزلىكى ۋە ئۇنىڭ پايتەختى فۇجۇ

خاڭجۇ كىنەزلىكىنىڭ ئاخىرقى شەھىرى شىنجۇ (Gie - za) شەھىرىدىن چىقىپ چۇجيا (Kon - cha) كىنەزلىكىگە (بۈگۈنكى فۇجيەنگە) كەلدۇق. ئۇنىڭ مۇھىم شەھىرى فۇجۇ (Fu - giu) دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشنى بويلاپ ئاتلىق ئالتە كۈن يۈرگەچ تاغ-

جىلغىلاردىن ئېشىپ، داۋاملىق تۇردا تۇرغۇن شەھەر-راباتلارنى ۋە يېزىلارنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى مول، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. تاغ-داللىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ قىلىنىدىغان ئوۋلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇچار قاناتلار ناھايىتى نۇرغۇنكەن. ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى بولۇپ، ئۇلار سودىگەرلىك ۋە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

بۇ ئەتراپتا ياشايدىغان يولۋاسلار دەھشەتلىك ۋە كۈچلۈك، جۈغى زور كېلىدىكەن. زەنجىۋىل، ئېگىر ۋە باشقا دورا-دەرمانلار ناھايىتى جىق چىقىدىكەن. زەنجىۋىل ھەممە يەرلەرگە دېگۈدەك كۆپ تېرىلىدىكەن. بىر ۋېنەتسىيە تەڭگىسىدەك پۇلغا 3.6 كىلوگرام زەنجىۋىل كېلىدىكەن. ھەممە خۇسۇسىيىتى زەپەگە ئوخشىشىدىغان، تەمى، رەڭگىمۇ شۇنىڭدەك كەلگەن بىر خىل ئۆسۈملۈك بار ئىكەن. لېكىن ئۇ ھەقىقىي زەپە ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ تاماقىدا مېلىقى ئۆسۈملۈك زادىلا كەم بولمايدىكەن. شۇڭا ئۇ كاتتا نەرسە دەپ قارىلىپ، قىممەت سېتىلىدىكەن.

بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالمىغان نەرسىلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئامراق ئىكەن. ئۇلار ئادەمنىڭ گۆشىنىڭ تەمى باشقا نەرسىلەرنىڭ گۆشىدىن تەملىك دەپ قارايدىكەن. ئۇلار قوراللىنىپ جەڭگە چىققاندا، چاچلىرىنى سالۋارتىپ قۇلىقىغا چۈشۈرۈۋالىدىكەن ۋە يۈزىنى كۆكۈچ بوياۋالىدىكەن. ئۇرۇشتا نەيزە ۋە خەنجەرنى قورال قىلىدىكەن. باشلىقلىرىنىڭ ئات مىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى

پىيادە يۈرۈش قىلىدىكەن. ئۇلار بىر خىل ياۋايى ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئۆلتۈرسە، ئالدىراپ ـ تېنەپ دۈشمەنلىنىڭ قېنىنى پۈتۈنلەي شوراپ تۈگىتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ گۆشىنى ئالىشىپ يېيىشىدۇ. ئەمدى بۇ گەپنى مۇشۇ يەردە تۈگىتىپ، جيەنىنىڭفۇ (Kue-lin-fu) شەھىرى① ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئالتە كۈنلۈك سەپەرنى تۈگىتىپ، جيەنىنگفۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇزۇنلۇقى 100 قەدەمدىن ئاشىدىغان، كەڭلىكى سەككىز قەدەم كېلىدىغان گۈزەل ئۈچ كۆۋرۈك بار. بۇ يەرنىڭ ئاياللىرى گۈزەل، نازىنىن كېلىدۇ. ئۇلار خۇش كەيپ، ئېسىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ يەردىن خام يىپەك جىق چىقىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل تاۋار ـ دۇردۇن توقۇلىدۇ. بۆز رەختلەر خىلمۇخىل بويالغان بۆز يىپلاردىن توقۇلۇپ، مەنزى ئۆلكىسىنىڭ جاي ـ جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. ئاھالە سودا سېتىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە ئۇرغۇن زەنجىۋىل ۋە ئېگىرنى سىرتقا چىقىرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە بەدىنىدە پەي يوق، بەلكى مۈشۈكنىڭكىدەك يۇمشاق تۈكى بار بىر خىل توخۇ بارمىش، لېكىن بۇنداق توخۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىدۇق. ئەگەر ئۇنى كۆرگەن بولساق، ئۇنى

① ئەينى زاماندا جيەنىنگفۇ دېيىلگەن يەر بۈگۈنكى كۈندە جيەنئۇ ئاھىيسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

غەلىتە ئەھۋال دېيىشكە بولاتتى①. ئۇنداق توخۇمۇ باشقا توخۇلارغا ئوخشاش تەمىلىك تۇخۇم تۇغارمىش. بۇ يەردە يولۋاس كۆپ بولۇپ، تەرەپ-تەرەپتە قاتراپ يۈرگەچكە يولۇچىلارغا ناھايىتى چوڭ خەۋپ تۇغدۇرىدىكەن. شۇڭا خەلق سىرتقا بىرلىشىپ چىقىدىكەن. بولمىسا ناھايىتى خەتەرلىككەن.

## سەكسەن بىرىنچى باب

### ۋۇگەن شەھىرى

جيەنىنگفۇ شەھىرىدىن چىقىپ، ئاتلىق ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كېيىنلا ۋۇگەن (Un-guen) شەھىرىگە② كەلدۇق. يول ئۈستىدە نۇرغۇن شەھەر-راباتلارنى ۋە قەلئەلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي بۇددىستلار بولۇپ، بۇ يەردىن خام يىپەك جىق چىقىدىكەن ۋە كۆپلەپ سىرتقا چىقىرىلىدىكەن.

بۇ يەر كۆپلەپ شېكەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭلىق ئىكەن، ئۇلاردىن چىققان شېكەرنى خانبالىققا توشۇپ، ئوردىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىكەن. بۇ يەر

① ئۆي قۇشلىرىدا ھەۋەس قىلىدىغانلار بۇ ئۆي قۇشىنىڭ قوي تۈكلۈك پىرسىيە توخۇسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۇنى ئاققۇ يەرلىك توخۇ دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ پەقەت ئاق پەرلىك كەلگىنىلا بار.— ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② بۈگۈنكى يۈشى — تەرجىماندىن.

ئۇلۇغ خانلىق زېمىنىغا قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەرلىك ئاھالە يۇقىرى سۈپەتلىك شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بەك يېرىك بولۇپ، سوۋۇتۇلغان شېكەر قوڭۇر رەڭلىك شىلىمشىمان كېلىدىكەن. بۇ شەھەر ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندە بەزىبىر بابىللىقلار خان ئوردىسىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شېكەر ئىشلەش ئۇسۇلىنى پۇختا بىلىدىغانلار ئىكەن. شۇڭا خان ئۇلارنى يەرلىك خەلققە مەلۇم بىر خىل ئوتۇننىڭ كۈلى بىلەن ساپ شېكەر ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشكە مۇشۇ يەرگە ئەۋەتىپتىكەن.

ئوخشاش بىر يۆنىلىشنى بويلاپ يەنە 24 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ① فۇجۇغا كەلدۇق. ئۇ مەنزى ئۆلكىسىنىڭ توققۇز چوڭ رايونىنىڭ بىرى بولغان چۈجيا كېنەزلىكىگە (بۈگۈنكى فۇجيەنگە) ياكى باش ھەربىي-مەمۇرىي ۋالىي باشقۇرىدىغان رايونغا قارايدۇ. بىرەر توپىلاڭ بولۇپ قالسا دەرھال بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يەردە ھازىر نۇرغۇن قوشۇن تۇرىدۇ.

بىر چوڭ دەريا (يەنى مىنجياڭ) بۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريانىڭ كەڭلىكى 1·6 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قېشىدا ناھايىتى چوڭ، گۈزەل ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئالدىدا پەۋەس مال بېسىلغان. بولۇپمۇ شېكەر بېسىلغان تۈركۈم-تۈركۈم

① ئەسلى ئەسەردە 15 ئىنگلىز مىلى دېيىلگەن. بۇ يەردە 24 كىلومېتىر دېيىلگىنى خاتا.— ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كېمىلەر توختاپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىمۇ كۆپلەپ شې-
كەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. نۇرغۇن سودا كېمىلىرى ھىندىستان-
دىن مۇشۇ پورتقا ھەيدەپ كېلىنگەن. ھىندىستانلىق سو-
دىگەرلەر خىلمۇخىل، رەڭگا رەڭ ئۈنچە - مارجان، جاۋا-
ھىراتلارنى بۇ يەرگە توشۇپ كېلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن
پايدا ئالىدۇ. بۇ پورت زەيتون (Zai - tun) چۈەنجۇ
پورتىغا يېقىن بولۇپ، دەريا سۈيى دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.
ھىندىستاندىن كەلگەن كېمىلەر دەريا بويلاپ يۇقىرى ئۆر-
لەپ چۈەنجۇ شەھىرىگىچە بارالايدۇ. بۇ يەر كىشىلەرنى
مول بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇنىڭدا يەنە كىشىنىڭ
كۆڭلى - كۆكسى يايرايدىغان نۇرغۇن باغ - ئورمانلارمۇ
بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردىن ئەلا سۈپەتلىك، شېرىن مېۋە-
چېۋىلەر چىقىدۇ.

## سەكسەن ئىككىنچى باب

## چۈەنجۇ پورتى ۋە دېخۇا شەھىرى

فۇجۇ شەھىرىدىن چىقىپ، مۇشۇ دەريانى كېسىپ ئۆتكەچ، شەرقىي جەنۇبقا① قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيمىز. بەش كۈنلۈك سەپەر داۋامىدا ئاھالىسى قويۇق جايلاشقان بىر رايوننى بېسىپ ئۆتىمىز. يول ئۈستىدە نۇرغۇن

---

① غەربىي جەنۇبقا قاراپ دەپ تۈزىتىپ ئوقۇلسۇن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

شەھەر - راباتلار، قەلئەلەر ۋە مۇستەھكەم ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتتىمىز. بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى مول، ئاھالىسى باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. يول ئۈستىدە تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، ئورمانلارنى ۋە كەڭ بىر تۈزلەڭلىكنى بېسىپ ئۆتتىمىز. ئورمانلار ئارىسىدا نۇرغۇن چاتقاللار ئۆسىدۇ، بۇ يەردىن كامفارا چىقىدۇ. يېزىلاردا ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلار نۇرغۇن. ئاھالىسى ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى بولۇپ، مەمۇرىي جەھەتتە فۇجۇ شەھىرىگە قارايدۇ.

سەپىرىمىزنىڭ 5 - كۈنى كەچتە ھەيۋەتلىك، گۈزەل شەھەر زەيتۇن (چۈەنجۇ Zai - tun) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى پورت. كېمىلەرنىڭ توختىماستىن موكىدەك كېلىپ - كېتىپ تۇرۇشى بىلەن مەشھۇر. كېمىلەرگە تاۋار قاچىلانغاندىن كېيىن، مەنزى ئۆلكىسىنىڭ جاي - جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. ئۇ يەرلەرگە توشۇلىدىغان قارىمۇچنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. لېكىن ئۇنى ئالېكساندىرىيىگە (ئىسكەندەرىيىگە) توشۇپ بېرىپ غەرب دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان قارىمۇچقا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئېھتىمال، ئۇنىڭ بىر پىرسەنتىگە يېتەرمىكىن. زەيتۇن (چۈەنجۇ) پورتى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پورتلارنىڭ بىرى. تۈركۈم - تۈركۈم سودىگەرلەر كۆپلەپ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغاچقا، تاۋارلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. ھەر بىر سودىگەر ئۆزى سالغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 10% ىنى باجغا تاپشۇرۇشى شەرت. شۇڭا ئۇلۇغ خان بۇ يەردىن ناھايىتى نۇرغۇن كىرىم قى-

لىبدۇ. سودىگەرلەر كېمە ئىجارە ئېلىپ ماللىرىنى توشۇشتا،
ئالىي تاۋارلار ئۈچۈن شۇ مالنىڭ قىممىتىنىڭ 30% ىنى
كىرا ھەققىگە تاپشۇرىدۇ. قارىمۇچ ئۈچۈن بولسا، 44%
كىرا ھەققى تۆلىشى شەرت. سەندەل ياغىچى، باشقا دورا-
دەرمانلار ۋە ئادەتتىكى تاۋارلار ئۈچۈن 40% كىرا ھەققى
تۆلەيدۇ. سودىگەرلەرنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، ئۇلارنىڭ
تاموژنا بېجى ۋە كىرا ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارى-
لىق چىقىمى ئومۇمىي تاۋار قىممىتىنىڭ يېرىمىغا يېتىدى-
كەن. لېكىن بۇنىڭدىن ئۆزگە قالغان يېرىم قىممەتكە
باراۋەر تاۋاردىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ، شۇڭا
ئۇلار ھەمىشە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن مالدىنمۇ كۆپ مالنى
ئۆز يۇرتىنىڭ بازىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق، ئاھالىسى
بۇددا دىنىغا ئېشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەت-
لىكلىرى ئىنتايىن مول. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ مىجەز -
خۇلقى تىنچ - ئامانلىقنى، خاتىرجەم راھەت تۇرمۇش
كەچۈرۈشنى؛ ئەركىنلىكنى ياقتۇرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
ھىندىستاندىن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى باشتا ئېيى-
تىپ ئۆتكىنىمىزدەك بەدىنىگە ئالا - بۇلا رەسىم سالغۇ-
زۇش. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ بەدەنگە رەسىم سالغۇچىلى-
رىنىڭ تېخنىكىسى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا،
ئۆز يېرىنىكىمۇ، چەت ئەللەرگىمۇ مەشھۇر.

زەيتۇن (چۈەنجۇ) پورتىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا
(جىنجياڭ) كەڭرى بولۇپ تېز ئاقىدۇ. ئۇ، جىڭشى (خاڭ-

جۇ دېڭىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ تارمىقى①. بۇ تاز-ماق ئېقىن بىلەن ئاساسىي ئېقىننىڭ بۆلۈنىدىغان جايىدا تىڭجى (دېخۇا) شەھىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىن فارفور ئىستاكان ياكى فارفور خۇنچىدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك نەرسە ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ. بۇنداق فارفور قاچىلارنىڭ ئىشلىنىش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئۇلار يەردىن بىر خىل لاي تۇپىنى كولىۋېلىپ چوڭ بىر دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەيدۇ - دە، شامال، بوران ۋە ئاپتاپقا سېلىپ 30 — 40 يىلغىچە زادىلا ئۆرىمەي تاشلاپ قويىدۇ. لاي مۇشۇنداق ئۇزاق تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ساپلىشىپ يۇقىرىقىدەك قاچا - قۇچىلارنى ياساشقا لايىق ماتېرىيالغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملار ئۆز لايىقىدا ئېمال سۈركىلىپ خۇمدانىدا ياكى مەشتە پىشۇرۇلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇنداق لاي دۆۋىلىگۈچىلەرنى ئۆز ئەۋلادى بولغان نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ فارفور قاچا - قۇچا ئىشلەپچىقىرىشىغا ماتېرىيال تەييارلاپ بەرگۈچىلەر دېيىشىدۇ. ئىشلىنىپ چىققان نۇرغۇن فارفور قاچا - قۇچىلار شەھەرنىڭ ئۆزىدە سېتىلىدۇ. بىر ۋېنىتسىيە تەڭگىسىگە فارفور ئىستاكاندىن 8 ى كېلىدۇ②.

① بۇ يەردە چۈەنجۇدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان جىنجياڭ دەرياسىنى خاڭجۇدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تارمىقى دېگەنلىكى خاتا — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② فارفور قاچا - قۇچىلار خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلدىن مىلادىدىن كېيىنكى 220 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى دەۋر) دىكى جۇڭگو كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. لېكىن ماركوپولو ئۆلۈپ 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا جۇڭگو فارفورچىلىقى تازا گۈللەنگەن. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بىز ئەمدى مەنزى ئۆلكىسىدىكى توققۇز رايوننىڭ بىرى بولغان مەمۇرىي رايون — چۇجيانى تەسۋىرلەيمىز. ئۇلۇغ خاننىڭ بۇ يەردىن ئالىدىغان باج كىرىمى خاڭجۇنىڭكىدەك كۆپ. ماركوپولو بۇ رايونلار ئىچىدە پەقەت خاڭجۇ ۋە چۇجيا رايونلىرىدىلا بىرىپ، باشقا يەتتە رايونغا ئۆزى بارمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇلار ئۈستىدە توختالمايمىز. لېكىن بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، مەنزى ئۆلكىسىدە بىر خىل تىل ۋە بىر خىل يېزىق ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، ئەمما خىلمۇخىل رايونلارنىڭ ئۆزى ئايرىم قوللىنىدىغان ئايرىم شىۋىلىرىمۇ بار. بۇ، گېنويە (Genoese)، مىلان (Milanese)، فىلورېنتسىيە (Florentine) ۋە ئىتالىيىنىڭ باشقا ئوبلاستلىرىدا ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ جايلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم شىۋىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى چۈشىنىدۇ.

ماركوپولو يازماقچى بولغان تېمىلار تېخى ئاخىرلاشمىدى، ئەمدى ئالدى بىلەن ئىككىنچى جىلدنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاندىن باشقا بىر جىلدنى باشلىماقچىمىز. ئۇنىڭدا ھىندىستاندىكى دۆلەتلەر ۋە ئۆلكىلەر تەسۋىرلىنىدۇ، ھىندىستان چوڭ ھىندىستان، كىچىك ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ھىندىستان دېگەن قىسىملارغا بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ. ماركوپولو ئۇلۇغ خان ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىدا بۇيرۇق بويىچە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشكە توغرا كېلىپ، ئاشۇ جايلارغا بارغان. كېيىن ئۇ يەنە دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن بىرلىكتە پادىشاھ ئارگون ئالىدىغان خانىشنى ئۇزىت-

تىپ قويۇپ قايتقان ۋە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا شۇ جايلارغا يەنە بىر قېتىم كىرىپ ئۆتكەن.

ئۇ ئاشۇ دۆلەتلەردە ئۆزى بىۋاسىتە كۆرگەن ۋە ئاڭ-لىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ-دەك ئىشەنچلىك ئادەملەر ئۇنىڭغا مەلۇم قىلغان ياكى ھىندىستان ساھىلىنى بويلاپ قىلغان دېڭىز ساياھىتى خەر-رىتىسىدىن ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئىشلارنىمۇ تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

# ئۈچىنچى جىلد

## ياپون تاقىم ئاراللىرى، جەنۇبىي ھىندىستان، ھىندى دېڭىزىنىڭ ساھىللىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاراللار

## بىرىنچى باب

### ھىندىستان ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى، ئۆرپ-ئادىتى، ئالاھىدە مەشھۇر خەۋەرلەر-ئىشلار، دىگىمىز ساياھىتىگە ئىشلىتىلىدىغان كېمىلەرنىڭ تۈرلىرى

بىز بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا خىلمۇخىل ئۆلكىلەر ۋە جايلار ئۈستىدە توختالغانىدۇق. ئەمدى ھىندىستاننىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق بايان قىلىمىز.

ئاۋۋال بايان قىلىدىغىنىمىز سودىگەرلەر ئىشلىتىدىغان كېمىلەردۇر. بۇ كېمىلەر ئاق قارىغاي (پىختا) دىن ياسالغان. ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا پالۇبىسى بار. پالۇبىسىنىڭ تېگىدە 60 بۆلمە بار بولۇپ، بۆلمىلەرنىڭ سانى كېمە سىغىمچانلىقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، بەزى كېمىلەرگە جىقراق، بەزى كېمىلەرگە ئازراق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەربىر بۆلمىگە بىر سودىگەر چۈشىدۇ، كېمىلەرنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى مۇكەممەل. كېمىلەردە 4 تىن ماچتا ۋە 4 تىن يەلكەن بار. بەزى كېمىلەرنىڭ پەقەت ئىككىلا ماچتىسى بار. ماچتىلار ھەرىكەتچان بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا تىكلەپ ياكى يىغىپ قويۇلىدۇ. تونناژى چوڭراق بولغان بەزى كېمىلەرنىڭ تېمىنىڭ قېلىنلىقى 13

قەۋەتكە يېتىدۇ. بولۇپ، بۇ قەۋەتلەرمۇ قېلىن تاختى-
دىن ياسالغان بولۇپ، كىرىشتۈرمىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان.
بۇنداق قىلىشتا كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەردىن ساقلىنىش
كۆزدە تۇتۇلغان. كېمىلەر قۇرام تاشلارغا سوقۇلىدىغان
ياكى كىتلارنىڭ سوقۇلۇشى بىلەن تېشىلىپ كېتىدىغان
ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. چۇلكى كېمىلەر بى-
لەن كېچىسى يول ماڭغاندا، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاق
بۇژغۇنى تېرىكتۇركەن ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن ئۇششاق جانى-
ۋارلار دائىم ئۆزلىرىگە بىرەر ئوزۇقلۇق تېپىش ئۈچۈن
شىددەت بىلەن ئۆزلىرىنى كېمىگە ئۇرۇپ، كېمىنىڭ مەلۇم
قىسمىنى تېشىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دېڭىز سۈيى كېمىنىڭ
تۆشۈكىدىن كېمىنىڭ پاكىز ۋە قۇرۇق بۆل-
مىلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ. كېمىچىلەر كېمىنىڭ تېشىلگەنلى-
كىنى سەزگەن ھامان كېمىنىڭ بۆلمىسىدىكى ماللارنى تېز
يۆتكىۋېتىدۇ. بۆلمىلەرنى ئايرىپ تۇرغان تاملار ناھايىتى
پۇختا ياسالغاچقا، بىر بۆلمىگە سۇ كىرىپ كەتسىمۇ باشقا
بۆلمىلەرگە تەسىر يەتمەيدۇ. كېمىچىلەر كېمىنىڭ بۇزۇلغان
يېرىنى ياساپ بولۇپلا، ماللارنى يەنە ئەسلى تۇرغان
جايىغا يۆتكىۋېتىدۇ.

كېمىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى قەۋەت تاختىدىن
ياسىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كېمىنىڭ ھەربىر
قىسمىنىڭ تېگىنى بىر قەۋەت تاختاي مەھكەم يېپىپ
تۇرىدۇ. بۇ كېمىلەرنىڭ تاختاي ئارىلىقى كەندىر يىپلار
قىستۇرۇلۇپ مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن ھەم تۆمۈر مىخلار بىلەن
مىخلانغان. كېمىلەرنىڭ ئاستىغا بۇ پەردىن ئاسفالت چىق-

مىغاچقا ئالاھىدە بىر خىل زاماسكا سۇرتۇلگەن. بۇ زامابىكا خام ھاكتىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكە توغرالغان كەندىر يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەنچىۋېتىلگەن ھەمدە دەرەختىن ئېلىنىغان مايلىق بىر خىل يېلىم ئارىلاشتۇرۇلغان. مايلىق كەلگەن بۇنداق يۇمشاق زاماسكا بەكمۇ پىششاق بولۇپ، ئۇ ئاسفالىتتىنمۇ مۇستەھكەم ۋە چىداملىق كېلىدۇ.

كېمە سىغىمچانلىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، كېمىچىلەرنىڭ سانى بەلگىلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ كېمىلەردە 300 كېمىچى، كىچىكرەك كېمىلەردە 200 كېمىچى ئىشلەيدۇ. ئەڭ كىچىك كېمىگە 150 كىشى بولسىلا كۇپايە. ھەربىر كېمىگە 6.5 مىڭ سىۋەت ياكى كاناپ تاغار قارىمۇچ بېسىلىدۇ.

قەدىمكى كېمىلەرنىڭ سىغىمچانلىقى ھازىرقىدىنمۇ چوڭ. لېكىن نۇرغۇن جايلاردا، بولۇپمۇ بەزىبىر مۇھىم پورتلاردا دېڭىز دولقۇنىنىڭ زەربىسى نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئاراللارنىڭ قىرغاقلىرىغا قۇم - لاي تىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇ يەرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى سۇغا چوڭقۇرراق چۆكىدىغان كېمىلەرنىڭ توختىشىغا لايىق كەلمەيدۇ. شۇڭا كىشىلەر پەقەت تونناژى كىچىكرەك كېمىلەرنىلا ياساشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق كېمىلەرنىمۇ ئوخشاشلا پالاقچە بىلەن ياكى ئۇزۇن پالاق بىلەن ھەيدەشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر پالاقتا 4 تىن ئادەم مەشغۇلات قىلىشى لازىم. تونناژى چوڭراق كېمىلەر سەپەرگە چىققاندا 3 ماچتىلىق 3 كېمە ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭغا تەخمىنەن 1000 سىۋەت

قارسۇچ سىغىدۇ. كېمىگە 60 — 80 ياكى 100 دېڭىزچى كېتىدۇ. بۇ كىچىك كېمىلەر كۆپىنچە پالاق بىلەن ئىلگى رىلەپ كېتىۋېتىپ چوڭ كېمىنى سۆرەپ ماڭىدۇ. ئەگەر شامال ئىككى تەرەپتىن سوقۇلسا، چوڭ كېمىنىڭ يەلكىنى كۆتۈرۈلگەن بىلەنمۇ، چوڭ كېمىنى يەنىلا كىچىك كېمىلەر بىلەن سۆرەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما شامال كېمىلەرنىڭ ئارقىسىدىن سوقۇلسا، چوڭ كېمىنىڭ يەلكىنى كىچىك كېمىلەرگە سوقۇلىدىغان شامالنى توسۇۋالىدىغان بولغاچقا، چوڭ كېمىنى كىچىك كېمىلەر بىلەن سۆرەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چوڭ كېمىلەر لەڭگەر تاشلاش، بېلىق تۇتۇش ۋە باشقا خىلمۇخىل ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ ئونچە كىچىك قېيىقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ كىچىك قېيىقلار ئادەتتە چوڭ كېمىنىڭ ئىككى يېنىغا ئېسىقلىق بولۇپ، لازىم بولغاندىلا سۇغا چۈشۈرۈلىدۇ. تونناژى كىچىكرەك بولغان كېمىلەرمۇ ئوخشاشلا كىچىك قېيىقلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ.

بىر يىلدىن ئوشۇق سەپەر قىلغان بىر كېمىنى رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئومۇمەن مۇنداق قىلىنىدۇ: كېمىنىڭ ئەسلىدە بار ئاستىنقى تاختىيىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت تاختا قاپلىنىپ، ئاستى ئۈچ قەۋەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ باشقا كېمىلەرنى ياسىغاندىكىگە ئوخشاشلا تاختايلارنىڭ ئارىسىغا كەندىر يىپ قىستۇرۇلۇپ زاماسكا سۈرتۈلۈپ، ئارىلىقلىرى مەھكەم ئېتىلىدۇ. ئەگەر تېخىمۇ چوڭراق رېمونت قىلىشقا توغرا كەلسە، تېگىگە تاختايلار قاتمۇ قات قاپلىنىۋېرىپ ئالتە قەۋەتكە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ

چاغدا ئۇ كېمە كاردىن چىققان ھېسابلىنىپ، قايتىدىن سەپەرگە چىقىرىلمايدۇ.

بىز كېمىلەر ئەھۋالى ئۈستىدە ئاشۇنداق توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىمىز. ئەمما بىز ھازىر ساياھەت قىلىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ ئوكياندىكى ئارالالارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، گەپنى ياپون (Zipangu) ئارىلىدىن باشلايمىز.

## ئىككىنچى باب

### ياپون ئارىلى ۋە ئۇلۇغ خاننىڭ ياپون ئارىلىغا قىلغان ھۇجۇمى

ياپون ئارىلى — شەرقىي ئوكيانغا جايلاشقان بىر ئارال، ئۇنىڭ ئورنى مەنزى (Manji) ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن تەخمىنەن 2 مىڭ 400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دېڭىزدا.

بۇ ئارالنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ چىراي - شەكلى سۈزۈك ۋە چىرايلىق، تەن ساغلاملىقى ياخشى، پوزىتسىيىسى سىلىق كېلىدۇ. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار ھېچقانداق چەت ئەلنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس، پەقەت ئۆز پادىشاھىنىڭلا ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئالتۇنغا ئىنتايىن باي، چۈنكى ئالتۇننىڭ مەنبەسى پۈتمەس - تۈگىمەس.

لېكىن ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئالتۇننىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىغا يول قويمايدۇ، ئۇ يەرگە تىجارەت قىلىشقا بارىدىغان سودىگەرلەر ناھايىتى ئاز. باشقا جايلارنىڭ كىشىلىرىنىڭ بۇ دۆلەتكە بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئەمەس.

ئېلگىرى ئۇ يەرگە بارغان كىشىلەرنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھ ئوردىسى گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك بولۇپ ئاجايىپ كۆركەممىش. پادىشاھ ئوردىسىنىڭ پۈتكۈل ئۆگزىسى ئالتۇن رەڭلىك قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىزنىڭ قاڭالتىر بىلەن ئۆگزىلەرنى قاپلىغىنىمىزغا ئوخشىشىدىكەن. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا بىزنىڭ چېركاۋلارنى تۆمۈر قاڭالتىرلار بىلەن قاپلىغىنىمىزغا ئوخشىشىدىكەن. ئوردىنىڭ ئۇرۇسلىرىمۇ ئوخشاش قىممەت مېتالدىن ياسالغان، نۇرغۇن ئۆيلەرگە قېلىن ساپ ئالتۇن جوزىلار قويۇلغان، ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىمۇ ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ ئوردىنىڭ ئېسىللىك دەرىجىسىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن.

بۇ ئارالدىن قىزغۇچ، يۇمىلاق ۋە ھەجىمى زور مەرۋايىتلار ناھايىتى جىق چىقىدىكەن. ئۇنىڭ باھاسى ئاق مەرۋايىتنىڭكىگە ئوخشاش ياكى ھەتتا ئاق مەرۋايىتنىڭ باھاسىدىنمۇ ئۈستۈن ئىكەن.

بۇ دۆلەتنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن، بىر قىسىم ئاھالە ئۆز ئەجدىنى ئۆلگەنلەرنى يەرگە دەپنە قىلىدىكەن، باشقا بىر قىسىم ئاھالە بولسا ئوتقا دەپنە قىلىپ كۆيدۈرىدىكەن. ئالدىنقى بىر قىسىم ئاھالە ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىغا بىر تال

مەرۋايىت سېلىپ قويىدىكەن، بۇ — ئۇلارنىڭ ئادىتىكەن.
بۇ ئارالدىن يەنە جاۋاھىراتمۇ جىق چىقىدىكەن.

بۇ ئارالدىكى بايلىقلارنىڭ شۇ قەدەر موللۇقى پادىشاھ قۇبىلاي خاننىڭ نەپسىنى قىزىتىپ، ئۇنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزىنىڭ بېقىندىسى قىلىۋېلىش قەستىگە سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالاھىدە كاتتا بىر دېڭىز فلوتى جابدۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قوشۇن ئاجرىتىپ، مۇھىم ئىككى سىپاھىنى ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ سىپاھلارنىڭ بىرى ئابباكاتان (Abbacatan))، يەنە بىرى فەن ۋېنخۇ (Vonsancin) ئىدى. يىراققا يۈرۈش قىلغان بۇ قوشۇن زەيتۇن (Zai - tun) يەنى چۈەنجۇ ۋە خاڭجۇ (Kinsai) پورتلىرىدىن سەپەرگە چىقىپ، دېڭىزدىن ئۆتكەن ۋە بۇ ئارالغا ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلگەنىدى.

ئەمما بۇ ئىككى قوماندان بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ ۋە بىر - بىرىنىڭ پىلان - تەدبىرلىرىنى كەمسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆز ئالدىغا ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇردى. شۇڭا ئۇلار پەقەت بىر شەھەرنىلا ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ئارالنى مۇداپىئە قىلىپ ياتقان ئەسكەرلەر ئۇلارغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، خاننىڭ قوشۇنى باشقا شەھەرلەرنى ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار بولغان ھېچقانداق يەرنى تارتىۋالالمىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شىمالدىن بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئارالنىڭ قىرغاقلىرىدا توختاپ تۇرۇۋاتقان

تاتارلارنىڭ ھەربىي كېمىلىرىنى سۆرەپ كېلىپ بىر يەرگە قىستاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن سىپاھسالار كېمىدە يىغىن ئېچىپ، ھەربىي كېمىلەرنى ئارالدىن چېكىندۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىشنى قارار قىلدى. قوشۇن كېمىلەرگە چىقىپلا دېڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇرغۇن كېمىلەرنى چۆكتۈرۈۋەتتى. كېمىدىكى كىشىلەر بۇزۇلغان — سۇنغان كېمىلەرنىڭ تاختايلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە دېڭىزدا لەيلەپ يۈرۈپ، ياپونىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئارالغا چىقىۋالدى.

دېڭىز قىرغىقىدىن يىراقلاپ كەتكەن باشقا كېمىلەر بوران — چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىغانىدى. ئىككى قوماندان بىرقانچە مۇھىم سىپاھنىڭ ھەمراھلىقىدا 100 مىڭ ياكى 10 مىڭ ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان سانغۇنلار بىلەن بىرلىكتە ھەربىي كېمىگە ئولتۇرۇپ خانبالىق يۆنىلىشىگە قاراپ يول ئالدى ۋە ئاخىر ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى.

## ئۈچىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ دېڭىزدىكى ئارالغا تاشلىۋېتىلگەن يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى

كېمىلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن دېڭىزدىكى ئارالغا تاشلىۋېتىلگەن تاتار ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىگە يېتەتتى. قوماندانلىرى تەرىپىدىن بۇ يەرگە

تاشلىۋېتىلگەن مۇشۇ كىشىلەر قىرغاققا چىقىدىغان كېمىلىرىدىن قوراللىرىدىن ۋە ئوزۇق - تۈلۈكىدىن ئايرىلغاچقا، ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشۈشتىن ياكى ئەجەلنى كۈتمەكتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ھالبۇكى، دېڭىزدىكى بۇ ئارالدا ئەۋەللىسى جۇدۇن - چاپقۇنغا دالدا بولغۇدەك، ھەتتا يېتىپ ئارام ئالغۇدەك يەرمۇ تېپىلمايتتى.

بوران - چاپقۇن توختىشى بىلەن دېڭىز دولقۇنلىرىمۇ بېسىلىپ تىنجىپ قالدى. چوڭ ياپون ئارىلىدىكىلەر دەرھال چوڭ بىر تۈركۈم قوشۇننى، ئاپەتكە ئۇچرىغان تاتارلارنى تۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇن كېمە بىلەن بۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار قىرغاققا چىقىپلا تاتارلارنى ئىزدەپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. ئەمما بۇ قوشۇننىڭ ھەرىكىتى ئارقاق، تەرتىپى قالايمىقانىدى. تاتارلار ئارالنىڭ مەركىزىدىكى ئىگىزلىككە چىقىپ يوشۇرۇنغانلىقتىن، دۈشمەنلىرى ئۇلارنى كۆرەلمەيتتى. شۇڭا تاتارلار دۈشمەنلىرى قوغلاپ كەلگەندە باشقا ياقلارغا قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىر دېڭىز قىرغىقىغا ئۆتۈۋالدى - دە، دۈشمەن فلوتىنىڭ لەڭگەر تاشلىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. تاتارلار دۈشمەن كېمىلىرىدە رەڭدار بايراقچىلار لەپىلدەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كېمىنى قوغداۋاتقان ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپلا ئالدىراش - تېنەش بۇ ھەربىي كېمىلەرگە چىقىۋالدى ۋە كېمىلەر بىلەن قىرغاقتىن ئايرىلىپ، ياپونىيىنىڭ مۇھىم شەھىرىگە (ئوساكا شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قاراپ يول ئالدى. شەھەردىكى كىشىلەر كېمىلەردىكى رەڭدار بايراقچىلارغا قاراپ تاتارلارنى ئۆز ئادىمىمىز دەپ بىلىپ،

ئۇلارنى تۇسۇۋاستىن شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتتى. تاتارلار بۇ يەردە ئاز ساندىكى ئەرلەردىن باشقا ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىكەنلىكىنى پەملەپ قالدى - دە، خوتۇن - قىز- لارنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ قېلىپ، باشقا ئادەم- لەرنى شەھەردىن پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقاردى.

ياپونىيە پادىشاھى يۇقىرىدىكى ۋەقەنىڭ يۈز بەر- گەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بۇ شەھەرنى سۇ كىرمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق قامال قىلىش ھەققىدە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى. قامال قىلىش ۋاقتى ئالتە ئايغا سوزۇلدى، بۇ مەزگىل ئىچىدە ھەرقانداق كىشى بۇ يەرگە خالىغانچە كىرىپ چىقالمىدى. كېيىن تاتارلار ئوق - دورىسى ۋە ئۆزئارا ياردىمى ئۈزۈلگەنلىكتىن ھاياتىمىز ئامان قالدۇرۇلسىلا تەسلىم بولايلى، دېگەن شەرتنى ئوت- تۇرىغا قويدى.

بۇ ۋەقە 1279 - يىلى يۈز بەردى①. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇلۇغ خان ئۆزىنىڭ ئۇزاقتا يۈرۈش قىلغان قوشۇنىنىڭ بەختسىز ئاقىۋىتىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىككى قوماندانىنىڭ ئارازلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىپ، شۇ قوماندانلارنىڭ بىرىنىڭ كالل

① جۇڭگونىڭ يىلنامىسىدە، بۇ ۋەقە 1280 - يىلى بولغان دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇ قېتىمقى ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىڭ قۇبلاي خاننىڭ ياپونىيىنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى 6 - قېتىملىق ئۇرۇنۇشى ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. قۇبلايخان 1283 - يىلى ياپونىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن خەلقنىڭ رايى ئۇنىڭ قارارى نىيىتىنى توسىدى. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

لىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدى. يەنە بىرىنى زورزا (Zorza) دېگەن چۆل ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. جىنا-يەتچىلەرنى بۇ چۆل ئارالدا جازالاشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن كالىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ، قولى باغلانغان جىنايەتچىنىڭ بەدىنى شۇ تېرە بىلەن مەھكەم ئورىلىپ تاشلىناتتى ۋە تېرە تىكمۇۋېتىلەتتى. تېرە قۇرۇغانسېرى جىنايەتچى مىدىر - سىدىر قىلالماي قىسىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن بوشىنالمايتتى، ئاخىر ئەنە شۇن-داق پاجىئەلىك تۈردە قىينىلىپ ئۆلەتتى.

## تۆتىنچى باب

### ياپون ئارىلىدىكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ياپونىيىنىڭ ئادەم گۆشى يېيىشكە ئامراق ئاھالىسى

ياپونىيە ئارىلى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان نۇرغۇن ئاراللاردىكى كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتلىرى خىلمۇ خىل قىياپەتتە بولۇپ، بۇ بۇتلار كالا باشلىق، چوشقا باشلىق، قوي باشلىق ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ باشلىرىدەك خىلمۇخىل باشلىق كېلىدۇ. بەزى بۇتلار بىر باشلىق ئىككى يۈزلۈك، بەزى بۇتلار ئۈچ باشلىق، بەزى بۇتلار-نىڭ بېشى مۇۋاپىق جايلاشقان، شەكلىمۇ نورمال، باشقا بۇتلارنىڭ ئىككى بېشى مۈرىسىگە جايلاشقان، بەزى بۇتلار تۆت قوللۇق، بەزىلىرى ئون قوللۇق بولۇپ، قوللىرى

قانچە كۆپ بولسا شۇنچە نوپۇزلۇق بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ ۋە كىشىلەر ئۇلارغا بەكرەك چوقۇنىدۇ.

خرىستىئانلار ئۇلاردىن، ئۆزۈڭلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنى نېمىشقا شۇنچىۋالا كۆپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ قويدۇڭلار؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار: بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز شۇنداق قىلغان دەپ جاۋاب بېرىپ، «ئەجدادلىرىمىز بىزگە مۇشۇنداق بۇتلارنى قالدۇرغانىكەن، بىزمۇ ئەۋلادلىرىمىزغا شۇنداق بۇتلارنى قالدۇرىمىز» دېيىشكەن.

بۇ بۇتلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارمۇ ناھايىتى ياۋۇز ۋە ناھايىتى رەھىمسىز بولغاچقا كىتابىمىزدا بايان قىلىنىدىغان ئىشلارمۇ كىشىلەرنى كەم دېگەندە خېلى چۆچۈتۈشى، نەپرەتلەندۈرۈشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە كىتابخانلىرىمىزغا بىر ئىشنى مىسال تەرىقىسىدە ئېيتىپ ئۆتەيلى. بۇ ئاراللارنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغان ئاھالىسى ئەگەر ئۆز ھاياتىنى پۇل تۆلەپ ئامان قالدۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغان بىر دۈشمەننى تۇتۇۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يار - بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىدۇ - دە، ھېلىقى ئەسىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئادەم گۆشى بىلەن زىياپەت بېرىدۇ. خۇشال - خۇراملىق ساداسىدا ھەدەپ ئادەم گۆشى يېيىشىدۇ ۋە ئادەم گۆشىنىڭ لەززىتى باشقا ھەرقانداق گۆشنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ جار سېلىشىدۇ.

كىتابخانلار ئاگاھ بولسۇنكى، ياپونىيە جايلاشقان دېڭىز چىن دېڭىزى (Sea of Chin، China يەنى جۇڭگو دېڭىزى) دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقتىكى بۇ دېڭىز - ئوكيان

چەكسىز كەڭ، تەجرىبىلىك دېڭىز قاراقچىلىرى ۋە ھەممىشە بۇ تەرەپلەردە قاتناپ يۈرىدىغان دېڭىزچىلارنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، — ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدىغانلىقى ئېنىق، — بۇ دېڭىز - ئوكياندىكى ئاراللار 7 مىڭ 440 تىن كەم ئەمەس. بۇ ئاراللارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئادەم ياشايدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ ئاراللاردا ئۆسىدىغان دەرەخلەرنىڭ خۇشپۇراق چاچمايدىغىنى يوقكەن. بۇ ئاراللاردىن نۇرغۇن خۇشپۇراق بۇيۇملار ۋە دورىلار، بولۇپمۇ بىر خىل سېرىگە دورىسى ھەم كۆپلەپ ئاقمۇچ، قاراموچلار چىقىدىكەن.

بۇ ئاراللاردىن چىقىدىغان ئالتۇن ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەپ چىقىش قىيىن. لېكىن بۇ ئاراللار بىلەن بىز تۇرۇۋاتقان قۇرۇقلۇقنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق. سەپەر ئۈستىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغاچقا چۈەنجۇ ياكى خاڭجۇ پورتلىرىدىن كېمە بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر ئانچە نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى بۇ سەپەرنىڭ ۋاقتى بەكمۇ ئۇزۇن، كۆپ ھاللاردا بۇ سەپەر ئۈچۈن توپتوغرا بىر يىل كېتىدۇ، قىشتا يولغا چىقسا يازدا قايتىپ كېلەلەيدۇ.

بۇ جايلاردا پەقەت ئىككى خىللا شامال بولۇپ، بىر خىلى قىشلىق شامال، بىر خىلى يازلىق شامال. شۇڭا سودىگەرلەر سەپەرگە چىققاندا بىر خىل شامالدىن پايدىلىنىشى، قايتىشتا يەنە بىر خىل شامالدىن پايدىلىنىشى لازىم. بۇ دۆلەتلەر ھىندىستان قۇرۇقلۇقىغا يىراق جايلاشقان. بىز بۇ دېڭىز - ئوكياننى گەرچە چىن دېڭىزى

(جۇڭگو دېڭىزى) دەپ ئاتىغان بولساقمۇ، لېكىن بىز بۇ دېڭىزنىڭ ئوكيانىنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بىز ئېيتىۋاتقان ئېنگىلان دېڭىزى ياكى ئېگەي دېڭىزى (Egean Sea) شەرقلىكلەر ئېيتقان چىن دېڭىزىغا ۋە ھىندى ئوكيانىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمدى بىز مۇشۇ دۆلەت ۋە ئاراللار ئۈستىدە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار بىز قاتناپ تۇرۇۋاتقان دېڭىز يولىدىن ناھايىتى يىراقتا؛ ئىككىنچىدىن، بىز ئۆزىمىز ئۇ يەرلەرگە بېرىپ باقمىغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ئۇلۇغ خان ئىدارە قىلىۋاتقان زېمىنىنىڭ تەۋەسىدە ئەمەس. ئەمدى بىز زەيتۇن (چۈەنجۇ) نىڭ بەزىبىر ئەھۋاللىرى ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم توختىلايلى.

چۈەنجۇ پورتىدىن سەپەرگە چىققاندا غەربكە قاتنايدىغان يولنى بويلاپ ماڭساق، لېكىن بۇ يول جەنۇبقا يانتىيىراق كېتىدۇ، 2 مىڭ 400 كىلومېتىر يول بېسىشقا، خەينەن قولتۇقىنى (خەينەن ئارىلىدا) بېسىپ ئۆتۈشكە، بۇ قولتۇقنى ئايلىنىپ ئىككى ئاي مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ قولتۇقنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ — بۇ يەر مەنزى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدۇ. — ئىلگىرىلىسەك، ئامى (Ania، يۈننەن چېگرىسى ئىچىدە)، تولومان (Toloman) ۋە باشقا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن دۆلەتلەرگە يانداش يەرلەرگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ دېڭىز قولتۇقىغا نۇرغۇن ئاراللار جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئادەملەر زىچ ئولتۇراقلاشقان. بارلىق دەريالارنىڭ دېڭىزغا

قويۇلىدىغان قىرغاقلىرى ئەتراپىدىن نۇرغۇن كېپەك ئالتۇن ئالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن مىس ۋە باشقا خىلمۇخىل بۇيۇملار چىقىدۇ. ئاراللار بىلەن ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى سودا مالنى مالغا تېگىشىش تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىپ، بىر - بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. ئۇلار يەنە چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەنمۇ سودا قىلىشىپ ئۆزلىرىدىكى ئالتۇن ۋە مىسقا ئۆزلىرىگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئايرىۋاش- لايدۇ. بۇ ئاراللارنىڭ كۆپچىلىكىدىن دانلىق زىرائەتلەر كۆپ چىقىدۇ. بۇ دېڭىز قولتۇقى ناھايىتى كەڭ، ئۇنىڭ ئاھالىسى نۇرغۇن بولۇپ، ئۇ گويا پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنياغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## بەشىنچى باب

### ھىندىچىنى كىنەزلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ خانغا ئەل بولغان كىنەزى

بىز يەنە يېڭىباشتىن باشتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. خۇددى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زەيتۇن (چۈەنجۇ) دىن چىقىپ 2 مىڭ 400 كىلومېتىر سەپەر قىلغاچ ھېلىقى دېڭىز قولتۇقىنى بېسىپ ئۆتسەكلا جانپۇ (Ziamba) دېگەن دۆلەتكە يېتىپ بارىمىز. ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ، مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، ئۆز كىنەزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قوللىنىلىدىغان ئالاھىدە تىلى بار. ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد

قىلدۇ. ھەر يىلى ئۇلۇغ خانغا پىل ئولپان تاپشۇردۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، سوۋغات سۈپىتىدە يەنە باشقا نەرسىلەر-دىنمۇ ئولپان تاپشۇردۇ. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئاقىۋىتى ئۈستىدە بۇ يەردە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قۇبلاي بۇ كىنەزلىكنىڭ نورغۇن بايلىققا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەخمىنەن 1278 - يىلى ئۇ يەرگە زور قوشۇن ئەۋەتىپ، — پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملار ئەۋەتىپ، — ئۇنى بويسۇن-دۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان ۋە بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇنى باشلاپ بېرىشقا سوغاتۇ (Sogatu) سانغۇننى تەيىنلىگەنىدى. بۇ دۆلەتنىڭ كىنەزى ئاكامبال (Accambale) ياشىنىپ قالغاچقا ئۆزىنىڭ جەڭگاھقا چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە ئىستىھكام ئىچىگە كىرىۋالدى. ئۆزى ئىستىھكاملارغا تايىنىپ تەھرىمانلىق بىلەن قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرماقچى ۋە شۇنىڭ بىلەن تىنچ - ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولدى.

ئەمما مۇداپىئە تەدبىرى كۆرۈلمىگەن شەھەر - راباتلار ۋە ئاھالىنىڭ تۇزلەڭلىكتىكى تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىر مەزگىل ۋەيران قىلىنىپ، خارابىيغا ئايلاندى. كىنەز پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن ئاياغ - ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلۇغ خان ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلھ تەلەپ قىلدى. چۈنكى بۇ پاشانغان كىنەز ئۆز دۆلىتىنىڭ مەڭگۈ تىنچ - ئامان بولۇشىنى

كۆزلەيتتى ۋە ئۆزى خەلقىنى ھالاكەتتىن تېز قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئۇلۇغ خانغا يىلدا بىر قېتىم پىل ۋە ئەمبە (ئۇد) ئولپان تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلۇغ خان بىر خىل رەھىم قىلىش مۇددىئاسىدا بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى - دە، دەرھال ئۆز قوشۇنىغا ئەسكەرلەرنى دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى ۋە قوماندانغا باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھىندىچىنى كىنەزلىكى ئۆز دۆلىتىدىن ھەر يىلى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چىرايلىق پىللاردىن 20 نى تۇتۇپ ئۇلۇغ خانغا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىنەز ئۇلۇغ خاننىڭ پۇقراسى بولۇپ قالدى.

بىز يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى شۇنچىلىك بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بۇ كىنەزنىڭ ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمىز. بىرىنچىدىن، بۇ كىنەزنىڭ دۆلىتىدىكى بارلىق ياش قىزلار ئەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال كىنەزنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى، ئۇنداق قىلىنماي تۇرۇپ، ئەرگە چىقىرىلمايتتى. كىنەز ئۆزىگە يارىغانلىكى قىزلارنى بىر مەھەل ئۆز ھۇزۇرىدا خىزمەتكە سېلىشقا ئېلىپ قالاتتى، ئۆيىگە قايتۇرۇلىدىغان چاغدا كىنەز بىرئاز پۇل بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتى بويىچە تەبىقىسى مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر ئەرگە تېگىشىۋېلىشقا ئەۋەتەتتى. ماركوپولو 1285 - يىلى بۇ جايلارنى ساياھەت قىلغاندا بۇ كىنەزنىڭ 326 قىز - ئوغۇل پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللى

رىنىڭ كۆپىنچىسى قەھرىمانلىقى جەڭگىۋارلىقى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. بۇ ئەلدىن پەل كۆپ چىقاتتى ۋە ئۇنىڭدا ئۇرغۇن ئەبنۇس ئورمىنى ئۆسەتتى. بۇ دەرەخنىڭ ياغىچى تۇم قارا رەڭلىك، ياغاچىنىڭ ھۆجەيرىلىرى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، خىلمۇخىل گۈزەل ئۆي - جاھازلىرى ياساشقا لايىق كېلەتتى. ئۇنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش ھاجەتسىز. بىز ئەمدى چوڭ ياۋا (Java Major) ئارىلىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئالتىنچى باب

## ياۋا ئارىلى

ھىندىچىنىدىن ئايرىلىپ شەرقىي يۆنىلىش بىلەن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىش ئارىلىقىدا 2400 كىلومېتىر يول ماڭغاندىن كېيىن ياۋا دەپ ئاتىلىدىغان كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بىر ئارالغا كېلىمىز (بۇ بابتا ياۋا ئارىلى بىلەن كالىمانتان ئارىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ). خەۋەرلىرى ئىشەنچلىك بەزى دېڭىز سەيياھلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ ئارال ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 4800 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئارال ئىكەن. ئۇ بىر كىنەزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ، ئاھالىسى ھېچقانداق كۈچلۈك دۆلەتكە ئولپان تاپشۇرمايدۇ. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

بۇ دۆلەتتىكى تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ.

بۇ ئارالدىن قارىمۇچ، مۇسكات سۇمبۇل، ئىنغىرلىق ماي، زەنجىۋىل، پېتۇنىيە ئوتى، قەلەمپۇر ۋە قىممىتى بار باشقا ھەممە خۇشبۇي ماتېرىياللار ۋە باشقا دورا - دەرمانلار چىقىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن سودا كېمىلىرى بۇ يەرگە كۆپلەپ ئاۋار توشۇپ كېلىدۇ ۋە ناھايىتى جىق پايدا ئالىدۇ.

بۇ يەرگە توپلانغان ئالتۇننىڭ مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىش قىيىن، ھەتتا ئۇنىڭ سانى كىشى ئىشەنمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. زەيتۇن (چۈەنجۇ) ۋە مەنزى ئۆلكىسىنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەردىن كۆپلەپ ئالتۇن ئىمپورت قىلىدۇ، بۇ ئەھۋال تا ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇلار بۇ يەردىن نۇرغۇن خۇشبۇي ماتېرىيال ئېلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. ئۇلۇغ خان بۇ ئارالنى ئۆزىگە بويسۇندۇرمىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئارىلىقتىكى يولنىڭ بەك يىراقلىقى ۋە يول ئۈستىدىكى خەۋپ - خەتەرلەرنىڭ كۆپلۈكى سەۋەب بولدى.

## يەتتىنچى باب

### سوندۇر، كوندۇر ئاراللىرى ۋە لوخاك كىنەزلىكى

ياۋا ئارىلىدىن ئايرىلىپ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب يۆنىلىشلەر ئارىسىدىكى دېڭىزدا 1126 كىلومېتىر سەپەر قىلىنسا ئىككى ئارالغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. چوڭ ئارال سوندۇر (Sondur)، كىچىك ئارال كوندۇر (Kondur) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئارال ئادەم ياشى-

مايدىغان چوڭ ئارال بولغاچقا، ئۇلار ئۈستىدە قەغەز-قەلەمنى زايە قىلىش هاجەتسىز.

بۇ ئىككى ئارالدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ 80 كىلومېتىر سەپەر قىلىنسا، زېمىنى كەڭ ۋە بايلىققا مول بىر ئۆلكىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆلكە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، لوخاك كىنەزلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاهالىسىنىڭ هەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر خىل ئالاهىدە تىلنى قوللىنىدىغان بولۇپ، ئۆز كىنەزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ كىنەزى باشقا هېچقانداق دۆلەتكە ئولپان تاپشۇرمايدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى مۇهىم ۋە خەتەرلىك بولغاچقا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەپلىك، ئۇ باشقا هەرقانداق دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنى ئاسان هۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان يەرگە جايلاشقان بولسا ئۇلۇغ خان هەرگىز ئىككىلەنمەستىن ئۇنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغان بولاتتى.

بۇ دۆلەتتىن هېماتو دەرىخى (بوياقلىق دەرەخ) كۆپ چىقىدۇ. ئالتۇننىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ئەقەللىسى ئىشەنگۈسىز هالغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەهۋاللاردىن سىرت، ئۇنىڭدا تەسۋىرلىگۈدەك ئالاهىدە بىرەر ئەهۋال يوق. ئەگەر تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، بۇ دۆلەت ئېگىز-پەس تاغلىق بولۇپ، يەرلىرى ئۈنۈمسىز كېلىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ كىشىلىرىدىن بۇ يەرگە ساياهەتكە كېلىدىغانلىرىمۇ بەك ئاز. بۇ يەرنىڭ كىنەزى هامان چەت ئەللىك

لەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى توسىدۇ. چۈنكى ئۇ دۆلەت-لەردىكى باشقا ئەللىكلەرگە بۇ يەرنىڭ بايلىقىنى ۋە باشقا سىرلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ.

## سەككىزىنچى باب

### پېنتان ئارىلى ۋە مالايۇر ئارىلى كىنەزلىكى

لوخاك كىنەزلىكىدىن چىقىپ، جەنۇبىي دېڭىز يولىنى بويلاپ 800 كىلومېتر ماڭسا، پېنتان (Bentan ،Pentan، سىنگاپور) ئارىلىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئارالنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرى چۆلرەك، تېخى ئېچىلمىغان ئوتلۇق. ئەمما ئارالنىڭ ئىچكىرىسىدە خۇش پۇراقلىق دەرەخلەر ئۆسۈپ تۇرىدۇ. لوخاك كىنەزلىكى بىلەن پېنتان ئارىلىنىڭ ئارىلىقىدىكى دېڭىز يۈزى 96 كىلومېتر كېلىدىغان بولۇپ چوڭقۇرلۇقى سەككىز مېتىردىن ئاشمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ دېڭىز يولىدا ماڭىدىغانلىكى كېمىلەر، كېمىسىنىڭ پالاقلىرىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىگە قاراپ 96 كىلومېتر ماڭغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق 48 كىلومېتر مېڭىلسا باشقا بىر ئارالغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئارالنىڭ ئۆزى بىر كىنەزلىك بولۇپ، مالايۇر (Malaiur يەنى ماروككو) دەپ ئاتىلىدۇ. مالايۇر يەنە پايتەختىنىڭمۇ نامى. خەلق كىنەزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ، ئۇلار ئۆز

ئالدىغا بىرخىل ئالاھىدە تامغا قوللىنىدۇ. بۇ شەھەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك قۇرۇلغان. بۇ يەردىن خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار ۋە دورا - دەرمانلار كۆپ چىقىدۇ. بۇ تاۋارلارنىڭ سودىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان باشقا يېرى يوق. بىز بۇ يەردىن داۋاملىق سەپەرگە چىقىپ كىچىك ياۋا ئارىلى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## توققۇزىنچى باب

## كىچىك ياۋا ئارىلى

سەيدان ئارىلىدىن چىقىپ، دېڭىزنىڭ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ تەخمىنەن 160 كىلومېتر ماڭغاندىن كېيىن، كىچىك ياۋا سۇماترا (JawatheLesser·Sumatra) ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئارال كىچىك ئارال بولسىمۇ، لېكىن سىلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆلىمى ئاز دېگەندىمۇ 3200 كىلومېتردىن كەم ئەمەس.

بۇ ئارالدىكى سەككىز كىنەزلىككە سەككىز كىنەز ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھەربىر كىنەزلىك ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىلنى قوللىنىدۇ، بۇ تىللار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئارال ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار، بوياق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان فىئوفىن دەرىخى ۋە باشقا خىلمۇ خىل دورا - دەرمانلار كۆپ چىقىدۇ.

بۇ نەرسىلەر مۇساپىنىڭ بەكمۇ يىراقلىقى ۋە سەپەرنىڭ خەتەرلىكلىكى سەۋەبىدىن دۆلىتىمىزگە توشۇپ كېلىنمىگەن، ئەمما مەنزى ئۆلكىسىگە توشۇپ كېلىنگەن.

بىز ئەمدى بۇ سەككىز كىنەزلىكنىڭ ئاھالىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىمىز. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بۇ ئارال يىراق جەنۇب تەرەپتە بولغاچقا، ئۇ يەردە تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزى كۆرۈنمەيدۇ. ماركوپولو بۇ كىنەزلىكلەردىن ئالتىسىگە ساياھەت قىلغان. بۇ ئەھۋاللار كېيىن ئايرىم بايان قىلىنىدۇ، ئۇ باشقا ئىككى كىنەزلىككە بارمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ.

بىز گەپنى بۇ سەككىز كىنەزلىك ئىچىدىكى فېلېس (Felech) كىنەزلىكىدىن باشلايمىز. بۇ كىنەزلىكتىكى ئاما-لىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددىستلار، ئۇلاردىن پورت شەھەرلىرىدە تۇرىدىغانلىرىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ سودا قىلىپ تۇرىدىغان مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. تاغلىق رايونلاردا تۇرىدىغانلىرى تېخىچە تەرەققىي قىل-ماسلىق ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان. ئۇلار ئادەم گۆشى يەيدۇ، باشقا گۆشلەرنى ھالال بولۇش-بولماسلىقىنىمۇ تاللىماي يەۋېرىدۇ. ئۇلار خىلمۇخىل نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. ھەر كىمنىڭ تاڭ سەھەردە تۇرغاندا كۆرگەن تۇنجى نەرسىسى چوقۇنىدىغان نەرسىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ كىنەزلىكتىن چىقىپ باسمان (Basman) كىنەزلىكىگە كىردۇق. بۇ بىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ،

ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىلنى قوللىنىدىكەن. خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ خانىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئولپان تاپشۇرمايدىكەن. چۈنكى ئارىلىقى بەك يىراق بولۇپ، ئۇلۇغ خانىنىڭ ئۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتىشكە ئامالى بولمىغاچقا تەسىرىمۇ يەتمەيدىكەن. ئاتىلىشتا بۇ ئارال ھەقىقەتەن ئۇلۇغ خانغا تەۋە ئىكەن. پەقەت بىزنىڭ كېمىلىرىمىز بۇ يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالغاندا، ئۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى، بولۇپمۇ ئالاھىدە بىر خىل لاچىننى ئۇلۇغ خانغا ھەدىيە قىلىدىكەن.

بۇ دۆلەتتە نۇرغۇن ياۋا كالا ۋە كەركىدان ياشايدىكەن. كەركىدانىنىڭ جۈغى پىلنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك بولىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇتى پىلنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، تېرىسى ياۋا كالىنىڭكىگە ئوخشىشىدىكەن. پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال مۈڭگۈزى بار ئىكەن. ئۇ باشقا ھايۋانلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، باشقا ھايۋانلارنى زەخىملەندۈرىدىغان قورالى ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە تىكەنلىك ئىنچىكە تىلى ئىكەن. كەركىدانلارنىڭ بېشى ياۋا چوشقىنىڭ بېشىغا ئوخشاش يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بولۇپ، سۇيى پاسكىنا كۆلچەكلەرگە كىرىپ ئېغىناشقا ئامراقكەن ۋە پاسكىنىچىلىققا ئادەتلىنىپ قالغانىكەن. ئۇ بىزنىڭ خەلقىمىز تەسۋىرلىگەن قىزچاقلارمۇ باشقۇرالايدىغان ھايۋانغا (بەدىنى ئاتقا ئوخشايدىغان بىر مۈڭگۈزلۈك ھايۋان — چىلىنغا) ئوخشاشمايدىكەن. ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىمۇ باشقىچە بولىدىكەن. بۇ يەردىن

يەنە مايمۇن، پىل ۋە رەڭگى قاغىدەك كەلگەن كۆندۈر
قۇشى چىقىدىكەن. كۆندۈر قۇشىنىڭ جۇغى يوغان، ئۇ ۋۇ مايمۇنىن-
نى ئىزدەپ تۇتۇش ھالىتى ناھايىتى ھەيۋەتلىك
كېلىدىكەن.

كىتابخانلارغا مەلۇم بولغايكى، ھىندىستاندا جۇغى
كىچىك ۋۇجىك كەلگەن بىر خىل پاكار جىنسلىق ئادەم
ياكى پاپا ئادەم ياشايدۇ دېگەن بىر رىۋايەت بار. بۇ
پۈتۈنلەي ئۇرۇنسىز گەپ. بۇ رىۋايەت مۇشۇ كىچىك ياۋا
ئارىلدا بۇنداق بىر خىل شەكىلدە توقۇپ چىقىرىلغان؛
بۇ كىنەزلىكتە جۇغى خېلى چوڭ كەلگەن ئادەم قىياپەتلىك
بىر تۈرلۈك مايمۇن ياشايدۇ. مۇشۇنداق مايمۇن تۇتۇشنى
كەسىپ قىلىۋالغان كىشىلەر ئۇ مايمۇننى تۇتۇپ كېلىپ،
ئۇنىڭ ئېڭىكىدىكى ۋە تەبىئىي تۈكلۈك كەلگەن ئەزالىرىدىن
باشقا يەرلىرىدىكى تۈكىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈپ تاشلاپ،
ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇرۇتۇپ كامفورا ۋە باشقا دورىلار بىلەن
قاتۇرغاندىن كېيىن ساقلاپ قويىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئۇ خۇددى
بىر خىل پاكار ئادەمنىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈلۈپ ساندۇققا
قاچىلانغاندىن كېيىن سودىگەرلەرگە سېتىلىدۇ. بۇ سودىگەر-
لەر ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدۇ.
بۇ ئەسلىدە بىر خىل ئالدامچىلىق، مەيلى ھىندىستاندا
ياكى ھەرقانداق دۆلەتتە ھەرقانچە ۋەھشىي ۋاستىلەر
قوللىنىلمىسۇن، كۆرگەزمە قىلىنغاندەك ھېلىقى پاكارە
ۋۇجىك ئادەم زادىلا تېپىلمايدۇ. بىز بۇ دۆلەت ئۈستىدە
بەك كۆپ توختالدۇق. ئۇنىڭدا يەنە بايان قىلىنغۇدەك

باشقا نەرسە قالمىغاچقا، ئەمدى سامارا (Samara) دەپ ئاتالغان باشقا بىر كىنەزلىك ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئونىنچى باب

### سامارا ۋە دراگويان كىنەزلىكلىرى

باسماندىن چىقىپ سامارا كىنەزلىكىگە كىردۇق. بۇ-كىچىك ياۋادىن بۆلۈنۈپ چىققان باشقا بىر كىنەزلىك. ماركوپولو بۇ يەردە تەتۈر شامالنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ بەش ئاي تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ يەردە تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ھەتتا چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى تۈركۈمىدىكى باشقا يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يەردىكى ھەممە ئاھالە بۇددا دىنىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا كۈچلۈك بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغ خاننىڭ ۋەلىئەھدى ھېسابلايدىكەن. چۈنكى ماركوپولوغا بۇ ئارالدا بىر مەزگىل داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، 2000 غا يېقىن ئادەم بىلەن بۇ ئارالنىڭ قىرغىقىدا تۇرغان. يەرلىك ۋەھشىي ئادەملەر يولدىن ئاداشقان ئادەملەرنى بىرەر باھانە بىلەن تۇتۇۋېلىشقا پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولغان. ماركوپولو ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ئۆزى تۇرغان يەرنىڭ ئەتراپىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر ئورەك قازدۇرۇپ، ئورەكنىڭ

ئاغزىنى پورتقا توغرىلاتقان. ئۇ كىشىلەرگە ئورەك يېنىغا ياغاچ ئۆي ياكى ياغاچتىن ياسالغان كەمە تەييارلىتىپ، — بۇ دۆلەتتىن ياغاچ جىق چىقىدۇ، — ئۇلارنى مۇداپىئەدە تۇرغۇزغان. مۇشۇنداق قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ھەمراھلىرىنى بۇ يەردە 5 ئاي تۇرۇش جەريانىدا تولۇق خەۋپسىزلىك بىلەن تەمىنلىگەن. بۇلارنىڭ ھەرىكىتى يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلغان، يەرلىك ئادەملەر ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا زۆرۈر لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان.

دۇنيادىكى ھەر قانداق يەرنىڭ بېلىقى بۇ يەرنىڭ بېلىقىدەك تەملىك بولمايدۇ. بۇ يەردىن بۇغداي چىقمايدۇ. ئەمما خەلق گۈرۈچ يەپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار ھاراق چىقارمايدۇ، ئەمما كوكوس پالمىسىغا ئوخشىشىدىغان جۈگگو پالمىسىدىن كۆپ ياخشى بىر خىل ئىچىملىك تەييارلايدۇ. بۇنى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: ئۇلار پالمىنىڭ شاخلىرىنى چاناپ چۈشۈرۈپ ئاستىغا بىر قاچا قويۇپ ئۇنىڭ سۈيىنى يىغىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن بۇ قاچا دەرەخ سۈيىگە تولىدۇ، بۇ دەرەخ سۈيى سالامەتلىككە بەك پايدىلىق بولۇپ، ئۆپكە كېسىلى ۋە تال كېسىلىنى داۋالاشنىڭ سىرتىدا، ئىششىق كېسىلىنىمۇ داۋالايدۇ. دەرەخنىڭ پىچاق چېپىلغان يېرىدىن ئاقىدىغان سۇ توختاپ قېلىپ ئاقمىسا، ئۇلار نەيچىلەر ياكى ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئارقىلىق دەريادىن سۇ باشلاپ كېلىپ، ھېلىقى دەرەخنى ئۆزىگە

تولۇق سۇ يىغالايدىغان بولغۇچە سۇغىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ دەرەختىن يەنە سۇ تامچىپ ئېقىشقا باشلايدۇ. بەزى دەرەخلەرنىڭ سۈيى ئەزەلدىنلا قىزغۇچ بولىدۇ، باشقا دەرەخلەرنىڭ سۈيى ئاقۇش كېلىدۇ.

بۇ يەردىمۇ قاتتىق مېۋە (كوكوس پالمىسى) چىقىدۇ. ئۇنىڭ چوڭى ئادەمنىڭ بېشىدەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتتەك ئاق كەلگەن گۆشى تەملىك ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. بۇ مېۋىنىڭ ئىچى تاتلىق شەربەتكە تولغان بولۇپ، سۈزۈك ۋە سوغۇق كېلىدۇ. ئۇ مەيلى ھەرقانداق ھاراق ياكى باشقا ئىچىملىكلەردىنمۇ تەملىك ۋە خۇش پۇراقلىق بولىدۇ. ئاھالىسى گۆشنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قارىماستىن ھەرقانداق گۆشنى تاللىماي يەۋېرىدۇ.

دراگويان (Dragoian) — ئۆز ئالدىغا بىر كىنەزلىك بولۇپ، ئۆز كىنەزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. خەلقى بەك ۋەھشىي بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئىشىنىدۇ ھەمدە ئۇلۇغ خاننىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق بىر خىل دەھشەتلىك ئۆرپ - ئادەتكە ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىراۋ ئاغرىپ قالسا، ئاغرىقنىڭ تۇغقانلىرى باخشى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەلەيدىغان - كېلەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرتىدۇ. ئۇلار جىن - ئالۋاستىلارنىڭ كورسەتمىسى بويىچە، ئۇنىڭ ئاغرىقى ساقايمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر باخشىنىڭ ھۆكۈمى ئىنكارغا ياتىدىغان بولسا، ئاغرىقنىڭ تۇغقانلىرى بىر ئاز كىشىنى چاقىرىپ كېلىدۇ، — ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بۇرچى تېزلىكتە ئاغرىقنى ئۆلتۈرۈش، — ئۇلار ئاغرىقنىڭ

ئاغزىنى تاكى ئاغرىق بوغۇلۇپ ئۆلگەنگە قەدەر بوغىدۇ. ئاغرىقنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاغرىقنىڭ جەسىتىنى پارچە - پارچە قىلىپ چاناپ، تاماق ئېتىشكە تەييارلايدۇ. تاماق تەييار بولغاندا تۇغقانلىرى جەم بولۇپ ئۇنىڭ ئېلىپكىنىمۇ قالدۇرماي پاك - پاكىز يېيىشىدۇ. ئەگەر جەسەتنىڭ بىرەر ئەزاسى يېيىلمەي قېپقېلىپ قۇرتلاپ كەتسە، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ قۇرتلار تېخىمۇ ئېچىرقاپ كېتىپ ئۆلەرمىش. مۇشۇ قۇرتلارنىڭ ئۆلگەنلىكى ئاغرىقنىڭ روھى ئۆلگەنلىكىنى يەنى ئۇنىڭ ئازابلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلارمىش، كېيىن ئۇلار جەسەتنىڭ ئۇستىخىنىنى يىغىپ، چىرايلىق بىر ساندۇققا قاچىلايدۇ - دە، ئۇنى ياۋايى ھايۋانلار بىئارام قىلمىسۇن دەپ، چوڭ تاغنىڭ غارىغا سوقۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز رايونى تەۋەسىگە تەئەللۇق بولمىغان ۋە ئۆز ھاياتىنى پۇل تۆلەپ ئامان قالدۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغان بىر ئادەمنى تۇتۇۋالالىسا، بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى يىرتقۇچلارچە يېيىشىدۇ.

## ئون بىرىنچى باب

### لامبرى ۋە فانفۇر كىنەزلىكلىرى

لامبرى (Lambri) نىمۇ ئۆز كىنەزى، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىرخىل تىلى بار. بۇ دۆلەتتىن كامفارا ۋە خىلمۇ خىل دورا - دەرمانلار چىقىدۇ. ئۇلار ھىماتۇ دەرىخىنى تېرىپ ئۆستۈرىدۇ. ئۇلار ھىماتۇ دەرىخىنىڭ ياش نوتىسىنى

ۋە ئۈسۈشكە باشلىغان يۇمران شىخىنى تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈرۈپ ئۈچ يىل ئۆستۈرىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇۋېلىپ بوياق ماتېرىيالى قىلىدۇ. ماركوپولو مۇشۇ ياغاچنىڭ بىر ئاز ئۇرۇقىنى ۋېنىتسىيىگە ئاپىرىپ يەرگە تېرىغانىدى. ئەمما ئۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى دېگەندەك يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن ھەتتا بىر تال مايسىمۇ ئۈنۈپ چىقمىدى.

بۇ دۆلەتتە قۇيرۇقى بار بىر خىل ئادەم تېپىلغان، قۇيرۇقى 23 سانتىمېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىكەن. ئەمما ئۇنىڭغا تۈك چىقمايدىكەن①. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇنداقكەن، ئەمما بەزىلىرى تاغلىق رايونلاردا تۇرىدىكەن. شەھەر - رايونلاردا تۇرمايدىكەن. كەركىدان — بۇ يەرنىڭ ئورمىنىدىكى بىر خىل ئاددىي ھايۋان، بۇ يەردە يەنە باشقا كۆپلىگەن خىلمۇ خىل ئۇۋغا ياراملىق ھايۋانلار — ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ ياشايدۇ.

فانفۇر (Fanfur) — مۇشۇ ئاراللىكى باشقا بىر كىنەزلىك. ئۇ ئۆز كىنەزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. بۇ يەردىن كامفارا چىقىدۇ. ئۇنىڭ سۈپىتى ھەرقانداق جايلىنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ فانفۇر كامفارىسى دەپ

---

① ئافرىقىدا، بورنېئو ۋە ھىندى ئوكياندىكى ئاراللاردا ھەمىشە قۇيرۇقلۇقلار توغرىلىق رىۋايەت پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە ئۇنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق، ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى ياۋروپادىمۇ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كالتا قۇيرۇقى بار ئىكەن دېگەن رىۋايەت تارقالغان — ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئېتىلىپ، ئالتۇنداك قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىن بۇغداي ۋە شۇنىڭدەك باشقا دانلىق زىرائەت چىقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئاھالىسى گۈرۈچ ۋە سۈت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ھاراق دەرەختىن چىقىرىلىدۇ. بۇ، باشتا تەسۋىرلەنگەن سامارانىڭ ھاراق تەييارلاش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلاردا بىر خىل دەرەخ (سكاس) بار بولۇپ ئاددىي پىششىقلاپ ئىشلەنسە، ئۇنى تاماق ئورنىدا يېگىلى بولىدۇ. دەرەخنىڭ ئېگىز ۋە يوغان غولى بولۇپ، ئىككى كىشىنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدۇ. دەرەخنىڭ پوستى سويۇۋېتىلسە، ئوتتۇرىسىدىن ياغاچ پورسىمان يەتتە سانتىمېتىردەك قېلىنلىقتىكى گۆشى چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خىل ئۇن چىقىرىلىدۇ. ياغاچنىڭ گۆشى قاچىغا سېلىنىپ كالتەك بىلەن يانجىپ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ پالىگى بىلەن باشقا ئەخلەتلىرى لەيلەپ چىقىدۇ. بۇ پاكىز سۇ تىندۇرۇلۇپ ئەخلىتى تازىلاپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قاچىغا تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئۇندىن نان ۋە ھەر خىل ھورنان ياسىلىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەر ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە تەمى جەھەتتە ئارپا نېنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ماركوپولو دائىم شۇنى يەيتتى، ۋە ئۇنىڭدىن ۋېنىتسىيىگىمۇ ئازراق ئېلىپ بارغانىدى.

بۇ خىل دەرەخنىڭ ياغىچى سۇغا سېلىنىشى بىلەنلا چۆكۈپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنى تۆمۈرگە تەققەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنى باھبۇكتەك بىر ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغىچە تىلىز يارغىلى بولىدۇ. يەرلىك ئادەملەر ئۇنىڭدىن قىسقا نەيزە ياسايدۇ. بۇ نەيزە بەك ئۇزۇن قىلىۋېتىلسە ۋەزنى

بەك ئېغىر بولغاچقا ئۇنى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. كۆتۈرگەن ھالەتتىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ نەيزىنىڭ ئۇچى ئوتتا قىزدۇرۇلۇپ ئىتتىرىلگەنسە، ناھايىتى قاتتىقلىشىپ ھەتتا ھەرقانداق دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنىمۇ تېشىۋېتەلەيدۇ. ئۇ نۇرغۇن جەڭلەردە تۆمۈر قوراللىرىنىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بىز بۇ كىنەزلىكنىڭ تەۋەسىدىكى بىر رايوننىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە خېلى كۆپ توختالدۇق. باشقا كىنەزلىكلەرگە ماركوپولو بارمىغانلىقتىن ئۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمدى بىز نوكېران كىچىك ئارىلى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئون ئىككىنچى باب

## نوكېران ئارىلى

كىچىك ياۋا ۋە لامبرى كىنەزلىكلىرىدىن چىقىپ تەخمىنەن 241 كىلومېتىر يۈرسەك ئىككى ئارالغا يەنى نوكبرانغا (ھىندونېزىيە) يەنە بىرى ئانگامان (Angaman) غا يېتىپ بارىمىز. نوكېران ئارىلىدىكىلەر ئۆز كىنەزلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايدۇ. چۈنكى بۇ خەلقنىڭ ئەھۋالى ھايۋاناتنىڭكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئەر ـ ئاياللار ئۈستىبېشىغا ھېچ نەرسە ئارتماي، تالادا قىپيالىڭاچ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇلار بۇتپەرەسلەر. ئۇلارنىڭ ئورمىنىدىن دۇنيادا ئەڭ ئالىي سۈپەتلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان ئاق سەندەل ياغىچى

ۋە قىزىل سەندەل ياغىچىدەك ياغاچلار ۋە ھىندىستان كوكوسى چىقىدىغان ياغاچ، قەلەمپۇر دەرىخى، ھىماتۇ دەرىخى چىقىدۇ. بۇلارنىڭ سىرتىدا يەنە خىلمۇخىل دورا - دەرمانلار چىقىدۇ، بىزنىڭ سۆزىمىز ئەمدى ئانگامان (Angaman) ئۈستىدە توختىلىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى باب

### ئانگامان ئارىلى

ئانگامان (Angaman) — ناھايىتى چوڭ بىر ئارال ھېساپلىنىدۇ (Andaman islands ئاندامان تاقىم ئاراللىرى)، ئۇ كىنەزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايدۇ. ئاھالىسى بۇددا دىنىغا چوقۇنغۇچى ئەڭ قەبىھ، ۋەھشىي كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى، كۆزلىرى ۋە چىشلىرى ئىتنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى رەھىمسىز بولۇپ، ئۆز قەۋمىگە تەئەللۇق بولمىغان كىشىلەردىن بىرى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يېۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇ يەردىن خىلمۇخىل دورا - دەرمانلار كۆپ چىقىدۇ. ئۇلار گۈرۈچ، سۈت ۋە گۆشلەرنى ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرىدىن ھىندىستان قاتتىق مېۋىسى (كوكوسى)، ئالما ۋە بىزنىڭ ئېلىمىزدىن چىقمايدىغان نۇرغۇن مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ.

## ئون تۆتىنچى باب

### سەيلون ئارىلى

ئانگامان ئارىلىدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ 1600 كىلومېتىر مېڭىلسا، سەيلون ئارىلىغا (Zailan — سەيلون ئارىلىغا يەنى بۈگۈنكى سىرىلانكىغا) يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىي كۆلىمى دۇنيادىكى باشقا ئاراللارنىڭكىدىنمۇ چوڭ بولۇپ، ئايلانمىسى 3860 كىلومېتىر كېلىدۇ. لېكىن قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇ تېخىمۇ زور بولۇپ، ئۇ چاغدا 5700 كىلومېتىرغا يېتىپ ئاشاتتى. بۇنى ئەينى زاماندىكى ماتروسلارنىڭ دېڭىز قاتنىشى خەرىتىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شىددەتلىك غەربىي شىمال بورىنى تاغلارنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆپراتقان، ھەتتا بەزى جايلارنى ۋەيران قىلىپ دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئارال ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يەر كۆلىمىنى ساقلاپ قالالمىغان.

پۈتۈن ئارال بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ نامى سېندېرناز (Sendernaz) دەپ ئاتىلىدۇ. خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. باشقا ھېچقانداق بىر دۆلەتكە بېقىنمايدۇ. ئەر - ئايال ئامالە جېتىغا بىر پارچە لاتا تارتىۋېلىپ ئەۋرىتىنى ياپقاندىن باشقا ھېچقانداق كىيىم كىيمەي قىپيالىڭاچ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ يەردىن شال ۋە كونجۇتتىن باشقا ھېچقانداق دانلىق زىرائەت

چىقمايدۇ. كۆنجۈتتىن ياغ چىقىرىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى سۈت، گۈرۈچ ۋە گۆشلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئىچىدىغان ھاراقنى دەرەختىن چىقىرىۋالىدۇ. ھاراقنى قانداق چىقىرىدىغانلىقى باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇلدى. بۇ ئارالنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەڭ ياخشى بوياقلىق ماتېرىيال چىقىرىلىدىغان دەرەخنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بۇ ئارالدىن چىقىدىغان قىزىل ياقۇت، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكىدىنمۇ گۈزەل ۋە قىممەتلىك؛ شۇنىڭدەك بۇ يەردىن يەنە كۆك ياقۇت، سېرىق ياقۇت، سۆسۈن خرۇستال، ئانار رەڭلىك قىزىل ياقۇت ۋە باشقا خىلمۇخىل قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلارمۇ چىقىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ يەرنىڭ پادىشاھى دۇنيادا ئۇچرايدىغان ئەڭ گۈزەل جاۋاھىراتقا ئىگە، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالقاندەك بولۇپ، ناھايىتى قىممەتلىك ھەمدە قىلچە دېغى يوقمىش. ئۇ جاۋاھىرات ئوتتەك جۇلالىق، ئومۇمەن ناھايىتى قىممەت باھالىق بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن مۆلچەرلەپ چىقىش قىيىنمىش. قۇبلاي خان بىر شەھەرنىڭ قىممىتىگە ئالماشتۇرۇش شەرتى بىلەن بۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا ھېلىقى قىزىل ياقۇتنى بەرسە دەپ تەلەپ قويغانىكەن. بۇ پادىشاھ ماڭا دۇنيانىڭ ھەممە بايلىقىنى بەرسىڭىزمۇ، بۇ جاۋاھىراتنى ساتمايمەن، دېگەن مەنىدە جاۋاب بېرىپتۇ. چۈنكى بۇ جاۋاھىرات ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغانىكەن. شۇڭا ئۇلۇغ خان بۇ جاۋاھىراتقا ئىگە بولالماپتۇ.

بۇ ئارالدىكى خەلق ھەربىي ماھارەتكە ئىگە ئەمەسـ

كەن، ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە بىچارە ۋە قورقۇنچاق كېلىدىكەن. پادىشاھ ئەسكەر ئالىدىغان بولۇپ قالسا، ئەسكەرنى چەت ئەللەردىن ئالىدىكەن.

## ئون بەشىنچى باب

### ساكيامونىنىڭ تارىخى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ باشلىنىشى

سەيلون ئارىلىدا بىر - بىرىگە قاتمۇقات مىنگەشكەن، تىك يارلىرى ئېسىلىپ تۇرغان بىر ئېگىز تاغ بار. زەنجىرگە ئېسىلىپ چىقماقتىن باشقا ئەمەلىيەتتە بۇ تاغقا چىقىشنىڭ ئامالى يوق. شۇڭا بەزىلەر ئەنە شۇنداق زەنجىرلەرگە تايىنىپ مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىققان. بىز ئىنسانىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن تۇنجى بوۋىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى — ساراسىنلارنىڭ ئېيتىشىچە، — مۇشۇ تاغدا ئىمىش. ئەمما بۇددىستلارنىڭ كېسىپ ھۆكۈم قىلىشىچە، بۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغىنى ئۇلارنىڭ دىنىغا ئاساس سالغۇچى ساكيامونى (Sogomon Barchan) يەنە بۇددا (Buddha) نىڭ جەستىمىش، ئۇنى بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ كاتتا پەيغەمبىرى ھېسابلاپ ھۆرمەتلەيدۇ.

ئۇ مۇشۇ ئارالنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولۇپ، پاك - مۇقەددەس تۇرمۇشقا مەپتۇن بولغاچقا پادىشاھلىقنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى قوبۇل قىلىشنى خالىماپتۇ؛ ئۇنىڭ ئاتىسى ساھىبجامال قىزلارنىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە پەرىز

قىلىشقا بولىدىغان پارە بېرىشلەر ئارقىلىق ئۇنى ئەسلىدە كۆڭلىگە پۈككەن ئىرادىسىدىن قول ئۈزدۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىملاپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلار ئاخىر بىھۇدە بولۇپ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. بۇ ياش يىگىت ئۆز خاھىشىچە مۇشۇ ئېگىز تاغقا قاتراپ يۈرۈپ، ئاخىر مۇشۇ يەردە شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن قاتتىق قول ئۈزۈش يولىنى تۇتۇپ تەنھا ياشاش بىلەن پانىي دۇنيادىكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۇنى پەيغەمبەر دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن قاتتىق مەيۈسلىنىپ پاراموش بولغان ئاتىسى كىشىلەرگە ئالتۇن ۋە جاۋاھىرات بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆز ئوغلىنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا ئوخشىشىدىغان بىر ھەيكەل ياساتقان ۋە پۈتۈن ئارالنىڭ ئاھالىسىنى ئاشۇ بۇتنى تەگرى بىلىپ چوقۇنۇشقا بۇيرۇغان. مانا بۇ دەل مۇشۇ دۆلەتتە بۇددا دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشتىكى مەنبەسى، ساكيامونى (بۇت) تا ھازىرغىچە بۇ يەردە ئەڭ ئالىي پەيغەمبەر ھېسابلىنىپ كەلمەكتە.

مۇشۇ ئېتىقادنى قەلبىگە پۈككەن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن توپ ـ توپى بىلەن مۇشۇ يەرگە ــ ھېلىقى زات دەپنە قىلىنغان تاغقا كېلىپ ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئازراق چېچى، چىشلىرى ۋە ئىشلەتكەن تەڭگىسىمۇ ھازىرغىچە شۇ يەردە ساقلىنىپ، خىلمۇخىل مۇراسىملاردا

كۆرگەزمە قىلىنىپ كەلمەكتە، يەنە بىر جەھەتتە، ساراسىنلارنىڭ داۋاملىق قارىشىچە، بۇ نەرسىلەر پۈتۈنلەي ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تەئەللۇق بولۇپ، مۇشۇ تاغدا. شۇ ۋەجىدىن مەخسۇس تاۋاپ قىلىنىپ كەلمەكتە.

1284 - يىلى مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردىكى، ئۇلۇغ خان شۇ يىلى مۇشۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلغان بەزى ساراسىنلاردىن ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ بىزنىڭ تۇنجى بوۋىمىزنىڭ تەۋەررۇكلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ نەرسىلەرنى قولغا كىرگۈزۈشكە نەپسى تاقىلدايدۇ ـ دە، سەيلون پادىشاھىغا ئۆز تەلىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى تەيىنلەپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ئۇزۇن ۋە زېرىكىشلىك سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاخىر كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار پادىشاھتىن چوڭ ئىككى تال چىش، ئازراق چاچ ۋە چىرايلىق كۆك تاشتىن ياسالغان بىر قاچىنى ئاپتۇ. ئۇلۇغ خان ئۆز ئەلچىلىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن خان بالىقنى شەھەردىن چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ۋە شۇ مەقسەتتە تەنتەنىلىك كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كەپتۇ. بىز ئەمدى سەيلون تېغىغا دائىر ئاشۇ ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىنى مۇشۇ يەرگىچە تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، مائابار (يەنى ھىندىستان) پادىشاھلىقىنى بايان قىلىشقا ئۆتىمىز.

# ئون ئالتنچى باب

## مائابار ئۆلكىسى

سەيلون ئارىلىدىن چىقىپ غەربكە 100 كىلومېتىرچە مېڭىپ، مائابار (Maabar) دېگەن چوڭ ئۆلكىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر ئارال ئەمەس، بەلكى چوڭ ھىندىستان قۇرۇقلۇقىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ باي بىر دۆلەت.

بۇ دۆلەت تۆت پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. بۇنىڭدىن بىرى سېندېر باندى (Sender bandi)؛ ئۇنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە — مائابار بىلەن سەيلون ئارىلىنىڭ ئارىلىقىدىكى دېڭىز قولتۇقىدا بىر مەرۋايىت ئېلىنىدىغان بېلىقچىلىق مەيدانى بار. ئۇنىڭدىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىردىن 22 مېتىرغىچە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاشمايدۇ. بەزى يەرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۆت مېتىردىن ئاشمايدۇ.

بېلىقچىلىق مەيدانىدىكى ئىشلار مۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ: نۇرغۇن سودىگەرلەر ئۆز ئالدىغا سودا فىرمىلىرى قۇرۇپ، لەنگەرلىك خىلمۇخىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك كېمىلەرنى ئىجارىگە بېرىدۇ. كېمە ئىجارىگە ئالغۇچىلار تېخنىكىغا پىشقان غەۋۋاسلارنى ياللىۋېلىپ مەرۋايىتلىق ئۇستىر قۇلۇلىسىنى سۈزۈۋالىدۇ. غەۋۋاسلار بۇ قۇلۇلىلەرنى ئۆشنىسىدىكى تور خالتىسىغا سېلىۋالىدۇ. دېڭىز تېگىدە

مۇشۇنداق قۇلۇلە سۈزۈپ يۈرۈپ، تاكى دېمىنى توختىتىشقا ئامالسىز قالغانلار دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىپلا يەنە دېڭىز ئاستىغا چۆكىدۇ. مۇشۇ دېڭىز قولتۇقىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىدىن سۈزۈۋېلىنغان مەرۋايىتلارنىڭ كۆپچىلىكى دۈگىلەك بولۇپ، جۇلالىق كېلىدۇ. ئۇرغۇن قۇلۇلە سۈزۈۋېلىنىدىغان يەر بىدالا دەپ ئاتىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولىدۇ.

بۇ دېڭىز قولتۇقىدا ھەمىشە غەۋۋاسلارنى زەخىملەندۈرىدىغان چوڭ بىر خىل بېلىق ياشايدۇ. سودىگەرلەر بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن براخمانلار (Bramin) ئىچىدىكى بەزىبىر بىرىنچى دەرىجىلىك باخشىلارنى ياللىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ سىرلىق ئەپسۇنى بۇ بېلىقلارنى بىھوش قىلىۋېتىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى بېلىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. قۇلۇلە سۈزۈش ئىشى كۈندۈزدىلا قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، باخشىلارنىڭ ئەپسۇنى كەچ كىرىشى بىلەنلا كۈچتىن قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كېچىسى دېڭىزغا چۆكۈپ قۇلۇلە ئوغرىلاش قەستىدە بولغان كاززاپلار ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ باخشىلارنىڭ ئەپسۇنى باشقا ھەر خىل ھايۋانلارغىمۇ لايىق كېلىدۇ.

قۇلۇلە سۈزۈش مەشغۇلاتى 4 - ئايدا باشلىنىپ 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئىمتىياز پەقەت پادىشاھقىلا خاس بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئىشنى ھۆددىگە ئالغانلاردىن مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئالىدۇ، باشقىلار

مەھسۇلاتنىڭ يېگىرمىدىن بىر قىسمىنى ئالىدۇ، سودىگەر بۇنىڭدىن ئۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى مەزگىل ئاخىرلاشقاندا قۇلۇلىمۇ سىزىۋپ بولۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، كېمىلەر بۇ دېڭىز قولتۇقىدىن 480 كىلومېتىر يىراق يەرگە كېتىدۇ. ئۇلار 9 - ئايدا ئىش باشلاپ 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىشنى تۈگىتىدۇ. سودىگەر پادىشاھقا مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنىلا بېرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ بارلىق مەرۋايىتلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى، سۈپىتىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. پادىشاھ سودىگەرلەرنىڭ مېلىغا باھا قويۇشتا مەردلىك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، سودىگەرلەرمۇ ياخشى ماللىرىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىشنى خالايدۇ.

## ئون يەتتىنچى باب

### يەنە مائابار ئۆلكىسى ھەققىدە پاراڭ

بۇ دۆلەتنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى بىر پارچە لاتا بىلەن يېپىۋالغانىنىڭ سىرتىدا، تالادا ھامان قىپيالىڭاچ يۈرۈۋېرىدۇ.

پادىشاھنىڭ ئەۋرەت ياپقان لاتىسى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭراق بولۇشى ناتايىن، ئەمما ئۇنىڭ ئەۋرەت لاتىسى چىرايلىقراق. ئۈستىبېشىغا ئارتىۋالغان زىننەت بۇيۇم-

لىرى جىقراق ۋە قىممەتلىكرەك كېلىدۇ. خالاسى: مەسىلەن، بوينىغا بىر بۇلاپكا ئاسقان بولسا. ئۇنىڭغا ناھايىتى قىممەتلىك جاۋاھىرات، كۆك ياقۇت، يېشىل ياقۇت ۋە قىزىل ياقۇت كۆز قويدۇرغان بولىدۇ. ئۇ يەنە ئېسىل ئىشلەنگەن بىر تال مەشۇت يىپ ئېسىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 104 تال چىرايلىق مەرۋايىت ۋە قىزىل ياقۇت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى مەيدىسىگىچە ساڭگىلىتىۋالىدۇ. بۇ ئالاھىدە سان دىنىي سەۋەبتىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇددا دىنى بۇددىستلارنىڭ ئىبادەت ئايىتىنى 104 قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ! بۇ ئادەتكە ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىدىن بۇيان ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. ئۇلار ھەر كۈنى تەكرارلاپ ئوقۇيدىغان ئايەت «pacauca, pecauca, pacauca» (پاكائوسا) دىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ سۆزنى ھەر كۈنى 104 قېتىم تەكرارلايدۇ. پادىشاھ ھەر بىر بىلىكىگە ئۈچتىن ئالتۇن بىلەيزۈك ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. ئۇنىڭغا مەرۋايىت ۋە ياقۇت كۆز قويۇلغان، پاقالچىقىنىڭ باشقا - باشقا قىسىملىرىغىمۇ ئوخشاش بېزەلگەن ئۈچ بىلەيزۈك تاقىۋالىدۇ. ئۇلار بارماقلىرىغا ناھايىتى قىممەتلىك ئۈزۈك تاقىۋالغاننىڭ سىرتىدا، پۇت بارماقلىرىغىمۇ ئوخشاش ئۈزۈك تاقايدۇ. پادىشاھ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاشۇنداق بېزەك تاقىشى ۋە ئۇ بېزەكلەرگە ئورنىتىلغان ياقۇت - مەرۋايىت كۆزلەرنىڭ پادىشاھ سوراۋاتقان دۆلەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغرۇرلىنارلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە توقاللىرى كەم دېگەندە 500 گە يېتىدۇ. ئۇ زەڭگى - تۇرقى كېلىشكەن بىر-بىر چىرايلىق

قىزنى كۆرۈپ قالسا، دەرھال ئۇنى ئۆزىنىڭ دەپ جاكارلاپ ئىگىلىۋالىدۇ. ھەتتا ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنىمۇ ئايىماستىن شۇنداق قىلىدۇ. پادىشاھنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئېھتىياتچان كىشىلەر بولۇپ، بۇ سىرنى باشقىلار بىلىپ قالسا ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى سىر ساقلاپ باشقىلارغا بىلدۈرمەيدۇ.

پادىشاھ ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن سەرۋازلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇلار «جانابىي ئالىينىڭ پانى ئالەم ۋە باقى ئالەمدىكى سادىق قۇللىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەملەر پادىشاھ ئوردىدا تۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا مۇھاپىزەتچى، پادىشاھ سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئۇنى قوغدايدۇ، مەيلى قانداقلىكى سورۇندا بولسۇن، ئۇلا پادىشاھقا ھەمراھ بولىدۇ. بۇ سەرۋازلار دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خېلى زور ھوقۇققا ئىگە. پادىشاھ ئۆلۈپ ئۇنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ ئوتتا دەپىن قىلىنىۋاتقاندا، بۇ بارلىق سەرۋازلار ئۆزلىكىدىن ئوتقا ئېتىلىپ كىرىپ ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئوتقا دەپنە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلا شۇنداق قىلساق، ئاخىرەتتىمۇ پادىشاھقا ھەمراھ بولالايمىز، دېيىشىدۇ.

يەنە مۇنداق بىر ئۆرپ - ئادەتمۇ بۇ يەردە كەڭ ئەمەل قىلىنىدۇ: بىر پادىشاھ ئۆلسە، ئۇنىڭ ۋارىس بولغۇچى ئوغلى مەرھۇم پادىشاھنىڭ توپلىغان بايلىقلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ. يېڭى پادىشاھ مۇبادا بارلىق زېمىنغا ۋارىس

لىق قىلسا، ئەمما ئۇ دادىسىدەك دۆلەت خەزىنىسىنى تېخىمۇ تولۇقلىيالمىسا، كىشىلەر بۇ پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىقتىدارىنى كەمسىتىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، مۇشۇ قاراشنىڭ قاتتىقلىقىدىن، بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقايسى پادىشاھلار نۇرغۇن بايلىق توپلىغان.

بۇ دۆلەتتىن ئات چىقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئىچ ئاكا - ئىنىسى ھەر يىلى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سودىگەرلەردىن ئات سېتىۋالىدۇ. سودىگەرلەر ئاتلارنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ سېتىپ، ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. سودىگەرلەر بىر قېتىمدا 5000 چە ئات ھەيدەپ كېلىپ، ھەر بىرىنى ئالتۇن ھېسابىدا 500 ساكىغا يەنى 1000 كۈمۈش ماركىغا سېتىۋالىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 5000 ئاتتىن تىرىك قالىدىغىنى 300 گە يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنە يېڭى ئات سېتىۋېلىپ، ئۆلگەن ئاتنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۆلكىنىڭ ھاۋاسى ئاتنىڭ ياشىشىغا لايىق كەلمىگەچكە، بۇ يەردە ئات بېقىش ۋە ئۇنى ئاسراش ناھايىتى قىيىن، ئۇلار ئاتلارنى شال بىلەن ھەم باشقا ساپ گۆشلەر بىلەن باقىدۇ. بۇ يەردە شالدىن باشقا دانلىق زىرائەت چىقمايدۇ. جۇغى چوڭ كەلگەن بىر ساغلام ئايغىر كېلىشكەن بىر بايتالغا چېپىلسا، ئۇنىڭدىن پەقەت پۇتلىرى مايماق غەلىتە بىرلا تاي تۇغۇلىدۇ. بۇنداق تايلارنى مىنىدىغان ئات قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە بۇنداق بىر غەلىتە ئۆرپ - ئادەتمۇ كەڭ تارقالغان: بىراۋ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سوراققا تارتىل-

غاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا،
ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدىغان چاغدا مەن پالانچى بۇتنى ئا-
لاھىدە ھۆرمەتلەيمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قۇربان
قىلىمەن، دەپ جاكارلىسا، ئۇنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقان، يار -
دوستلىرى ئۇنى دەرھال تەختىراۋانغا سېلىپ ئۇنىڭ قو-
لىغا ئۆتكۈر 12 تال پىچاق بېرىدۇ - دە، ئۇنى شەھەرگە
كۆتۈرۈپ كىرىپ، بۇ قەھرىمان مەلۇم بىر بۇتنى
ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خا-
لايدۇ، دەپ ئۈنلۈك تۇۋلاپ جاكارلايدۇ. بۇ ئادەم جازا
ئىجرا قىلىدىغان يەرگە كەلگەندە «مەن مۇشۇ بۇت يولىدا
ئۆزۈمنى ئىختىيارىي قۇربان قىلىمەن» دەپ تۇۋلاپ
تۇرۇپلا، ھەر بىر پۇتىغا بىردىن پىچاق سانجىيدۇ. ئاندىن
ئىككى قولىغىمۇ بىردىن پىچاق سانچىيدۇ، قورسىقىغا
ئىككى پىچاق سانجىيدۇ. مەيدىسىگە ئىككى پىچاق سان-
جىيدۇ، شۇنداق قىلىپ 11 پىچاقنى بەدىنىنىڭ ھەرقايسى
قىسىملىرىغا سانچىپ بولىدۇ. بىر پىچاق سانجىپ بول-
غاندا يۇقىرىقى سۆزنى بىر قېتىم تەكرارلايدۇ. ئاخىرىدا
بىر پىچاقنى يۈرىكىگە سانجىپلا ئۆلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر
ئورۇندىلىپ بولغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يار -
بۇرادەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈنلۈك
تۇۋلاپ خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ جەسىتىنى
ئوتقا دەپنە قىلىدۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئەرگە بول-
غان ساداقەتمەنلىكى ۋە تەقۋادارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن،
ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋىتىدۇ.
مۇشۇنداق قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرسەتكەن ئاياللار جەمئى-

يەتتىنىڭ ھەدەپ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. قورقۇپ ئۇنداق قىلالمىغان ئاياللارنى كىشىلەر كەمسىتىدۇ ۋە ھاقارەتلەپ تىللايدۇ①.

بۇ دۆلەتنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپچىلىك ئاھالىسى كالىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. مەيلى قانداق ئۆيدە بولسۇن، ھېچكىم بىراۋنى كالا گۆشى يېيىشكە قىزىقتۇرمايدۇ. جائاي دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە كىشىلەر كالا گۆشىنى يېسىمۇ، لېكىن كالىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىر كالىنىڭ جەسىتىنى تېپىۋالسا، مەيلى ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆلگەن ياكى باشقا ئۇسۇلدا ئۆلگەن بولسۇن، ئۇلار بۇنداق كالىنىڭ گۆشىنى يەۋېرىدۇ.

بۇ ئەلدىكى بارلىق خىلمۇ خىل كىشىلەر كالا تېزىكىنى ئۆيلىرىگە سۇۋايدۇ، ئۇلار يەرگە كىلەم سېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلاردىن نېمىشقا بۇنداق ئولتۇرۇسىلەر؟ دەپ سورىسىڭىز ئۇلار: يەردىن بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇش شەرەپلىك، چۈنكى بىز توپىدىن بارلىققا كەلگەن، بىز كەلگۈسىدە يەنە توپىغا قايتىمىز، توپىنى تولۇق ھۆرمەتلىمەيدىغان ھېچكىم يوق، شۇڭا توپىغا سەل قارىماسلىق لازىم. بۇ جائايلار ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى شۇ يىلى ئەلچى سان توماسنى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئەۋلادلىرى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ مۇقەددەس ئەلچى

---

① بۇنداق قىلىشقا ھېداشلىق قىلمايدىغان بىر ھۆكۈمەت 1829 - يىلى ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئوتقا دەپنە قىلىشى قانۇنسىز دەپ جاكارلىغانىدى. ئاڭلىشىمىزچە بۇنداق ئەھۋال ھازىرمۇ يۈز بېرىۋېتىپتۇ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان بۇ بىناغا كىرمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئون ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن زورلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كىرگەن بىلەنمۇ، ئۇلار ئۇنى بۇ يەردە زورلاپ تۇرغۇزالمايدۇ. چۈنكى بۇ مۇقەددەس جەسەت تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە.

بۇ دۆلەتتە گۈرۈچ ۋە كۈنجۈتتىن باشقا ھېچقانداق دانلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ.

بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۇرۇشتا ئۇزۇن نەيزە ۋە قالقاننى قورال قىلىدۇ. ئەمما كىيىم كىيمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغان ئەسكەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ھەرقانداق ئۆي ھايۋىنىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇقلۇقمۇ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلار قوي گۆشىنى ياكى باشقا قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولسا، ساراسىنلارنى قاسساپلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇ ساراسىنلار بىر دىنىنىڭ قائىدىسى ياكى ئۆرپ - ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

بۇ يەردىكى ئەر ۋە ئاياللار كۈنىگە ئىككى قېتىم، ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم سۇغا چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنداق يۇيۇنۇش قائىدىسىنى ئادا قىلماي تۇر تاماق يېمەيدۇ، ئۇسسۇزلۇق ئىچمەيدۇ؛ بۇ قائىدىگە قارىمىغانلار كاپىر دەپ قارىلىدۇ. تاماقنى ئوڭ قولىدا يەيدۇ ھەم سول قولىنى غىزاغا تەگكۈزمەيدۇ، بولۇپمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىش شەرت. ئۇلار ھەممە تازىلىقلارنى ۋە ئىنچىكە ئىشلارنى ئوڭ قولىدا قىلىدۇ. سول قولىدا بولسا پاكىز بولمىغان ۋە ئوڭ قولىدا قىلىشقا لايىق كەلمەيدى

غان ئىشلارنى، مەسىلەن، ئەۋرىتنى يۇيۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلار بىر خىل ئالاھىدە قاچىدا ھاراق ئىچىدۇ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھاراق قاچىسىنى ئىشلىتىدۇ، باشقىلارنىڭ ئىچكۈلۈك قاچىسىنى ھەرگىز ئىشلەتمەيدۇ. ئۇلار ھاراق ئىچكەندە، ھاراق قاچىسىنى ئاغزىغا تەگكۈزمەي، بەلكى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ھاراقنى ئاغزىغا قۇيىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، ھاراق قاچىسىنى ئېغىزغا تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ. باشقا يەرلىكلەر بىلەن ھاراق ئىچكەندە، ئەگەر ئۆزى ئىچكۈلۈك قاچىسىنى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇلار قاچا ئېلىپ كەلمىگەن ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ قاچىسىنى بەرمەي ھاراقنى ۋە باشقا ئىچكۈلۈكلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا قۇيۇپ بېرىپ، ئۇلارغا قەدەھ ئورنىدا ئىككى قولىنى ئىشلەتكۈزىدۇ.

بۇ ئەلدە جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىنىدۇ. قەرز مۇئامىلە ئىشلىرىدا مۇنداق بىر چارە ئالاھىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئەگەر قەرز بەرگۈچى قەرزنى قايتۇرۇشنى بىرنەچچە قېتىم سۈيلىگەن بولسىمۇ، لېكىن قەرزدار ئادەم ھامان قۇرۇق باھانە كۆرسىتىپ قەرز تۆلەش ۋاقتىنى كەينىگە سوزۇۋەرسە، قەرز ئىگىسى ھېلىقى قەرزدار تۇرغان يەرنى زىندان ھېسابىدا كۆرۈپ، قەرزدارنىڭ ئەتراپىغا بىر دائىرە سىزىپ قويۇپ، ئۇنى ئاشۇ دائىرە ئىچىگە قاماپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قەرزدار قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ ياكى بىر كىشىنى كېپىل قىلماي تۇرۇپ، ھېلىقى «زىندان» — سىزىقنىڭ سىرتىغا ئۆزى خالىغانچە چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر قەرزدار قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنسا، ئۇ

قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ، ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا تۇتۇپ بېرىدۇ.

ماركو ئەپەندى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە، دەل مۇشۇ ئەلدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ھېلىقىدەك ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. پادىشاھ مەلۇم بىر چەت ئەللىك سودىگەرگە پۇل قەرزدار بولۇپ قالغان، سودىگەر ئۇنى كۆپ قېتىم قەرزىنى تۆلەشكە سۈيلىگەن بولسىمۇ، پادىشاھ ھامان بۇ قەرزنى تۆلىمەي قۇرۇق گەپ بىلەنلا ۋاقىتنى سوزۇپ قەرزنى ئادا قىلمىغان، بىر كۈنى پادىشاھ ئاتلىق سەپەرگە چىقىپ يولدا كېتىۋاتقان پۇرسەتتە، ھېلىقى سودىگەر پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئەتراپىغا بىر دائىرە سىزىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى دەرھال سېزىپ قاپتۇ-دە، ھېلىقى سودىگەرنىڭ تەلىپىنى تولۇق قاندۇرغۇچە ئارىلىقتا داۋاملىق مېڭىۋېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، دەرھال ئېتىنى توختىتىپتۇ. يولدا كېتىۋاتقانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ قانۇنغا بويسۇنۇش جەھەتتىكى چەكسىز ئادىللىقىدىن بەكمۇ ھەيران قېلىپتۇ.

بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۈزۈمدىن قىلىنغان ھاراقنى ئىچمەيدۇ. خەلق ئەگەر بىراۋنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىچكەنلىكىنى سېزىپ قالسا، ئۇنى رەزىل ھېسابلايدۇ. سوت ئۇنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرىنى ئىناۋەتكە ئالمايدۇ. كىشىلەر دېڭىز سەپىرىگە چىققان كىشىلەرگىمۇ ئوخشاشلا باشقىچە بىر خىل قاراشتا بولۇپ، ئۇلار: دېڭىز سەپىرىگە چىققانلار ھامان پۇل تېپىپ بېيىش كويىغا چۈشكەنلەر، ئۇلارنىڭ دەلىل-ئىسپاتىمۇ سوتتا ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ، دەپ قا-

رايدۇ. ئەمما ئۇلار رەزىل شەھۋەتپەرەسلىكنى جىنايەت ھېسابلىمايدۇ.

بۇ ئەلنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ-نىڭ ھەممە ئاھالىسى قىپيالىڭاچ ھالدا تالالاغا چىقىۋېرىدۇ. 6-، 7-، 8-ئايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا چاغلاردا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ھۆل - يېغىن بولمايدۇ. بۇ يەردە ئەگەر ھەر يىلى ئۈچ ئاي يامغۇر يېغىپ ھاۋانى سالقىن-لاتمىغان بولسا، بۇ يەردە ھايات ياشاشمۇ ھەقىقەتەن قىيىن بولغان بولاتتى.

بۇ ئەلدە نۇرغۇن سىنشۇناسلار ئۇچرايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ قىياپىتىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئەخلاقىي سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلىدۇ ھەمدە شۇ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىققا مايىل ئىكەنلىكىگىمۇ باھا بېرىدۇ. ئۇلار ئەرلەر ياكى ئاياللارنىڭ سىرتقى چىراي - تۇرقىغا بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئاشۇ سۈپەتلىرىنى بىلىۋا-لالايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئادەم بەزىبىر ئۇچارقانات ياكى باشقا ھايۋانلارغا ئۇچراپ قالسا قانداق ۋەقە يۈز بېرى-دىغانلىقىغىمۇ بېشارەت بېرەلەيدۇ. ئۇلار ئۇچارقاناتلارنىڭ ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىشلىرىغىمۇ دۇنيادىكى باشقا ئىشلاردىن بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار شۇنىڭغا قاراپ، كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى تەلىيىنىڭ ياخشى ياكى يامان بو-لىدىغانلىقىغىمۇ ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئۇلار، بىر ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە بىر سائەتلىك شۇم تەلەي-لىك ۋاقىت بولىدۇ، دەپ قاراپ، بۇ چاغلاردا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، باشقا ھېچقانداق ئىشلار

بىلەنمۇ شۇغۇللانمايدۇ. چۈنكى كىشىلەر بۇ چاغلارنى ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان ۋاقىت دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەر كۈنلۈك ۋاقىت - پەيتلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرغاندا يەرگە چۈشكەن سايىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

بىر بوۋاق بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاتا - ئانىلىرى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ. تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈن ۋە ۋاقتىنىمۇ يېزىپ خاتىرىلىۋالىدۇ. كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ھاياتىدىكى ھەممە ھەرىكەتلىرى يۇلتۇزلار قىياپىتىگە باغلىق بولىدۇ. ئوغۇل بالا 13 ياشقا تولغاندا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانا ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولماي ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغا 20 دىن 24 كىچە كۈمۈش تەڭگە بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بالىغا مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلسە، بالا شۇ پۇلغا تايىنىپ مەلۇم بىر خىل سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرئاز پايدىغا ئىگە بولىدۇ - دە، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇ بالىلار كۈنبويى ھامان تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ، بۇ يەردىن سېتىۋالغان بىر نەرسىنى باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ ساتىدۇ. ئۇلار ئۈنچە سۈزۈش پەسىللىرىدە ھەمىشە دېڭىز بويىغا يىغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە قاراپ بېلىقچىلاردىن ياكى باشقا كىشىلەردىن بەش - ئالتە تال كىچىك مەرۋايىت سېتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇنى سودىگەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ

سودىگەرلەر ئاپتاپنىڭ ئىسسىقىدىن قېچىپ، ئۆيدىن چىقمايدۇ. باللار بۇ سودىگەرلەرگە: «بىز بۇ مەرۋايىتلارنى بىرمۇنچە پۇلغا سېتىۋالغانىدۇق. سىلەر ئەقىللىكە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلىپ، بىزگە بىرئاز پايدا بېرىپ بۇنى سېتىۋېلىڭلار» دەيدۇ. سودىگەرلەر بۇ باللارغا مەرۋايىتنىڭ ئەسلى باھاسىنىڭ سىرتىدا بىرئاز پۇل قوشۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مەلۇم پايدىغا ئىگە قىلىدۇ. باللار مۇشۇ شەكىلدە باشقا تاۋارلارنىڭ سودىسى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۆتكۈر ۋە ئەقىللىك كىچىك سودىگەرلەرگە ئايلىنىدۇ. كۈندۈزكى ھەرىكەتنى ئاخىرلاشقاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئاپىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ پىشۇرۇپ يەيدۇ، ئەمما ھەرگىز دادىسى پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان نەرسىلەرنى يېمەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پەقەت مۇشۇ ئەلدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ بارلىق ئۇچارقانات ۋە باشقا ھايۋانلىرىدىن ئاقتۇنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئاقتۇغا پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئۇچارقانات ۋە ھايۋانلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. شەپەرەڭلىرى تاپ قوشىدەك چوڭ بولىدۇ، تاپ قوشى بولسا قاغىدەك قاپقارا كالىدۇ ۋە بىزنىڭ تاپ قوشىمىزدىن خېلىلا چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچۇش ھەرىكىتى شۇ دەرىجىدە تېز بولىدۇكى، ئۇلار ئوزۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن بىرەر ھايۋانغا ئېتىلىپ بارسا، ھەرگىز قۇرۇق قول قايتمايدۇ.

بۇتخانىدىكى نۇرغۇن بۇتلار ئەر ۋە ئاياللار شەكلىدە

ئايرىم - ئايرىم يازغان. ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى مۇشۇ بۇتلارغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كاھىنلار بۇ قىزلارنىڭ موناستىردىكى راھىبەلەر كىيگىنىنىڭ كاھىنلىرى تەلەپ قىلغىنىدەك بۇتلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىگە ھەرقاچان قاتنىشالايدىغان بولۇشىنى، بۇتخانىغا بېرىپ ناخشا ئېيتىشىنى، ساز چېلىشىنى ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇنداق ياش قىزلار سانى كۆپەيگەنلىكتىن چوڭ بىر قوشۇنغا ئايلاندى. ئۇلار ھەر ھەپتىسى ئۆزى چوقۇنىدىغان بۇتلارغا نەزىر - چىراق سۈپىتىدە بىرنەچچە قېتىم تاماق توشۇيدۇ ۋە بۇتلارغا بۇ يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگىڭلار، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. نەزىر - چىراق جوزىسى بۇتلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە تەخسە يېمەكلىك تىزىلىدۇ. توپتوغرا بىر سائەتلىك نەزىر - چىراق ۋاقتىدا ياش قىز - چوكانلار توختىماستىن ناخشا ئېيتىدۇ، ساز چالىدۇ ۋە بارلىق زوق - شوقى بىلەن خىلمۇخىل ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تاماق يېيىشكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىغا تەڭ كېلىدۇ. ئارقىدىنلا، ئۇلار روھ - ئەرۋاھلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەزىر قىلغان يېمەكلىكلىرىگە ئېغىز تەگكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇتنىڭ چۆرىسىدە ئۆرە تۇرغىنىچە ھېلىقى يېمەكلىكلەرنى تەرتىپلىك يېيىشكە باشلايدۇ. بۇ قىزلار بۇنداق پائالىيەتلەرنى تاكى ياتلىق بولغۇچە ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم

ئۆتكۈزىدۇ.

ياش قىزلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، كاھىنلار ئىلاھلارنىڭ ئىلاھەلەر بىلەن ئىناق ئەمەسلىكى ۋە ئىلاھلارنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى، ئىلاھلارنىڭ ئىلاھەلەرگە يېقىنلاشمايدىغانلىقى، ھەتتا ئىلاھەلەر بىلەن سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى جاكارلايتتى. ئەگەر بۇنىڭغا بىرەر تەدبىر قوللىنىپ، ئىلاھلار بىلەن ئىلاھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق، ئىناقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك، روھ - ئەرۋاھلارنىڭ كىشىلەرگە بولغان مەرھەمىتى ۋە ئىلتىپاتى ئازىيىپ كېتىپ، بۇتخانىنىڭ ئىشلىرى ۋەيران بولىدۇ، دەيتتى. شۇڭا ئۇلار قىز - چوكانلارنىڭ بېلىكىلا بىر پارچە لاتا تارتىۋېلىپ قىپيالىڭاچ ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ ۋە مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتىپ، ئىلاھلار بىلەن ئىلاھەلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى كۈتەتتى. بۇ كاھىنلار: مۇشۇنداق قىلساق، ئىلاھلار ئىلاھەلەر بىلەن بىللە بولۇشنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ، دەپ قارايتتى.

يەرلىك ئاھالە ناھايىتى ئەپچىل لايىھىلىنىپ ئىرغايدىن قۇراشتۇرۇلغان ناھايىتى يېنىك كارىۋات ياكى سەگۈنچەكنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار كارىۋاتتا ئۇخلىغاندا، يېپىنى تارتىشى بىلەنلا چىمىلدىق پەردە ئۆزلۈكىدىن يېغىلىپ ھەم يېپىلىدۇ - دە، كىشىنى بۆرگە ياكى قۇرت - ھاشاراتلارنىڭ چېقىپ بىزار قىلىشىدىن ساقلايدۇ ھەمدە كىشىنى چېقىپ قاتتىق ئازابلايدىغان تارانتۇرا دېگەن زەھەرلىك ئۆمۈچۈكنىڭ ئازابىدىنمۇ ساقلايدۇ. شۇنىڭدەك چىمىلدىقنىڭ

ئىچىنى بۇرۇختۇم قىلماي ھاۋاسىنى يەڭگۈشلەپ تۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. ئەمما بۇنداق راھەت - پاراغەتتىن پەقەت ھەرتىۋۇلىك، پۇل - ماللىق بايلارلا بەھرىمەن بولالايدۇ؛ تۆۋەن تەبىقىدىكى باشقا ئادەملەر بولسا ئوچۇق دالىدا يېتىشقىلا مەجبۇر.

## ئون سەككىزىنچى باب

### سان توماس دەپنە قىلىنغان يەر ۋە ئۇنىڭ كارامىتى

ئەلچى ۋە شەرەپلىك شېھىت سان توماس (Saint Thomas) مائابار ئۆلكىسىدە ئاپەتكە ئۇچراپ، جەسىتى شۇ ئۆلكىنىڭ زېمىنىغا دەپنە قىلىنغان. بىر كىچىك شەھەر (مادراس Madras) گە قەبرى سېلىنغان. بۇ يەرگە كىرىش - چىقىش قىيىن بولغاچقا، نۇرغۇن سودىگەرلەر بۇ يەرگە دائىم قاتناپ تۇرمايدۇ. لېكىن كۆپ لىگەن خرىستىئانلار ۋە ساراسىنلار دائىم ئۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ. ساراسىنلار ئۇنى چوڭ پەيغەمبەر بىلىپ، ئانانىياس (Ananias) دەپ ئاتايدۇ، بۇ، «مۇقەددەس ئادەم» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن خرىستىئانلار سان توماس قەتل قىلىنغان يەرنىڭ قىزغۇچ كېسەكنى يىغىۋې لىپ ئەتىۋارلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن ھەمىشە ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بۇ كېسەكنى سۇدا ئۆيۈتۈپ ئاغرىقلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ، ئاغرىقلار ئۇنى يەپ

نۇرغۇن كېسەللىكلىرى داۋالاپ ساقىيىدۇ.

مىلادى 1288 - يىلى بۇ ئەلدە ناھايىتى زور ھوقۇققا ئىگە بىر بارون ئۆتكەن. ئۇ ھوسۇل يىغىۋېلىش پەسىللىرىدە نۇرغۇن دانلىق ئاشلىق كىرىم قىلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئاشلىقلارنى ساقلىشىغا يەتكۈدەك ئىسكىلاتى يوق ئىكەن، شۇڭا ئۇ سان توماس چېركاۋىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىدىغان ئۆيلىرىنى ئىسكىلات قىلىپ ئىشلىتىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشى چېركاۋ باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولغاچقا، ئۇلار بۇ بارونىڭ بۇ ئىمارەتنى زورلۇق بىلەن ئىگىلەپ ئالماسلىقىنى تەلەپ قىلىپتۇ، چۈنكى بۇ ئۆيلەر بۇ يەرگە تاۋاپقا كەلگەن خرىستىئانلارغا مېھمانخانا قىلىنىدىغان ئۆيلەر ئىكەن. لېكىن باشقا دىنغا ئىشىنىدىغان بارون ئۆزىنىڭ ئاشلىقلىرىنى بۇ يەردىن يۆتكەپ كېتىشنى رەت قىلىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى كېچىسى ئەۋلىيا ھېلىقى بارونىنىڭ چۈشىگە ئايان بولۇپ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ، قولىغا ئارا ئالغان ئەۋلىيا بارونىنىڭ گېلىغا قولىنى شىلتىپ، «سەن ئەگەر ئۆزۈڭ ئىگىلىۋالغان ئۆيۈمدىن دەرھال كۆچۈپ كەتمىسەڭ، قاقشىتىپ جېنىڭنى ئالىمەن» دەپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن بارون ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا ئادەملىرىگە ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاشلىقلارنى يۆتكەپ كېتىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە شۇ يەردىلا خالايىققا چۈشىدە ھېلىقى ئەۋلىيانى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ يەردە ھەر كۈنى نۇرغۇن كارامەتلەر بولۇپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن، ئاغرىغان ۋە مېيىپ بولغان كىشىلەرنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئوخشاش ئىشلار،

چىركاۋغا قارايدىغان ھېلىقى خرىستىئانلار بۇ يەردە
كوكۇس پالمىسى چىقىدىغان بىر دەرەخزارلىقنى ئىگىلى-
گەن بولۇپ، بۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا تايىنىدىغان يۆلەن-
چۈكى ئىكەن. باج سۈپىتىدە پادىشاھنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىغا
بىر دەرەخ ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر كۈمۈش تەڭگە تاپشۇ-
رۇپ تۇرىدىكەن.
ئاڭلىشىمىزچە، بۇ مۇقەددەس ئەلچىنىڭ ئۆلۈش
ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن: ئەۋلىيا ئۆزىنىڭ ئىتىكاپ قىلىدى-
غان پىنھان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى بۇ ئەلدىن
كۆپ چىقىدىغان چوڭ بىر توپ توز قورشىۋاپتۇ. دەل شۇ
پەيتتە باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، جائاي قەبىلىسىدىن بولغان
بىر بۇددىست بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ ھې-
لىقى ئەۋلىيانى كۆرمەستىن بىر ئەركەك توزغا ئوقيادىن
ئوق ئۈزگەنىكەن. بۇ ئوق كېلىپ ئەۋلىيانىڭ بىلىگە تې-
گىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى سەزگەندە ئۇ-
نىڭغا پەقەت تەڭرىدىن گۇناھىنى تىلەشكە يەتكۈدەكلا
ۋاقىت قالغانىكەن، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ روھىنى
تەڭرىگە تاپشۇرۇپتۇ.
بۇ ئۆلكىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ناھايىتى قارا
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆچى ئەزەلدىنلا قارا بولماس-
تىن بەلكى كېيىنچە ئۆزلىرى بوياپ قارا قىلىۋالغان.
چۈنكى ئۇلار قارا رەڭنى ھەقىقىي گۈزەللىك دەپ بى-
لىدۇ. شۇڭا ئۇلار بالىلىرىنى ھەر كۈنى كۈنجۈت يېغى
بىلەن ئۈچ قېتىم ياغلايدۇ. ئۇلار تەڭرى - ئەۋلىيالارنىڭ
سۈرىتىگە قارا بوياق بېرىدۇ؛ لېكىن جىن - ئالۋاستىلارنىڭ

سۇرىتىگە ئاق رەڭ بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بارلىق جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئاق رەڭدە بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەرلىك ئاھالە ئىچىدىكى كالىغا چوقۇنىدىغانلار جەڭگە چىققاندا، ئازراق ياۋا بۇقا يۇڭى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى بىر خىل ئۇنۇمى بار دەپ ئاتىنىڭ يايلىسىغا چاپلىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ياۋا بۇقا يۇڭىنى ئېلىپ يۈرگەن ھەرقانداق ئادەم خىلمۇخىل خەۋپ ــ خەتەرلەردىن ئامان قالىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ ئەلدە ياۋا بۇقا يۇڭىنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت.

## ئون توققۇزىنچى باب

### مورپىلى ياكى دۇنسار كىنەزلىكى

بىز مائابار كېنەزلىكىدىن ئايرىلىپ، شىمالغا قاراپ دېڭىزدا 800 كىلومېتىر سەپەر قىلغىنىمىزدىن كېيىن، مۇر پىلى (Mur phili) كىنەزلىكىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا چوقۇنىدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايدۇ. ئۇلار گۈرۈچ، بېلىق، گۆش ۋە مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

بۇ كىنەزلىكنىڭ تاغلىرىدىن ئالماس چىقىدۇ. ھۆل ـ يېغىن مەزگىلىدە تاشلار ئارىسىدىن ۋە غارلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار قوشۇلۇپ، كىچىك ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ. شىددەتلىك ئېقىن ئېقىپ بولغاندا، كىشىلەر دەريانىڭ قىنىدىن نۇرغۇن ئالماس تېپىۋالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماركوپولو

ئېمېندىكە ئېيتىپ بېرىشىچە، يەرلىك ئاھالە يازنىڭ ئىس-
سىق، ھۆل - يېغىنسىز كۈنلىرىدە، ئېگىز تاغلارغا چىقىشتا
بەك چارچاپ ھالسىزلىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى توپ-
توپ يىلانلارنىڭ چېقىۋېلىش خەۋپىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ئېي-
تىشلارغا قارىغاندا، تاغ ئۈستىدە چوڭقۇر جىرالار بولۇپ،
جىرا ئىچىدىكى غارلاردىن ۋە تىك يارلار ئەتراپىدىكى
ئورەكلەردىن ئالماس تېپىلىدىكەن. بۇ يەردە يىلان يېيىش-
كە ئامراق بولغان قارا چىغا ۋە ئاق تورنىلار كۆپ بو-
لۇپ، بۇ قۇشلار يىلان تۇتۇپ يېيىش كويىدا تىك يار-
لارغا ئۇۋا سېلىپ ياشايدىكەن. ئالماس ئىزدەپ چىققان
كىشىلەر غارلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ جىرالارغا بىر نەچچە پار-
چە گۆش تاشلىسا قارچىغا ۋە ئاق تورنىلار گۆشنىڭ كەي-
نىدىن جىرالارغا ئۇچۇپ چۈشۈپلا گۆشنى چىشلەپ چىقىپ
تاغنىڭ ئۈستىگە قونىدىكەن. بۇ چاغدا ھېلىقى كىشىلەر
قۇشلارغا ئېتىلىپ بىر دېپلا ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپ گۆشلەرنى
تارتىۋالىدىكەن ۋە بۇ گۆشلەرگە چاپلاشقان ئالماسنى تې-
رىۋالىدىكەن. ئەگەر بۇ قۇشلار ھېلىقى گۆشلەرنى يەپ
يۇتۇۋېتىشكە ئۈلگۈرگەن بولسا، قۇشلارنى پايلاپ تۇرغان
كىشىلەر ئۇلارنىڭ قونغان يېرىنى كۆرۈۋېلىپ، ئەتىسى
قۇشلارنىڭ تېزىكىدىن ئالماس تېرىۋالىدىكەن. لېكىن بۇ
ئەلا سۈپەتلىك ئالماسلار خرىستىئانلارنىڭ قولىغا چۈ-
شىدىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭلار، چۈنكى بۇ ئالماسلارنىڭ
ھەممىسى ئۇلۇغ خانغا ۋە شۇ كىنەزلىكنىڭ كىنەزىگە ھە-
دىيە قىلىنىدۇ.

ھىندىستاننىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇچرايدىغان ئەڭ

چىرايلىق بوز رەختلەر مۇشۇ كىنەزلىكتە توقۇلىدۇ. بۇ ئەلنىڭ ئاھالىسى مول مال ـ چارۋىغا ئىگە. بۇ چارۋىلار ئىچىدىكى قويلار دۇنيا بويىچە قويلارنىڭ ئەڭ زور بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، ئاھالىنىڭ ھەر خىل يېمەكلىكلىرىمۇ ناھايىتى مول.

## يىگىرمىنچى باب

### لاك روياك ياكى لار ئۆلكىسى

شەھەرلىك سان توماسنىڭ قەبرىسى بار يەردىن چىقىپ غەربكە سەپەر قىلىش ئارقىلىق لار (Lar) ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر ھىندىستاننىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بۇنامىنلارنىڭ كېلىپ چىققان يېرى.

بۇ ئادەملەر كىشىلەرگە ئۇچرايدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك سودىگەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھېچقانداق ئىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارمۇ ئۇلارنى ئالداپ يالغان سۆزلەتەلمەيدۇ. ئۇلار ئالدامچىلىقتىن ۋە باشقىلارنىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆمۈرۋايەت بىر خوتۇن بىلەن ئۆتۈشكە قانائەتلىنىشتەك ئالىيجاناب ئەخلاقى بىلەنمۇ مەشھۇر. مەيلى قايسى بىر چەت ئەللىك سودىگەر بولسۇن، ئۇ گەرچە بۇ ئەلنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى پۇختا بىلمىسىمۇ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ بىرىگە تونۇشتۇرۇپ تاۋارلىرىنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلسىلا، مەزكۇر بۇنامىن بۇ

سودىگەرنىڭ تاۋارلىرىنى باشقۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ سودا قىلىدۇ. ئۇلار چەت ئەللىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ بىرەر كاشىلىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ھەق ئۇندۇرۇۋالمايدۇ. لېكىن تاۋار ئىگىلىرى ھامان ئۇنىڭغا ئۆزى بىلگەنچە مۇۋاپىق ھەق تۆلەيدۇ.

ئۇلارمۇ گۆش يەيدىغان ۋە ئۆز ئېلىدە ئىشلىگەن ھاراقنى ئىچىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق جانلىق مالنى ئۆلتۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ ئىشقا مۇسۇلمانلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئاملارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامىتى شۇكى، ئۇلار بۆز رەختتىن ئېشىلگەن توم بىر تال ئارغامچىنى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ مەيدىسىگە ۋە دۈمبىسىگە ئورىۋالىدۇ.

بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ئىنتايىن باي ۋە ناھايىتى نوپۇزلۇق بولۇپ، ئۇنچە ـ مارجان ۋە جاۋاھىراتلارنى يىغىشنى ياقتۇرىدۇ. مائابارىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالىي دەرىجىلىك قىممەت بۇيۇملارنى پادىشاھقا ھەدىيە قىلغاندا، باھاسىنى شۇلارنىڭ ئۆزى مۆلچەرلەپ بېكىتىدۇ. پادىشاھ ئۇلارغا تامامەن ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئارتۇقچە پۇل قوشۇپمۇ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ نۇرغۇن گۈزەل جاۋاھىراتلارغا ئىگە بولۇپ قالغان.

ئاھالىسى مۇكەممەل بۇددىستلاردىن بولۇپ، ئۇلار تۆرلۈك سىرتقى ئالامەتلەرگە ۋە بېشارەتلەرگە بەكمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئۇلار بىرەر تاۋارنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاپتاپتا چۈشكەن سايىسىگە قارايدۇ،

ئەگەر سايىسى ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولسا، ئۇلار شۇ كۈنلۈك سودا - سېتىق ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن، دەپ بىلىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار ھەرقانداق بىر دۇكاندىن مال ئېلىۋاتقاندا بىر تال تارانتىرا يەنى زەھەرلىك ئۆمۈچۈكنى كۆرۈپ قالسا، — بۇ نەرسە بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، — بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ، ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزى بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرغاندا بىر ئادەم چۈشكۈرسە، ئۇ دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، ئۆيىدىن چىقمايدۇ.

ئۇلار تاماق يېيىش جەھەتتە ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇلار ھەمىشە بىر خىل ئۆسۈملۈكنى چاينىغاچقا، چىشى ناھايىتى ياخشى ئاسرىلىپ قالىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك تاماق ھەزىم قىلىشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ، ئومۇمەن، تەن سالامەتلىككە پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ.

بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە ئىچىدە چوگايلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىشىلەر ياشايدۇ. ئۇلار دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆۋرۇۋايەتلىك كەسپى قىلىۋالغان. ئۇلار تەڭرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناھايىتى ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار تالا - تۈزگە ھەمىشە قىپيالىڭاچ چىقىۋېرىدۇ. ئۇلار: بىز دۇنياغا قىپيالىڭاچ كەلگەن ئىكەنمىز، دۇنيادا قىپيالىڭاچ ياشاشنىڭ ئۇياتلىق بولىدىغان يېرى نەدە؟ بەدىنىمىزنىڭ ئۇياتلىق دېگەن قىسمىغا كەل-

ـمەك، ئۇنىڭ ئوچۇق قالغانلىقى ئۈچۈن ئىزا تارتىشىنىڭ ھېچبىر ئورنى يوق، چۈنكى ئۇ، مەقسەتلىك ھالدا شەھۋەتپەرەسلىك گۇناھىنى ئۆتكۈزمىدى، دەپ قارىشىدۇ.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

### كەل شەھىرى

كەل (Kael) — چوڭ شەھەر، ئۇ ياسترلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ — ئۇلار تۆت ئاكا - ئىنى — مائابار دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئۇ شۇلارنىڭ بىرى. بۇ يەر ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتقا باي بولۇپ، ياسترنىڭ ھۆكۈمرانلىقى نەتىجىسىدە بۇ يەر ناھايىتى مۇقىم ۋە تىنىچ. شۇڭا بۇ دۆلەت چەت ئەل سودىگەرلىرى بەكمۇ ياقتۇرىدىغان ئارامگاھ بولۇپ قالغان. پادىشاھ ئۇلارنى ياخشى قوبۇل قىلىپ، كۈتۈپ تۇرىدۇ. غەربتىن كېلىدىغان — مەسلەن، ئوماستىن، چىستى (chisti) دىن ۋە ئەدەن (Aden) دىن ھەم ھەرقايسى ئەرەب ئەللىرىدىن كېلىدىغان كېمىلەر تاۋار ۋە باشقا ئاتلارنى بۇ يەرگە توشۇپ كېلىپ، مۇشۇ سودىگەرلىككە ئەپلىك يەرنى بازار قىلىدۇ. پادىشاھ ئوردىسىدا بېقىلىدىغان چىرايلىق قىزلار 300 دىن كەم ئەمەس.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ يەرنىڭ ھىندىستانلىقلاردىن باشقا ھەممە يەرلىك ئاھالىسى ئاغزىغا «تەمبىيور» دېگەن

يوپۇرماقنى (سېھىرلىك يوپۇرمىقىنى) سېلىۋېلىپ توختىماي چاينايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب بولسا بۇ بىر ئادەتلىكتىن ھەمدە يوپۇرماقنىڭ تەمى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىقىدىندۇر. ئۇلار بۇ يوپۇرماقنى چاينىغاندا پەيدا بولغان تۈكۈرۈكنى داۋاملىق تۈكۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاكا بىر - ئەسىرلەر چاينايدىغان يوپۇرماقلار كامغارا ۋە باشقا خۇش بۇي ماتېرىياللار قوشۇپ تەييارلانغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە خام ھاكمۇ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يوپۇرماق كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە ناھايىتى پايدىلىقمىش، ئەگەر بىراۋ باشقا بىر كىشىنى ئەڭ قوپاللىق بىلەن قاتتىق كەمسىتىپ ھاقارەتلىمەكچى بولسا ئاغزىدا چاينالغان مۇشۇ يوپۇرماقنىڭ سۆيۈقلۇقىنى شۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدىكەن. بۇنداق ھاقارەتلەنگۈچى دەرھال پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆزىنى قانداق ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئەرز قىلىدىكەن ۋە دۇئېل ئارقىلىق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى جاكارلايدىكەن. پادىشاھ ھەر ئىككىيلەنگە بىردىن خەنجەر ۋە بىردىن قالقان قاتارلىق قوراللارنى بېرىدىكەن. بارلىق ئادەملەر بۇ ئىككىيلەننىڭ دۇئېلىنى كۆرۈشكە كېلىدىكەن. بۇ دۇئېل ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرى ئۆلۈپ يىقىلغاندىلا ئاخىرلىشىدىكەن. لېكىن دۇئېلدا ئىككىيلەننىڭ مەنئى قىلىنغان خەنجەر سانجىپ زەخىملەندۈرۈشتىن باشقا ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆز رەقىبىنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويۇلىدىكەن.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

### كاۋلام كىنەزلىكى

ئالمائاباردىن چىقىپ، غەربىي جەنۇبىي يۆنىلىش بويلاپ داۋاملىق 800 كىلومېتىر سەپەر قىلغاندىن كېيىن كاۋلام (Koulam) كىنەزلىكىگە يېتىپ كېلىدۇق.

بۇ يەردە نۇرغۇن خرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلار ياشايدۇ. ئۇلار ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىللىرىنى ساقلاپ قالغان. پادىشاھى ھېچكىمگە ئولپان تاپشۇرمايدۇ.

بۇ يەردىن نۇرغۇن ئەلا سۈپەتلىك بوياقلىق دەرەخ چىقىدۇ، قارىمۇچمۇ كۆپ چىقىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئورمانلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلىرىدىن ئاشۇ ئىككى خىل نەرسە چىقىدۇ. 5-، 6-، 7- ئايلاردا قارىمۇچتىن ھوسۇل ئېلىنىدۇ. قارىمۇچ ئېرغاي غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك باغچىلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ يەردىن يەنە نۇرغۇنلىغان ئەلا سۈپەتلىك نىل بوياق چىقىدۇ. بۇنداق نىل بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنىدۇ. بۇ ئوت يىلتىزى بىلەن يۇلۇۋېلىنىپ ئىدىشتا بېسىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ ئاپتاپتا سېلىنىدۇ. ئاندىن پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، شىلىم ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، بىز كۆرگەندىكىدەك يالپاق كىسىلىپ تەييارلىنىدۇ.

بۇ يەردە بىرنەچچە ئايغىچە كىشى چىدىغۇسىز دەرىجىدە قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. لېكىن دۇنيانىڭ ھەر-

قايسى جايلىرىدىن، مەسىلەن مەنزىلەر دۆلىتىدىن، غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ يەردە ئېكسپورت - ئىمپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن پايدا ئېلىش ئۈچۈن، يەنىلا مۇشۇ يەرگە توپلىنىشىدۇ.

بۇ يەردىكى نۇرغۇن هايۋانلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە پۈتۈن ئەزاسى قاپقارا كەلگەن يولۋاسلار، ناهايىتى نۇرغۇن خىلدىكى شاتۇتىغا ئوخشاش قۇشلار ياشايدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بەدىنى قاردەك ئاپئاق بولسا، پاچىقى بىلەن تۇمشۇقى قان تامچىپ تۇرغاندەك قىپقىزىل كېلىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ پەرلىرىنىڭ رەڭگى قىزىل بىلەن هاۋا رەڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ، بەزى قۇشلارنىڭ جۈغى ناهايىتى كىچىك كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئەركەك توزلىرى بىزنىڭكىدىنمۇ گۈزەل ۋە چوڭ كېلىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشىمۇ باشقىچە، هەتتا ئۆي قۇشلىرىنىڭمۇ بىرەر ئالاهىدىلىكى بولىدۇ، هەممىدە مېۋىلىك دەرەخلىرى مەزمۇت كېلىدۇ. بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە ئېيتقاندىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بۇنداق پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇشۇ يەرنىڭ هاۋا رايى سەۋەب بولغانمىش.

هارىقى بىر خىل پالما دەرىخىدىن هاسىل بولغان شېكەردىن ئىشلىنىدۇ. ئۇ ناهايىتى سۈپەتلىك بولۇپ ئۈزۈم هارىقىغا قارىغاندىمۇ كىشىنى ئاسانراق مەست قىلىپ قويىدۇ. بۇ يەردىن ئىنسانلارنىڭ يېمەكلىكىگە زۆرۈر بولغان هەممە نەرسە تېپىلىدۇ، ئەمما دانلىق ئاشلىقلاردىن پەقەت گۈرۈچلا بولۇپ، ئۇنىڭ مەهسۇلاتى ناهايىتى مول. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تېخنىكىسى يۇقىرى بولغان مۇنەججىملەر

ۋە تېبۇنپلار كۆپ چىقىدۇ.

بارلىق ئەر - ئايال ئاھالىسى قاپقارا بولۇپ، بەدىنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا كىچىككىنە بىر پارچە لاتا تارتىۋالغانىنىڭ سىرتىدا، ھامان پۈتۈن ئەزايى يالىڭاچ ھالدا يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇلار شەھۋەتپەرەسلىككە بەكمۇ بېرىلگەن بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاچا - سىڭلىسىنى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ تۇل خوتۇنلىرىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋېرىدۇ. لېكىن بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - كەيپىياتىمۇ شۇنداقمىش.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### كومارى

كومارى (Komari) يەنى Cape Komorin كوموردىن يېرىم ئارىلى — بىر ئۆلكە. شىمالدىكى بىر قىسىم يۇلتۇز تۈركۈملىرى ياۋادا كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما بۇ يەرنىڭ 50 كىلومېتىر دائىرىسىدە ئۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى ئاسمانغا قاراپلا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەر، ئېھتىمال، گورىزونتسىزىقىدىن 45 سانتىمېتىردىن 55 سانتىمېتىرغىچە ئېگىز بولسا كېرەك. بۇ ئەلدە ئېچىلغان بوز يەرلەر كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئورمان قاپلاپ تۇرىدۇ. ئورمانلاردا قۇيرۇقسىز مايمۇنغا ئوخشاش نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ. بۇ مايمۇننىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئادەمنىڭ

كىنگە ئوخشىشىپراق كېتىدۇ. يەنە ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بىر خىل مايمۇن بولۇپ، ئۇنىڭ جۈغى قۇيرۇقسىز مايمۇننىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. يولۋاس، يىلپىز ۋە مولۇنلارمۇ كۆپ.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

### دېھلى كىنەزلىكى

كومارى ئۆلكىسىدىن چىقىپ غەربكە داۋاملىق 482 كىلومېتىر سەپەر قىلغاچ دېھلى (Dely) كىنەزلىكىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۆز پادىشاھى ۋە ئالاھىدە تىلى بار. بۇ ئەل ھېچقانداق دۆلەتكە ئولپان تۆلىمەيدۇ ھەم ئەل ئەمەس. خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنىدا كېمە توختايدىغان پورت بولمىسىمۇ، لېكىن چوڭ بىر دەرياسى بار، كېمىلەر بىخەتەر ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ.

بۇ دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەس. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىدىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ دۆلەتكە كىرىشتە بېسىپ ئۆتۈش شەرت بولغان ئېغىزنىڭ خەتەرلىك توسالغۇسىدا. شۇڭا ھېچقانداق دۈشمەن بۇ ئەلگە بېسىپ كىرەلمەيدۇ.

بۇ ئەلدىن نۇرغۇن قارىمۇچ ۋە زەنجىۋىل ھەممىدە نۇرغۇنلىغان باشقا خۇش پۇراقلىق بۇيۇملار چىقىدۇ. ئەگەر بىر كېمە بۇ پورتتا توختاشنى خالىمىسىمۇ، ئەمما شامالنىڭ كۈچى بىلەن دەريا ئارقىلىق بۇ يەرگە كىرىپ قالسا، دېھلىلىقلار بۇ كېمىنى ئەسىرگە ئېلىپ، كېمىدە بار بولغان

پارلىق ماللارنى مۇسادىر قىلىدۇ ھەمدە: «سىلەر ئەسلىدە باشقا يەرگە بارماقچى بولغان، لېكىن بىزنىڭ تەڭرىمىز بىزگە سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلارنى تاپشۇرۇۋالسۇن دەپ، سىلەرنى بىزنىڭ شەھىرىمىزگە باشلاپ كەلدى» دەيدۇ. مەنزىلەر دۆلىتىدىن كەلگەن كېمىلەر پەقەت ماۋا ئوچۇق بولىدىغان پەسىللەردىلا بۇ يەرگە كېلىدۇ ۋە بىر ئامال قىلىپ بىر ھەپتە ئىچىدە ياكى ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماللارنى بېسىپ قايتىپ كېتىدۇ. چۈنكى دېڭىزنىڭ ئومۇمىي قىرغىقىدا دائىم خەۋپ ـ خەتەر يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئۇلارنىڭ كېمىسىدە دەھشەتلىك قاتتىق بورانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ياخشى لەڭگەر تەييار تۇرسىمۇ بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ دۆلەتتە يولۋاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ بولىدۇ.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

### مالابار

مالابار (Malabar) — ھىندىستاندىكى زېمىنى كەڭ بىر كىنەزلىك بولۇپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقچىمىز. بۇ ئەلنىڭ خەلقىگە ئۆزىنىڭ كىنەزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، بۇ ئەل ھېچقانداق باشقا بىر دۆلەتكە بېقىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بار.

بۇ ئەلنىڭ گورىزونت سىزىقىدىن تەخمىنەن تۆت پۈتۈن ئىككىدىن بىر مېتىر ئېگىز كېلىدىغان يېرىدە تۇرۇپ تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇيەردىنمۇ ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كۆززېراتىتىمكە ئوخشاش دېڭىز قاراقچىسى كۆپ چىقىدۇ. 100 دىن ئوشۇق دېڭىز قاراقچىلىرى كېمىسى ھەر يىلى مۇشۇ دېڭىز رايونى ئەتراپىدا قاتناپ يۈرۈپ ئۆتكەن - كەچكەن سودا كېمىلىرىنى تالان - تاراج قىلىدۇ. دېڭىز قاراقچىلىرى ئۆزىنىڭ خوتۇن بالا - چاقىلىرىنى چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىماي پۈتۈنلەي ئۆز كېمىسىگە ئېلىۋالىدۇ. بۇ ئائىلە تاۋابىئاتلار پۈتكۈل يازلىق سەپەر داۋامىدا ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە ياشايدۇ. بۇ دېڭىز قاراقچىلىرى كېمىلىرى ئۆتكەن - كەچكەن كېمىلەرنىڭ توردىن چىقىپ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دېڭىزنىڭ ھەر سەككىز كىلومېتىر ئارىلىقىدا بىردىن توختاپ، 20 كېمە جەمئىي 160 كىلومېتىر دېڭىز يۈزىنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ كېمىلەرنىڭ بىرى يىراقتىن سودا كېمىسى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا ئوت يېقىپ ياكى ئىس - تۈتۈن پەيدا قىلىپ بەلگە بېرىدۇ. ئاندىن باشقا بارلىق كېمىلەر توپلىشىپ كېلىپ، بۇ يەردىن قېچىشقا ئۇرۇنغان كېمىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئۇلار كېمىچىلەرنى زەخمىلەندۈرمەيدۇ. ئۇلار كېمىنى تالاپ بولغاندىن كېيىن كېمىلەرنى قىرغاققا چىقىرىپ ئۇلارنىڭ باشقا كېمىلەرگە چىقىشىپ قايتىشىغا مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەسلى كەلگەن يولى بىلەن قايتماقچى بولسا، ئۇلار قايتا تالان - تاراج قىلىنىشى مۇمكىن.

بۇ ئەلدىن قارىمۇچ، زەنجىۋىل، قوۋزاق دارچىن ۋە ھىندىستان قاتتىق مېۋىسى (پالمىسى) كۆپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك دۇنيا بويىچە ئەڭ نەپىس ۋە گۈزەل توقۇلغان بۆز رەخت چىقىدۇ. مەنزىلەر ئۆلكىسىدىن كەلگەن كېمىلەر كېمىنى ئېغىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن مىس ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە كالۋەتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان تەتىللا ـ كىمخاب، شايى ـ ئەتلەس ھەم كېسەك ئالتۇن، كېسەك كۈمۈش، شۇنىڭدەك مالابا‌ردىن چىقمايدىغان دورا ـ دەرمانلارنى توشۇپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ ماللارغا مۇشۇ ئۆلكىدىن چىقىدىغان تاۋارلارنى تېگىشىدۇ. بەزى يەرلىك سودىگەرلەر بۇ ماللارنى ئەدەنگە ئاندىن ئەدەندىن ئىسكەندەرىيىگە (Alexandria) غا) توشۇپ بارىدۇ.

بىز مالابار كىنەزلىكى ئۈستىدە توختالدۇق، ئەمدى داۋاملىق تۈردە ئۇنىڭ قوشنىسى گۈززېرات كىنەزلىكىنى تونۇشتۇرىمىز. ئەگەر بىز ھىندىستاننىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ تەسۋىرىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىپ، كىتابخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشىمىز ئېھتىمال.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## گۈززېرات كىنەزلىكى

گۈززېرات (Guzzerat) كىنەزلىكى ھىندى دېڭىزىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز كىنەزى

ۋە ئالاھىدە نەلى بار. ئۇنىڭ گورىزونت سىزىقىدىن 20 يېرىم مېتىر ئېگىز يېرىدە تۇرۇپ تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئەل خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش مەجەزى ئەڭ كۈچلۈك قاراقچىلارنى باشپاناھلىق بىلەن تەمىنلىگەن، ئۇلار دېڭىزنى ئايلىنىپ يۈرۈپ سەپەر قىلىۋاتقان بىر سودىگەرنى ئەسىرگە ئالغانىدى. ئۇلار سودىگەرگە دېڭىز سۈيىنى بىر قېتىم زورلاپ ئىچكۈزىدۇ. مۇشۇ چارە ئارقىلىق ھېلىقى سودىگەرنىڭ مەرۋايىت ياكى جاۋاھىرات يۇتۇۋالغان - يۇتۇۋالمىغانلىقىنى سىناپ كۆرىدۇ.

بۇ يەردىن زەنجىۋىل، قارىمۇچ ۋە نىل كۆپ چىقىدۇ. پاختىنىڭ مەھسۇلاتىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ پاختا ئېگىزلىكى ئالتە يارد كېلىدىغان دەرەختىن يىغىۋېلىنىدۇ، بۇنداق بۇمباكا دەرىخى 20 يىلغىچە پاختا بېرىدۇ. لېكىن بۇنداق ياشتىكى دەرەختىن ئېلىنغان پاختا يىپ ئېگىرىشكە لايىق كەلمەيدۇ، پەقەت يوتقان ياكى كۆرپىگە سېلىشقىلا لايىق كېلىدۇ. 12 ياشتىكى دەرەختىن ئېلىنغان پاختا نىپىز بۆز رەختلەرنى ۋە ئىنتايىن نەپىس باشقا بۆز رەختلەرنى توقۇشقا لايىق كېلىدۇ.

بۇ يەردە ئۆچكە خۇرۇمى، كالا خۇرۇمى، ياۋا كالا خۇرۇمى، كەركىدان خۇرۇمى ۋە باشقا خۇرۇملارغا ئوخشاش خىلمۇخىل خۇرۇملار كۆپ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق خۇرۇملار كېمىلەر بىلەن ھەرقايسى ئەرەب ئەللىرىگە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. كارىۋاتقا ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇم تاشلىق يوتقانلار قىزىل ۋە كۆك خۇرۇملاردىن تەييارلىنىدىغان ۋە ئالتۇن ياكى كۈمۈش رەڭلىك كالۇۋۇتونلار بىلەن تىكىلىدىغان بولۇپ،

ناھايىتى نەپىس ۋە يۇمشاق كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇنداق خۇرۇم كۆرپە-يوتقانلاردا يېتىپ دەم ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئالتۇن ياكى كۈمۈش رەڭلىك كالۇۋۇتون يىپلاردا ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن كۆرپىچىكلەرمۇ بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتى. ئۇنىڭ باھاسى قىممەت بولۇپ، ئالتە كۈمۈش مارك كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەنگەن كەشتىلەر دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكىدىنمۇ گۈزەل ۋە نەپىس بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بارىمىز. ئەمدى كەنئان (Kanan) كىنەزلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

## كەنئان كىنەزلىكى

كەنئان(KANAN بومباي)— كاتتا بىر كىنەزلىك، ئۇ بۇ يەرنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. بىزنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى غەربتە دېگەنلىكىمىز، ماركوپولو ئەپەندىنىڭ بۇ يەرگە شەرقتىن سەپەر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچۇرىدۇر. بۇ يەردە ئۇ ئېيتىۋاتقان بىرقانچە دۆلەتنىڭ يۆنىلىشى ئۇ سەپەر قىلىپ كەلگەن يۆنىلىشكە ئاساسەن بەلگىلەنگەن.

بۇ دۆلەتكە بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق باشقا بىر دۆلەتكە ئولپان تۆلىمەيدۇ ۋە پۇقرالىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ خەلقى بۇتقا چوقۇنغۇچىلار بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىلنى قوللىنىدۇ. بۇ يەردىن قارىمۇچمۇ، زەنجىۋىلمۇ

چىقمايدۇ، بەلكى بىر خىل خۇش پۇراقلىق بۇيۇم ناھايىتى كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، رەڭگى ئاپئاق ئەمەس، بەلكى قارامتۇل يېشىل كېلىدۇ.

نۇرغۇن كېمىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە ھېلىقى دورىنى ۋە باشقا خىلمۇخىل بۇيۇملارنى، شۇنىڭدەك ھىندىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاتلارنى توشۇپ كېتىشكە كېلىشىدۇ.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

### كامباي كىنەزلىكى

كامباي (Kambaia Cambay) يەنى ھىندىستان) — زېمىنى ناھايىتى كەڭ بىر كىنەزلىك. ئۇ غەربكە جايلاشقان بولۇپ، ئۆز كىنەزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ھېچقانداق دۆلەتكە ئولپان تاپشۇرمايدۇ. ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىلنى قوللىنىدۇ. خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ زېمىنى تېخىمۇ غەربىي شىمالدا بولغاچقا، تۆمۈر قۇزۇق يۇلتۇزى بۇ يەردە باشقا دۆلەتلەردىكىدىنمۇ ئېگىز كۆرۈنىدۇ.

بۇ يەرنىڭ سودىسى گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي تاپقان بولۇپ، بۇ يەردىن كۆپلەپ نىل چىقىدۇ. يۇڭ توقۇلمىلاردىن سىرت، يەنە بۆز رەختلەرمۇ كۆپ توقۇلىدۇ. سېپتە ئىشلەنگەن نۇرغۇن خۇرۇملار مۇشۇ يەردىن

ئېكسپورت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە سېنىك تېگىشىپ كېلىنىدۇ. ئەمدى بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك باشقا نەرسە بولمىغاچقا، بىز بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، سېرۋېناس (Servenath) كىنەزلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## سېرۋېناس كىنەزلىكى

سېرۋېناس (Servenath) مۇ غەربكە جايلاشقان بىر كىنەزلىك. خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقى ئاق كۆڭۈل بولۇپ ئۇلار بۇددا دىنىغا چوقۇنىدۇ، ئۇز كىنەزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر خىل تىلنى قوللىنىدۇ.

ئۇلار سودىغا ۋە سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. نۇرغۇن سودىگەرلەر بۇ يەرگە قاتناپ يۈرۈپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارغا يەرلىك ماللارنى تېگىشىدۇ.

ئەمما بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇتخانىلاردىكى كاھىنلار دۇنيا بويىچە ئەڭ رەھىمسىز كىشىلەرمىش. ئەمدى بىز بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېسماكوران (Kesmacoran) كىنەزلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

# ئوتتۇزىنچى باب

## كېماگوران كىنەزلىكى

بۇ، زېمىنى كەڭرى بىر دۆلەت. ئۇنىڭ ئۆز كىنەزى ۋە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە تىلى بار. ئاھالىنىڭ بەزىلىرى بۇددىستلار، ئەمما كۆپچىلىكى ساراسىنلار.

ئۇلار سودىغا ۋە سانائەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار گۈرۈچ، بۇغداي، گۆش ۋە سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ مەھسۇلاتى خېلى مول. نۇرغۇن سودىگەر دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىپ سودىگەرلىك قىلىدۇ.

غەربىي شىمالى يۆنىلىشنى بويلاپ داۋاملىق سەپەر قىلساق، چوڭ ھىندىستاننىڭ ئاخىرقى ئۆلكىسىگە يېتىپ بارىمىز. چۈنكى چوڭ ھىندىستاننىڭ زېمىنى مائاباردىن باشلىنىپ مۇشۇ يەردە تۈگەيدۇ. بىز ئۇنى تەسۋىرلىگەندە پەقەت ئۇنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلىرىگىلا دىققەت قىلدۇق. ئەگەر بىزنىڭ تەسۋىرىمىز ئۇنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى ئۆلكىلىرىگە تاقىلىدىغان بولسا، كىتابىمىزنىڭ ھەجمى بەكمۇ كۆپىيىپ كەتكەن بولاتتى.

بىز ئەمدى ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىنى تونۇشتۇرىمىز، ئۇنىڭ بىرى ئەرلەر ئارىلى، يەنە بىرى ئاياللار ئارىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## ئەرلەر ئارىلى ۋە ئاياللار ئارىلى ۋە بۇ ناملارنىڭ مەنبەسى

كېسماكوران (Kesmacoran) دىن تەخمىنەن 800 كىلومېتر كېلىدىغان جەنۇبتىكى چوڭ دېڭىز - ئوكيانىدا ئىككى ئارال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى 48 كىلومېتر. بۇ ئارالارنىڭ بىرىدە ئەرلەر تۇرىدىغان بولۇپ، ئايالار ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمايدۇ. بۇ، ئەرلەر ئارىلى دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىر ئارالدا ئاياللار تۇرىدىغان بولۇپ، ئەرلەر ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمايدۇ. بۇ، ئاياللار ئارىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئەر - ئايال ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەتكە مەنسۇپ بولۇپ، يۇيۇندۇرۇش مۇراسىمىنى ئادا قىلغان خرىستىئانلار①. لېكىن ئۇلار «تولۇق ئىنجىل» نىڭ دىنىي قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئەرلەر ئەگەر ئاياللار ئارىلىغا كەلسە، 3 -، 4 -، 5 - ئايلار ئىچىدە داۋاملىق 3 ئاي تۇرالايدۇ. زىيارەتكە كەلگەن ئەر ئۆز خوتۇنى بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە بىللە تۇرىدۇ. 3 ئايلىق مۇددەت توشقاندا ئەرلەر ئارىلىغا قايتىپ كېتىپ، بىر

① دىنىي قائىدە بويىچە، خرىستىئانلارنىڭ بالىلىرى ئومۇمەن كىچىك چېغىدىلا پوپنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن يۇيۇندۇرۇلۇپ دىنغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ - يۇيۇندۇرۇپ دىنغا كىرگۈزۈش مۇراسىمى دېيىلىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

يىلنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئايلارنى خوتۇنىنىڭ ھەمراھلىقىسىز ئۆتكۈزىدۇ.

ئايال ئۆز ئوغلىنى 12 ياشقىچە ئۆز يېنىدا ساقلاپ، ئاندىن بالىنىڭ ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. قىز بالا تاكى ياتلىق قىلىنىش يېشىغا يەتكۈچە ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇۋېرىدۇ، يېشىغا تولغاندا ئەرلەر ئارىلىدىكى ئەرگە ياتلىق قىلىنىدۇ. بۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ھاۋا رايىنىڭ ئالاھىدىلىكى سەۋەب بولغان. چۈنكى ئۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى ئەر-ئاياللارنىڭ ئۇزاققىچە بىللە تۇرۇشىغا يول قويمايدىكەن. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پوپى بولۇپ، بۇ پوپ سوكوترا ئارىلىدىكى دىنىي رايونغا قارايدىكەن.

ئەرلەر زىرائەت تېرىپ، ئۆز خوتۇنىنىڭ ھاياتىنى قامداشقا مەسئۇل بولىدىكەن؛ ئەمما تېرىلغۇغا تەييارلىق كۆرۈش ۋە زىرائەتنىڭ ھوسۇلىنى يىغىۋېلىشقا ئاياللار مەسئۇل ئىكەن. بۇ ئاراللاردىمۇ ئوخشاشلا خىلمۇ خىل مېۋىلەر چىقىدىكەن. ئەرلەر سۈت، گۆرۈچ ۋە بېلىق يېيىشكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەرلەر بېلىق تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، تۇتقان بېلىقلىرىنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. يېڭى بېلىقلار ۋە تۇزلانغان بېلىقلارنى ئۆز ئارىلىدىكى سودىگەرلەرگە ساتىدىكەن، ئەمما سودىگەرلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بۇ يەردىن چىقىدىغان ئەنبەرنى سېتىۋېلىش ئىكەن.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## سوكوتېرا ئارىلى

بۇ ئاراللاردىن چىققىنىمىزدىن كېيىن جەنۇبقا قاراپ 800 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ سوكوتېرا (Socotera) ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئارالنىڭ كۆلىمى كەڭ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ناھايىتى مول ئىكەن. ئاھالە دېڭىز قىرغاقلىرىدا كىتنىڭ قورسىقىدىن چىقىدىغان تۇرغۇن ئەنبەرنى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، بۇ تاۋارنىڭ ئېھتىياج مىقدارى ناھايىتى زور بولغاچقا، كىت تۇتۇشنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلىۋالغانىكەن. ئۇلار كىت تۇتۇشقا مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىدىكەن: بىر خىل تەتۈر ئىلمەكلىك تۆمۈر ئارىنى كىتقا چوڭقۇر سانجىپ، ئۇنى قاچالماس قىلىپ قويىدىكەن. تۆمۈر ئارىنىڭ بىر ئۇچى ئۇزۇن ئارغامچىغا چېگىلگەن بولۇپ ئارغامچىنىڭ ئاخىرىسىغا بىر لەيلىگۈچ ئېسىلىدىكەن، شۇنىڭغا قاراپ ئۆلگەن كىتنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالىدىكەن. ئاندىن ئۇلار كىتنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىپ، قورسىقىدىن ئەنبەر، بېشىدىن بىرنەچچە تۇڭ كەلگۈدەك ياغ ئالىدىكەن.

بۇ يەردىكى ئەر - ئايال ئاھالىنىڭ ھەممىسى سىرتقا قىپيالىڭاچ چىقىشىۋېرىدىكەن، پەقەت ئالدى - كەينىگىلا تارغىنە نېپىز لاتا تارتىۋالىدىكەن. بۇ تەرىپى بىز باشتا تەسۋىرلىگەن بۇتپەرەسلەرنىڭ قىلىقىغا

ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، بۇ يەردە گۈرۈچتىن باشقا ھېچقانداق دانلىق زىرائەت تېرىلمايدىكەن، ئۇلار گۈرۈچكە، گۆشكە ۋە سۈتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلار خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رىمدىكى يۇيۇندۇرۇش مۇراسىمىنى ئادا قىلغانلار بولۇپ، بىر ئېپىسكوپنىڭ ئادەتتىكى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدىكەن. بۇ ئېپىسكوپ رىم پاپىسىغا قارىماستىن، بەلكى باغداد شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باشقا بىر چوڭ روھانىيغا قارايدىكەن. ئۇنىمۇ ئاشۇ چوڭ روھانىي مۇشۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنىكەن ياكى بەزىدە خەلق تەرىپىدىن سايلىنىپ چوڭ روھانىي تەرىپىدىن تەستىقلىنىدىكەن.

نۇرغۇن دېڭىز قاراقچىلىرى تالان - تاراج قىلىپ تاپقان ماللىرىنى مۇشۇ ئارالغا ئەكىلىپ ساتىدىكەن يەرلىك ئاھالىمۇ، بۇ ماللار كاپىرلاردىن ۋە ساراسېنلاردىن بۇلاپ كېلىنگەچكە پۈتۈنلەي قانۇنلۇق دەپ قاراپ، ئۇنى ھېچبىر ئەيمەنمەستىن سېتىۋالىدىكەن. ئەدىن ئۆلكىسىگە بارىدىغان بارلىق كېمىلەر مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن، ئۇلار بۇ يەردە ئىشلەنگەن بۆز رەختلەرنى سېتىۋالغانلىقى سىرتىدا، يەنە نۇرغۇن بېلىق ۋە ئەنبەر① لەرنىمۇ سېتىۋالىدىكەن.

ئېپىسكوپنىڭ مەنئى قىلىشىغا قارىماستىن ئاھالە

---

① ئەنبەر — دېڭىزدا ياشايدىغان كىتتىن ئېلىنىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك، خۇش پۇراقلىق بىر خىل دورا ماتېرىيالى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۈچىدىكى باخشىلىق ۋە سېھىرگەرلىك باشقا ئەللەردىكى دىنىمۇ بەكرەك ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. ئېپىسكوپ بىرونىڭ بۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى خرىستىئان دىنىدىن قوغلاپ چىقىرىدىكەن. لېكىن ئاھالە يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېتىپتۇ.

ئەگەر دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كېمىلىرى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق كېمىسىدىكىلەرگە زىيان سالسا، ئۇلار ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق دېڭىز قاراقچىلىرىنى جەزمەن ئۆز جايىدا توختىتىپ، زىيانىنى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدىكەن، ئۇلار زىياننى تۆلىمەي تۇرۇپ دېڭىزغا چىقالمايدىكەن. قاراقچىلارنىڭ كېمىلىرى گەرچە ئوڭ شامالدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاھالە بۇ شامالنى تەتۈر يۆنىلىشلىك قىلىپ ئۆزگەرتىپ، قاراقچىلارنى مۇشۇ ئارالغا قايتىشقا مەجبۇر قىلغۇدەك قۇدرەتكە ئىگەكەن.

بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى يەنە دېڭىز - ئوكيانلاردىكى بوراننى تىنچىتالايدىكەن ھەمدە خالىغانچە بوران چىقىرىپ كېمىلەرنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتەلەيدىكەن. يەنە بۇنىڭدىن باشقا، خىلمۇخىل ئاجايىپ كارامەتلەرنىمۇ كۆرسىتەلەيدىكەن. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن، بىز ئەمدى ماداغاسقارنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## ماداغاسقار چوڭ ئارىلى

سوكوتىرا[1] ئارىلىدىن چىقىپ، جەنۇبقا ۋە غەربىي جەنۇبقا قاراپ دېڭىزدا 1600 كىلومېتر يۈرگەندىن كېيىن

ماداغاسقار (Madagascar) چوڭ ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ — دۇنيا بويىچە ئەڭ زور ۋە ئەڭ مۇنبەت ئاراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئايلانمىسى 4827 كىلومېترغا يېتىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمانلار ياكى مۇھەممەد پەيغەمبەر قائىدىسىنىڭ ئېتىقادچىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ 4 شەيخى (Sheikhs) بار. شەيخ دېگەن سۆزنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسى «ئاقساقال» بولۇپ، بۇ ئاقساقاللار ئايرىم - ئايرىم تۈردە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغان. ئاھالە سودىغا ۋە سانائەتكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە كۆپلەپ پىل چىشى ساتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىنمۇ زەنگىبار (Zenzibar) دېگەنگە ئوخشاش كۆپلەپ پىل چىشى چىقىدۇ. زەنگىباردىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان پىللارنىڭ سانىمۇ كۆپ.

ئۇلار يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئاساسەن تۆگە گۆشى يەيدۇ. باشقا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىمۇ ئوزۇق قىلىنىدۇ، لېكىن تۆگە گۆشى بەكرەك ئالقىشلىنىدۇ. چۈنكى تۆگە گۆشى بۇ يەردە سالامەتلىككە ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ لەززەتلىك گۆش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئورمانلىرىدىن ئۇرغۇن قىزىل سەندەل ياغىچى چىقىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ باھاسى مەھسۇلاتنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئەگىشىپ ئۆرلەپ ياكى پەسىيىپ تۇرىدۇ، مەھسۇلاتى كۆپەيگەنسېرى باھاسىمۇ تۆۋەنلەۋېرىدۇ. يەنە كىيىك ئېلىنىدىغان ئەنبەرمۇ كۆپ، ئاھالە دېڭىز تاشقىنى قىرغاققا سۈرۈپ چىقىرىپ قويغان ئەنبەرلەرنى

سىزىۋېلىپ ساتىدۇ.

يەرلىك ئاھالە مولۇن، يولۋاس، مارال، بۆكەن ۋە سېرىق بۇغا قاتارلىق باشقا خىلمۇخىل ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنى نۇرغۇن دالا پائالىيەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار يەنە قۇشلارنىمۇ ئوۋلايدۇ. بۇ قۇشلار بىزنىڭ رايونلىرىمىزدا ياشايدىغان قۇشلارغا ئوخشاشمايدۇ.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خىلمۇخىل ئەتلەس - كىمخاب ۋە تاۋار - دۇردۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ماللار بېسىلغان سودا كېمىلىرى بۇ ئارالغا كېلىپ، ماللىرىنى مۇشۇ ئارالنىڭ سودىگەرلىرىگە ساتىدۇ ياكى يەرلىك ماللارغا تېگىشىپ قايتىپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ.

كېمىلەر تېخىمۇ جەنۇبتىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز باشقا ئاراللارغا بارماستىن مۇشۇ ئارالغا ياكى زەنگىبارغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى جەنۇبقا ئاققان دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ ۋە پەسىيىپ دولقۇنلىرى دەھشەتلىك ئۆركەشلەپ تۇرغاچقا كېمىلەر ئۇ يەرلەرگە بارسا قايتىپ كېلەلمەيدۇ. مالابار- نىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن سەپەرگە چىققان كېمىلەر 20 كۈندىن 25 كۈنگىچە ئارىلىقتا بۇ ئارالغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قايتىشتا ئۈچ ئاي كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبقا ئاققان قاينام - تاشقىنلىق دېڭىز سۈيى نېمىدېگەن دەھشەتلىك - ھە!

بۇ ئارالدىكىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەلۇم بىر يىلنىڭ بىر پەسلىدە ئاجايىپ - غارايىپ

بىر چوڭ قۇش جەنۇبتىن ئۇچۇپ كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى رۇك (Rukh) دەپ ئاتاپتۇ. ئۇنىڭ شەكلى خۇددى بۈركۈتكە ئوخشىشىدىغان. جۈغى بۈركۈتنىڭكىدىن بەكلا چوڭ، كۈچ - قۇۋۋىتى دەھشەتلىك زور بولۇپ، پەنجىسى بىلەن بىر پىلنى قاماللاپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتەلەيدىكەن. ئۇنىڭ قەستى بۇ پىلنى يەرگە ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئىكەن، پىل يەرگە چۈشۈپ ئۆلگەندىلا بۇ قۇش ئۇنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن.

بۇنداق زور قۇشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قۇشنىڭ قانىتى كېرىلگەندە، كۆز چەمى بويىچە 16 قەدەمگە يېتىدىكەن، پەيلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز قەدەم، قېلىنلىقىمۇ شۇنچىلىك كېلىدىكەن①.

ماركوپولو ئەپەندىنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، بۇ قۇش ئېھتىمال، بۈركۈت باشلىق، شىر تەنلىك كەلگەن قاناتلىق غەلىتە مەخلۇق، خۇددى رەسىمدە تەسۋىرلەنگەندەك يېرىمى قۇش، يېرىمى شىرسىمان بىر خىل ھايۋان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ خىل ھايۋاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەمگە سوئال قويۇپ ئۇنىڭدىن ئالاھىدە سورىغاندا،

---

① ماداغاسقار ئارىلىدىن تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە چوڭ قۇش تۇغۇلۇپ كەلدى ... ئۇلارنىڭ زور تۇخۇمىنى كۆرگەندە كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئەرەبلەرنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تىلسىملىق «تۇتىيا قۇش»نى ئەسلەيدۇ. ھازىر بىرىتانىيە مۇزېيىدا بىر دانە غايەت زور تۇخۇم قويۇلغان، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى ئىككى پۈتۈن ئونچىدىن بىر گاللون كېلىدۇ. — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇلار، بىز بۇ قۇشنىڭ شەكلىنى بۈركۈتكە ئوخشىتىشقا بولار دەپ قارايمىز، دېيىشتى.

ئۇلۇغ خان بۇ غەلىتە ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئارالدا تۇتۇپ قىلىنغان بىر قۇلىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش باھانىسى بىلەن بىر ئەلچىسىنى بۇ ئارالغا ئەۋەتكەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە كىشىلەر ئېيتقان ھېلىقى غەلىتە ھېكايىنىڭ ھەقىقەتىنى ئېنىقلاش ئىدى. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ھېلىقى ئەلچى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا رۇك (Rukh) قۇشىنىڭ بىر تال پېيىنى ئېلىپ قايتقانمىش، بۇ پەينىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 بارماق كېلىدىكەن، پايەنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ئىككى غېرىچچە كېلىدىكەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق بۇ بۇيۇم جانابىي ئالىيلىرىنى بەك خۇرسەن قىپتۇ، ئۇ مۇشۇ پەينى ھەدىيە قىلغۇچىنى قىممەتلىك بىر نەرسە بىلەن تارتۇقلاپتۇدەك.

ھېلىقى ئەلچىلەر يەنە قاۋان توڭگۇزنىڭ بىر تال چىشىنىمۇ ئالغاچ كەپتۇ، بۇ قاۋان توڭگۇز سۇ كالىسىدەك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تال چىشىنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرام كېلەرمىش. بۇ ئارالدىن يەنە زىراپە، ئېشەك ۋە ئېلىمىزدىكىگە ئوخشاشمايدىغان باشقا ياۋايى ھايۋانلارمۇ چىقىدىكەن. بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىز ئېيتىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بولدۇق. ئەمدى بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، زەڭگىبارنى تونۇشتۇرىمىز.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## زەنگىبار

ماداغاسقار ئارىلىدىن ئۆتتۈپلا زەنگىبار ئارىلىغا كەلدۇق. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 3218 كىلومېتر كېلىدىكەن. ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە تىلى بار ئىكەن. ئۇلار ھېچقانداق بىر چەت ئەلگە ئولپان تۆلىمەيدىكەن. ئادەملەرنىڭ جۇغى ناھايىتى چوڭكەن، ئەمما بوي ئېگىزلىكى بىلەن ئېغىرلىقى ماسلاشمايدىكەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇلار جەزمەن گىگانتلار دەپ ئاتالغان بولاتتى.

ئەمما ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ تۆت ئادىمىمىز كۆتۈرەلىدىغان يۈكنى كۆتۈرەلەيدىكەن. شۇڭلىدەك ئۇلارغا كېتىدىغان ئوزۇقلۇقنىڭ ۋەزنى بىزنىڭ بەش ئادىمىمىزنىڭ يېمەكلىكىگە باراۋەر كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تېرىسى قارا بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا بىر تال لاتا ئورىۋالغاندىن باشقا، قىپيالىڭاچ ھالدا سىرتقا چىقىۋېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ چېچى سوغا چىلانسىمۇ تەستە تۈزلىنىدىغان دەرىجىدە بۇدۇر - بۇدۇر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاغزى يوغان، ئىلمەك بۇرۇن، قۇلىقى ئۇزۇن، كۆزلىرى يوغان ھەم قورقۇنچلۇق بولۇپ، چىراي - تۇرقى ئالۋاستىغا ئوخشىشىدىكەن. خوتۇن - قىزلىرىمۇ ئوخ-

شاشلا سەت بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ئاغزى كەڭ، بۇرنى قىلىن، كۆزلىرى يوغان كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ قوللىرى بىلەن بېشى بەك يوغان بولۇپ، ئەزالىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ كەتمەيدىكەن.

بۇ ئارالدىن دۇنيا بويىچە ئەڭ سەت ئاياللار چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى كەڭ، بۇرنى يوغان، كۆكسى سېت بولۇپ، بۇ ئەزالىرى باشقا ئاياللارنىڭكىدىن تۆت باراۋەر چوڭ كېلىدۇ. ئۇلار گۆش، سۈت، گۈرۈچ ۋە خورما بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بۇ يەردە تەك ئۈزۈملەر ئۆسمەيدۇ. لېكىن ئۇلار گۈرۈچ ۋە شېكەرگە ئازراق خۇش بۇي ماتېرىيال ئارىلاشتۇرۇپ تەملىك بىر خىل ھاراق ئىشلەپ چىقىدۇ. بۇ ھاراقمۇ باشقا ھاراقلارغا ئوخشاش خۇش بۇي بولۇپ، كىشىنى خېلى مەست قىلىدۇ.

بۇ ئارالدا ناھايىتى نۇرغۇن پىل توپ - توپ ياشايدۇ. شۇڭا پىل چىشى ئاھالىنىڭ قولىدىكى مۇھىم بىر خىل تاۋار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەلدىمۇ ناھايىتى چىرايلىق، تەن تۈزۈلۈشى سىممېترىك كەلگەن زىراپە چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى پۇتى ئۇزۇن ھەم ئېگىز، ئارقا پۇتى قىسقا. بويىنى ناھايىتى ئۇزۇن، بېشى كىچىك بولۇپ، مىجەزى مۇلايىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنى سۇس رەڭدە بولۇپ، قىزغۇچ چېكىتلىك كېلىدۇ. بەدىنى بىلەن بېشىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بويىنى ئۈچ قەدەمچە كېلىدۇ.

بۇ دۆلەتتىكى قويلار بىزنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ، بېشىنىڭ قارا كېلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن

بەدىنى ئاق كېلىدۇ. ھەتتا ئىتلارنىڭ رەڭگىمۇ شۇنداق. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھايۋانلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى بىزدىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

نۇرغۇن سودا كېمىلىرى ماللىرىنى بۇ يەرگە توشۇپ كېلىپ، پىل چىشىغا ۋە ئەنبەرگە تېگىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ دېڭىزىدا نۇرغۇن كىت بولغانلىقتىن، بۇ ئارالنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىدىن ھەمىشە ئەنبەر تېپىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئارالنىڭ ئاقساقاللىرى بەزىدە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىدۇ، خەلق بۇ ئۇرۇشلاردا ئۆلۈش - تىرىلىشكە قارىماي ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدۇ. بۇ يەردە ئات بولمىغاچقا، ئۇلار پىل ياكى تۆگىلەرنى مىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار پىلنىڭ ئۈستىگە راۋاق ئورنىتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 15 تىن 20 گىچە ئادەم سىغىدۇ. ئۇلار قىلىچ - خەنجەر، نەيزىلەرنى ۋە ئۇششاق تاشلارنى قورال قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئۇلار پىللارنى ھاراق بىلەن مەست قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە باتۇرلۇق بىلەن قورقماي ھۇجۇم قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ.

مەن مۇشۇ بىرنەچچە ھىندى ئۆلكىلىرىنى بايان قىلىشتا، پەقەت ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ مەشھۇرلىرىنىلا تەسۋىرلىدىم. بۇ ئارالنىڭ ئەھۋالىغا كەلگەندىمۇ شۇنداق قىلىمەن. بۇ يەردىكى ئاراللارنىڭ كۆپلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن، بىز مۇشۇ ئەللەرنىڭ دېڭىزچىلىرىدىن ۋە يول باشلىغۇچىلىرىدىن ئاڭلىشىمىزچە ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى دېڭىز رايونلىرىدا قاتناپ يۈرگەن كىشىلەر يازغان ئەسەرلەردىن كۆرۈشىمىزچە،

بۇ يەردىكى ئادەم ياشايدىغان ۋە ئادەم ياشىمايدىغان ئاراللارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاراللارنىڭ ئومۇمىي سانى 12 مىڭ 700 دىن كەم ئەمەس.

چوڭ ھىندىستان دەپ ئاتالغان بۇ رايون ماۋاباردىن باشلىنىپ، كېسماكورانغىچە سوزۇلۇپ، 13 چوڭ كىنەزلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئون كىنەزلىك مۇشۇ كىتابىمىزدا تونۇشتۇرۇلدى. كىچىك ھىندىستانغا كەلسەك، بۇ رايون ياپونىيە (Ziampa) دىن باشلىنىپ مۇرپىلىدا ئاخىرلىشىدىغان بولۇپ، سەككىز كىنەزلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئاراللاردىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز كىنەزلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بىز ئەمدى ئىككىنچى ھىندىستاننى ياكى ئوتتۇرا ھىندىستاننى①. باشقىچە ئېيتقاندا ئابىسسىنىيە (Abascia، Abyssinia يەنى ھازىرقى ئېفىيوپىيە ياكى ھەبەشىستان)نى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

## ئابىسسىنىيە ياكى ئوتتۇرا ھىندىستان چوڭ ئۆلكىسى

ئابىسسىنىيە (Abyssinia، Abascia) — زېمىنى كەڭ

① بۇ يەردە چوڭ ھىندىستان (ھازىرقى ھىندىستان) نى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىچىك ھىندىستان (شۇ چاغدىكى ياپونىيە) ۋە ئوتتۇرا ھىندىستان ياكى 2 - ھىندىستان (شۇ چاغدىكى ۋە ھازىرقى ئېفىيوپىيە) ھەققىدە بېرىلگەن تەبىرلەر ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ھىندى ئوكيانىنى ھىندى دېڭىزى دەپ ئاتىشى ھازىرقىدىن پەرقلىنىدۇ. كىتابخانلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمىز. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بىر دۆلەت بولۇپ، ئوتتۇرا ھىندىستان ياكى 2 ـ ھىندىستان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق پادىشاھى خىرىستىئان، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئالتە پادىشاھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچى خىرىستىئان، ئۈچى ساراسىنلار. بۇلار بىرىنچى پادىشاھقا ئولپان تاپشۇرۇپ بويسۇنىدۇ. بۇ يەرلىكلەرنىڭ بىلدۈرىشىچە، بۇ جايلاردىكى خىرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ دىندارلىق سالاھىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، پېشانىسىگە ۋە ئىككى مەڭزىگە قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئۈچ تەن سالىدۇ. بۇنى سۇدا يۇيۇندۇرۇش مۇراسىمىدىن كېيىنكى، ئىككىنچى قېتىمقى ئوتتا يۇيۇندۇرۇش مۇراسىمى دەپ ئاتاش مۇمكىن. مۇسۇلمانلار پەقەت پېشانىسى بىلەن بۇرنىنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا بىر تەن سالىدۇ. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلارمۇ ياشايدۇ، ئۇلار ئىككى تەن سالىدىغان بولۇپ، بۇ تەنلەر ھەر ئىككى مەڭزىگە بىردىن سېلىنىدۇ.

خىرىستىئان پادىشاھ تۇرىدىغان پايتەخت بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى جايىغا جايلاشقان. مۇسۇلمان پادىشاھنىڭ زېمىنى ئەدەن ئۆلكىسىگە يېقىن بىر يەرگە جايلاشقان. بۇلارنىڭ خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆتكەنلىكى شان ـ شەۋكەتلىك سان توماسنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىدۇر. ئۇنىڭ نۇبىيە دۆلىتىدە ئىنجىلنى تەشۋىق قىلغانلىقى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئاھالىسى ئەسلى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ خىرىستىئان دىنىغا كىرگەن. كېيىن ئۇ ئاسىنىيىگە بارغان، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئەمر ـ مەرۇپ قىلغانلىقى ۋە كارامەت ئويۇنلارنى كۆرسەتكەنلىكىمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ بەرگەن. كېيىن ئۇ مائابار ئۆلكىسىگە بېرىپ، سان ـ

ساناقسىز ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن. خۇددى بىزنىڭ باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇ، دىن يولىدا شېھىت بولغۇچى، دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

ئابىسسىنىيە خەلقى كەينىدىن ئەدەننىڭ مۇسۇلمان پادىشاھى بىلەن، نۇبىيىلىكلەر ۋە باشقا بىرمۇنچە قوشنا ئەللەرنىڭ خەلقى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرغاچقا جەڭ قىلىشتا ماھىر قەھرىمان بولۇپ يېتىشكەن. ئۇلار يەنە دائىم ئۇرۇش قىلىپ داۋاملىق تۈردە قورال ئىشلەتكەچكە مۇشۇ رايون بويىچە قورال ئىشلىتىش ماھارىتى ئەڭ ياخشى ئەسكەرلەر دەپ ئاتالغان.

بىراۋنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، 1288 - يىلى ئابىسسىنىيىنىڭ چوڭ پادىشاھى ئېرۇسالىم (قۇددۇس) شەھىرىگە بېرىپ خرىستىئان دىنىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىشنى قارار قىپتۇ — ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇقرالىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ھەر يىلى ئۇ يەرگە تاۋاپقا بېرىپ تۇرىدۇ — لېكىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا: بۇ ئىش ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن مۇسۇلمانلارغا قاراشلىق نۇرغۇن يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ ھەمدە ئاسانلا خىلمۇ خىل خەۋپ - خەتەرلەر يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى ئۇ يەرگە بارمىسىلا، دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر ئېپىسكوپنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىپتۇ، بۇ كىشىنى سان دي دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇ ئېرۇسالىمغا بېرىپ پادىشاھنىڭ نەزىر - چىراقلىرىنى تەقدىم قىپتۇ ۋە

جاماھەت ئالدىدا قىرائەت ئوقۇپتۇ. لېكىن قايتىشىدا ئەدەن سۇلتانلىقىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدا، كىشىلەر ئۇنى تۇتۇپ سۇلتاننىڭ (Soldan) ھوزۇرىغا ئاپىرىپتۇ. سۇلتان بۇ ۋەكىلگە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ چىڭلىقىنى، خىرىستىيان دىنىدىن يۈز ئۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى ۋە ئابىسسىنىيە پادىشاھىنىڭ غەزىپىگىمۇ پەرۋا قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جان يېرىنىڭ تېرىسىنى سويەۋرۈۋېلىپ، ئاندىن يولغا ساپتۇ. بۇ ۋەكىل دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپ، چوڭ پادىشاھقا ئۆزى-نىڭ ئەدەندە قانداق ھاقارەتلەنگەنلىكى ۋە خورلانغانلى-قىنى شىكايەت قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال قوشۇننى توپلاشقا بۇيرۇپ، ئەدەن سۇلتانىنى جازالاش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئەدەن سۇلتانىمۇ ئۆزىگە قوشنا ئىككى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ پادىشاھىغا ئىسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى سوراپ مەكتۇپ يوللىغاچ چوڭ بىرلەشمە قوشۇن تەييۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلار توختىماي ئۇدا ئۇرۇش قىپتۇ، ئاخىر ئابىسسىنىيە پادىشاھى غەلىبە قىلىپ، ئەدەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ ھېلىقى ئېپىسكوپنى ھاقارەتلىگەنلىكىنىڭ ئەنتىنى ئاپتۇ.

بۇ دۆلەتنىڭ خەلقى بۇغداي، گۈرۈچ، گۆش ۋە سۈت بىلەن تۇرمۇشنى قامدايدىكەن. ئۇلار كۈنجۈتتىن ياغ چىقى-رىدىكەن، ئۇلارنىڭ باشقا خىلمۇخىل يېمەكلىكلىرىمۇ نامايىتى مول ئىكەن. بۇ ئەلدە پىل، شىر، زىراپە ۋە ياۋا ئېشەك، ئادەمگە ئوخشىشىدىغان مايمۇن قاتارلىق خىلمۇخىل ھايۋانلار ۋە خىلمۇخىل ئۆي قۇشلىرى ۋە ياۋايى ئۇچار

قاناتلار ياشايدىكەن. بۇ يەردىن نۇرغۇن ئالتۇن چىقىدىكەن، سودىگەرلەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىكتىن نۇرغۇن پايدا ئالىدىكەن. بىز ئەمدى ئەدەن ئۆلكىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

### ئەدەن ئۆلكىسى

ئەدەن (Aden) بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ئۇ ھۆرمەتلىنىپ سۇلتان (Soldan، Sultan) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار بولۇپ، خرىستىئانلارغا ئىنتايىن ئۆچ كېلىدۇ. بۇ كىنەزلىكنىڭ نۇرغۇن شەھەر - راباتلىرى ھەم قەلئەلىرى بار ۋە بىر ياخشى پورتىمۇ بار. خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار ۋە دورا-دەرمانلار بېسىلغان كېمىلەر ھەممىشە ھىندىستاندىن بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدۇ. سودىگەرلەر بۇ يەرنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىۋالىدۇ ۋە بۇ تاۋارلارنى ئىسكەندىرىيىگە ئاپىرىش ئۈچۈن چوڭ كېمىدىن كىچىك كېمىلەرگە قاچىلايدۇ. ھاۋا-رايىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ياخشى - يامانلىق ئەھۋالىغا قاراپ دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ مېڭىلسا 20 كۈن ئەتراپىدا كۆزلەنگەن نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇلار پورتقا يېتىپ كېلىپلا ماللىرىنى كېمىدىن چۈشۈرۈپ تۆگىلەرگە ئارتىپ ئىچكى جايلارغا توشۇيدۇ. 30 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئاندىن نىل دەرياسىنىڭ بويىغا

يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ماللىرىنى بۇ يەردە يەنە جەمىس دېگەن قېيىقلارغا قاچىلاپ، نىل دەرياسى ئارقىلىق قاھىرەگە توشۇيدۇ. ئۇ يەردىن كالىزېنې (Kalizene) دېگەن قانالنى بويلاپ مېڭىپ ئاخىر ئىسكەندەرىيىگە يېتىپ بارىدۇ.

بۇ، سودىگەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھىندىستان مەھسۇلاتلىرىنى ئەدەندىن ئىسكەندەرىيىگە توشۇشتا قىيىنچىلىقى ئەڭ ئاز، مۇساپىسى ئەڭ قىسقا يول. سودىگەرلەر ئەدەن پورتىدىمۇ ئوخشاشلا تۈركۈم - تۈركۈم ئەرەب ئاتلىرىنى ھىندىستاننىڭ بارلىق كىنەزلىكلىرى ۋە ئاراللىرىغا ئاپىرىپ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىپمۇ ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئۈندۈرىدۇ.

ئەدەن سۇلتانى ھىندىستاندىن توشۇپ كېلىنگەن تاۋارلاردىن ۋە بۇ پورتتىن توشۇپ كېتىلىدىغان تاۋارلاردىن تاموژنا بېجى ئېلىپ، نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىدۇ. چۈنكى بۇ پورت مۇشۇ رايون بويىچە تاۋار قوبۇل قىلىش ۋە چىقىرىش مىقدارى ئەڭ زور بىر بازار ھېسابلىنىدۇ.

بىراۋنىڭ ئېيتىشىچە، بابىل (Babylon) نىڭ بىرىنچى قېتىملىق بىرلەشمە قوشۇنى ئاكرې (Aere) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى بېسىۋالغاندا، ئەدەن شەھىرى ئۇلارغا 30 مىڭ ئات ۋە 40 مىڭ تۆگە ياردەم قىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ خرىستىئانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. بىز ئەمدى ئەشىر (Escier) شەھىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

### ئەشىر شەھىرى

ئەشىر (Escier، Sher Arabia) ئەدەننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى شەھەر) ئەشىرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ ئەدلىيە ۋاسىتىسى بىلەن بۇ شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۆز باشلىقى ئەدەن سۇلتانىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەدەندىن ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەشىرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. نۇرغۇن شەھەر ـ راباتلار ۋە قەلئەلەر ئەشىرگە قارايدۇ. ئەشىرنىڭ پورتى ياخشى بولۇپ، ھىندىستاندىن كەلگەن نۇرغۇن سودا كېمىلىرى مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىن تۇركۈم ـ تۇركۈم ئاتلارنى قوشۇپ قايتىدۇ. بۇ سودىغا ئۇلارنىڭ دۆلىتى يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەچكە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ رايوندىن سۈپىتى 1 ـ دەرىجىلىك ئاق خۇش پۇراقلىق ماتېرىيال چىقىدۇ. بۇ، ئاق قارىغاي (پىختا) غا ئوخشىشىدىغان؛بىر خىل كىچىك دەرەختىن تامچىلاپ چۈشىدىغان دەرەخ يېلىمى، كىشىلەر دەرەخكە نەيچە سانجىپ ياكى دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى سويۇپ ئېلىۋەتسە، مەستىكى رۇمىي دەل شۇ يەرلەردىن تەدرىجىي ئېقىپ چىقىدۇ ۋە كېيىن قېتىپ قاتتىق جىسىمغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ

هاۋاسى ئىسسىق بولغاچقا بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى كېسىلـ
ـسىمۇ مەستىكى رۇمىي ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چىقىۋېرىدۇ.

بۇ يەردە كۆپلەپ خورما بېرىدىغان پالما دەرەخلىـ
ـرىمۇ كۆپ. بۇ ئەلدە گۈرۈچ ۋە كۆممىقوناقتىن باشقا
دانلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلمەيدۇ. زۆرۈر بولغان باشقا
دانلىق ئاشلىقلار سىرتتىن ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۈزۈمدىن
زادىلا هاراق ئىشلەنمەيدۇ. ئەمما گۈرۈچ، شېكەر
ۋە خورمىدىن بىر خىل هاراق ئىشلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ،
خۇش بۇي هەم مەززىلىك بىر خىل ئىچىملىك هېسابلىنىدۇ.
ئۇلار بىر خىل كىچىك قوي باقىدۇ. ئەمما بۇ قوينىڭ
قۇلىقى جايلاشقان ئورۇن باشقا جايلاردىكى قويلارنىڭكىگە
ئوخشىمايدۇ، بۇ قويلارنىڭ بېشىدىكى ئىككى كىچىك
مۈڭگۈز تاكى قوينىڭ تۇمشۇقىغىچە ئېگىلىپ چۈشكەن
بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىككى تۆشۈك زۇلاقىنىڭ ۋەزىپىسىنى
ئۆتەيدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مەشھۇر بېلىقچىلار بولۇپ،
ئۇلار ئۇرغۇن تۈنتىسا بېلىقى تۇتىدۇ، بىر ۋېنىتسىيە كۈمۈش
تەڭگىسىگە بۇ بېلىقتىن ئىككىسى كېلىدۇ. ئۇلار بۇ بېلىقنى
ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇۋالىدۇ. چۈنكى بۇ يەرنىڭ هاۋاسى
بەك ئىسسىق بولۇپ، زادىلا ئوت ـ چۆپ ئۆسمەيدۇ. ئۇلار
قۇرۇتقان بېلىقنى كالا، قوي، تۆگىگە ئوخشاش ئۆي
هايۋانلىرىنىڭ يېمى قىلىپ ئادەتلەنگەن. بۇ ئۆي هايۋانـ
ـلىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانلىقتىن، بۇنداق يەمدىن زادىلا
يەسكەنمەيدىكەن.

يەم قىلىنىدىغان هېلىقى بېلىق بىر خىل كىچىك

بېلىق بولۇپ، 3 -، 4 -، 5 - ئايلار ئىچىدە كۆپلەپ
تۇتۇلۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆي ھايۋانلىرىغا يەم -
خەشەك قىلىش ئۈچۈن ئۆيدە ساقلىنىدىكەن. ئۆي
ھايۋانلىرىمۇ تىرىك بېلىقنى يەۋېرىدىكەن، قۇرۇتقان
بېلىقنى يېيىشكە تېخىمۇ ئادەتلىنىپ كېتىپتۇ. يەرلىك
ئاھالە بۇ يەردە دانلىق ئاشلىق كەم بولغاچقا، چوڭراق
بېلىقلارنى ماتېرىيال قىلىپ، بىر خىل نان پىشۇرىدىكەن.
بۇ نان مۇنداق ئىشلىنىدىكەن: ئۇلار بېلىقنى پارچە - پارچە
توغراپ، قويۇق ھەم يېپىشقاق كەلگەن بىر خىل سۇيۇقلۇق
بىلەن بېلىق گۆشىنى نەمدەپ، ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ شىلىم
ھالىتىگە كەلتۈرىدىكەن - دە، ئۇنى نان شەكلىگە كەلتۈرۈپ
قىزىق ئاپتاپتا قۇرۇتىدىكەن. ئاندىن بۇنداق نانلارنى
پۈتۈن يىللىق ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە زاپاس ساقلايدىكەن.

باشتا ئېيتىلغان بۇ دۆلەتتىن چىقىدىغان مەستىكى
رومىنىڭ بۇ يەردىكى باھاسى ناھايىتى ئەرزان بولۇپ،
بۇ يەرنىڭ باش ۋالىيسى ئۇن تىللاغا 100 كىلوگرام
مەستىكى رومنى سېتىۋالىدىكەن. ئاندىن ئۇنى ۋىزانتىيە
ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى 40 تىللا باھا قويۇپ سودىگەر-
لەرگە ساتىدىكەن. بۇ ۋالىي ئەدەن سۇلتانىنىڭ يوليورۇقى
بويىچە شۇنداق سودا قىلىپ، يۇقىرىدىكى باھادا شۇ
يەردىن چىققان بارلىق مەستىكى رومىنىڭ سودىسىنى
ئۆز ئالدىغا تارتىۋاپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن ھەش - پەش
دېگۈچە ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدىكەن. بۇ يەردە
بايان قىلغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. بىز ئەمدى دۇلفار
(Dulfar) شەھىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

### دۇلفار شەھرى

دۇلفار — جەنۇبتا ئەشىر بىلەن ئارىلىقى 32 كىلو-مېتىر كېلىدىغان خېلى مۇھىم بىر شەھەر. ئاھالىسى مۇسۇلمان-لار بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئەدەن سۇلتانى تەيىنلىگەن بىر پۇقرا. بۇ يەر دېڭىزغا يېقىن بولۇپ، ياخشى بىر پورتى بار. نۇرغۇن سودا كېمىلىرى ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ.

ئەرەب ئاتلىرى قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان دۆلەتلەردىن بۇ يەرگە توپلىنىدۇ، سودىگەرلەر بۇ ئاتلارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىپ، ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. بۇ يەردىنمۇ ئوخشاشلا مەستىكى رۇمىي چىقىدۇ، ئۇنى سودىگەرلەر سېتىۋالىدۇ. دۇلفار شەھرى يەنە نۇرغۇن شەھەر - راباتلارنى ۋە قەلئەلەرنى باشقۇرىدۇ.

بىز ئەمدى كالايەت (Kalayati) نى تونۇشتۇرىمىز.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

### كالايەت شەھرى

كالايەت (Kalayati) — چوڭ شەھەر، ئۇ كالاتۇ (Kalatu) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قولتۇقنىڭ يېنىغا جايلاشقان

قان بولۇپ، ئارىلىقى دۇلغارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 965 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ خەلقى مۇھەممەد پەيغەمبەر قائىدە - نىزامىنىڭ ئېتىقادچىلىرى بولۇپ، ئۇماسىنىڭ مەلىكىگە (Melik) — ھۆكۈمرانىغا قارايدۇ. ئۇ ھۆكۈمران باشقا بىر دۆلەتنىڭ ھۇجۇمى ۋە تەھدىتىگە ئۇچرىمىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن يارىدىمىگە تايىنىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ئۆزى ناھايىتى قۇدرەتلىك، يەر تۈزۈلۈشى ناھايىتى خەتەرلىك ۋە مۇھىم بولغاچقا زادىلا بىرەر دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنمىغان.

بۇ دۆلەتتىن ھېچقانداق دانلىق زىرائەت چىقمايدۇ، شۇڭا ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى پۈتۈنلەي باشقا جاي-لاردىن ئىمپورت قىلىدۇ. بۇ دۆلەت ياخشى پورتقا ئىگە بولغاچقا، ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن سودا كېمىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ رەخت ۋە خۇش پۇراق بۇيۇملىرىنى سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەر دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان نۇرغۇن شەھەر - راباتلار ۋە قەلئەلەرگە يىراق بولغان-لىقتىن سودىگەرلەرنىڭ ھېلىقىدەك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىغا بەك ئېھتىياجلىق. سودا كېمىلىرى بۇ يەردىن يەنە نۇرغۇن ئاتلارنى ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىپمۇ يۇقىرى پايدا ئالىدۇ.

كالاتۇ بوغۇزىدىكى زەمبىرەك ئىستىھكامى كالاتۇ بوغۇزىنىڭ كىرىش ئاغزىغا سېلىنغان، شۇڭا ھەرقانداق

كېمىلەر رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ، بۇ دېڭىز بوغۇزىغا خالىغانچە كىرىپ چىقالمايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ مەلىكى (ھۆكۈمرانى) كېرمان (Kermain) شاھ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن ۋە بۇ شاھقا ئولپان تۆلەپ كەلگەن — گەرچە بۇ ئىككى ئوتتۇرىدا كېرمان شاھقا سادىق بولمىغانلىق ئۈستىدە تاسادىپىي ماجىرا يۈز بەرگەن بولسىمۇ — چۈنكى كېرمان شاھ ئۇنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولغان بەزىبىر ئالاھىدە باج سېلىقلىرىنى ئېغىرلاشتۇرماقچى بولغاندا، مەلىك ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلغان. شۇڭا كېرمان شاھ قوشۇن ئەۋەتىپ تەھدىت سالغان، بۇ قوشۇنلار ئوماستىن ئۆتۈپ كالايەتكە كىرىپ جايلاشقان ۋە بۇ يەردىن ھەرقانداق كېمىنىڭ كىرىش - چىقىشىنى چەكلەيدىغان بولۇۋالغان. كېرمان شاھىنىڭ سودا ئىشلىرى كاساتلىشىپ باج كىرىم مەنبەسى يوقالغانلىقتىن، باج كىرىمى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مەلىك بىلەن بولغان تالاش-تارتىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان.

بۇ پورتنىڭ پۇختا ئىستىھكاملىرى دېڭىز قولتۇقىنىڭ قولۇپ ئاچقۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇشۇ دېڭىز رايونىنىڭمۇ مۇھىم بوغۇزى ئىدى. چۈنكى بۇ ئىستىھكاملار ئارقىلىق بۇ يەردىن ئۆتكەن - كەچكەن كېمىلەرنى خالىغان چاغدا كۆزەتكىلى بولىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئومۇمەن خورما ۋە تىرىك بېلىق ياكى تۇزلانغان بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار بۇنداق ئىككى خىل بېلىق بىلەن ھەمىشە كۆپلەپ تەمىنلىنىپ تۇرىدۇ، يوقىرى

قاتلام كىشىلەر ۋە بايلار بولسا باشقا جايلاردىن داخىلىق ئاشلىق ئېلىپ ئۆز ئېھتىياجىنى قامداۋېرىدۇ. كالايەتتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ 482 كىلومېتىر ئىلگىرىلىسەك ھورمۇز ئارىلىغا يېتىپ بارىمىز.

## قىرىقىنچى باب

## ھورمۇز ئارىلى

ھورمۇز (Ormus) ئارىلىدا دېڭىز ساھىلىغا ياندىپ سېلىنغان گۈزەل بىر شەھەر بار. بۇ شەھەر مەلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارايدۇ. مەلىك دېگەن ئۇنۋانغا فىئودال زېمىندار دېگەن ئۇنۋان باراۋەر كېلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق، لېكىن ھەممە ئائىلىلەردە، بىنالارنىڭ ھەر بىر بۆلۈملىرىدە خالىغان چاغدا ھاۋا يەڭگۈشلەپ بېرىدىغان شامالدىتىش ئۈسكۈنىلىرى بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ يەردە بۇنداق ئۈسكۈنە ئورناتماي ياشاش بەكمۇ جاپالىق. بۇ شەھەر بىلەن كىش ۋە كېرماننىڭ ئەھۋالى كىتابنىڭ ئالدىنقى جىلدىدا بايان قىلىنغاندەك بولغاچقا، ئۇلارنى قايتا بايان قىلمىۋەرمەيمىز.

دېڭىز ياقىسىغا يېقىن بولغان چوڭ ھىندىستاننىڭ بىرقانچە ئۆلكە ـ شەھەرلىرى بىلەن ئېفىيوپىيە — ئوتتۇرا

ھىندىستان دەپ ئاتالغان جاي — دىكى بىرقانچە دۆلەتنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. ئەمدى بۇ كىتابىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئاۋۋال باشتىكى بىرقانچە جىلدتا بايان قىلماي قىسقارتىۋېتىلگەن شىمالدىكى بەزىبىر جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۆتىمىز.

# تۆتىنچى جىلد

## ھەرقايسى تاتار پادىشاھ، كىنەزلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ۋە شىمالدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى

[illegible]

## مطلب [illegible]

[illegible]

# بىرىنچى باب

## چوڭ تۈركىستان

چوڭ تۈركىستاننىڭ قايدۇ (Kaidu) دېگەن بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇ چاغاتاي (Zagatai) نىڭ نەۋرىسى، ئۇلۇغ خاننىڭ جىيەنىدۇر. ئۇ نۇرغۇن شەھەر ۋە قەلئەلەرنى ئىدارە. قىلىدىغان قۇدرەتلىك چوڭ پادىشاھتۇر. ئۇ تاتار. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ مۇنەۋۋەر تاتار جەڭچىلەر. بۇ ئىشلار ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشلاردا تەربىيىلىنىپ چىققان. مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، قايدۇ ئاۋۋال چوڭ بىر جەڭنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولسا، ئۇلۇغ خانغا مەڭگۈ ئەل بولمايتتى. سىلەرگە مەلۇمكى، بىز باشتا تونۇشتۇرۇلغان يول بويىچە ھورمۇز (Ormus) دىن چىققانىدۇق. تۇتقان ئورنىدىن ئېيتساق، چوڭ تۈركىستان ھورمۇزنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. چوڭ تۈركىستاننىڭ زېمىنى ئۆتۈن دەرياسى (Riverion) دىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنى بولغان شىمالغا سوزۇلىدۇ.

قايدۇ ئىلگىرى ئۇلۇغ خاقاننىڭ خەلقى بىلەن كەينى - كەينىدىن نۇرغۇن ئۇرۇش قىلغان. مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق

قىلىپ تالاش - تارتىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ ئۆتمۈشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. سىلەرمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ قېلىڭلار. بىر كۈنى قايدۇ ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق ئۇلۇغ خانغا، تاتارلار بويسۇندۇرغان زېمىننىڭ ماڭا تېگىشلىك قىسمىنى ئۆزۈمگە ئايرىپ بەرسىڭىز دەپ تەلەپ قويغانىكەن. ئۇ، قىتان ئۆلكىسى ۋە مەنزى ئۆلكىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم بىر قىسمىنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇلۇغ خان ئۇنىڭغا، ئەگەر مەن چاقىرىق قىلسام، ئوردىغا كەلسەڭ ۋە پادىشاھ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا قاتناشساڭ، ساڭمۇ باشقا شاھزادىلەرگە بۆلۈپ بەرگەندەك، بىر قىسىم زېمىن بېرىشكە رازىمەن، دەپتۇ ۋە ئۇلۇغ خان قايدۇغا، سەنمۇ باشقا شاھزادىلەر ۋە بارۇنلاردەك ئۇلۇغ خانغا ئەل بول، دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ ۋە مەن پەقەت مۇشۇ شەرت ئاستىدىلا بويسۇندۇرۇلغان جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى قايدۇغا بۆلۈپ بېرىشنى خالايمەن، دەپتۇ.

قايدۇ ئۆزىنىڭ تاغىسىدىن — ئۇلۇغ خاندىن تەشۋىشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ شەرتىنى رەت قىلىپ، مەن پەقەت ئۆز ئېلىمدىلا ئۇلۇغ خانغا پۇقرا بولۇپ ئۇلپان تاپشۇرىمەن، ئەمما ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىغا بېرىشنى خالىمايمەن، دەپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، قايدۇ بىلەن ئۇلۇغ خان ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ ئۇرۇش چىقىپتۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش بوپتۇ. ئۇلۇغ خان قايدۇ ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئۇنىڭ ئۆز

زېمىنغا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىر قىسىم قوشۇنىنى قايدۇنىڭ كىنەزلىكىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. بۇنداق تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، قايدۇ يەنىلا ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپتۇ ۋە ئۇلۇغ خان ئەۋەتكەن قوشۇن بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىپتۇ. قايدۇ ئۆزىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى ئالدىنقى سەپتىكى جەڭگاھقا سېلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈپتۇ. بۇ ئاتلىق قوشۇن ياخشى تەلىم - تەربىيە كۆرگەن، جەڭ قىلىشقا ماھىر جەڭچىلەردىن تۈزۈلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قايدۇنىڭ ئۆز يېنىدا پادىشاھقا قانداش نۇرغۇن بارۇنلار، بۇ ئىمپېرىيىنى قۇرغۇچى چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىمۇ بار ئىكەن.

بىز ئەمدى قايدۇ بىلەن ئۇلۇغ خاننىڭ خەلقى ئوتتۇرىسىدا بولغان بەزى ئۇرۇشلارنى تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز. لېكىن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى تەسۋىرلەيمىز. جەڭگە كىرىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ھەربىر ئەسكىرى 60 تال ئوق تەييارلىشى شەرت بولۇپ، ئۇنىڭ 30 نىڭ نەيزىسى كىچىكرەك بولۇپ، يىراق مۇساپىگە ئېتىشقا ئىشلىتىلەتتى؛ قالغان 30 نىڭ نەيزىسى چوڭراق بولۇپ، كەڭرەك قانىتى بار ئىدى، بۇ ئوقلار دۈشمەنگە يېقىنلاشقاندا ئېتىلىدىغان بولۇپ، مەخسۇس دۈشمەننىڭ يۈزىگە ۋە بىلەكلىرىگە ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى ئۈزۈۋېتىشكە ۋە ئۇلارنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىشقىلا ئىشلىتىلەتتى. ئۇلار مۇشۇ ئوقلارنى پۈتتۈنلەي

ئېتىپ بولغاندىلا قىلمىچلىرى ۋە نەيزىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا، قىلمىچۋازلىققا كىرىشىپ كېتەتتى.

## ئىككىنچى باب

### قايدۇنىڭ ئۆز تاغىسىنىڭ — ئۇلۇغ خاننىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

1266 - يىلى قايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئىنىلىرى (Jesudar) يېسۇدارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ناھايىتى نۇرغۇن خەلقنى يىغىپ، ئۇلۇغ خاننىڭ ئىككى بارونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىككى بارون گەرچە كىنەز قايدۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئىنىسى بولسىمۇ، ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىنى قوغداپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ بىرى تاباي (Tabai) ياكى شىبان (Ciban) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ چاغاتاينىڭ ئوغلى ئىدى. چاغاتاي خرىستىيانلارنىڭ ئادىتى بويىچە يۇيۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، پادىشاھ قۇبلاينىڭ ئۆز ئىنىسى ئىدى.

قايدۇ ئۆز جەڭچىلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى باشلاپ ئىككى بىر نەۋرە ئاكا - ئىنىسى بىلەن جەڭ قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 10 مىڭدىن ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. لېكىن ئاخىرىدا كىنەز قايدۇ غەلىبە قىلىپ،

قارشى تەرەپنى ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. ئەمما كىنەز قايدۇنىڭ رەقىبى بولغان ئۇنىڭ ئىككى بىر نەۋرە ئاكا ـ ئىنىسى ياخشى ئات مىنىپ تېز قاچقانلىقتىن، زەخىملەنمىدى ۋە قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ قۇتۇلدى.

قايدۇ غەلىبە قىلغىنىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ تەكەببۇرلۇق بىلەن قوشۇننى باشلاپ ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ئاپساق ئىككى يىلغىچە ئۇ ئۇلۇغ خان بىلەن قايتا دۈشمەنلەشمەي تىنچ ئۆتتى. ئەمما ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قايدۇ يەنە چوڭ بىر تۈركۈم قوشۇن توپلىدى. ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ ئوغلى نومگان (Nomogan) نىڭ قارا قۇرۇمدا ئاقساقال يۇھان (Prester John) نىڭ نەۋرىسى گېئورگى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئىككى بارۇننىڭ قولىدىمۇ قۇدرەتلىك ئاتلىق قىسىم بار ئىدى. قايدۇ ئۆز قوشۇنىنى توپلىغاندىن كېيىن، قوشۇننى باشلاپ ئۆز دۆلىتىدىن چىقىپ قارا قۇرۇمغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار يول ئۈستىدە بايان قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر ئۇرۇش قىلماي ئوڭۇشلۇق ھالدا قارا قۇرۇمغا يېقىن بىر جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى بارۇننىڭ ـ ئۇلۇغ خاننىڭ ئوغلى نومگان بىلەن ئاقساقال يۇھاننىڭ نەۋرىسى گېئورگېنىڭ قوشۇنلىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى.

نومگان بىلەن گېئورگى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۆز زېمىنىغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قىلچە قورقۇپ كەتمىدى، بەلكى ناھايىتى غەيرەتلەنگەن روھتا ۋە قەھرىمانلىق جاسارەتتە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ

تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قوشۇنىنى توپلىدى، ئۇلار 60 مىڭ كىشىلىكتىن كەم ئەمەس ئاتلىق قوشۇن ئىدى. ئۇلار قايدۇنىڭ بارگاھىغا تەخمىنەن 17 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە يېتىپ كېلىپ، تەرتىپلىك ھالدا بارگاھ قۇرۇپ جايلاشتى. قايدۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە تۇراتتى. بۇ بىر - بىرىگە دۈشمەن ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنى جايىدىن قوزغاتماستىن، ئۆز بارگاھلىرى ئىچىدە بار كۈچى بىلەن جەڭگە تەييار-لىنىۋاتاتتى. ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ ئادەم سانى، ھەيۋىسى تەڭشىلىپ قالدى، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 60 مىڭدىن ئاشمايتتى. ھەربىر ئەسكەر ئوقيا، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە ۋە قالقان بىلەن قوراللانغانىدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئۆز ئالدىغا ھەر بىرى 10 مىڭ كىشىدىن تۈزۈلگەن ئالتە ئاتلىق قوشۇنغا بۆلۈندى، ھەربىر قوشۇنغا بىردىن قوماندان تەيىنلەشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز قوشۇنلىرىنى جەڭگاھقا ئېلىپ كىرىپ، دۇمباق ئاۋازى بىلەن بېرىلىدىغان سىگنالنى جىمجىت ھالدا كۈتۈپ تۇرۇشتى. دۇمباق ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭلا ئۇلار جەڭ ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ھەربىي كاناي، سۇنايلىرىنى چېلىشىپ، قىزغىن سۈرەن - شاۋقۇن كۆتۈردى. بۇ ئاۋاز كىشىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇراتتى. تاتارلار ئۆز خوجا-يىنلىرى دۇمباق چالمىغۇچە جەڭگە كىرمەيتتى. دۇمباق ساداسى ئاڭلىنىشى بىلەنلا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئەس-كەرلەر ئوقيانىڭ يا كىرىچلىرىنى تارتىپ ئوق بەتلەپ

ھەش ـ پەش دېگۈچە يامغۇر دەك ئوق ياغدۇرۇۋەتتى.
ئارقىدىنلا نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ئاتلار كەينى ـ كەينىدىن
يىقىلىپ، جەڭگاھتا جان ئۈزۈشكە باشلىدى. جەڭدىكى
سۈرەن ـ شاۋقۇنلار ۋە قوراللارنىڭ جاق ـ جۇق، قاراس ـ
قۇرۇس ئاۋازلىرى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ،
تەڭرىنىڭ گۈلدۈرماما ـ چاقماقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنىمۇ بېسىپ
كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مەڭگۈ چېقىشالماس ئەشەد
دىي دۈشمەننى قىرمىشتا يا ئۆلۈم ـ يا كۆرۈم دېيىشىدىغان جەڭدىكى
جەڭگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قولىدا ئاتقۇدەك بىرەر
ئوق بولسىلا، ئۇنى ئېتىپ بولمىغۇچە ھەرگىز توختىماي
مايتتى، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆلگەن ـ يارىدار بول
غانلار تېزلىكتە كۆپىيىپ كىمنىڭ يەڭگەنلىكى ياكى كىم
نىڭ يېڭىلگەنلىكىنى پەرق ئېتىش قىيىنلاشقانلىقتىن،
ھېچقايسى تەرەپ غەلىبە قىلالمايۋاتاتتى.
ئۇلار ئاتتىدىغان ئوقلىرىنى ئېتىپ تۈگەتكىنىدىن كېيىن،
ئوقيا كامانلىرىنى قاپلىرىغا قاچىلاپ، قىلىچ ـ خەنجەر
ۋە نەيزىلىرىنى ئىشقا سالدى ـ دە، ئېتىلىپ بارغىنىچە
بىر ـ بىرىنى دەھشەتلىك قىرىش ـ چېپىشقا كىرىشىپ
كەتتى. مۇشۇنداق شىددەتلىك جېڭدىي جەڭ نەتىجىسىدە،
جەڭگاھ ئۆلگەن ـ يىقىلغان ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ جەسەتكە
تولۇپ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. قايدۇ جەڭدە
ئۆزىنىڭ قورال ئىشلىتىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى بولۇپمۇ
پىششىپ يېتىلگەن قىلىچۋازلىقىنى تولۇق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ
ئالاھىدە تالانتى جەڭچىلەرگە غەيرەت بېرىپ، ئۇلارنى

رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. قىسقىسى، بۇ جەڭ تاتارلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەڭ دەھشەتلىك جەڭلەرنىڭ بىرى بولدى. جەڭ تاكى دىگەر ۋاقتىغىچە داۋاملاشتى. گەرچە ھەر ئىككى تەرەپ ئەڭ زور غەيرەت كۆرسەتكەن، ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ جان پىدالىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ رەقىبىنى جەڭگاھتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمىدى. جەڭگاھقا دۆۋىلەنگەن ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشىگە قاراشقا كىشىنىڭ كۆزى قىيمايتتى ۋە بۇ دەھشەتتىن قاتتىق ھەسرەتلىنەتتى. بۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە قانچىلىك خوتۇن ئېرىدىن تۇل قالغان، قانچىلىك بالا يېتىم بولۇپ قالغاندۇر. ھە؟ كەچكى شەپەق نۇرىدا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جەڭنى توختىتىپ ئۆزلىرىنىڭ بارگاھلىرىغا قايتىپ دەم ئېلىشتى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە كىنەز قايدۇ ئۇلۇغ خاننىڭ قۇدرەتلىك بىر تۈركۈم قوشۇنىنى ياردەمگە ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاڭ يورۇشى بىلەنلا جەڭچىلىرىگە قورال - ياراقلىرىنى يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئاتلارنىڭ باشلىرىنى بۇرىغان پېتى ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ئۇلارنىڭ رەقىبى ئالدىنقى كۈندىكى جەڭدە چارچاپ ھالىدىن كېتىپ ئۇلارنى قوغلىغۇدەك مادارى قالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن چېكىنىپ كېتىشىگە يول قويدى. قايدۇنىڭ قىسىملىرى توختىماستىن چېكىنىۋېرىپ چوڭ تۈركىستاننىڭ سەمەرقەند (Samarcand) شەھىرىگە قايتىپ بارغاندىلا يۈرۈشنى توختاتتى.

## ئۈچىنچى باب

### ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى قايدۇنىڭ يۇقىرىغا قارشى چىققانلىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى

ئۇلۇغ خان قايدۇنىڭ ئۆز زېمىنىغا قايتا - قايتا پاراكەندىچىلىك سېلىپ خەلققە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ، قايدۇ ئەگەر مېنىڭ جىيەن ئوغلۇم بولمىغان بولسا، ئۆلۈكىنى دەپنە قىلدۇرۇشقا يەر تاپالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈرگەن بولاتتىم. ئەمما مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەجدادلىق مېھرىم مېنى قايدۇنى ۋەيران قىلىش ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىشتىن توستى، دېدى. قايدۇ شۇنداق قىلىپ، ئۇلۇغ خاننىڭ قولىدىن كېلىدىغان بالايى - ئاپەتتىن ئەمىن قالدى. ئەمدى بىز سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، سىلەرگە قايدۇنىڭ قىزى ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىكلەرنى تونۇشتۇرىمىز.

## تۆتىنچى باب

### كىنەز قايدۇنىڭ غەيرەتلىك ھەم باتۇر مەلىكىسى

سىلەرگە مەلۇم بولغايكى، ئەينى زاماندا قايدۇنىڭ «ئايگىرىم» (Aigiarm) تاتار تىلى بىلەن ئېيتقاندا «نۇر- لۇق ئاي» دېگەن بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىز ناھايىتى

غەيرەتلىك بولۇپ، جۇڭگودا ھېچقانداق يىگىت كۈچ سىنىشىپ ئۇنى يېڭەلمىگەن، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق رەقىبلىرىنى يەڭگەن.

پادىشاھ — ئۇنىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ ياتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇ بۇنى چىرايلىق سۆز بىلەن رەت قىلىپ، مەن بىلەن كۈچ سىنىشىپ مېنى يېڭەلەيدىغان بىرەر قابىلىيەتلىك ئەر چىقمىغۇچە مەڭگۈ ياتلىق بولمايمەن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى، قىزىنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە لايىق تاللىشىغا رۇخسەت قىلدىم، دېگەن مەزمۇندا «ئەر تاللاپ ياتلىق بولۇش» ھۆججىتى تۈزۈپ چىقىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ قىز پۈتۈن دۇنياغا شۇنداق جاكارلاپتۇكى، مەن بىلەن كۈچ سىنىشىشنى خالىغان ھەرقانداق يىگىت مېنى يېڭەلىسىلا مەن ئۇنى ئۆزۈمگە قوبۇل قىلىمەن.

بۇ خەۋەر جاكارلىنىشى بىلەنلا جاي - جايلاردىكى نۇرغۇن يىگىتلەرنى جەلپ قىپتۇ، ئۇلار ئۆز تەلىيىنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ. بۇنداق كۈچ سىنىشىش مۇراسىمى ناھايىتى تەنتەنىلىك ھەم ھەشەمەتلىك بولۇپ، پادىشاھ ئۆز ئوردىسىنىڭ چوڭ قەسرىدە ئولتۇرۇپتۇ، نۇرغۇن ئەر - ئاياللار ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنگەن ھالدا سەپ تارتىپ تۇرۇشۇپتۇ. مەلىكە نېپىز شايىدا تىكىلگەن ئېسىل، چىرايلىق كىيىمنى كىيىپ، سۈرلۈك قەدەم تاشلاپ چوڭ ئوردىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىدىغان يىگىتمۇ نېپىز شايىدا تىكىلگەن ئېسىل كىيىمنى كىيىپ بۇ يەرگە ھازىر بوپتۇ. نىكاھ كېلىشىمىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، يىگىت ئەگەر قىز بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يەرگە

يېتىمتىسا قىزنى يەڭگەن ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇ چاغدا ئۇنى
خوتۇنلۇققا ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، يىگىت ئەگەر ئەلىك-
دىن يېڭىلسە، يىگىتكە 100 ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ،
مۇشۇ قائىدە بويىچە، مەلىكە 10 مىڭدىن
ئوشۇق ئاتقا ئىگە بوپتۇ. ھېچكىم ئۇنى يېڭەلمەيدۇ،
دېگۇدەك ئەھۋال شەكىللىنىپتۇ. گەمەلىيەتتە بۇمۇ ئەجەبلە-
نەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى
تەرەققىي قىلغان، بويى ئېگىز ھەم كۈچلۈك، كۈچ - قۇۋۋەتتە
تەڭداشسىز بولغاچقا، ئۇنى كىمگانت قىز يېڭىشكىمۇ بولاتتى.

تەخمىنەن 1280 - يىلى، بىر ياش ھەم چىراي-
لىق كەلگەن بىر باي شاھزادە بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ يۈزلۈر
كىيىنگەن بىر توپ مۇلازىم بىلەن چىرايلىق 1000 ئات
ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا، مەن مەلىكە
بىلەن كۈچ سىناشقىلى كەلدىم، دەپتۇ. پادىشاھ قايدۇ
ناھايىتى خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۇنى قارشى ئاپتۇ،
چۈنكى ئۇ بۇ يىگىتنىڭ كىنەز پامار (pamar) نىڭ
شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل
قىلىۋېلىشنى بەكمۇ خالايدىكەن. قايدۇ پىنھان ھەردە ئۆز
قىزىغا: بۇ قېتىم سەن ئۇنىڭغا يول قوي، ئۇ سېنى يېڭە-
ۋالسۇن، دەپتىكەن. لېكىن ئۇ قىز، دۇنيادا مېنىڭ ئۇنداق
قىلىشىمغا يول قويىدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق، دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھمۇ، خانىشمۇ ھېچ ئامال قىلالماي
چوڭ قەسىردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. نۇرغۇن ئەر - ئايال مۇلا-
زىملار بۆلۈنۈپ ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تارتقان
پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. مەلىكە ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەكلا مەي-

دانغا چىقىپتۇ، شاھزادىمۇ مەيدانغا ھازىر بوپتۇ. شاھزادە كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك يىگىتكەن، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ئۆزىنىڭ كۆچتۆڭگۈر ساغلام بەستىگە تازا يارىشىۋالغانىكەن.

ئۇلار چوڭ قەسىرگە ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن كۆچ سىنىشىش ھەققىدە ئالاھىدە كېڭىشىپ تۈۋەندىكى شەرت قوبۇل قىلىندى؛ ئەگەر ياش شاھزادە يېڭىلسە، ئۆزى ئالغاچ كەلگەن ئاتلىرىدىن 1400 نى جەرىمانە سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ كۆچ سىنىشىشقا كىرىشتى. بۇ مەيداندىكى پادىشاھ ۋە خانىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر شاھزادىنىڭ يېڭىپ چىقىپ مەلىكىنىڭ كۈرەگانى (پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى ــ ت) بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتى. ئەمما ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولدى، نۇرغۇن قېتىملاپ ئېلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە مەلىكە يېڭىپ چىقتى. ياش شاھزادە بولسا مەلىكە تەرىپىدىن ئوردىنىڭ كارىدورىغا ئېتىپ تاشلىنىپ ئۆرۈلۈپ، 1400 ئېتىدىن ئايرىلدى. پۈتكۈل ئوردا ئەھلىدىن شاھزادىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە ئېچىنمىغان ھېچكىم قالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كىنەز ئۆز قىزىنى ئېلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن قېتىملىق جەڭگە قاتناشتى. قوشۇن ئىچىدە ھېچ قانداق چەۋەنداز مەلىكىچىلىك باتۇرلۇق كۆرسىتەلمىدى. كېيىن بۇ قىز ئاخىر دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، بىر

چەۋەنداز يىگىتنى تۇتۇپ چىقتى - دە، ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىز ئەمدى بۇ گەپنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، كىنەز قايدۇ بىلەن شەرق زېمىندارى ئاباغا (Abaga) نىڭ ئوغلى ئارغون (Argon) ئوتتۇرىسىدا بولغان چوڭ ئۇرۇشنى بايان قىلايلى.

## بەشىنچى باب

### ئاباغانىڭ ئۆز ئوغلى ئارغوننى قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكى

ئاباغا — شەرق زېمىندارى. ئۇ نۇرغۇن ئۆلكىلەرگە ۋە جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ زېمىنى قايدۇنىڭ زېمىنىغا چېگرىداش ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ دەرەخزارلىقنى چېگرا قىلاتتى، دەرەخزارلىقنىڭ بۇ تەرىپى ئالېكساندىر (ئىسكەندەر) نىڭ كىتابىدا ئاربورسېككو (Arbor Secco) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۈگۈنكى ئىران زېمىنىنىڭ ئىچىدە ئىدى. زېمىنى قايدۇ كىنەزنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاباغا ئۆز ئوغلى ئارغوننى نۇرغۇن چەۋەنداز قوشۇن بىلەن ئاربوسېككو رايونىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئېتۇن دەرياسىغىچە يۈرۈش قىلىپ بېرىپ ۋە شۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ جايلىشىپ، ئۆز دۆلىتىنى كىنەز قايدۇنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراتماي قوغداپ كەلدى.

ئارغون ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى شۇنداق قىلىپ ئاربورسېككو تۈزلەڭلىكىدە تۇرۇپ ۋە نۇرغۇن شەھەرلەر ۋە قورغان-

لارنىڭ ئەتراپىغا جايلىشىپ، ئۆزىنى قوغداۋاتاتتى. شۇڭا كىنەز قايدۇ ئورغۇن چەۋەنداز قوشۇن توپلاپ، ئۇنىڭغا ئىنىسى باراس (Barac) — چېۋەر ھەم باتۇر ئادەم — نى قوماندان قىلىپ، ئۇنى ئارغۇنغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. باراس بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، ئارغۇننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى بار كۈچى بىلەن قوغلاپ چېكىنىشكە ۋەدە بەردى. بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ بايان قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىردىر جەڭگە ئۇچرىمىغاچقا، ئېمۇن دەرياسىنىڭ بويىغا ۋە ئارغۇننىڭ قوشۇنى تۇرغان يەرگە پەقەت 17 كىلومېتىرلا كېلىدىغان يەرگىچە باردى. ھەر ئىككى تەرەپ دەرھال جەڭگە تەييارلاندى، ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى. باراسنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ قىلىنىپ دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا سۈرۈلۈپ چېكىنىلدى، ۋە ناھايىتى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى.

## ئالتىنچى باب

### ئارغۇننىڭ قانداق قىلىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ كىنەزلىكىگە ۋارىس بولغانلىقى

ئارغۇن غەلىبە قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتىسى ئاباغانىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ھەسرەتلەندى، ئاتىسىنىڭ كىنەزلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن قوشۇنىنى باشلاپ 40 كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئاباغانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئەمما ئاباغانىڭ ئەخمەت سۇلتان (Acomat Soldan) دېگەن بىر ئاكىسى بار بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىنىسى ئاباغانىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ كىنەزلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى قەستلىدى. ئۇ ئارغۇن ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا مېنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ قۇدرەتلىك بىر قوشۇن توپلاپ، قوشۇننى توپتوغرا ئىنىسى ئاباغانىڭ ئوردىسىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئاباغانىڭ كىنەزلىك ئورنىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

ئۇ كىنەز ئاباغانىڭ ئوردىسىدىكى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك نۇرغۇن بايلىقلارنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ بايلىقلار بىلەن ئاباغانىڭ بارون ۋە چەۋەندازلىرىنى چەكسىز دەرىجىدە خالىغانچە تارتۇقلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشقا كىرىشتى. ئۇ، مەندىن باشقا ھېچكىم سىلەرگە خوجايىن بولالمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىشنى ھىمايە قىلىشنى كۈتتى. لېكىن ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئارغۇننىڭ نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەخمەت بۇنىڭدىن بەك ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، بەلكى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز بارونلىرى ۋە باشلىقلارنى يىغىپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە بىر ھەپتە ئىچىدىلا خېلى نۇرغۇن ئاتلىق قوشۇن توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئوبدان تەرەددۇت قىلىپ خالىغان چاغدا

ئارغونغا زەربە بېرىشكە تەييار تۇرۇشىنى جاكارلىدى.
ئۇلار، بىزنىڭ ئارغوننى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشتىن بۆلەك
ھېچقانداق ئارزۇيىمىز يوق، دەپ جار سېلىشتى.

## يەتتىنچى باب

## ئەخمەتنىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئارغون بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى

ئەخمەت سۇلتان (Acomat Soldan) توپتوغرا 60 مىڭ چەۋەندازلىق قوشۇننى توپلاپ بولۇشى بىلەنلا ئارغون ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلانغانىدى، ئون كۈن يۈرۈش قىلىپلا يۈرۈشنى توختاتتى. چۈنكى ئۇ دۈشمەننىڭ بۇ يەردىن بەش كۈنلۈك نېرىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە دۈشمەن قوشۇنىنىڭمۇ ئۆز قوشۇنى بىلەن تەڭ باراۋەر كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. ئەخمەت گۈزەل ۋە كەڭ كەتكەن چوڭ بىر تۈزلەڭلىككە بارگاھ قۇردى ۋە دۈشمەننى يېڭىشكە پايدىلىق بولغان جەڭگاھنى ئىگىلەش ئۈچۈن، دۈشمەنگە مۇشۇ يەردىن ھۇجۇم قىلىشنى جاكارلىدى. ئۇ سەپ ۋە ئىستىھكاملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپلا، قول ئاستىدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھۆرمەتلىك ئاقسۆڭەكلەر — دېدى ئۇ — سىلەر مېنىڭ ئىنىم ئاباغانىڭ بارلىق زېمىن ۋە مۈلۈكلىرىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىمنى چوڭقۇر چۈشى

نىسىلەر. چۈنكى مەنمۇ ئۈنىڭ ئاتىسىنىڭ ئوغلى ھەمدە
ئۈنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى بارلىق زېمىنلارنى ئىگىلە
شىگە ياردەملەشكەن. مېنىڭ ئارتۇقچە سۆز قىلىشىم ھاجەت
يېمىز. چۈنكى سىلەرنىڭ ئاقىل كىشىلەر ئىكەنلىكىڭلارنى
ۋە ھەققانىيەتنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن.
سىلەر بىز ھەممىمىزنىڭ شان شەۋكىتى ۋە مەنپەئىتى
ئۈچۈن ئىشلەشنى خالايسىلەر.

ئۈنىڭ نۇتقى تۈگىگەندە بارلىق بارون، چەۋەندازلار
ھەم شۇ مەيداندا ھازىر بولغان باشقا ھەممەيلەن ئۈنىڭغا
بىر ئېغىزدىن، بىز ھايات بولساقلا ھەرگىز سىزنى تاشلى
ۋەتمەيمىز، دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن ئەخمەت ۋە
ئۈنىڭ قوشۇنى تېزلىكتە باركاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، دۈش
مەنىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

## سەككىزىنچى باب

## ئارغون ۋە ئۈنىڭ بارونلىرىنىڭ كېلىشكەن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى

ئەمدى ئارغون ھەققىدىكى سۆزىمىزگە قايتىمىز. ئۇ
ئەخمەتنىڭ ھەربىي ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئېرىشىپ
ۋە ئۈنىڭ شۇنچىۋالا زور قوشۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ
ناھايىتى چۆچۈدى. لېكىن، لەشكەرلىرىم ئالدىدا ئاجىزلىق
قىلسام بولمايدۇ، غەيرەت - جاسارىتىمنى كۆرسىتىشىم
كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ باركاھىنىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق

يەركە جايلاشتۇردى، ئاندىن بارلىق بارونلار ھەم چېچەن مەسلىھەتچىلىرىنى ئۆز بارگاھىغا چاقىرتىپ ئۇلارغا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى: «سۆيۈملۈك قېرىنداشلار ۋە دوستلار، سىلەر ئاتامنىڭ سىلەرگە نەقەدەر مېھىر - شەپقەت بىلەن كۆيۈنگەنلىكىنى بىلىسىلەر، ئۇ ھايات ۋاقتىدا سىلەرنى ئۆز قېرىندىشى ۋە ئوغلىدەك كۆرەتتى. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قانچە قېتىم جەڭگە چىققانلىقىڭلارنى، ئۇنىڭ شۇنچىۋالا زېمىننى ئىگىلىشىگە قانداق ياردەملەشكەنلىكىڭلارنى بىلىسىلەر. مېنىڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭ سىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنىدىغانلىقىنىمۇ بىلىسىلەر. مەنمۇ سىلەرنى خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئەزايىدەك بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. ھەقىقەت بىز تەرەپتە ئىكەن، دۈشمەن ياردەمچىسىز قالدى، ئەمەلىيەتتە ھەممەيلەن ئۆزىمىزنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشىمىز لازىم. مەن ئارتۇق سۆزلىمەيمەن، لېكىن سىلەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلار ھەم ۋەزىپەڭلەرنى تولۇق ئادا قىلىشىڭلارنى يەنە بىر قېتىم تىلەيمەن».

## توققۇزىنچى باب

### بارونلارنىڭ ئارغۇنغا بەرگەن جاۋابى

مەيدانغا ھازىر بولغان بارونلار ھەم چەۋەندازلار ئارغۇننىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كۆرە ئۆرۈشۈپ ئۆلۈشكە بەل باغلىدى. دەل ئۇلار سۈكۈتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، بىر بارون ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئادالەتلىك جانابىي ئارغۇن، ئادالەتلىك جانابىي ئارغۇن، — دەيتتى ئۇ، — بىزگە ئېيتقان سۆزىڭىزنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمىز، چۈنكى مەن بۇ قېتىم سىز بىلەن بىللە جەڭگە چىققۇچىلارنىڭ جارچىسى بولۇپ سەممىلىك بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، تېنىمىزدە جان بولسىلا ھەرگىز سىزنى نائۈمىد قويمايمىز، جەڭ قىلىپ ئۆلسەك ئۆلىمىزكى، ھەرگىز مەغلۇپ بولمايمىز.

بۇ ئادەمنىڭ سۆزى تۈگىگەندە باشقىلار بىر ئېغىزدىن، ئۇنىڭ پىكرى بىزنىڭكى بىلەن بىر، دېيىشتى. پۈتۈن قوشۇن، جەڭ پەيتىنى قولدىن بەرمەي دەرھال دۈشمەن بىلەن ئېلىشىمىز، دەپ چۇقان كۆتۈردى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئارغۇن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەربىي يۈرۈشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار ئەخمەت جايلاشقان كەڭ تۈزلەڭلىككە يېتىپ كېلىپ، ئەخمەتنىڭ بارگاھىغا تەخمىنەن 17 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە تەرتىپلىك ھالدا بارگاھ قۇرۇپ جايلاشتى. ئىش تۈگىگەندە، ئارغۇن ئۆز تاغىسىغا جەڭنامە يەتكۈزۈش ئۈچۈن سادىق ۋە ئىشەنچلىك ئىككى ئادىمىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

## ئونىنچى باب

### ئارغۇننىڭ ئەخمەت بارگاھىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى

بۇ سادىق ھەم ياشانغان ئىككى ئەلچى دۈشمەن بارگاھىغا كېلىپ ئەخمەتنىڭ چېدىرى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى —

ئەخمەتنى ئۇنىڭ چېدىرىدا تۆرت قوشۇن باشلىقى قوغداپ تۇراتتى. — ئۇلار چېدىرغا كىرىپ ئالدى بىلەن ئەخمەتكە سالام بەردى. ئۇلار بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز مۇددىئاسىنى يەتكۈزۈشكە كىرىشتى.

— جېيەن ئوغلىڭىز، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ئۇنىڭ كىنەزلىك تەختىنى قولغا كىرگۈزىۋالغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن ئەجەبلىنىپتۇ. ھازىر يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى كەلدىڭىز، چىندىن ئېيتقاندا، بۇ — ئۇلگە ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ھەرىكەت. شۇنىڭدەك تاغا بولغۇچى ئۆزىنىڭ جېيەن ئوغلىغا قوللانمايدىغان ھەرىكەت. شۇڭا ئۇ مېنى سىزگە شۇنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدىكى، ئۇ سىزنىڭ داۋاملىق تۇردە ئۇنىڭ ياخشى تاغىسى بولۇشىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىڭىزنى، ئىككى ئوتتۇرىدا قېرىنداشلار بىر - بىرىنى قىرماسلىقنى ۋەزمىنلىك بىلەن تىلەيدۇ. ئۇ سىزگە ھەممە شان - شەۋكەتنى بېرىپ، سىزنى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق زېمىنلارنىڭ خوجىسى قىلماقچى. جېيەن ئوغلىڭىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنىڭ سىزگە يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرىمىز مۇشۇ.

## ئون بىرىنچى باب

### ئەخمەتنىڭ ئارغۇن يەتكۈزگەن ئۇچۇرغا بەرگەن جاۋابى

ئەخمەت سۇلتان جېيەن ئوغلى ئارغۇننىڭ ئېيتىپ بەرگەن سالىمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەلچى ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ، — جىيەن ئوغلۇم ئاساسسىز قۇرۇق گەپ قىپتۇ. چۈنكى، بۇ دۆلەت زېمىنى مېنىڭ، ئۇنىڭ ئەمەس. مەن بۇ زېمىنلارنى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ قولغا كىرگۈزگەن. شۇڭا جىيەن ئوغلۇمغا شۇنى يەتكۈزۈڭلاركى، ئەگەر ئۇ خالىسا، مەن ئۇنىڭغا چوڭ كىنەزلىك ۋە يېتەرلىك يەر ھەدىيە قىلىمەن. ئۇنىڭغا مېنىڭ ئوغلۇم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ، مەندىن كېيىنكى ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مۇبادا ئۇ خالىمىسا، مەن ئۆز قولۇمدىكى بارلىق ھوقۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۇنى ھالاك قىلىدىغانلىقىمغا ئۇنى ئىنىق ئىشەندۈرۈڭلار. مەن بۇ پەيتتە جىيەن ئوغلۇمدىن ئەلەپ قىلىدىغان ئىش مۇشۇ. بۇنىڭدىن باشقا گېپىم يوق. بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسىمۇ يوق.

ئەخمەتنىڭ سۆزى تۈگىگەندە ئىككى ئەلچى ئۇنىڭدىن ياندۇرۇشلاپ «بىزگە بېرىلگەن ھەممە جاۋاب شۇمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ھەئە، — دەپ جاۋاب بەرگەچ، — مەن دۇنيادا ھاياتلا بولسام، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا جاۋابىم يوق» دېدى.

ئىككى ئەلچى دەرھال خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى ـ دە، ئاتلىرىنى قامچىلاپ تېزلىكتە ئارغۇننىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. چېدىر ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى ـ دە، بارلىق ئەھۋالنى بىرمۇ بىر مەلۇم قىلدى. ئارغۇن تاغىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئېنىلىك قىلىپ، «تاغام ماڭا تۆھمەت چاپلاپ مېنى شۇنداق ھاقارەتلىگەنىكەن، ئۇنىڭدىن ئەنتىمنى ئالماي

تۇرۇپ، دۇنيادىكى جامائەت ئالدىدا ھەرگىز باش كۆتۈرۈپ ياشىمايمەن ھەم ئۆزۈمنى زېمىننى بار پادىشاھ دەپمۇ ئاتىمايمەن» دېدى.

ئۇ ئاشۇ سۆزلىرىنى تۈگىتىپلا بارونلار ۋە چەۋەندازلارغا مۇنداق دېدى: «ئەمدى بىزگە مۇمكىنقەدەر تېز جەڭگە چىقىپ، ۋاپاسىزلىق قىلغان خائىنلارنى ھالاك قىلىشتىن باشقا ئىش قالمىدى. مەن ئەتە سەھەردە جەڭگە چىقىپ بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئۇلارنى يوقىتىش قارارىغا كەلدىم». ئۇلار پۈتۈن كېچە جەڭ تەييارلىقىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. ئەخمەتنىڭ تىڭچىلىرى ئارغۇننىڭ پىلانىنى بىلىۋالدى، ئەخمەتمۇ جىددىي ھالدا جەڭگە تەييارلىنىپ، جەڭچىلىرىنى قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

## ئون ئىككىنچى باب

### ئارغۇن بىلەن ئەخمەت ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئارغۇن ئۆزىنىڭ سىپاھگەر ۋە ئەسكەرلىرىنى قوراللىنىشقا چاقىردى. ئۇ ئۆز قوشۇنىنى ماھىرلىق بىلەن جەڭگىۋار سەپ شەكلىدە رەتكە سالدى ۋە قوشۇنىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلدى، ئاندىن دۈشمەن سېپىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەخمەتمۇ جەڭ ئالدىدا ئوخشاشلا تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىۋالدى. ھەر ئىككى قوشۇن يېرىم يولدا ئۇچرىشىپ بىرەر سۆھبەت

ئۆتكۈزمەستىنلا جەڭ قىلىشقا كىرىشتى. جەڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىشى بىلەنلا سان - ساناقسىز ئوقيالاردىن يامغۇردەك ئوق يېغىپ كەتتى. چەۋەندازلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتە ئاتلىرىدىن يەرگە يىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر يارىدار بولغانلارنىڭ يەردە ياتقىنىچە ئىڭراپ نالە - پەرياد قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەھشەتتىن كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشەتتى! ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تالاپىتى ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەمما ئاخىرىغا كەلگەندە ئارغۇن ناھايىتى زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ جۈرئىتى يەنىلا ئەسقاتمىدى. پەلەك تەتۈر چۆگىلىگەندەك ئىش يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كەينى - كەينىدىن تارمار بولۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەخمەت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى جىددىي قوغلاپ يۈرۈپ سوقۇۋاتاتتى. ئەخمەتنىڭ قىم ئاستىدىكىلەرمۇ ئوخشاشلا يارىدار بولۇپ ياكى ئۆلۈپ ئېغ تالاپەتكە ئۇچرىدى.

ئارغۇننىڭ ئۆزى چېكىنىپ قېچىۋاتقاندا تىرىك تۇتۇلغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپ قوغلاپ زەربە بېرىشنى توختاتتى. غالىبلار قوشۇنىنى يىغىپ بارگاھىغا قايتىپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئەخمەت كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلگەن ئادەم بولغاچقا ئەسكىرىي ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ بىر سەركەردىسىگە تاپشۇردى - دە، ئۆزى ھەممىدىن ئاۋۋال ئوردىغا قايتىپ كىرىپ ساھىبجاماللار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا كىرىشتى. شۇنىڭدەك جىيەن ئوغلىنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. قوشۇن

نىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى ئازايتىش ئۈچۈن، قول ئاستىغـ
كىلەرگە قوشۇننى يىغىپ يىقىن يـول بىلـەن باركامـقا
قايتۇرۇشنى بۇيرۇدى.

## ئون ئۈچىنچى باب

### ئارغوننىڭ قويۇپ بېرىلىش جەريـانى

بۇ چاغدا تاتـارلا ئىچىدىـن رۇتبىسى ئەڭ يۇقىرى
بولغان بىر ياشانغان بارونىنىڭ ئارغۇنـغا رەھـمى كېلىپ
قالدى. ئۇ، ئۆزلىرىنىڭ خوجىسىنى بۇنداق قاماپ قويۇش
ئەدەب ـ ئەركانغا خىلاپ بولغـان ئاسىيلىق دەپ قـاراپ،
ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قەسەـ
ياد قىلدى.

ئۇ دەسلەپتە باشقا بىرمـۇنچە بارونـلارغا نەسىھەت
قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ھەرىكىتىگە ھىـداشـلىق قىلىش ۋە
ئۇنى قوللاش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە
بىر ئامال قىلىپ ئارغـوننى قۇتـقـۇززۇۋېـلىـشقا كىرىشتى.
ئۇ ياشانغان ۋە يۈكسـەك نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ، ئادىللىقى
ۋە زېرەكلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇڭا ئۇ خېلىلا چاقىـ
رىق قىلىش كۈچـىگە ئىگە بولـۇپ، كىشىلـەرنى ئاسـانلا
سۆزىگە كىرگۈزەلەيتتى. بـۇ تەۋەكـكۈلچـىلىكنىڭ باشلىقى
بوغا (Boga) بولۇپ، ئۇنىڭ مەسلەكـداشلىرى ئېلچىـداي
(Elcidai)، توغـان (Togan)، تېـكىن (Tegana)، تـاغا
(Taga)، تىيىر (Tiar)، ئۇلاتـاي (Oulatai) ۋە سـاماگار

(Samagar) لار ئىدى.

بوغا بۇ كىشىلەرنى ئارغون قامالغان چېدىرغا باشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارغونغا قارشى چىققانلىقى ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئارغونغا تۆۋە قىلدۇردى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى يېنىكلىتىش ھەمدە ئۇنى قۇتقۇزۇپ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ ئۆزلىرىگە خوجايىن قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە مۇشۇ يەرگە كېلىشكەنىدى.

## ئون تۆتىنچى باب

### ئارغون ئۆزىنىڭ كىنەزلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى

ئارغون بوغانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە، ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلغىلى كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە ئاچچىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

— ئادىل جانابلار، — دېدى ئۇ، — سىلەر مېنى مەسخىرە قىلىپ، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار. سىلەر مېنى — ئۆزۈڭلارنىڭ قانۇنىي خوجاڭلارنى ھەبسكە قاماپ چوڭ خاتالاشتىڭلار. شۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنگەن سىلەر، بەلكىم! سىلەر ئۆز ھەرىكىتىڭلارنىڭ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىڭلار. شۇڭا مېنىڭ چىشىمغا تەگمەي، چىقىپ كېتىشىڭلارنى سورايمەن.

— ئادالەتلىك جانابىي ئارغون، — دېدى بوغا، — شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بىز ھەرگىز سىزنى مەسخىرە قىلىۋاتمايمىز، بىز چىن گەپنى قىلدۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ سىزگە

سادىق ئىكەنلىكىمىز ئۈستىدە قەسەم قىلىمىز.

ئاندىن بارلىق بارۇنلار ئۇنى ئۆز خوجايىنى دەپ ھۆرمەتلەشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقاچ ئاسمانغا قاراپ قەسەم ئىچىشتى.

ئارغۇنمۇ قەسەم ئىچىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىنى قەتئىي سۈرۈشتۈرمەي، ئاتىسى ئاباغا ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئۇلارغا يېقىنلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەر ئىككى تەرەپ قەسەمياد قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا ئارغۇننى دەرھال قاماقتىن بوشىتىپ قويۇۋەتتى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ پادىشاھلىققا كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئارغۇن ئۇلارغا پۈتۈن قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلغۇچى قوماندان تۇرۇۋاتقان بارگاھنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى بۇيرۇۋېدى، ئوقيالار تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئارغۇننىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىپ باش قوماندان سۇلتاننى ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۇ، ئەخمەتتىن قالسىلا ئەڭ چوڭ كىنەز ھېسابلىناتتى. ئاخىر شۇنداق قىلىپ، ئارغۇننىڭ كىنەزلىك تەختى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## ئون بەشىنچى باب

### ئارغۇن ئۆز تاغىسى ئەخمەتكە ئۆلۈم جازاسى بەردى

ئارغۇن ئۆزىنىڭ كىنەزلىك تەختىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ھەققىي ئىشەنچ ھاسىل قىلدى - دە، پۈتۈن قوشۇنغا پايتەختكە باستۇرۇپ كىرىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. بىر

كۈنى، ئەخمەت ئۆزىنىڭ چوڭ قەسرىدە كاتتا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. توساتتىن بىر ئەلچى قەسرگە كىرىپ ئۇنىڭغا: «پادىشاھىم، مەن سىزگە بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، ئەمما بۇ، مەن خالىمايدىغان ناھايىتى يامان خەۋەر. سىز بىلىپ قېلىڭكى، ھېلىقى بارونلار ئارغۇننى قاماقتىن بوشاتتى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ كىنەزلىككە كۆتۈردى. سىزنىڭ قەدىردان دوستىڭىز سۇلتان بولسا ئۆلتۈرۈلدى. مەن سىزگە رەسمىي مەلۇم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ قوشۇنى ناھايىتى تېز كېلىۋاتىدۇ، سىزنى قولغا ئالماقچى ۋە ئۆلتۈرمەكچى. دەرھال بۇنىڭغان تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرىنى بېكىتكەيسىز!» دېدى.

ئەخمەت بىردىنلا بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا دەسلەپ ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ، قانداق قىلسا ۋە نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ باتۇر ۋە چېچەن بىر ئادەمگە ئايلاندى. ئۇ ئەلچىگە مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاشنى، بۇ خەۋەرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى ھەمدە دەرھال ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق مۇلازىملىرىغا قورالىنىپ شەھەر سىرتىغا چىقىشنى بۇيرۇدى، نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر دۈيىنى باشلاپ، بابىل سۇلتانى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇ، شۇ يەرگە يېتىپ بېرىۋالسام ھاياتىمدىن غەم قىلماي خاتىرجەم بولالايمەن، دەپ ئىشىنەتتى.

ئالتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ، ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر قوۋۇق ئېغىزىغا كېلىپ قالدى. قوۋۇقنى

ساقلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئەخمەت ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭ چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى سېزىپ قالدى - دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىش قارارىغا كەلدى، چۈنكى ئەخمەت ئاددىيلا كىيىنىپ يولغا چىققانىدى. قوۋۇقنى ساقلىغۇچىلار ئۇنى ئاسانلا قولغا چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەتنى قاتتىق ساقلىدى ۋە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ پايتەختكە مېڭىشتى ۋە ئۇنى ئارغۇن ئەمىتكە چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوردىغا ئېلىپ كىردى. ئارغۇن بۇ چاغدا ئەخمەتنىڭ يوشۇرۇن قېچىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ھەسرەتلىنىۋاتاتتى.

## ئون ئالتىنچى باب

### ئەخمەتنىڭ جىيەن ئوغلى ئارغۇن تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلغانلىقى

ئەخمەت ئەسىر سۈپىتىدە ئارغۇنغا تاپشۇرۇلغاندا ئارغۇننىڭ نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئارغۇن دەرھال پۈتۈن قوشۇننى يىغىشنى بۇيرۇدى - دە، ھېچكىمگە مەسلىھەت سالمايلا، بىر ئەسكەرىگە بۇيرۇپ تاغىسىنى ئۆلتۈرگۈزدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جەسىتىنى قايتا كۆرۈنمەيدىغان يەرگە تاشلىۋەت دېدى، بۇ

بۇيرۇقلار دەرھال ئورۇنـدالدى. ئارغـون بىلـەن تاغىسى ئەخمەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

## ئون يەتتىنچى باب

### ئارغـونىڭ ئۆلـۈمى

ئارغون ئاساسلىق ئوردا ـ قەسىرلەرنى ۋە كېنەزلىك تەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتىسىغا تەۋە بولغان بارلىق بارونلار ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئارغـون ئـۆز ئوغلى قاسانىنى (Cacan) 30 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازلىق قوشۇن بىلەن ئاربور سېككورغا كىرىپ جايلىشىشقا بۇيرۇپ، ئـۆز زېمىنى ۋە خەلقىنى قوغداشقا قويدى. ئارغونىڭ كېنەزلىك تەختىنى قايتۇرۇۋالغان ۋاقتى ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1286 ـ يىلىغا يەنى ئەخمەتنىڭ تەختنى قولغا كىرگۈزۈۋالغىنىغا ئىككى يىل بولغان ۋاقتقا توغرا كېلىدۇ. ئارغون ئالتە يىل تەختتە ئولتۇرۇپلا ئۆلدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

# ئون سەككىزىنچى باب

## ئارغوننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چوياكتونىڭ تەختنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى

ئارغون ئۆلگەندە، ئۇنىڭ تاغىسى چوياكتو (Quiacatu) ئۇنىڭ تەختىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. چۈنكى قاسان يىراق ئاربورسىككودا بولغاچقا، چوياكتو ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا كىنەزلىك تەختىنى قولغا كىرگۈزۈۋالالىغانىدى.

قاسان ئاتىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن ۋە چوياكتونىڭ تەختنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى غەزەپلەندى. ئەمما دۈشمەنىنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ـ ئورنىنى خالىغانچە تاشلاپ كېتەلمەيتتى. ئۇ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىرەر پۇرسەت تېپىپ خۇددى ئاتىسىنىڭ ئەخمەتكە تۇتقان يولىدەك، ئاخىر بىر كۈن ئەنتىنى ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى. چوياكتونىڭ تەختىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغىنىغا كەلسەك، بۇ ئىشتا قاساننى ھىمايە قىلىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممەيلەن ئۇنى ھىمايە قىلاتتى. چوياكتو جىيەنى ئارغوننىڭ خوتۇنىنى ئىگىلىۋالدى، ئۇ شەھۋەتپەرەسلىككە كەلگەندە نومۇسسىز، قائىدەتسىز دەرىجىگە يەتتى. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىنلا ناھايىتى چۈشكۈنلەشكەن چىرىك ئادەم ئىدى،

چوياكتونىڭ تەختنى قولىغا كىرگۈزگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى، ئاخىر كىشىلەر تەرىپىدىن زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

### چوياكتو ئۆلگەندىن كېيىن، بايدۇنىڭ تەختنى قولىغا كىرگۈزگەنلىكى

چوياكتو ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىرىستىئان تاغىسى بايدۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېلىپ تەختنى قولىغا كىرگۈزدى. بۇ ، شىتا، قاسانىي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بارلىق كىشىلەر بايدۇغا بويسۇناتتى. بۇ ۋەقە 1294 - يىلى يۈز بەردى.

قاسان يۇقىرىقى ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بايدۇنىڭ بۇ ئىشىغا چوياكتوغا غەزەپلەنگەندىنمۇ بەكرەك غەزەپلىنىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە بايدۇدىن ئەنتىنى ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى. ئۇ دەرھال يۈرۈشكە ئاتلىنىش قارارىغا كەلدى - دە، قوشۇنىنى جىددىي ھالدا جەڭگە تەييارلىنىپ، توختىماستىن پايتەختكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى.

بايدۇ قاسانىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئېنىق خەۋەر تېپىپلا قوشۇنىنى يىغدى - دە، يۈرۈشكە ئاتلاندۇرۇپ ئون كۈنلۈك يۈرۈشتىن كېيىن بارگاھ قۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ

قىلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

ئىككىنچى كۈنى قاسان يېتىپ كېلىشى بىلەنلا جىددىي جەڭ باشلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە بايدۇ قاتتىق مەغلۇپ بولدى، ھەتتا ئۆزىمۇ جەڭدە ئۆلدى.

قاسان دەل مۇشۇ چاغدا كىنەزلىك تەختىگە ئېرىشىپ، 1294 - يىلدىن باشلاپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. شەرقىي تاتارلار كىنەزلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنداق قىلىپ ئاباغادىن قاساننىڭ قولىغا ئۆتتى.

## يىگىرمىنچى باب

## يىراق شىمالغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى تاتار كىنەزى

كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغىنىكى، دۇنيانىڭ شىمالىي رايونىغا نۇرغۇن تاتارلار ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ داھىيسى قايدۇ دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، چىڭگىزخان بىلەن بىر ئىرققا مەنسۇپ، ئۇلۇغ خان قۇبلاي بىلەن يېقىن قانداش، ئۇ باشقا ھېچقانداق پادىشاھقا ئولپان تاپشۇرمايدۇ. خەلقى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ساپ قانداشلىق تاتارلار دەپ ئاتايدۇ.

بۇ تاتارلار بۇددا دىنىغا چوقۇنغۇچىلاردىن بولۇپ، ئۇلار ناتىگەي دەپ ئاتالغان بۇتقا چوقۇنىدۇ. بۇ، بىر چوڭ زېمىننىڭ ئىلاھى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىچە، بۇ ئىلاھ چوڭ زېمىننى ھەم چوڭ زېمىندا ئۆسىدىغان بارلىق

ئەرسلەرنى ئىدارە قىلارمىش. بىز باشتا ئېيتقانىدەك،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق ناملا بار مۇشۇ بۇتى بىلەن
ناھايىتى ئەتىۋادار بۇددىستلاردىن بولۇپ قالغان.

ئۇلارنىڭ پادىشاھى ۋە قوشۇنى ھەرگىز شەھەر -
قەلئەلەرگە ۋە ئىستىھكاملارغا بېكىنىۋالمايدۇ. ھەتتا
شەھەر - راباتلاردىمۇ تۇرمايدۇ. ئۇلار تۇرغان بۇ رايون
باي - باياشات كەڭ تۈزلەڭلىك. جىلغا ياكى ئورمانلىق
بولۇپ، ئۇلار تۇرالغۇسىنى دائىم يەڭگۈشلەپ تۇرىدۇ.
ئۇلار ھېچقانداق دانلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن
شۇغۇللانماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي گۆش ۋە سۈت يېمەكلىك
لىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار بىر -
بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كىنە-
زىنگە ھۆرمەت بىلەن بويسۇنىدۇ. كىنەزمۇ ئۆز پۇقرالىرى
ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ساقلاشنى ئۆزىنىڭ
ئەڭ يۈكسەك مەقسىتى دەپ قاراپ، پادىشاھنىڭ ئەڭ
مۇھىم مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار توپ - توپ يىلقا،
كالا، قوي ۋە باشقا ئۆي ھايۋانلىرىغا ئىگە. بۇ شىمالىي
رايون يەرلىرىدە ئاق ئېيىق ياشايدۇ، ئۇنىڭ بەستى چوڭ
بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 بارماق
ئارىقىدەك كېلىدۇ. يەنە پۈتۈنلەي قارا تۈكلۈك تۈلكىمۇ
ياشايدۇ. توپ - توپ ياۋا ئېشەكلەر ۋە لاندىس دەپ
ئاتىلىدىغان بەزى ھايۋانلارمۇ ياشايدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى
تۈكلىرى ئىنچىكە، يۇمشاق بولۇپ، بىز ئۇلارنى قارا
بۆلەۋن دەپ ئاتايمىز. مۇشۇكسىمان ئاغمىخان دېيىلىدىغان
ھايۋان بۇ يەردە كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە كۆپىيە

تاتارلار ئۇنى ناھايىتى ئەپچىل بىر خىل چارە بىلەن تۇتىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن تۇتقاندا ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

بۇ كىشىلەر ماكانلاشقان يەرگە بېرىش ئۈچۈن، پەقەت ئادەم ياشىمايدىغان كەڭ تۈزلەڭلىك ۋە قۇملۇق - چۆللۈك نى 14 كۈن بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكتە بەزىدە ئۇزۇن تۇرغۇن سۇ ۋە بۇلاق سۈيى بار ساي لىق لار ئۇچرايدۇ. بۇ يەرنىڭ قىش پەسلى ئۇزاق بولغاچقا يەرلىرىنى مۇز قاپلاپ كەتكەن. بىر يىل ئىچىدە پەقەت بىرنەچچە ئايلا كۈن نۇرى چۈشۈپ مۇزلارنى ئېرىتىدۇ - دە، يەرلەرنى پاتقاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. كىشى بۇنداق پاتقاقلىق يەردە يول يۈرگەندە، مۇز تۇتقان چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك قىيىنلىدۇ ۋە چارچاپ كېتىدۇ.

ئەمما بۇ كىشىلەر سودىگەرلەرنىڭ ھەمىشە ئۆز دۆلىتىگە كېلىپ ئۇلارنىڭ يۇڭ - تېرە قاتارلىق ماللىرىنى سېتىۋېلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، — ئۇلارنىڭ ھەممە سودىسى پەقەت مۇشۇ يۇڭ - تېرىلەر بىلەنلا بولىدۇ، — ساياھەتچىلەر بېسىپ ئۆتىدىغان سايلىق رايونلارنىڭ ھەر كۈنلۈك سەپەر ئاخىرلىشىدىغان يەرلىرىگە يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ياغاچتىن ئالاھىدە ئۆي سېلىپ، سودىگەرلەرنى قوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم قويىدۇ ھەمدە ئەتىسى ئۇلار سودىگەرلەرنى ئاياقتىكى ئىككىنچى قونالغۇغىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ سودىگەر بۇ ئۇتلاقنى بىكەتمۇ بىكەت بېسىپ ئۆتۈپ سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

مۇز ئۈستىدە سەپەر قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئالاھىدە

بىر خىل ھاۋا ياسىۋالىدۇ. ئۇلاردىن ئېلىمىزنىڭ زېمىنىغا چېگرىداش يەرلىرىگە جايلاشقان ئادەملەر بۇ ھاۋا بىلەن ئادەم ئۆتەلمەيدىغان تىك تاغلاردىن ئېشىپ ئۆتەلەيدۇ. ئۇلار بۇ ھاۋىنى «تىرىگال» ياكى چانا دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنداق چانىنىڭ چاقى بولمايدۇ، بەلكى تېگى تەكشى كەلگەن ۋە ئالدى تەرىپىدە يېرىم شار شەكلىدە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان شوتىسى بار بولۇپ، قار - مۇزلۇق يەرلەردە قاتناشقا ئەپلىك قىلىپ ياسالغان. ئۇلار ئىتقا ئوخشاش بىر خىل ھايۋاننى بۇ چانىغا قېتىپ، چانا سۆرىتىدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ جۈغى ئېشەكتەك كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئىت دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى قابىل بولۇپ بىر چانىنى سۆرەشكە ئالتە ئىت بولسىلا كۇپايە. بۇ چانىغا ئىت باشقۇرىدىغان بىر ھارۋىكەش ۋە بىرنەچچە تاي مال ئېلىپ يۈرگۈچى بىر سودىگەر ئولتۇرىدۇ. ھارۋىكەش بىر كۈن يول يۈرۈپ كۆزلىگەن يېرىگە يەتكەندىن كېيىن ئىت قاتقان چانىسىنى ھەيدەپ قايتىپ كېتىدۇ. سودىگەر كۆزلىگەن يېرىگە بېرىپ يۈك - تېرە ئېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ماللىرىنى بىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىمىزغا ئاپىرىپ ساتىدۇ.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## قاراڭغۇ رايون دەپ ئاتالغان يەردىكى دۆلەت

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ھايۋانات تېرىسى چىقىدىغان تاتارلار زېمىنىنىڭ ئەڭ يىراق رايونىدىن ئۆتكەندە يەنە

پاشقا بىر جاي بار بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى شىمالنىڭ
ئەڭ يىراق چېتىگىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ، بۇ يەر قاراڭغۇ
رايون يەنى شىمالىي قۇتۇپ دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر يىلى قىش-
نىڭ كۆپىنچە ئايلىرىدا بۇ يەردە كۈن كۆرۈنمەيدۇ. تۈت
ئەتراپتىكى ئوپئوقتا خۇددى تاڭ ئېتىش ئالدىدا غۇۋا ئاقى-
رىپ كۆرۈنگەن نۇردەك غۇۋا ھەم تۇتۇق نۇر كۆرۈنىدۇ،
بىز بۇ نۇرنى ھەم كۆرگىلى بولىدىغان ھەم كۆرگىلى بول-
مايدىغان نۇر دېيىشىمىز مۇمكىن.
بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بويى ئېگىز، تېنى ساغلام،
ئەمما تېرىسى قانسىز ئاق كېلىدۇ. ئۇلار بىر پادىشاھ ياكى
شاھزادىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمىتىگە قارىمايدۇ، شۇن-
داقلا ئۇلاردا يا قانۇن يا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان قا-
ئىدە - نىزاملارمۇ يوق. ئۇلار بىر خىل ئىپتىدائىي جەمئى-
يەت ھالىتىدە ياشايدۇ، ئۇلار ئەقىلسىز دۆت ۋە مەتۇ كې-
لىدۇ. تۇرقىدىن بىر خىل ياۋايىلىق چىقىپ تۇرىدۇ.
تاتارلار دائىم بۇ كىشىلەر ئۈستىگە بۇلاڭچىلىق خا-
راكتېرىدە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ نۆۋي ھايۋانلىرى ۋە
ماللىرىنى تالان - تاراج قىلىپ تۇرىدۇ. تاتارلار مۇشۇ
مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇنداق يىراق سەپەرگە كۈن
چىقمايدىغان قاراڭغۇ ئايلارنى تاللىۋېلىپ، ئۇ يەرگە بار-
غانلىقىنى كىشىلەرگە سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۇل-
جىلىرىنى ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتىشتا تەرەپلەرنى ئېنىق
پەرق ئېتەلمەي ئېزىپ كېتىشتىن قورقۇپ، يولغا چىقىش
ۋاقتىدىلا تايلىق بايتاللارنى ئالغاچ مېڭىپ، بايتاللارنىڭ
تايچاقلىرىنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇلار قاراڭغۇ را-
يونىنى تالان - تاراج قىلىپ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈن

چۈشىدىغان يۇرتىغا قايتىشتا باياللارنى تىزگىننى تۇت-
ماي بويىنىغا يۆگەپلا ئەركىن - ئازادە مېڭىشقا قويۇۋېتىدۇ.
باياللار ئاشلىق تەمىنىنىڭ تۆرتكىسىدە، ئايىچاقلىرىدىن
ئايرىلىپ قالغان يەرگە توپتوغرا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چە-
ۋەنداز تاتارلار بولسا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا
ئامان - ئېسەن كېلىۋالىدۇ.

ياز پەسلىدە، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كۈن بويى ئولتۇر-
مايدىغان قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ توپ - توپ ئاق
بۇلغۇن، بۇلغۇن، تۈلكە ۋە شۇنىڭدەك باشقا هايۋانلارنى
ئوۋلايدۇ. بۇ هايۋانلارنىڭ تۈكى تاتارلار ياشىغان يەرلەر-
دىكى هايۋانلارنىڭكىدىنمۇ يۇمشاق بولۇپ، تېخىمۇ قىممەت
باھاغا يارايدۇ. يازلىقى بۇ ئاھالە ئۆز قولىدىكى هايۋان
تېرىلىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەرگە ئاپىر-
رىپ سېتىپ پۇل قىلىدۇ، ئۇلار هايۋان تېرىسى سېتىشقا
تايىنىپ نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ
ماۋا ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر هايۋان تېرىسى-
نى سېتىش ئۈچۈن ھەتتا ئەڭ يىراق يەر — روسىيىگىچە
بارىدىكەن. بىز بۇ دۆلەتنى ئەسىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى
قىسمىدا داۋاملىق تونۇشتۇرىمىز.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

### روسىيە ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ خەلقى

روسىيە ئۆلكىسىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، بىر مۇنچە
رايونغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسى يۇقىرىدا تونۇش-

تۇرۇلغان قاراڭغۇ رايون بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاھالىسى خىرىستىئانلار. ئۇلارنىڭ چېركاۋلىرىدا ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەت مۇراسىملىرى گرېتسىيىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى بويىچە بولىدۇ.

ئۇ يەردىكى ئەرلەر ئېگىز بويلۇق، ئاق تەنلىك بولۇپ ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ، خوتۇن - قىزلىرىمۇ ئېگىز بويلۇق ھەم چىرايلىق بولۇپ، سۇس سېرىق چاچلىرىنى ناھايىتى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى زېمىنلىرى تاتارلارغا قوشنا بولۇپ، غەربىي تاتارلار پادىشاھىغا ئولپان تاپشۇرۇپ بۇقرالىق قىلىدۇ. روسىيىدىن كۆپلەپ قارا بۇلغۇن، بۇلغۇن، تۈلكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ھايۋان تېرىسى چىقىدۇ. يەنە مومۇ كۆپ چىقىدۇ. روسىيىدە يەنە نۇرغۇن مەدەن چىقىدىغان تاغلار بولۇپ، بۇ تاغلاردىن نۇرغۇن ئاق كۈمۈش ئېلىنىدۇ.

روسىيە ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولىدىغان يەر. مەن ئۇنىڭ زېمىن چېگرىسىنىڭ ھەتتا شىمالىي مۇز دېڭىزغا يېتىدىغانلىقىنىمۇ چىندىن ئىشىنىمەن. ئەسىرىمىزنىڭ باشتىكى قىسمىدا ئۇ يەردىن نۇرغۇن قارچىغا - بۈركۈت تۇتۇلۇپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا توشۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدۇق.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باپ

### كونستانتىنوپول بوغۇزى

چوڭ دېڭىز بوغۇزىنىڭ غەربىي چېتىدە فارو (Faro) دېگەن بىر كىچىك تاغ بار. لېكىن بۇ ئىشنى بايان قىلىشقا كىرىشكەندىلا ئۆزۈمنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتمۇەتتىم، چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە چاۋراشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا داۋاملىق تۆۋەندە باشقا ئىشلار ئۈستىدە توختىلايلى. ئەمدى مېنىڭ سەلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغىنىم، غەربىي تاتارلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھلار ھەققىدىكى ئىشلاردۇر.

## يىگىرمە تۆتىنچى باپ

### غەربىي تاتارلارنىڭ ھۆكۈمرانى

غەربىي تاتارلارنىڭ بىرىنچى پادىشاھى سەيىن (Sain) بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قۇدرەتلىك ۋە ھوقۇقلۇق شاھ. ئۇ روسىيە، كومانىيە (Comania)، ئالانىيە (Alania)، لاك (Lac)، مېڭيار (Mengiar)، زىك (Zic)، گۇسىيە ۋە قازار (Cazari) لارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان. بۇ ئۆلكىلەر بويسۇندۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ خەلقى

پۈتۈنلەي كومانىبىلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا بىرلا ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىق قىلمايتتى. ئۇلار بىرلىككە كەلمىگەچكە، ئۆز زېمىنلىرىدىن مەھرۇم بولغان ۋە تارقاق ھالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قوغلاپ چىقىرىلغان. بۇ يەردە قىپچاقلانلارنىڭ ھەممىسى پادشاھ سەيىننىڭ قۇلى بولۇپ قالغان.

پادشاھ سەيىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار پاتۇ (Patu)، ئۇنىڭدىن كېيىن بېرگا (Berca)، ئاندىن قالسا موڭغۇل تېمۇر (Mungie temur)، ئاندىن توتا مۆڭكۈ (Totamangu)، ئاخىرقىسى توكتاي (Toctai)، بۇ — ھازىرقى ئاخىرقى ھۆكۈمران.

ئەمدى بۇ يەردە غەربىي تاتار پادشاھلىرىنىڭ تىزىمىنى يۇقىرىدىكىچە بايان قىلغاندىن كېيىن، سىلەرگە شەرقىي زېمىندار ھىلاكۇ بىلەن غەربىي زېمىندار بېرگا ئوتتۇرىسىدا بولغان كاتتا ئۇرۇشنى، ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ۋە ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ بېرىمەن.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## ھىلاكۇ بىلەن بېرگا ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى

1261 - يىلى، شەرقىي تاتارلار زېمىندارى ھىلاكۇ (Alau) بىلەن غەربىي تاتارلار زېمىندارى بېرگا ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئەلنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ئۆلكىدە ماجىر

را يۈز بەردى. ھەر ئىككى تەرەپ بۇ يەرنى ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى قەستلەيتتى. ئۇلار ناھايىتى جاھىل ۋە تەكەببۇر بولۇپ، بىر - بىرىگە زادىلا يول قويمىغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىش تى. ھەر ئىككى تەرەپ بۇ يەرنى قورال كۈچى بىلەن ئىگىلەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بۇ ئىشقا قېنى كىم توسقۇن لۇق قىلالايدىكەن؟ دېيىشتى.

ئىش تەرەققىي قىلىپ ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتكە يېتىپ كەلگەندە، بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆز بايراق لىرى ئاستىغا توپلىدى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالتە ئاي ئىچىدە توپلىغان چەۋەنداز قوشۇنىنىڭ سانى 300 مىڭ كىشىگە يەتتى. جەڭگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە لازى مەتلىكلەر تەييارلىنىپ تەقمۇ تەق قىلىندى.

شەرقىي زېمىندار ھىلاكۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا قوماندان لىق قىلىپ يۈرۈشكە ئاتلاندى. خېلى كۈنلەر يول ماڭغان بولسىمۇ يول ئۈستىدە بايان قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ھېچقان داق جەڭگە ئۇچرىمىدى. ئاخىر ئۇ تۆمۈر قوۋۇق بىلەن ئابسكون دېڭىزى (يەنى كاسپى دېڭىزى (Sea of Sarain ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدى. قوشۇنلار تەرتىپلىك يوسۇندا شۇ يەرگە بارگاھ قۇردى. ئۇلارنىڭ ئېغىر ھەربىي يۈك - تاقلىرى ئىچىدە كارامەت ئېسىل چېدىرلار ۋە ئاق ئۆيلەرمۇ بارئىدى. ھىلاكۇ، مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، قېنى بىرگانىڭ قايسى يول بىلەن جەڭگە

كىرىدىغانلىقىمنى كۆرەيچۇ، دەپ جار سالدى. چۈنكى بۇ يەر ھەر ئىككى تەرەپ زېمىنىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقانىدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

### بېرگا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ جەڭگە كىرىشى

كىنەز بېرگا (Berca) جەڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ تەقمۇ تەق قىلغاندىن كېيىن، ھۇلاكۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، ئۇمۇ جەڭگە ئاتلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەلۋم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۆز دۈشمەنلىرى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدى ھەمدە دۈشمەندىن تەخمىنەن 16 كىلومېتىر نېرىدىكى يەرگە بارگاھ قۇرۇپ جايلاشتى.

بېرگانىڭ بارگاھىمۇ ھۇلاكۇنىڭ بارگاھىدەك ئېسىل بېزەلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي چەۋەنداز قوشۇنى توپتوغرا 350 مىڭ كىشىگە يېتەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

### ھۇلاكۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە سۆزلىگەن نۇتقى

ھۇلاكۇ بېرگانىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئېنىق خەۋەر تېپىپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ بارلىق سەركەردىلىرىنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا تۆۋەن-

دەڭچە نۇتۇقنى سۆزلىدى:

— ئادىل قېرىنداشلار، ئوغۇللار ۋە دوستلار، — دېدى ئۇ سۆزگە كىرىشىپ، — پۈتۈن ئۆمرۈمدە مېنىڭ سىلەردىن ناھايىتى مىننەتدار بولغانلىقىم ۋە سىلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىم، ئۇرغۇن جەڭلەردە مېنىڭ غەلىبە قىلىشىمغا ياردەملەشكەنلىكىڭلار، ھەممە جەڭلەردە سىلەرنىڭ ھامان يېڭىلمەس غالىبلاردىن بولۇپ كەلگەنلىكىڭلار سىلەرگە مەلۇم. مۇشۇ سەۋەبتىن بىز مۇشۇ يەرگە كېلىپ بىر گادەك چوڭ زات بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئالدىدا تۇرىمىز. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر بىزنىڭكىدىن كۆپ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوشۇنى سان - سۈپەت جەھەتتە بىزنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس. لېكىن مەن شۇنىڭغا قىلچە شۈبھى قىلمايمەنكى، بىز جەڭدە ئۇلارنى يېڭىپ ئۇلارنى مۇشۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىمىز. مەن سىلەردىن شۇنداق بىر ئىشنى مەڭگۈ ئېسىڭلەردە ساقلاشنى ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۆزىمىزنىڭ شان - شۆھرەتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆلۈپ تۈگەشسەكمۇ تۈگىشەيلىكى، غەلىبە قىلماي قالمايلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ شان - شەۋكىتىنى ساقلايلى. دۈشمەننى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلايلى، يوقىتايلى.

ھەممە پادىشاھلار ئۆز قوشۇنىدىكىلەرنى شۇنداق رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەپ، جەڭ قىلىدىغان كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ھىلاكۇ بىلەن بېرگا ئوتتۇرىسىدىكى كاتتا جەڭ

كېلىشىلگەن جەڭ كۈنى يېتىپ كەلدى، ھىلاكۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، قول ئاستىدىكى قوشۇننى قوراللاندۇردى ـ دە، ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن قوشۇننى باشلاپ ماڭدى. ئۇ چەۋەندازلىرىنى ھەر بىرى 10 مىڭ كىشىدىن تۈزۈلگەن 30 ئوتتۇرا ئەترەتكە بۆلۈپ، ھەربىر دۈيگە بىردىن مۇنەۋۋەر قوماندان ۋە بىردىن چېپىنقان پېشقەدەم يولباشچى تەيىنلىدى. ھەممە ئورۇنلاشتۇرۇشلار پۈتكەندىن كېيىن، قوشۇننى جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى، لېكىن قوشۇنلاردىن سالماقلىق بىلەن تاكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئۇچرىشىپ جەڭ قىلىدىغان يەرگىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپ، دۈشمەن قوشۇنى يېتىپ كەلگۈچە قوزغالماي كۈتۈپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يەنە بىر تەرەپتە، بېرگا ئۆز قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، چەۋەندازلار قوشۇنىنى ھىلاكۇنىڭكىدەك 35 ئوتتۇرا ئەترەتكە بۆلدى. ئورۇنلاشتۇرۇشنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، پۈتۈن قوشۇنىنى جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار دۈشمەن قوشۇنىغا 800 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىققىچە بېرىپ، بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن داۋاملىق

ئىلگىرىلەپ، ئىككى ئوقيا ئاتما يەتكۈدەك يەرگىچە كەلدى - دە، ئاندىن پۈتۈنلەي توختىدى.

ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر - بىرىنىڭ پېيىگە چۈشكەن ھالدا بىرئاز ۋاقىت ھومىيىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن جەڭ دۇمبىقى چېلىنىشىنى كۈتتى. ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئوقيا ئېتىشقا كىرىشىۋىدى، يامغۇردەك ئۇچقان ئوقلار ئاسمان يۈزىنى قاپلاپ يەر يۈزىنى كۈن چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ زەربىسىدە نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ئاتلار يىقىلىپ ئۆلدى.

بۇ جەڭ تاڭ سەھەردىن كۆگۈم چۈشكىچە داۋاملىشىۋىدى، بېركانىڭ قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. ھىلاكۇنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى كەينىدىن قالما: قوغلاپ بارغان پېتى رەھىمسىز ھالدا ھەدەپ قىرغىن قىلدى. ئۇلار بىر مەھەل قوغلاپ قىرغىن قىلغاندىن كېيىن، ھىلاكۇ قوشۇنىنى يىغىپ بارگاھىغا قايتتى - دە، قورال - ياراقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يارىدارلارنى تېڭىشقا كىرىشتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھىلاكۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزى ۋە دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى تولۇق كۆمدۈردى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تارتقان تالا-پىتىنىڭ دەھشەتلىك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايتتى. جەڭگاھ يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىلاكۇ ئۆزىنىڭ قالغان - قاتقان قىسىملىرىنى باشلاپ دۆلىتىگە قايتتى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

### توتا مۆڭكۈنىڭ غەربىي تاتارلار زېمىندارى بولۇپ قالغانلىقى

كىتابخانىلارغا مەلۇم بولغانىكى، غەربىي تاتارلارنىڭ
موڭغۇل تېمۇر دەپ ئاتالغان بىر پادىشاھى بار بولۇپ،
ئۇ ئۆز تەختىنى ياش باتۇر تول بۇغىغا (Tolobnga)
قالدۇرغانىدى، ئەمما توتا مۆڭكۈ (Totamangu) دېگەن
ئىنتايىن قۇدرەتلىك يەنە بىر ئادەم چىقىپ، يەنە بىر
تاتار كىنەزى نوغاي (nogai) نىڭ ياردىمىدە تول بۇ-
غىنى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، توتا مۆڭكۈ ھىيلىگەرلىك
نوغاينىڭ قوللىشى بىلەن پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى.
ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلدى. توقتاي (Toctai)
ناھايىتى ئىقتىدارلىق ۋە ھەممە ئىشتا چېۋەر ھەم ئېھتىي-
ياتچان ئادەم بولغاچقا، خەلقنىڭ سايلىمى بىلەن پادى-
شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

بۇ چاغدا، تول بۇغىنىڭ ئىككى ئوغلى ئۆسۈپ،
ئەسكەر بولۇش يېشىغا يېتىپ قالغانىدى. ئاكا - ئىنى
ھەر ئىككىلەن زېرەك ھەم چاققان چوڭ بولۇشتى. ئۇلار
پىكىر - تىلەكلىرى بىر بولغان دوستلىرىنى يىغىپ توق-
تاينىڭ ئوردىسىغا كەلدى - دە، تولۇق ئەدەب - قائىدە
ۋە تەزىم - تەكەللۇپ بىلەن توقتاينىڭ ئالدىدا يۈكۈندى.
شۇڭا توقتاي ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە

ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

— ئادالەتلىك توقتاي جانابلىرى، — دېدى ئولارنىڭ چوڭراقى ئوتتۇرىغا چىقىپ، — مەن بىزنىڭ نىمە سەۋەب بىلەن ئوردىڭىزغا كەلگەنلىكىمىزنى قىلچە يوشۇرماي مەلۇم قىلاي. سىزگە مەلۇم بولغايكى، بىز تول بۇغىنىڭ ئوغۇللىرىمىز، بىزنىڭ ئاتىمىزنى توتاماڭگو بىلەن نوغاي ئۆلتۈرۈۋەتتى. توتاماڭگو ئۆلدى، ئۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمەيمەن. لېكىن بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ نوغايدا مەڭگۈ كەچۈرگۈسىز قان قىساسى بار. بىز پادىشاھىمىزنىڭ ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ، بىزنىڭ تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلىشنى تىلەيمىز. بىزنىڭ ئوردىغا زىيارەت قىلىپ كېلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز دەل مۇشۇ.

## ئوتتۇزىنچى باب

### توقتاينىڭ نوغاينى ئوردىغا چاقىرىپ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى

توقتاي بۇ يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئولارنىڭ ئىتتىپاقلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى - دە، — ئادىل دوستلار، — دېدى ئولارنىڭ سۆزىگە جاۋابەن. — مەن سىلەر ئۈچۈن ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ، نوغاينى سوراققا تارتىشقا ۋەدە بېرىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىمەن ھەمدە ئادالەت ئۈچۈن، تەلىپىڭلارنى كېچىكتۈرمەي ئادا قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، توقتاي ئىككى ئەلچىسىنى نوغاي (Nogai) نىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. نوغاينى ئوردىغا كېلىپ، تول بۇغىنىڭ ئىككى ئوغلىغا ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىنى ئىزاھلاپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئەمما نوغاي بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، ئەلچىلەرگە ئۆزىنىڭ ئوردىغا بارغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتتى.

توقتاي ئەلچىلىرىدىن نوغاينىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملىرىگە قاراپ، «خۇدا بۇيرۇسا، يا نوغاي ئوردىغا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەچ تول بۇغىنىڭ ئوغۇللىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ، يا مەن بارلىق قوشۇنۇمنى باشلاپ بېرىپ ئۇنى يوقىتىمەن!» دېدى.

نوغاي توقتاينىڭ لەشكەر باشلاپ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقىدىن ئېنىق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بارلىق كۈچى بىلەن تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى. لېكىن ئۇنىڭ كۈچى توقتاينىڭكىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا كۈچلۈك بىر پادىشاھ بولغىنى بىلەن توقتايغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇراتتى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

## توقتاينىڭ نوغايغا ھۇجۇم قىلىشى

توقتاي ئۆز قوشۇنىنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنلا 200 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز قوشۇنىنى باشلاپ

يۈرۈشكە ئاتلاندى، مۇۋاپىق پەيتتە گۈزەل ھەم كەڭ كەتكەن نىرگى (Nerghi) تۈزلەڭلىكىگە كىلىپ، شۇ يەرگە بارگاھ قۇردى. تول بۇغىنىڭ ئىككى ئوغلى ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ناھايىتى خىل بىر چەۋەنداز قوشۇننى باشلاپ توقتاي بىلەن بىللە يۈرۈشكە چىققانىدى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

### توقتاينىڭ ۋە نوغاينىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى

نوغايمۇ 150 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز قوشۇنىنى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا باشلاپ چىقتى. ئۇلار ياش ھەم باتۇر ئەسكەرلەر بولۇپ، توقتاينىڭ ئەسكەرلىرىدىنمۇ خىل كەلگەنىدى. ئۇ، توقتايدىن ئىككى كۈن كېيىن بۇ تۈزلەڭلىككە كەلدى. نوغاينىڭ بارگاھى توقتاينىڭكىدىن 16 كىلومېتىر نېرىراقتا ئىدى.

— ئەزىمەتلەر، دېدى نوغاي، توپلانغان سەركەردىلىرىگە، — بىز كىنەز نوغاي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدۇق. بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنىڭ خېلىلا يولى بار. چۈنكى سىلەرگە مەلۇمكى، مۇشۇ دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى نوغاي قوزغىغان. ئۇ تول بۇغىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەققانىي تەلىپىگە جاۋاب بېرىشىنى رەت قىلدى. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققانىي ئىش ئىكەن، بىزنىڭ غەلىبە قىلىشقا ئۈمىد باغلىشىمىز پۈتۈن-

لەبي يوللۇق. شۇڭا بىز جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. قىسقىسى، مەن سىلەرنىڭ باتۇر جەڭچىلەر ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشىنىمەن ۋە سىلەرنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمىنىمىزنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىڭلارغىمۇ ئىشىنىمەن.

— ئادىل قېرىنداشلار ۋە دوستلار، — دەپ نوغايمۇ ئۆز قوشۇنىدىكىلەرگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا سۆز قىلدى، — سىلەر بىزنىڭ نۇرغۇن كەسكىن جەڭلەرنى قىلىپ غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى بىلىسىلەر. بىز ئۆزىمىزدىن خېلىلا كۈچلۈك نۇرغۇن دۈشمەننى بويسۇندۇردۇق. شۇڭا بىز تولۇق غەيرەتكە كېلىشىمىز لازىم. ھەققانىيەت بىز تەرەپتە. سىلەرگە مەلۇمكى، توقتاي مېنىڭ پادىشاھىم ئەمەس. ئۇنىڭ مېنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ھەققى يوق. مەن سىلەردىن شۇنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەنكى، بۇ قېتىمقى جەڭدە ۋەزىپەڭلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ شان-شەرەپكە ئېرىشىڭلار، بىزنىڭ قەھرىمانلىق نامىمىز ھەممە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرسۇن. ئۆزىمىز ۋە بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇدەك ئوبراز يارىتايلى.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## نوغاينىڭ غەلىبىسى

ئىككىنچى كۈنى، ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى، توقتاي ئۆز قوشۇنىنى رەتكە سېلىپ، ئۇنى

20 ئوتتۇرا ئەترەتكىچە بۆلدى، ھەر بىر ئەترەتكە بىردىن قوماندان ۋە ئەترەت باشلىقى تەيىنلىدى. نوغاي (Nogai) مۇ ئۆزىنىڭ چەۋەنداز قوشۇنىنى 15 ئوتتۇرا ئەترەتكە بۆلدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پادىشاھلىرى جانپىدالىق بىلەن ئۇزاق جەڭ قىلىشتى. تول بۇغىنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ جەڭدە شۇلارغا ئوخشاش چەكسىز قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. لېكىن توقتاينىڭ قوشۇنى ئاخىردا تولۇق مەغلۇپ قىلىندى ھەمدە نوغاينىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن جەڭگاھتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، كۆپلەپ قىرىلدى. نوغاينىڭ قوشۇنى ئۆز دۈشمىنىنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن دۈشمىنىنىڭكىدىن خېلى ئىدى. توقتاينىڭ قوشۇنىدىن بۇ قېتىمقى جەڭدە تۇپتوغرا 60 مىڭ كىشى قۇربان بولدى. ئەمما توقتاي بىلەن تول بۇغىنىڭ ئىككى ئوغلى قېچىپ قۇتۇلدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

### خاتىمە

بىز سىلەرگە تاتارلارنى، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇق. شۇنىڭدەك ئۆزۈمنىڭ قەدىمى يەتكەن دۇنيادىكى دۆلەتلەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنىمۇ بايان قىلدىم. پەقەت چوڭ دېڭىز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئۆلكىلەرلا سۆزلەنمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز بۇ جايلار ھەققىدە تېخىمۇ

ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. ئېنىقكى، كىشىلەر ھەر كۈنى ساياھەت قىلىپ تۇرغان يەرلەر ئۈستىدە ئارتۇقچە سىياھ ۋە قەغەز زايا قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ يەرلەردىن ھەممىشە دېڭىز ساياھەتچىلىرى ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

سىلەر بۇ كىتابنىڭ بېشىدا بىزنىڭ ئۇلۇغ خان ئوردىسىدىن قانداق ئايرىلغانلىقىمىزنى ئاڭلىدىڭلار. بىز شۇ باپتا يەنە سىلەرگە مافېئو، نىكولو ۋە ماركولارنىڭ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇلۇغ خاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتالىغانلىقىنىمۇ بايان قىلىپ بەردۇق. شۇ باپتا يەنە سىلەرگە بىزنىڭ ئۇلۇغ خاننىڭ ئوردىسىدىن ئايرىلىشىمىزغا سەۋەب بولغان بەختلىك پۇرسەتنىمۇ بايان قىلىپ بەردۇق. ئەگەر شۇ پۇرسەتكە دۇچ كەلمىگەن بولساق، بىزنىڭ قانداق باش قاتۇرغانلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوردىدىن ئايرىلىپ ئۆز ۋەتىنىمىزگە قايتىشقا مەڭگۈ ئۈمىد قىلالمايدىغانلىقىمىز سىلەرگە مەلۇم.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىز يۇرتىمىزغا قايتىپ كىشىلەرنى بىز ئارقىلىق دۇنيادىكى نۇرغۇن شەيئىلەردىن خەۋەردار قىلىمىز. بۇ دەل خۇدانىڭ تەقدىرى.

بىزدىن خۇداغا رەھمەت! ئامىن! ئامىن!

## ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ خاتىرىسى

بۇ ئەسەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچى مانۇئېل كومورروۋ 1890 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇغۇلغان مەشھۇر ئامېرىكا يازغۇچىسى. 1974 - يىلدىن 1975 - يىلىغىچە ئارىلىقتا نەشر قىلىنغان «ئامېرىكىلىق مەشھۇر شەخسلەر» (Whos Who in America) ژۇرنىلىنىڭ 38 - نەشر 1 - جىلدىدا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئۇ 1925 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە 63 ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇنىڭغا «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ۋە «ماركوپولونىڭ زامانداشلىرى» دېگەن ئەسەرلەر كىرىدۇ.

«ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» — دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدە كىشىلەر قىزغىن تەرىپلىگەن مەشھۇر ئەسەر، ئۇ كىتاب بولۇپ چىققاندىن بۇيان نەچچە ئون خىل تىلغا كۆچۈرۈلگەن ياكى تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى 80 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. بىز كۆرگەن نەشرلىرى ئىچىدە مانۇئېل كومورروۋ تەرىپىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئەڭ ياخشى چىققان، شۇڭا بىز ئۇنى تەرجىمە قىلىپ كەڭ كىتابخانلارغا سۇندۇق.

ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن ناھايىتى

كەڭ ھەجىملىك «مۇقەددىمە» دە ئەسلى ئەسەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى تەكرارلانغان بولغاچقا، بىز ئۇنى چىقىرىۋەتتۇق. ئۇنىڭدىكى 31 پارچە رەڭلىك قىستۇرما سۈرەتنى شەرت - شارائىتىمىز چەكلىك بولغاچقا بۇ ئەسەرگە بېرەلمىدۇق. ئەسلى ئەسەرگە بېرىلگەن ئىزاھلار ئاساسەن شۇ پېتى ساقلاپ قېلىندى. ئايرىملىرى قىسقارتىلىپ، «ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى» دەپ پەرقلەندۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئىزاھ بېرىلىشكە تېگىشلىك يەرلىرىگە (چوڭ پايتەخت، ئۈستۈنكى پايتەخت، لوگۇچياۋ كۆۋرۈكى. بابىلۇن دېگەندەك جايلىرىغا) «ئوكيانۇس» دېگەن لۇغەتلەرگە ئاساسەن ئەسكەرتىش بېرىلدى.

600 — 700 يىل مابەينىدە سۇلالىلەر يېڭىلىنىپ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئەينى زاماندىكى مەمۇرىي رايونلار ۋە يەر ناملىرى ئۆزگىرىپ، ئادەم ئىسىملىرىمۇ ئەسەرنىڭ ھەر تۈرلۈك نەشرلىرىدە باشقىچىرەك ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارغا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» گە ئاساسەن مۇمكىنقەدەر تۈزىتىش بەردۇق. نۇرغۇن ئادەم ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە ناھايىتى زور پەرق بولغانلىقتىن، بۇ ناملارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن، يەنىلا ئىنگلىزچە ئىزاھ بەردۇق، يەر ناملىرى ئۆزگىرىۋەرگەچكە تۇغرىلاپ كەتكىلى بولمايدىغانلىرىنى تارىخشۇناسلار ۋە گېئوگرافلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇپ، ئۆزگەرتمەي شۇ پېتى ئالدۇق. ئەسەردىكى سۆز، يۈەن سۇلالىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەنسەپ - ۋەزىپە ناملىرى، قائىدە - تۈزۈملەرنىمۇ

«يۇنانامە» بويىچە تەرجىمە قىلدۇق.

كىتابخانىلارنىڭ ماركوپولونىڭ ساياھەتكە چىققان ۋە قايتقان چاغدا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، بۇ كىتابقا «ماركوپولونىڭ ساياھەت ئۈستىدە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى خەرىتىسى»نى قوشۇمچە قىلدۇق. بۇ خەرىتە خەرىتىلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى»نىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا دائىر قىسمىدىكى (گۇ جيېگاڭ، جاڭ شۈنلەر تۈزگەن، تەن چىشياڭ تەھرىرلىگەن) 20 - خەرىتىگە ئاساسەن ئىشلەپ چىقتۇق، ماركوپولونىڭ سۈرىتى، ۋېنىتسىيە شەھىرىدىكى قەدىمكى ئۆيى ۋە ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ سۈرەتنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى جاڭ شىڭلاڭ تەرجىمە قىلغان «ماركوپولو ساياھىتى» دېگەن كىتابتىن تاللىۋالدۇق.

تەرجىمە قىلىش داۋامىدا جاڭ شىڭلاڭ، فېڭ چېڭجۈن، لى چىلارنىڭ تەرجىمىسىدىن ۋە بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلاندۇق، شۇنىڭدەك باشقا نۇرغۇن يولداشلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتۇق، بۇ يەردە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئۆزىمىزنىڭ كەسپىي سەۋىيىمىز ۋە تارىخ ساۋادىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، تەرجىمىدە نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ بولۇشى چوقۇم. بۇ ھەقتە ئالىملار ۋە كەڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

1981 - يىل 9 - ئاي

بۇ كىتاب فۇجيەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 1981 - يىل 12 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据福建科学技术出版社1981年12月第1版，1981年12月第1次印刷版本翻译出版。


责任编辑：艾尼帕·阿不都拉
封面设计：加拉力丁


马可波罗游记（维吾尔文）

莽里木江 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号，邮编830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米 32开本 19.375印张 3插页
1991年2月第1版 1991年2月第1次印刷
印数：1—1.650

ISBN 7—228—01368—9/K·121 定价：4.20元





ISBN7 — 228 — 01368 — 9
K · 121 ( 民文 ) 定价: 4.20元